# ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدىن ئۆرنەكلەر

## ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئابدۇراھمان باقى، 1962-يىلى 8-ئاينىڭ 8-كۈنى جەنۇبىي شىنجاڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيە شىركىتى 3-سۇ ئېلېكتر ئىستانسىدا ئىشچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. قەشقەر بەشكېرەمدىن، ئالىي تېخنىكۇم مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە. 1962-يىلى8- ئايدىن 1970-يىلى 6-ئايغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولغان. 1970-يىلى7-ئايدىن 1975-يىلى7-ئايغىچە بەشكېرەم ئىشچان باشلانغۇچ مەكتىۋىدە ئوقۇغان. 1975-يىلى 7- ئايدىن 1980-يىلى7- ئايغىچە قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم يېزا تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، 1980-يىلى7-ئايدىن1982-يىلى7- ئايغىچە سابىق قەشقەر دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئۇيغۇرتىلى- ئەدەبىياتى كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1982-يىلى7-ئايدا خىزمەت تەخسىماتى بويىنچە كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات ئوتتۇرا مەكتەپكە خىزمەتكە چىقىپ تولۇقسىز،تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەردە تىل- ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1984-يىلى 7- ئايدىن 1987-يىلى 7- ئايغىچە شىنجاڭ رادىئو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ 3-قارار مەخسۇس ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1985-يىلى7-ئايدىن1987- يىلى7-ئايغىچە قەشقەر مائارىپ ئىنىستىتۇتى ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كەسپىنى پۈتتۈرگەن. 1982- يىلدىن 1984- يىلى 2-ئايغىچە قەشقەر كونىشەھەر ناھىيە ئاۋات ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل- ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1987-يىلى7- ئايدىن 1991- يىلى 8- ئايغىچە قەشقەر شەھىرى بەشكېرەم سىدىر ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلىگەن. 1991- يىلى8- ئايدىن ھازىرغىچە قەشقەر مەمۇرى مەھكىمە مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىدا مىللەتلەر خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتىدۇ. مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ مۇدىر بۆلۈم ئەزاسى.

يولداش ئابدۇراھمان باقى ھازىرغىچە «قەشقەر گېزىتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، «ئاسىيا كىندىكى گېزىتى»، «شىنجاڭ ئىقتىساد گېزىتى» قاتارلىق گېزىتلەردە، «شىنجاڭ ياشلىرى» ژورنىلى، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ خەلق قۇرۇلتىيى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ ئەدلىيە كەسپىي ژۇرنىلى»، « جۇڭگو مىللەتلىرى» ژۇرنىلىدا ئۇيغۇر، خەنزۇ تىلىدا مىللىي مەسىلە، مىللەتلەر سىياسىتىگە ئائىت 200 پارچىدىن ئارتۇق ئوبزور، ماقالە، ئىلمىي ماقالە ئېلان قىلغان.

«ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدىن ئۆرنەكلەر»ناملىق كىتاب- ئاپتورنىڭ ئۇزۇن يىللىق مىللەتلەر سىياسىتى تەتقىقاتى، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى تەتقىقاتى، ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان ئىجادى ئەمگەكلىرىنىڭ مېۋىسىدىن بىرىدۇر.

www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

بىر مىللەتنى توغرا، ئەتراپلىق چۈشىنىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى، مىللەت بولۇپ شەكىللىنىش تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، يازما ئەدەبىياتىنى، ئۆرپ-ئادىتىنى، دىني ئېتقادىنى، ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردىكى تەرەققىيات ئۆزگىرىش ئەھۋالىنى بىلىش كېرەك.

ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىرلەردىن بۇرۇنلا، تەڭرىتاغ ۋادىللىرى، كۇئېنلون، قارا-قۇرۇم تاغلىرى، تارىم ئويمانلىقى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ، ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، ئۇزاق تارىخىنى داۋاملاشتۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيەت تارىخىنى، ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىنى ۋە دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈشتە غايەت زور تۆھپە قوشقان، قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى.

بىر ئەسىر ھۆكۈم سۈرگەن قارابالاساغۇننى پايتەخت قىلغان ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى (744-840-يىللار ھۆكۈم سۈرگەن)، تەبىئىي ئاپەت، يۇقۇملۇق كېسەل، ئىچكى ئۇرۇشلار تۈپەيلى ئاجىزلاپ، مىلادى 840-يىلى قىرغىز قوشۇنلىرى تەرىپىدىن تارمار قىلىندى. ئورقۇن ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلارئۈچ تارماققا بۆلۈنۈپ، گوبى قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىي، خىشى كارىدورى ۋە غەربىي يۇرت قورغارلىرىدىكى بىشبالىق، كۇچا، تۇرپان، يەتتەسۇ ۋە تارىم ۋادىسى قاتارلىق جايلارغا كۆچۈپ، كېيىنكى تەقدىرى ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىشقا باشلىدى... ئۇيغۇرلارنىڭ شۇ چاغدىكى چوڭ كۆچۈشتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى تەقدىرى ھەمدە ئۇلار ئايرىم-ئايرىم قۇرغان گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى(850-1028- يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن)، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى( 866-1334-يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن)،قاراخانىيلار خانلىقى( 870-1213- يىللار ھۆكۈم سۈرگەن)، چاغاتاي ئۇيغۇر خانلىقى ( 1225-1268- يىللار ھۆكۈم سۈرگەن)،يەكەن سەئىدىيە خانلىقى( 1513- 1678-يىللار ھۆكۈم سۈرگەن)،خوجىلار دەۋر( 1678-1759- يىللار ھۆكۈم سۈرگەن)، چىڭ سۇلالىسى (1644-1911- يىللار ھۆكۈم سۈرگەن) ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋردىكى ئۇيغۇرلار ۋە شىنخەي ئىنقىلابىدىن 1949-يىلى10- ئاينىڭ 1- كۈنىگىچە بولغان تارىخى دەۋرلەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئۆرپ- ئادىتى، دىنى ئېتقادى، ئېتنوگرافىيىسى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى فولكلورى، يازما ئەدەبىياتى، تىل-يېزىقلىرى، ئەدەبىيات- سەنئىتى، مىللىي تىبابىتى، ئاسترونومىيە، كالىندارچىلىق، نەققاشلىق، رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق ۋە مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى... قاتارلىق جەھەتلەردە چەتئەللەردىكى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى تەۋەسىدىكى ئالىملار، تارىخچىلار، تەتقىقاتچىلار، نۇرغۇن تەتقىقات ماقالىلىرىنى ۋە توم- توم كىتابلارنى يازدى ۋە يېزىۋاتىدۇ. بىراق، ئاشۇ يىراق قەدىمكى دەۋرلەردە مىللەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ مەنىۋىي ھاياتىنى بېيىتىپ، جاھالەتنى يۇيۇپ، مىللەتنىڭ قەلبىنى پاكلاپ، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخىنى،

مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىياتىنى، تىل- يېزىقىنى، دىنى- ئېتىقادىنى، سەنئىتىنى،زامانىمىزغىچە يەتكۈزۈپ بەرگەن ، «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى» ھەققىدە تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلغان ،نۇرغۇن ئىلمى ماقالىلەر يېزىلغان بولسىمۇ، سىستېمىلىق بىرەر كىتاب يېزىلمىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەز ئىجاد قىلىشى، مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئىجاد قىلىشى ۋە ئۇيغۇر خەتتاتلىق مەدەنىتى ، پۈتۈكچىلىك ۋە كىتابەتچىلىك مەدەنىتى ھەققىدە تەتقىقاتچىلار ، ئالىم، مۇتەخەسسىلەر نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان بولسىمۇ، چەتئەلدىكى، مەملىكىتىمىزدىكى موزېيلاردا، ئالىي مەكتەپ، كۈتۈپخانىلاردا، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرىدا، ھەر دەرىجىلىك قەدىمكى ئەسەلەر ئىشخانىسىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقان ئەدەبىي ئابىدىلەر، قولىيازمىلار، مىخ مەتبەئە، تاش باسمىدا بېسىلغان قەدىمكى كىتابلارنىڭ كىتاب ئالاھىدىلىكى، سەنئەت ئالاھىدىلىكى، تاش مۇقاۋا، ئىچ مۇقاۋا ئىشلەش، بەت ئورۇنلاشتۇرۇش ئالاھىدىلىكى، شىرازلاش، ئىچ مۇقاۋىنى ئاجايىپ گۈزەل ھۆسنخەت ۋە كۆنچىك بىلەن بېزەش ئالاھىدىلىكى ھەققىدە ماقالە ياكى كىتاب يېزىلمىدى.

مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدىن ئۆرنەكلەر» دېگەن بۇ كىتاب دەل بىز يۇقىرىدا قەيت قىلغان مەسىلىلىرىنى ھەر جەھەتتىن ھەل قىلىپ بېرىدۇ.

كىتابنىڭ مۇئەللىپى- يولداش ئابدۇراھمان باقى ئۇزۇن يىللاردىن بىرى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كىتابلىرىنى يىغىش، توپلاش، رەتلەش، كاتولوگىنى ئىشلەش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئەمىلىي خىزمەتتىكى تەجرىبە- ساۋاقلار، ئۇزۇن يىللىق خىزمەت ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن، «قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى » نىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ھازىرقى زامان كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى روشەن سېلىشتۇرۇپ، بۇ كىتابنى يېزىپ، تۈزۈپ چىقتى.

«ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدىن ئۆرنەكلەر» ناملىق بۇ كىتاب- ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق ئىشلىتىش دەۋرىگە قەدەم قويغاندىن بۇيانقى ياراتقان بارلىق بىلىم بايلىقى ۋە مەدەنىيىتى، ئىنسانىيەت ياراتقان مەدەنىيەت ۋە بىلىم بايلىقىنىڭ ئۇيغۇرلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ھالدا يازما ۋە باسما ھالەتتە مۇجەسسەملەنگەن مەدەنىيەتنى كۆرسىتىدۇ. بۇ كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىگە ئىنسانىيەت ياراتقان , لېكىن، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىقچىلىق، پۈتۈكچىلىك، كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتسىز بولغان مەزمۇنلار كىرمەيدۇ. ئەكسىچە، «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى»نى تەشكىل قىلىدىغان ‹‹قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى››، «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىتى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە››، ‹‹ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلك مەدەنىيىتىدىكى 100نادىر كىتاپ››، ‹‹ئۇيغۇرلار تارختا قوللانغان تىل ۋە يېزىقلار››، ‹‹ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئىشلىتىلگەن تىل ۋە يېزىقلار ۋە بۇ تىل – يېزىقتا كتابەت بولغان بىر قىسىم قەدىمكى كىتابلار››،‹‹ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسى ››،‹‹ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئىشلىتىلگەن قەغەز ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇللىرى ››،‹‹خوتەن قەغىزنىڭ

تارىخى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇللىرى››، ‹‹قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەت يېزىش قۇراللىرى›› ‹‹ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ سىياھ ياساش تېخنىكىسى››، ‹‹ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئىشلىتىلگەن رەڭ سىياھ››لار ،‹‹رەڭ سىياھ ماتېرىياللىرىنىڭ تۈرى ، خام ماتېرىيالى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇللىرى›› ، ‹‹ پۈتۈكچىلىك (كاتىپلىك ، خەتتاتلىق ) ئىلمىنىڭ ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدىكى ئورنى ›› ،‹‹ ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان پۈتۈكچىلەر ۋە ئۇلارنىڭ كىتابەتچىلىككە قوشقان تۆھپىلىرى››، ‹‹ قوچو ،( ئىدىقۇت ) ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى پۈتۈكچىلىك ئىلمى ۋە كىتابەتچىلىك››، ‹‹قاراخانىلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىدىكى پۈتۈكچىلىك ئىلمى ۋە كىتابەتچىلىك››، ‹‹چىڭگىزخان ۋە تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى پۈتۈكچىلىك ۋە كىتابەتچىلىك ئىلمى››، ‹‹يەكەن سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدىكى پۈتۈكچىلىك ۋە كىتابەتچىلىك ئىلمى››، ‹‹چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۈتۈكچىلىك ۋە كىتابەتچىلىك ئىلمى ››، ‹‹ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە نىشان ۋە تامغا ››، ‹‹ ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدىكى كىتاپ شەكىللىرى ۋە قەدىمكى كىتاپلارنى كىتاپ قىلىش ئۇسۇللىرى، قەدىمكى كىتاپلارنىڭ ھازىرقى زامان كىتاپلىرىدىن پەرقى ››، ‹‹جۇڭگو كۈتۈپخانىسىنىڭ ھازىرقى زامان كىتاپلىرىنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى››، «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى – مەدرىس مائارىپى توغرىسىدا»، ‹‹ ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك تەرەققىياتىدىكى مەتبەئە مەدەنىيىتى ››، ‹‹ جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ نەشرىياتچىلىق ، مەتبەئەچىلىك ۋە كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى››، ‹‹ئۇيغۇرلاردا كۈتۈپخانىچىلىق››، ‹‹ ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇن››، ‹‹ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى ››، ‹‹ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ تارىخى قىممىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتى» ۋە «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدىن ئۆرنەكلەر» قاتارلىق كىتابەتچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان مەزمۇنلار تارىخى نوقتىدىن پولاتتەك پاكىتلار ۋە قەدىمكى كىتاب ئۆرنەكلىرى ۋە شۇ ئورنەكلەر ئىلنغان قەدىمكى كىتاپنىڭ كاتولوگىنى، ئورنەكنىڭ ئاستىغا بىرىش ئارقىلىق، قەدىمكى كىتابەتچىلىكنىڭ ئالاھىدىلىگى نامايەن قىلىنىپ، ھازىرقى زاماندىكى يۇقۇرى پەن تېخنىكا بىلەن كىتاب چىقىرىش، كىتاب لايىھەلەش، تاش مۇقاۋا، ئىچ مۇقاۋا لايىھەلەش، ئىچ مۇقاۋىنى ئاجايىپ گۈزەل ھۆسنخەت بىلەن بېزەش، بەت ئورۇنلاشتۇرۇش، بەت لاھىيەلەش روشەن سېلىشتۇرۇلۇپ، «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى» نىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكى تارىخى پاكىتلار ئارقىلىق روشەن يورۇتۇپ بېرىلگەن. «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدىن ئۆرنەكلەر» ناملىق بۇ ، كىتاب ئۇيغۇرلاردا تاش مەتبەئە تېخنىكىسى مىلادى 2- ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن دەۋردىن باشلاپ، قاراخانىيلار دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىنكى «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى»نى ئاساس قىلىدىغان بولۇپ، ئىنگىزلىك تۈردە «خاقانىيە تىلى» ۋە « خاقانىيە يېزىقى» دىن، « چاغاتاي

ئۇيغۇرتىلى» ۋە «چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى» غا، « چاغاتاي ئۇيغۇرتىلى» ۋە « چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى » دىن ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقىغا كۆچۈش دەۋرىدىكى ئۇيغۇرلار ياراتقان كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنى تونۇشتۇرۇش بىلەن خارەكتېرلىنىدۇ. چۈنكى، قاراخانىيلار دەۋرىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنى دىيارىمىزدا دىگۈدەك تاپقىلى بولمايدۇ. بىزگە ،كىتاب شەكلىدە، يازما ماتېرىياللار سۈپىتىدە يېتىپ كەلگىنى « قەدىمكى مەڭگۈ تاش يادىكارلىقلىرى»،«تېرە تارشا پۈتۈكلەر»،«قىيا تاش سىزمىللىرى»ۋە باشقا مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىكى يېزىق ئېتىبارى بىلەن ،كۆزگە چىلىقىدىغان تارىخى ماتېرىياللاردۇر. شۇڭا، مەزكۇر كىتابلىرىمىزدا، بىز ئالدى بىلەن قارا خانيلار دەۋرىدىكى«دىۋان لۇغاتى تۈرك»، «قۇتادغۇبىلىك»، « ئەتەبەتۇل ھاقايىق» تىن باشلاپ، تاكى دۆلىتىمىزنىڭ ئازاتلىق ھارپىسىغىچە بولغان دەۋرلەردىكى «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى» نى ۋە كىتابەتچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان مەزمۇنلارنى نەزىرىڭلارغا سۇندۇق.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى www.uyghurkitap.com

# 1- باب ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ھەققىدە چۈشەنچە

## 1. ئۇيغۇر قەدىمكى مەدەنىيىتى ھەققىدە چۈشەنچە.

ئۇيغۇر خەلقى- مەملىكىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك خەلق بولۇپلا قالماستىن، بەلكى، تۈرك تىلىدا سۆزلىشىدىغان بارلىق مىللەتلەر ئىچىدىكى ئەڭ بۇرۇن شەكىللەنگەن باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس بولغان مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پىروفېسسور ئا. ف. ياكوۋىسكى « 9-،10- ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ھەم تۇرپان قەبىلىلىرى توغرۇلۇق ئەرەب ۋە پارس ۋەسىقىلەر» دېگەن ئىلمىي ماقالىسىدا مۇنداق يازغان ئىدى: «ئۇلارنىڭ (ئۇيغۇرلارنىڭ) كۆپچىلىك قىسمى باشقا تۈركىي خەلقلەردىن ئاۋۋالراق ئولتۇراق ھالەتكە كۆچۈپ، دېھقانچىلىق بىلەن مەشغۇل بولۇشقا باشلىدى. باشقىلاردىن ئەۋۋەل شامانىزىمدىن (باخشىغا پىرخۇنغا ئىشىنىدىغان بىر خىل دىن ) ئالاقىسىنى ئۈزدى. دەسلەپ مانىيزىم ۋە مانىي دىنىنى قوبۇل قىلدى، كېيىن بۇددىزىمغا كۆچتى. باشقا تۈركىي خەلقلەردىن ئەۋۋەل ئۆزىنىڭ يېزىقىنى ياراتتى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى قەبىلىلەر بىلەن ماۋرە ئۇننەھىر ئارىلىقىدا ياشىغۇچى خەلقلەرنىڭ ئارىسىدا ئەڭ مەدەنىيەتلىك خەلقلەردىن بولۇپ كەلدى». ①

ئۇيغۇر لار ئەسلىدە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ ئاسالىق بىر تارمىقى بولۇپ، جۇڭگونىڭ 24تارىخىدا مىلادىيىدىن 3000يىل بۇرۇن «تۆلەس»دېگەن نام بىلەن، مىلادىيىنىڭ ئالدى-كەينىدە «دىڭلىڭ» (丁零) دېگەن نام بىلەن، مىلادى 4-، 5-ئەسىرلەردە بولسا «چىلى»، «تېيلى» (铁勒)، يەنە بەزى چەتئەل تارىخى مەنبەلەردە «ياۋچى» (土火罗)، «يۈەنگى»دېگەن نام بىلەن، تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «خۇيگى»، «خۇيگۇ» (回骨)، يۈەن، مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «ۋېيۋۇئىر» (畏吾儿)، مىڭ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە «خۇيخۇي» (回回) دېگەن نام بىلەن ئاتالغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېپوسى «ئوغۇزنامە»گەئاساسلانغاندا، تۈركلەرنىڭ بوۋىسى ئوغۇزخان تەرىپىدىن قويۇلغان. ئېپوستا رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئوغۇزخاننىڭ ئېتىقادى ۋە غايىسى تاغىسى ۋە قېرىنداشلىرى بىلەن ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلغان. ئۇرۇشتىن كېيىن غەلىبىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، ئوغۇزخان ئۆزىگە ياردەم بەرگەن، ئۆزى بىلەن بىرلەشكەن قەبىلىلەرنى ئۇيغۇر (بىرلەشكەنلەر، ئىتتىپاقلاشقانلار) دېگەن. شۇندىن بۇيان، بۇ ئاتالغۇ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نامىغا ئايلىنىپ قالغان. ئاتاقلىق پارس تارىخچىسى راشىدىنمۇ ئۆز ئەسىرى «جەمئۇل تەۋارىخ» تا «ئۇيغۇر» ئاتالغۇسىنىڭ مەنىسىنى يۇقارقى نوقتىدىن ئىسپاتلايدۇ.

---

① ئابدۇرېھىم سابىت : «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلمى باستۇرغان، 1981-يىلى ئۇيغۇرچە ئىچكى ماتىريال نومۇرى بىلەن بېسىلىشى 1-توم

قەدىمكى ئۇيغۇرلار: شەرقتە تېنىچ ئوكياندىن، غەربتە بالقاش كۆلىگىچە، شىمالدا يېنسەي، سېلىنگا، ئېرتىش دەريا بويلىرىدىن، جەنۇپتا ھىندىستانغىچە بولغان مۇشۇ كەڭ زېمىندا قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ ياشىغان بولۇپ، شىمالىي جۇڭغار ۋادىسى، ئېرتىش دەريا بويلىرى، ئالتاي تاغ ئېتەكلىرى، بالقاش كۆلى ئەتراپى، گەنسۇ (كەڭسۇ)، چىڭخەي، كۆكنۇر قاتارلىق زېمىنلار قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ تۈپ ئانا ماكانى ئىدى. ئۇلار مەركەزلىكرەك ھالدا بىر قىسمى ئورخۇن، سېلىنگا دەريا ۋادىسىغا، (ھازىرقى تاشقى مۇڭغۇلىيىدە ۋە جەنۇبى روسىيىدە)، بىر قىسمى بالقاش كۆلى، يەتتە سۇ رايونىغا (ھازىرقى قازاقىستاندا) ۋە ھازىرقى ئىسسىق كۆل ۋادىسى ئوتتۇرا ئەسىردە ئاشاغى تۈركىستان دەپ ئاتالغان ھازىرقى ئافغانىستاندا، يەنە بىر قىسمى ھازىرقى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىغا ماكانلاشقان. ئورخون، سېلىنگا دەرياسى ۋادىسىغا ماكانلاشقان ئۇيغۇرلار مىلادى 9- ئەسىرگە كەلگەندە بۇ رايوندا قۇرغاقچىلىق ئاپەتنىڭ يۈز بېرىشى، ۋابا كېسەللىكىنىڭ تارقىلىشى ۋە ئۇيغۇر چوڭلىرى ئارىسىدىكى خانلىق ۋە مەنسەپ تالىشىش كۆرىشىدە مەغلۇپ بولغان ئەسكەر باشلىقى غۇيلۇمۇخە (ئۇيغۇر)نىڭ جۇڭگو خانلىرىدىن ياردەم ئالغان ياغلىقارخان باشچىلىقىدىكى قىرغىز ئەسكەرلىرىنى باشلاپ كېلىپ، قارا بالاساغۇننى مەركەز قىلغان ئۇيغۇر خانلىقى بىلەن ئۇرۇش قىلىشى نەتىجىسىدە، ئۇيغۇر خانلىقى مەغلۇبىيەتكە ئۇچراپ، ئۈچ يولغا بۆلۈنۈپ غەربكە كۆچتى. بىر قىسمى چىڭخەي (كۆكنۇر) گەنسۇغا (كەڭسۇ) كېلىپ، شىلاڭ خانلىقىنى قۇردى. (تارىختا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتالىغىدەك مەدەنىيەت يارىتالمىدى. ) ئىككىنچى بىر قىسمى تۇرپان ئويمانلىقىغا كۆچۈپ كېلىپ، بۇ يەردە ئەسلىدە بار بولغان ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇرۇش- جېدەلسىز بىرلىشىپ، قەدىمكى ئىدىقۇت شەھرىنى مەركەز قىلغان ھالدا، قارا قوچۇ خانلىقىنى قۇردى. ئۈچىنچى بىر قىسمى يەتتە سۇ ئارقىلىق پامىرنىڭ غەربىگە كۆچۈپ كېلىپ، جۇڭگونىڭ 24 تارىخىدا پامىرنىڭ غەربىدىكى ئۇيغۇرلار دەپ ئاتالدى. بەزىلىرى پامىرنىڭ شەرقىدە ئەزەلدىن بار بولغان ئۇيغۇرلارنىڭ ماكانىغا يەنى قەشقەرگە كۆچۈپ كېلىپ، بۇ جايدىكى بىر قىسىم قەدىمكى تۈرك قەبىلىلىرى بولغان ياغما، قارلۇق، مەركىت، چىڭگىل،توخرى قاتارلىقلار بىلەن بىرلىشىپ، كېيىن يەنە پامىرنىڭ غەربىدىكى يەنى ماۋرە ئۇننەھرىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن بىرلىشىپ قاراخانىيلار دۆلىتىنى قۇردى. كېيىن يەنە «شەرق قاراخانىيلار خانلىقى» ۋە «غەربىي قاراخانىيلار خانلىقى» بولۇپ بۆلۈندى. ھازىرقى مۇڭغۇلىيىدىن سەددىچىن سېپىلى ئەتراپىغا كۆچۈپ بارغان ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى شۇ جايدىكى يەرلىك خەلقلەرگە سىڭىپ كەتتى. يەتتە سۇ رايونىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسمى بولسا، تۈرلۈك سىياسىي، ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن غەربىي تۈرك خانلىقى بىلەن يەتتە سۇ قارلۇق سىياسىي ئىتتىپاقىغا سىڭىپ كەتتى. لېكىن، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىي ۋە جەنۇبىدا، پامىرنىڭ غەربىي ۋە شەرقىدە، تارىم ۋادىسىدا ئولتۇرۇقلاشقان قەدىمكى ئۇيغۇرلار بولسا، ئۆز مۇستەقىللىقىنى ساقلىغان ھالدا، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتىنى ۋە ئانا تىلىنى راۋاجلاندۇرۇپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ كەلدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ جەنۇپتا بولۇپمۇ تارىم، تەكلىماكان، ئىلى ۋادىسىدىكى تۈزلەڭ

www.uyghurkitap.com

جايلاردا ياشغانلىرى دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. تاغلىق رايونلاردا ياشىغانلىرى كۆچمەن بولۇپ، چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. جاڭگاللاردا ۋە سۇ بويىدا ياشىغانلىرى ئوۋچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. 17- ئەسىردە ئۆتكەن ئوتتۇرا ئاسىيالىق تارىخچى ئەبۇل غازى باھادىرخاننىڭ «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق ئەسىرىدە، «ئۇيغۇرلار تارىم ۋادىسىغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ، مەدەنىي ھاياتنى باشلاشتىن بۇرۇن، ئۇلارنىڭ بىرقىسمى بەشبالىق شەھرىگە (ھازىرقى جىمسار) ئورۇنلۇشۇپ، دېھقانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئىككىنچى بىر قىسمى يازلىقى كۆچمەنچىلىك بىلەن يايلاققا كۆچۈرۈپ يۈرۈپ، مال بېقىپ، قىشلىقى بەشبالىققا كۆچۈپ كېلىپ قىشلىغان. ئۈچىنچى بىر قىسمى بولسا، ئېرتىش دەرياسى (بالقاش كۆلىنىڭ شىمالى) ۋادىسىدىكى قىلىن توقايلىقلاردا ئوۋ ئوۋلاپ، بېلىق تۇتۇش بىلەن شۇغۇللانغان» دەپ يازغان. ھېلھەم ھازىرقى دەۋردە ۋە ئۆتكەن 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە دىيارىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر ئولتۇراق تۇرمۇشى باغۋەنچىلىكى- يېزىلاردا دېھقانچىلىقنى، باغۋەنچىلىكنى ئاساس قىلغان قوشۇمچە ئائىلە، يېزا- مەھەللە چارۋىچىلىقى، تارىم ۋادىسى، لوپنۇر ۋادىسىنى ئاساس قىلغان چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق، بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق ئىگىلىكى، تەڭرىتاغ، قارا-قورۇم، پامىر تاغلىرىنى بويلاپ ئولتۇراقلىشىپ يېرىم تېرىقچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىقنى ئاساس قىلغان ئىگىلىكى ساقلىنىپ كەلدى.

بىزنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىمىز ئەزەلدىن باتۇر، ئەمگەكچان، ئەقىل- پاراسەتلىك بىر خەلق ئىدى. ئۇلار دېھقانچىلىققا بولغان ماھىرلىقى ئارقىسىدا، ئوستەڭ چېپىپ، سۇ چىقىرىپ تارىم ۋادىسىدىكى باغۇ- بوستانلىققا ماس ھالدا ياشىغان. 5-ئەسىرگە مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە مەنبەلەردە، خەنزۇچە تارىخىي مەلۇماتلاردا يېزىپ قالدۇرلىشىچە: «كاشغەر (سۇلى) خەلقى مۋلىلىك دەل- دەرەخ تىكىپ ئۆستۈرۈشنى، يەر سۇغۇرۇپ دېھقانچىلىق قىلىشنى، تولىمۇ ياخشى كۆرىدۇ» دەپ يېزىلغان. 11-ئەسىردە ئۆتكەن ئەرەپ پارس تارىخچىسى گەردىزى ئۆزىنىڭ «زەينىل ئەخبار» دىگەن كىتابىدا: «بۇيەردە مېۋە- چىۋە ناھايىتى نۇرغۇن، ئارپا، بۇغداي، قوناقنىڭ نۇرغۇنلىقىدىن ئاياغ بېسىپ ماڭغىلى بولمايدۇ، باغۋەنچىلىك ئىشى شۇنداق تەرەققى قىلغانكى، ئالما، ئۆرۈك، ئامۇت دىگەن نەرسىلەر ھەتتا يولدا چېچىلىپ ياتىدىكەن، خۇسۇسەن يىپەكچىلىك ئىشى ئالاھىدە تەرەققى قىلغان ئىكەن... بۇ يەرنىڭ سۇلىرى شۇنداق ئەلۋەك بولۇپ، سۇ تىگىدە قىسما- قىسما ئېسىل مەرۋايىت تاشلار، يەر ئاستىدا ئالتۇن- كۈمۈشلەر كومۇلۇپ ياتىدىكەن، ئۇيغۇرلار بۇ تاشلاردىن ھەرخىل زىننەت بۇيۇملىرنى ياساپ ساتىدىكەن» دەپ ئالاھىدە تەرىلەپ يازغان. [1]

تەڭرىتاغلىرنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالىي، پامىرنىڭ غەربىي ۋە شەرقىي ئەزەلدىن تارتىپ مول

---

[1] ئابدۇرېھىم سابىت : «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلىمى باستۇرغان، 1981-يىلى ئۇيغۇرچە ئىچكى ماتىرىيال نومۇرى بىلەن بېسىلىشى 1-توم

تەبئى بايلىقلارغا ئىگە بولسىمۇ، بۇ جايلاردا ياشىغۇچى خەلقلەر ياۋرۇپا بىلەن ئاسىيانى بىر- بىرىگە باغلاپ تۇرىدىغان «يىپەك يولى» نىڭ ئىككى قىسمىغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن، كېيىنكى ۋاقىتلاردا «يىپەك يولى» دىكى سودا بىلەن ئۆز ئىگىلىكىنى راۋاجلاندۇرۇش بىلەن بىرگە، بۇ رايوننىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، قول- ھۈنەرۋەنچىلىك، سودا- سانائەت ئىشلىرىنى بىر قەدەر راۋاجلاندۇرغان. «جاڭ چيەننىڭ غەربكە ئەلچى بولۇپ كېلىشى» گە مۇناسىۋەتلىك خەنزۇچە ماتېرىياللاردا يېزىلىشىچە، مىلادىدىن 138- يىل بۇرۇن، جاڭ چيەن ئۈزۈم، بىدە، ياڭاق، تەرخەمەك، يۇمغاقسۇت، سامساق، بۆلجۈرگەن، ياۋاپىياز، زىغىر، پاختا قاتارلىقلارنى تېرىشنى ئۈگىنىپ، ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئېلىپ بېرىپ كېڭەيتكەن. يەنە جۇڭگونىڭ 24-تارىخىدىكى تارىخى ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ئۇيغۇر خەلقى تاڭ دەۋرىدىن باشلاپ، (7-ئەسىردىن 11-ئەسىرگىچە) كەشتىلىك يوپۇق، يىپەك مال، قۇرال- جابدۇق، گۈل چەككەن چىنە- قاچىلارنى ئىشلەپ چىقىرىپ، قوشنا ئەللەرگە ئاپىرىپ ساتقان. ئۇيغۇر خەلقى ئىشلەپ چىقارغان ھۈنەر- سەنئەت بويۇملىرى، ئۇيغۇر خەلقى تۇقۇپ چىقارغان ھەرخىل يىپەك ۋە مەخمەللەر پۈتۈن ياۋرۇپا ۋە ئوتتۇرا، يېقىن شەرىققە كەڭ تارقىلىپ چوڭ شۆھرەت قازانغان.

بىزنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەتمىز ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ مانا مۇشۇنداق زور دەرىجىدىكى تىرىشچانلىقى، ئەمگەكچانلىقى، باتۇر، ئەقىل- پاراسەتلىكى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن.

بۇ مەدەنىيەت مىلادىدىن ناھايىتى كۆپ ئەسىرلەر بۇرۇن بارلىققا كەلگەن بولۇپ، بۇ چاغدا بىزنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىمىز ئىپتىدائىي جەمئىيەت تۇرمۇشىنى باشتىن كەچۈرۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئىپتىدائىي ئەمگىكى بىلەن ئىپتىدائىي تەسەۋۋۇرى ئىپتىدائىي ئەدەبىيات- سەنئەتنى پەيدا قىلدى. بىزنىڭ قەدىمكى ئاتا- بوۋىلىرىمىز ئۇزۇن داۋام قىلغان ئېغىر ۋە زېرىكىشلىك ئەمگەكنى يەڭگىللىتىش، زېرىكىشلىك ھالەتنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرۇش يۈزىسىدىن، رېتىملىق ئاۋاز، رېتىملىق ھەركەتلەرنى شەكىللەندۈردى. بۇخىل رېتىملىق ئاۋاز، رېتىملىق ھەركەتلەر باشلانغۇچ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بىزنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكى، ئېغىر مېھنىتى ئۈچۈن، كۆپ يەڭگىللىك ۋە مەنىۋي ئەركىنلىك بېغىشلىدى. كىشىلەر رېتىملىق ئاۋاز، رېتىملىق ھەرىكەتلەردىكى يەڭگىللىكنى چۈشەنگەندىن كېيىن، ئەمگەك ۋە كۆرەش جەريانىدا، بۇ خىلدىكى ئاددىي ئاھاڭدارلىققا، سالماق رېتىم ھەرىكەتلەرگە، رېتىملىق ئاۋازلارغا بارغانسېرى قانائەت ھاسىل قىلمايدىغان بولدى. ئۇلار ئەمگەك جەريانىدا، ئەمگەك قۇراللىرىغا ياكى ئۆز يانلىرىغا قوڭغۇراقلار ئېسىپ، ئۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدىكى يېقىملىق، ئاۋازلارنى چىقىرىپ، روشەن رېتىم بىلەن ئەمگەك قىلىدىغان ۋە ھايات كەچۈرىدىغان بولدى. مانا بۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى رېتىملىق ھەرىكەت، رېتىملىق ئاۋازنىڭ مۇئەييەن بەدىئىيلىششى بولۇپ، بۇ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى ناخشا- ئۇسۇل، مۇزىكىنىڭ پەيدا بولۇشىنى يېتەرلىك ئاساسلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئۇلار ئەمگەك جەريانىدا ئىشلەتكەن ئىسقىرت، داقا- دۇمباق، داپ، قوڭغۇراق- ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىكى چالغۇ- ئەسۋابلار

www.uyghurkitap.com

بولسا، ئەنە شۇ چالغۇ- ئەسۋابلاردىن چىققان ھەرخىل رىتىملىق ئاھاڭ سادالىرى- باشلانغۇچ مۇزىكىنى شەكىللەندۈردى. مۇزىكىنى ئېغىزدىن- ئېغىزغا، ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا، زاماندىن- زامانغا كۆچۈرىدىغان، جەمئىيەتكە تارقىتىدىغان، ئومۇملاشتۇرىدىغان بىر موھىم ئامىل(بولۇپمۇ باشلانغۇچ ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە) -مۇزىكىلىق رىتىمغا ماسلاشقان ۋەزنلىك شېئىردۇر. بۇ نوقتىدىن قارىغاندا، ئىپتىدائىي مۇزىكىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن، تەڭ شۇنىڭغا ماسلاشقان ھالدا شېئىرلارنىڭ (قوشاقلارنىڭ) بارلىققا كەلگەنلىكىنى دەرھال پەرەز قىلىپ بىلىۋېلىشقا بولىدۇ.
باشلانغۇچ جەمئىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى ناھايىتى تۆۋەن بولغانلىقتىن، ئۇلار ئۆزلىرىدىن غالىپ كەلگەن تەبىئەت كۈچلىرىنى تېخى ئۆزىگە بويسۇندۇرالمايتتى. شۇڭا، ئۇلار تەبىئەت كۈچلىرىنى، يىرتقۇچ ھايۋاناتلارنى ئۆزىگە بوي سۇندۇرۇشنى تەسەۋۋۇر قىلاتتى. ئۇلارنىڭ مانا شۇ سادا، ئوي- پىكرى ۋە ئەپسانىۋى تەسەۋۋۇرى ئىپتىدائىي ئەدەبىياتنى بارلىققا كەلتۈردى.
بىزنىڭ قەدىمكى دەۋرىدىكى ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ ئۆز تۇرمۇشىدىكى باغۇ- بوستانلىقنى، چۆل- جەزىرىنى، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىقنى ئىپادىلەپ، تاملارغا سىزغان ھەرخىل سۈرەتلىرى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە نەشىر قىلىنغان ئەدەبىياتنىڭ بىر تۈرى ئىدى. مانا بۇلار قەدىمكى دەۋردىكى مەدەنىيەتنىڭ دەسلەپكى شەكىللىنىش ئامىللىرى بولۇپ، بۇ ئامىللار بۈگۈنكى كۈندە تەرەققىي قىلىپ، يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە مۇستەھكەم ئاساس سالدى، شۇنداقلا يەنە «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى» - ئەشۇ قەدىمكى مەدەنىي- مىراسلىرىمىز ئاساسىدا تەرەققىي قىلىپ ئالاھىدە راۋاجلاندى. [1]
قەدىمكى ئاتا –بوۋىلىرىمىز تۇرمۇشتىكى باغۇ-بوستانلىقنى، چۆل-جەزىرىنى، دېھقانچىلىقنى، چارۋىچىلىقنى ئىپادىلەپ، تاملارغا سىزغان، قىيا تاشلارغا ئويغان ھەر خىل سۈرەتلەر ئىپتىدائى جەمئىيەتتە نەشر قىلىنغان، ئىپتادائى كىتابەتچىلىكنىڭ بىر تۈرى ئىدى. مانا بۇلار قەدىمكى دەۋردىكى ئىپتىدائى كىتابەتچىلىكنىڭ دەسلەپكى شەكىللىنىش ئامىللىرى بولۇپ، بۇ ئامىللار تەقىي قىلىپ يۇقىرى كامالەتكە يەتكەن ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىگە ئاساس سالدى.

## 2. ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ھەققىدە چۈشەنچە

«ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى» - كۆپ مەنبەلىك، كۆپ شەكىللىك، كۆپ قاتلاملىق مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇنىڭ چېتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ، مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، جۇڭگو كۈتۈپخانىسىنىڭ قەدىمكى كىتاپلارنى تۈرگە ئايرىش پىرىنسىپىغا

[1] ئابدۇرېھىم سابىت : «ئۇيغۇر كىلاسسىسك ئەدەبىيات تارىخى» قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلىمى باستۇرغان، 1981-يىلى ئۇيغۇرچە ئىچكى ماتىريال نومۇرى بىلەن بېسىلىشى 1-توم

ئاساسلانغاندا، ئەڭ قەدىمقى دەۋر (مىلادىيە 5-ئەسرگىچە)، قەدىمكى دەۋر (مىلادىيە 5-ئەسردىن 13-ئەسرگىچە)، كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى (15-، 16-ئەسىرلەردىن 17-ئەسرگىچە)، كېيىنكى دەۋر (18-، 19-ئەسىرلەر)، ھازىرقى زامان دەۋرى (20-ئەسىر) قاتارلىق دەۋرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەمما جۇڭگو كۇتۇپخانىسىنىڭ قەدىمكى كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش پىرىنسىپى بويىچە تۈرگە ئايرىغاندا، بارلىق مىللەتلەرنىڭ 1949-يىلى 10-ئاينىڭ 1-كۈنىدىن بۇرۇن كىتاب بولغان ھەممە كىتابلىرى قەدىمكى كىتابلار كاتوگورىيىسىگە كىرىدۇ.

«ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى» ـ ھەققىدە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشتىن بۇرۇن مەدەنىيەت دىگەن نىمە؟ قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى دىگەن نىمە؟ دىگەن ئۇقۇملار توغرىسىدا چۈشەنچە بىرىشكە توغرا كىلىدۇ. «مەدەنىيەت» ـھەممەيلەن بىلىدىغان ئاتالغۇ، مۇناسىۋەتلىك ماتىرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئىلىم ساھەسىدە مەدەنىيەت ئۇقۇمىغا بىرىلگەن تەبىر 200خىلدىن ئاشىدىكەن، تار مەنىدىن ئېيتقاندا مەدەنىيەت ـئالاھىدە تەبىئى جۇغراپىيىلىك مۇھىت، ئالاھىدە ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، تۇرمۇش شارائىتى قاتارلىقلارنىڭ چەكلىمىسىدە كىشىلەرنىڭ ئىدىيىسىدە جۇغلانغان ۋە جەمئىيەتتە ھىچقانداق مەجبۇرلاش ئاملى بولمىغان ئاساستا ئۆزلىكىدىن شەكىللەنگەن ئىجتىمائىي كەيپىيات، ئۆرپ ـ ئادەت، دىنى ئېتىقات، قىممەت قارىشى شۇنىڭدەك شۇ ئاساستا بارلىققا كەلگەن تىل ـ يېزىق، ئەدەبىيات ـ سەنئەت قاتارلىقلارنىڭ يىغىندىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئەنگىلىيەلىك ئانتروپولوگ گ. ب تايلور 1871-يىلى ئېلان قىلغان «ئىپتىدائىي مەدەنىيەت» دىگەن كىتابىدا تۇنجى قېتىم «كەڭ مەنىدىكى ئىرق نەزىرىيىسىنىڭ مۇھىملىقى جەھەتتىن ئېيتقاندا مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت بىر مۇرەككەپ ئومۇمى گەۋدە بولۇپ، ئۇ بىلىم، ئېتىقات، سەنئەت، ئەخلاق ۋە قانۇن، ئۆرپ ـ ئادەت ھەم جەمئىيەت ئەزالىرى ئىرىشكەن بارلىق قابىلىيەت ۋە ئادەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ» دىگەن ئىدى.

خەنزۇچە «ئوكيانۇس» 1983-يىلى نەشرىدە «مەدەنىيەت»، «كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائى تارىخى، ئەمەلىيەت داۋامىدا بەرپا قىلىنغان ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلارنىڭ يىغىندىسى، تارمەنىدىن ئېيتقاندا جەمئىيەتتىكى ئىدولوگىيەنى ھەم ئۇنىڭغا مۇناسىپ تۈزۈم ، تەشكىلى قۇرۇلمىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ ئىزاھلانغان. مەدەنىيەت ھامان مەلۇم بىر مىللەت تەرىپىدىن يارىتىلغان بولىدۇ، شۇنداقلا بىر مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكى كۆپىنچە شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ئەنئەنىسىگە مۇجەسسەملەنگەن بولىدۇ. شۇڭا مىللى مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ تارىخى ئابىدىسى ۋە شۇ مىللەتنىڭ رىئال تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم مەزمۇنىدىن ئىبارەت بولۇپ، بىر مىللەتنىڭ دۇنياغا كىلىشى بىلەن تەڭ ئاپىرىدە بولىدىغان مىللەتنىڭ پىسخىك دۇنياسىغا تەۋە ئۆلمەس خەزىنە. شۇنداقلا كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئوخشىمىغان شەكىللەردە ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان، ئوخشىمىغان توشۇش ۋاستىسى ۋە ئامىللىرى بولغان شۇ مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەڭ روشەن گەۋدىلەندۈرۈپ تۇرىدىغان مەڭگۈلۈك بەلگە. بىر مىللەت بىر تەرەپتىن

www.uyghurkitap.com

ئۆز مەدەنىيىتىنى قوغداپ ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىپ ھەر خىل شەكىللەردە ئەۋلاتتىن- ئەۋلاتقىچە ساقلاپ كەلسە يەنە بىر تەرەپتىن جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن ماس قەدەمدە ئۇنى تەرەققى قىلدۇرۇپ، ئىپادىلىنىش شەكلىنى بېيىتىپ ئۇنىڭغا يېڭى مەزمۇن ۋە مەدەنىيەت بىرلىگىنى قوشۇپ تۇرىدۇ. بىز ئۆز مەدەنىيىتىمىزنىڭ تارىخى بىلەن ھازىرقىنى سېلىشتۇرغىنىمىزدا، بۇ نۇقتىنى ناھايىتى روشەن كۆرەلەيمىز.

بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيىتى ھامان مەلۇم ئالاھىدە شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ ۋە تارقىتىلىدۇ. ئىنسانلار مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىدىن شۇنى بىلىۋېلىشقا بولىدۇكى، بىرىنچى ئەۋلات مەدەنىيەت – تىل-يېزىق، قەغەز، كومپاس، مىخ مەتبە، مىلتىق دورىسى مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت توشۇغۇچىسى تىل تاۋۇشى، يېزىق ۋە يېزىش، بېسىش قوراللىرى بولغان. ئىككىنچى ئەۋلات- مەدەنىيەت ئېلېكترون مەدەنىيىتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەدەنىيەت توشۇغۇچىسى ئېلېكتىر ماگنىت دولقۇنى بولغان. ئۈچىنچى ئەۋلات مەدەنىيەت - تور مەدەنىيىتى بولۇپ، بۇنىڭ مەدەنىيەت توشۇغۇچىسى دەل رەقەملەشكەن سىگنالدىن ئىبارەت.

شۇنداق ئىكەن «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى» دېگىنىمىز- تار مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا قەدىمكى مەرىپەتلىك ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىجتىمائىي، تارىخى ئەمەلىيىتى داۋامىدا بەرپا قىلغان، ماددى ۋە مەنىۋى بايلىقلىرىنىڭ ئومۇمى يىغىندىسى، كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائى تۇرمۇشىدىن تۇپلىغان، ئىنسانىيەتنىڭ بىلىم سىجىللىقىغا ئىگە بولغان ئىجتىمائى پەن ۋە تەبئىي پەن بىلىملىرىنى ئۆزىنىڭ ئەقىل – پاراستى، تىل – يېزىقى، قەغەز، رەڭ، سىيا، يېزىش قوراللىرىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق خەتتاتلار (كاتىپلار، پۈتۈكچىلەر)نىڭ سەنئەتلىك كۆچۈرۈپ ياكى نەشرىيات ئورۇنلىرىنىڭ نەشر قىلىپ بېسىپ، تۈپلەپ كۆركەم بەت ئورۇنلاشتۇرۇپ، بەت لاھىيلەپ، تاش مۇقاۋا، ئىچ مۇقاۋىنى ئاجايىپ كۆركەم ھۆسنخەت بىلەن بىزەش ئارقىلىق كىتابەت قىلىپ«ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك»نىڭ يۇقىرى پەللىسىنى يارىتىپ، قەدىمكى مىللى مەدەنىيەتنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا نۇخسانسىز ھالدا يەتكۈزۈپ بېرىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئومۇمەن، «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك» مەدەنىيىتى دېگىنىمىز؛ ئەجدادلار تارىختا ياراتقان، ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى بىلىملەرنى يەنى ئالىم، پەيلاسوپ، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئىجادىي ئەمگەك سىڭدۈرۈشى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كەلتۈرگەن مول بىلىملەرنى، كىتابەتچىلىكنى تەشكىل قىلىدىغان قەغەز، رەڭ، سىيا، يېزىش قوراللىرى ۋە مەتبە ۋاستىسى ئارقىلىق كۆچۈرۈپ ياكى بېسىپ، تۈپلەپ كېيىنكى ئەۋلادلارغا نۇقسانسىز يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مەنىۋى قورالغا قارىتىلغان.

كىشىلەر بىلىم ئىگەللەش، ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىپ، يېڭىلىق يارىتىشتا، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ جەۋھىرى بولغان- كىتابقا تايىنىدۇ. كىتاب -كۈچ، كىتاب- شوتا، كىتاب – قورال، كىتاب – قۇياش نۇرى، كىتاب – مىللەتنىڭ مەدەنىيەت دەرياسى ۋە مەنىۋى قىياپەت مەكتۇپى، كىتاب – دۇنيانى كۆرۈپ تۇرىدىغان دەرىزە. ئۇلۇغ ئالىم تۈركولوگ، مەخمۇد كاشغەرى «قايسى خەلقنىڭ بىلىملىك

ئادەملىرى كۆپ بولسا، شۇ خەلق دۇنيادا قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدۇ، خەلق ئۆز ئىچىدىكى بايلار بىلەن پەخىرلەنمەيدۇ بەلكى، ئۆز تارىخىدىكى ئالىملار، ئەدىبلەر، سەنئەتكارلار، قەھرىمانلار، دانىشمەن سىياسەتچىلەر بىلەن پەخىرلىنىدۇ»دىگەن ئىدى. بىر كىتاب ــ بىر مەكتەپ، بىر كىتاب ــ بىر ئالى مەكتەپ. شۇنداق بولغاچقا- قەدىمكى ئۇيغۇرلار ناھايىتى كىتابخۇمار خەلق بولۇپ، مەۋلات تەربىيلەشتە كىتابنى قورال قىلىپ كەلگەن. شۇڭا مول قەدىمكى كىتاب زاپىسغا (جۇغلانمىسغا) ئىگە خەلق بولغىنى ئۈچۈن يەن ــ تېخىمكا تەرەققى قىلمىغان ئاشۇ يىراق قىدىمكى زامانلاردا مەخسۇس چاپچىلار (كىتابنى بىسىپ، تۈپلىگۈچىلەر)، ناشىرلار (نەشىر قىلىپ ساتقۇچىلار) يېتىشىپ چىقىپ، شۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن ئالىم، يازغۇچى، شائىېرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى سەنئەتلىك كىتاب قىلىپ، يەن ــتېخىمكا تەرەققى قىلغان ھازىرقى زاماندا نەشىر قىلىنىۋاتقان كىتابلاردىن كىتابەتچىلىك سەنئىتى جەھەتتە نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىغان نادىر كىتابلارنى كىتابەت قىلىپ، «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيتى»نى مەملىكەت ئىچى ۋە خەلقئاراغا تونۇتقان.

گەرچە كىتاب- ئىنسان ھاياتىدىكى بىردىن- بىر ئاچقۇچ ھېسابلانمىسمۇ، لېكىن كىتابسىز مىللەت، دۆلەت ۋە شەخسىنىڭ مەدەنىيىتىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تەس. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قايسى ئەلدە، قايسى مىللەتتە كىتاب ۋە كىتابخۇمارلار كۆپ بولسا، شۇ ئەل، شۇ مىللەت سىياسىي، ئىقتىسادىي، پەن- مەدەنىيەت، مائارىپ ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۇمۇميۈزلۈك يۈكسىلىدۇ. بىر غەرب مۇتەپەككۇرى ئېيتقاندەك: «تەرەققىياتنىڭ ئۇمۇمىي كۆلمى، ھەرمىللەت ئاھالىسىنىڭ نەشىر قىلدۇرىۋاتقان كىتابلىرىنىڭ سانى ۋە ئوقۇۋاتقان كىتابلىرىنىڭ سانى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.» كىتاب- بىلىم بۇلىقى، شۇنداقلا ئۇ كىشلەرنىڭ مەنىۋىي جەھەتتىكى نامراتلىقنى ئۆزگەرتىپ، ئەقىل بۇلىقىنى ئېچىپ، مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۈكسەلدۈرىدىغان، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئالەمنىڭ سىرىنى ئاچىدىغان، ئىلىم- ھىكمەت كانىنى قازىدىغان، ئاق بىلەن قارىنى، گۈزەللىك بىلەن رەزىللىكنى، ياخشى بىلەن يامانىنى، ھەق بىلەن ناھەقنى پەرق ئېتىشكە يىتەكلەيدىغان، ئەجدادلار ياراتقان ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىكى بىلىملەرنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا نوقسانسىز يەتكۈزۈپ بېرىدىغان مەنىۋىي قورال. شۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇرلار كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇنى ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە تەدرىجىي يۈكسەلدۈرۈپ، ھازىرقى زامان كىتابەتچىلىكىگە ئاساس سالغان مەرىپەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر.

## 3. ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىگە تىسىر كۆرسەتكەن 100 نادىر كىتاپلار

ئۇيغۇر قەدىمكى تېبابەتچىلىك مەدەنىيتى ــ ئۇزاق تارىخى تەرەققيات جەريانىدا پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش، تەرەققى قىلىش ۋە مۇكەممەللىشىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى. «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

مەدەنىيتى» ئۆزىنىڭ تەرەققىيات تارىخى داۋامىدا تەسىرى زور بولغان گۈللىنىش دەۋرلىرىنى بەرپا قىلىپ، شۆھرىتى دۇنياغا يېيىلغان مەشھۇر ئەرباپلار، ئالىملار، يازغۇچى، شائىرلار كىتاپلىرى ئارقىلىق، ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنى نۇرلۇق ئابىدىگە ئايلاندۇردى. بۇلاردىن كۇمراجىۋا، تونيۇقۇق، فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقىرى، ئەخمەد يۈكنەكى، ئەلشىر ناۋائى، مۇھەممەد مىرزا ھەيدەر، ھىرقىتى، زەلىلى، ئەرشى، ئابدۇرېھىم نىزارى، موللا بىلال نازىمى، تەجەللى قاتارلىق مۇتەپەككۇر، ئالىم، يازغۇچى-شائىرلار كۈچلۈك پەلسەپىۋىلىككە ئىگە بولغان، دۇنياغا تەسىرى كۈچلۈك «مايتىرى سىمىت»، «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىگ»، «ئەتەبەتۇل ھاقايىق»، «خەمسە ناۋائى»، «خەزائىنۇل مەئانى»، «تارىخى رەشىدى»، «زەلىلى دىۋانى»، «دىۋان ئەرشى»، «نىزارى داستانلىرى»، «غەزەلىيات»، «نۇزۇگۇم» قاتارلىق كىتاپ ۋە ئەسەرلىرى بىلەن ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرلىرىنىڭ شاھىدىدۇر. ئۇلارنىڭ بۇ كىتاپلىرى (ئەسەرلىرى) بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە ئەتىۋارلىنىپ، ساقلىنىپ، كەڭ خەلق تەرىپىدىن سۆيۈپ ئوقۇلماقتا. بۇ شەۋكەتلىك كىتاپلاردىن «تۈركى تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇ بىلىك» مەھمۇت قەشقەرى ۋە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋەكىللىكىدىكى 11-ئەسىر ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيتى گۈللىنىش دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولسا، «خەمسە» بىلەن «خەزا ئىنۇل مەئانى»، «گۈل ۋە نەۋرۇز» 15-ئەسىر ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنىڭ مەھسۇلىدۇر.

تۆۋەندە ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىگە تەسىر كۆرسەتكەن مەشھۇر كىتاپلارنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز.

## 1. ئوغۇزنامە

«ئوغۇزنامە» بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى قەھرىمانلىق ئېپوسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىپتىدائى جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىپتىدائى جەمئىيەتنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىكى تەبىئەت بىلەن كۈرەش قىلىپ ئۆز جاسارىتىنى كۆرسەتكەنلىكى، كېيىنكى قىسمىدا ئوغۇزنىڭ خان بولىشى، ئۇنىڭ ھەربى يۈرۈشلىرى بايان قىلىنغان. ئەسەردە مول تارىخى ۋە ئېتنوگرافىك ماتېرىياللار بولۇپ، ئۇنى قەدىمكى ئۇيغۇر ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ بەدىئى قامۇسى دەپ قاراشقا بولىدۇ. «ئوغۇزنامە» ئەجدادلىرىمىزنىڭ يىراق قەدىمكى دەۋردىكى ماددى ۋە مەنىۋى ھاياتىنى ھەر قايسى تەرەپتىن مۇپەسسەل يورۇتۇپ بەرگەن. [1]

«ئوغۇزنامە» ئېپوسىنىڭ ئەسلى تېكىستىنىڭ تېرانسىپكسىيىسى قىسمى ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى يەشمىسى بىرگە ئىشلەنگەن ئەسەر بولۇپ، بۇ كىتاپ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1981-يىلى نەشر قىلىنغان.

## 2. ئىككى تىگىن ھېكايىسى

«بىر تىگىن» ياخشىلىقنىڭ، «يەنە بىر تىگىن» يامانلىقنىڭ سىموۋۇلى قىلىنغان بولۇپ، ئوخشىمىغان ئىككى خىل ئوبراز ۋە ئىككى خىل خاراكتىرنى ئىنتايىن جانلىق ۋە يارقىن سۈرەتلەش ئارقىلىق، ئاجىز-بىچارىلەرنى ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئىنتىلىشتەك يۈكسەك ئىنسانپەرۋەرلىك ئىدىيە قىزغىن مەدھىيىلەنگەن. شۆھرەتۋازلىق، ھەسەتخورلۇق، شەخسىيەتچىلىك، قارانىيەتچىلىككە ئوخشاش ئىنسانىيەت ئەخلاقىغا زىت بولغان يامان ئىللەتلەر پاش قىلىنغان.

رىۋايەتتە تەسۋىرلەنگەن چوڭ تىگىن بۇددا دىنىغا قاتتىق ئىتىقات قىلىدىغان، ئۇنىڭ ئەقىدىلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى ئۆزىنىڭ بىردىن —بىر مۇقەددەس بۇرچى ھېساپلايدىغان ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، ساپ دىل، سەممى بىر ئادەم بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ كەمبەغەل، ئاجىز، بىچارىلەرنىڭ جاپادا قالغانلىقىغا چىداپ تۇرالمايدۇ. تىرىكچىلىكنى دەپ گۇناھ ھېساپلانغان ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تېخمۇ ئازاپلىنىدۇ. شۇڭا ئۇ ئاجىز - بىچارىلەرنى گۇناھتىن خالى قىلىش، جاپا-مۇشەققەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، نۇرغۇن باش قاتۇرۇش ئارقىلىق ئاخىرى چىنتەمەنى ئەنگۈشتەرنى ئەكىلىشتىن ئىبارەت خەتەرلىك ئىشقا بەل باغلايدۇ. ئۆلۈمدىن، خىيىم-خەتەردىن، جاپا-مۇشەققەتتىن، ھېرىش-چارچاشتىن قىلچە قورقۇپ قالمايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەقىل - پاراستى، بىلىملىك، دانىشمەنلىكى بىلەن بارلىق توسقۇنلۇقلارنى، خىيىم —خەتەرنى يېڭىپ چىقىدۇ. ئۇ ئاخىرىدا ھەقىقەتەن مۇددىئاسىغا مۇۋاپىق نۇرغۇن ياخشى ئىشلارنى قىلىپ،

---

[1] ئابلەتجان ئۆمۈديار: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2001-يىلى 6-ئاي 1-نەشرى، 2001-يىلى 9-ئاي 1-بىسىلىشى، 94-بەت.

كەمبەغەل، ئاجىز، بىچارىلەرنى، تىلەمچىلەرنى ئاچارچىلىقتىن، يالىڭاچلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قىزغىن ھېمايىسىگە ۋە ئالقىشىغا سازاۋەر بولىدۇ.

چوڭ تىگىن يۈكسەك خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيىسىگە ئىگە پارلاق غايىۋى ئوبراز بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

رىۋايەتتە ئۇنىڭدىن باشقا تىگىننىڭ ئىنىسىنىڭ ئوبرازى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ئۇ قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان، ئىچى تار، ھەسەتخور، ئۆز شەخسىيىتى، نام - شۆھرىتى ئۈچۈن ھەر قانداق پەسكەشلىك، يامانلىق قىلىشتىن يانمايدىغان ئۇچىغا چىققان شەخسىيەتچى، قارا نىيەت، سۈيىقەستچىلەرنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

رىۋايەت تىلى خىلمۇ خىل پىشقان ئەدەبى تىل بولۇپ، ئۇنىڭدىن ھازىرقى زامان پىروزا ژانىرىنىڭ تىل خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق تاپقىلى بولىدۇ. يارىتىلغان ئوبرازلىرىنىڭ جانلىقلىقى، خاراكتېرىنىڭ ئىنىقلىقى، تەسۋىرگە باي بولىشى، ئوخشۇتۇش، جانلاندۇرۇش، مۇبالىغە، ئىستارا (متانومىيە)گە ئوخشاش بەدىئى ۋاستىلىرىنىڭ خىلمۇ-خىل بولىشى، تەسەۋۋۇر كۈچىنىڭ يۈكسەكلىكى، رومانتىزىملىق روھىنىڭ ئۇرغۇپ تۇرۇشى قاتارلىقلار بۇ رىۋايەتنىڭ بەدىئى جەھەتتىكى مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرى بولۇپ ھېساپلىنىدۇ.

رىۋايەت دىنى مەزمۇنغا ئىگە بولىشىغا قارىماي، ئۇنىڭدا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيىنىڭ پارلاق ۋە يارقىنلىقى كىشىنى ھەققەتەن قايىل قىلىدۇ. ئۇ كىشلەرنى ئىنسانپەرۋەرلىك روھى بىلەن تەربىيلەشتە، ئاق كۆڭۈل، سەممى بولۇشقا، ئادىللىق، ھالاللىق بىلەن ئىشلەشكە ئۈندەپ، يامان ئەخلاقى - پەزىلەتلەردىن يىراق بولۇشقا چاقىرىشتا تەربىيىۋى رولى ئىنتايىن چوڭدۇر.

«ئىككى تىگىن» ھېكايىسى خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، بۇ جايلاردىكى بۇددىزىم مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا زور ھەسسە قوشقانلىقىدەك تارىخى پاكىتلارغا قاراپ، بۇ ئەسەرنى قارا خوجا ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ياشىغان مەلۇم بىر ئۇيغۇر تەرىپىدىن سانسكرىت تىلىدىن ياكى خەنزۇچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. بۇ كىتاپ 80 بەت، ھەر بىر بېتىدە 7-8 قۇردىن خەت يېزىلغان، 640 قۇرغا يېقىن ھەجىمگە ئىگە چوڭ ئەسەر بولۇپ، ئۇ ھازىر پارىژ مىللى كۈتۈپخانىسىدا ساقلانماقتا. بۇ ئەسەر تېپىلىپ ئارىدىن 6-7 يىل ئۆتكەندىن كېيىن (1914-يىللىرى)، ق. فىللوت بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىملىق تەتقىقات ماقالىسىنى ئېلان قىلدى. شۇنىڭدىن بۇيان بۇ ئەسەر ياۋرۇپا ۋە ئاسىيادىكى تۈركشۇناسلارنىڭ جىددى دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىدى. ئۇلار بۇ ئەسەرنى دۇنيادىكى خىلمۇ – خىل تىللارغا تەرجىمە قىلىپ، خەلقئاراغا تونۇشتۇرغاندىن باشقا، كۆپلىگەن ئىلمى ماقالىلارنى يېزىپ، بۇ ئەسەر ئۈستىدىكى ئۆز مۇلاھىزىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدىن قارىغاندا ئىككى تىگىن رىۋايىتىنىڭ قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىنى، قەدىمقى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى بۇددىزىمنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيىتىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دىنى ئېتىقادى، چۈشەنچىسى قاتارلىق مۇھىم مەسىلىلەرنى بىلىش ھەم تەتقىق قىلىشىمىزدا نەقەدەر قىممەتلىك مەدەنى يادىكارلىق ئىكەنلىكىنى ئوڭايلا بىلىۋالغىلى بولىدۇ.

### 3. ئالىپ ئەرتۇڭا داستانى

«ئالىپ ئەرتوڭا» داستانى  ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارىخى داستانى ياكى ئېپوسىدۇر. ئەسەر قەھرىمانى ئالىپ ئەرتوڭا تەخمىنەن مىلادىيىدىن بۇرۇنقى  7-ئەسىردىن 8-ئەسىرگىچە بولغان ئارلىقتا ياشىغان ئۇيغۇرلارنىڭ مەشھۇر قەھرىمانى ۋە خاقانىدۇر. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۇنى «قاپلاندەك باتۇر» دىگەن مەنىدە ئالىپ ئەرتوڭا دەپ، تاجىك-پارىسلار «ئافراسىياپ» دەپ ئاتىغان. «تۈركى تىللار دىۋانى»دا بۇ داستاندىن پارچىلار بىرىلگەن. «شاھنامە» ۋە «قۇتادغۇ بىلىك» داستانلىرىدا، نەۋائىنىڭ «تارىخى مۈلكى ئەجەم» ناملىق ئەسەرلىرىدە بۇ تارىخى شەخس ھەققىدە مەلۇماتلار بىرىلگەن.

## 4. ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى

«ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» لۇغەت بولۇپ، قۇچۇ دەۋرىدە تۈزۈلگەن. مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن  1984-يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ لۇغەت مىڭ سۆلالىسى دەۋرىدە تۈزۈلگەن بولۇپ، قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلىنىڭ سۆزلۈكلىرىنى سېلىشتۇرۇش خاراكتىرلىق لۇغەت. ئۇنىڭ نۇسقىلىرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بېيجىڭدا  4خىل نۇسقىسى ساقلانماقتا.

كىتاپنىڭ ئۇزۇنلىقى  29.3سانتىمىتىر، كەڭلىكى  17.4سانتىمىتىر كىلىدۇ. بەتىنىڭ قاتلانغان يىرىگە توڭ ۋەنشاڭ مەتبەسى دىگەن تامغا بېسىلغان.

بۇ خەنزۇ تىلى بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ سىلىشتۇرما سۆزلىكى بولۇپ، كىتاپ 10قىسىمغا بۆلۈنگەن بولۇپ، موڭغۇل، جۇرجىت تىللىرى قاتارلىق بىر نەچچە خىل تىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. كىتاپنىڭ ئۇزۇنلىقى  32سانتىمىتىر، كەڭلىكى  15.2 سانتىمىتىر كېلىدۇ. بۇ ئەسەر ھازىر بېيجىڭ كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

## 5. مائىترى سىمىت

«مائىترى سىمىت» قۇچۇ دەۋرى تەرجىمە ئەدەبىياتىنىڭ يۈكسەك نامايەندىسى بولغان. بۇ 27پەردىلىك دىراما ئەسىرى بۇددىزىم ئەقىدىلىرىنى ئاساسى تىما قىلغان. بۇ ئەسەرنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى نۇسقىسى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن  1988-يىلى نەشر قىلىنغان.

ھازىر «مايترى سىمىت»نىڭ دۇنيادا  6خىل قوليازما نۇسقىسى بار. بۇنىڭ ئىككىسى تۇرپاننىڭ سىڭگىمدىن، ئىككىسى تۇرپاننىڭ مورتۇقتىن تېپىلغان. پەقەت بۇنىڭ ئىچىدىكى 1956-يىلى قاراشەھەر شىكشىندىن تېپىلغان نۇسقىسىلا ئاپتونوم رايۇنلۇق موزىيدا ساقلانماقتا. «مايترى سىمىت»  27پەردىدىن تەركىپ تاپقان چوڭ ھەجىملىك ئەسەر بولۇپ، قەدىمقى ئۇيغۇر يىزىقىدىكى قوليازمىلار ئىچىدە دەۋرى ئەڭ ئۇزۇن بولغان بۇددا دىنى مەزمۇنىدىكى زور ھەجىملىك سەھنە ئەسىرى. بۇ ئەسەر مۇكەممەل بەدىئى شەكىل، كونكرىتنى ئوبراز، مۇكەممەل سيوژىت ۋەقەلىكى جانلىق قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئارقىلىق مۇكەممەل ۋەقەلىكنى بايان قىلىپ بىرىدۇ.

## 6. ئالتۇن يارۇغ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

«ئالتۇن يارۇغ» قوچو ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرى مەدەنىيىتىگە تەۋە. بۇ ئەسەرنىڭ تولۇق ئىسمى «ئالتۇن ئۆڭلۈك يارۇغ يالترالقلىق قۇتتا كۆتىرىلمىش نوم ئىلىگ ئاتلىغ نوم بىتىگ» (ئالتۇن نۇر چېچىپ ھەممىدىن يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغان شاھانە ئەسەر) بولۇپ، ئۇ 10-ئەسىردە بىشبالىق (جىمسار)لىق ئەدىب سىڭقۇ سەلى تۇتۇڭ تەرىپىدىن خەنزۇچىدىن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. بۇ ئەسەردە بۇددا دىنىنىڭ جانلىقلارنى ئازاپتىن قۇتۇلدۇرۇش ئەقىدىسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بۇ ئەسەرنى مالوۋ 1909-، 1910-يىللىرى گەنسۇنىڭ سېرىق ئۇيغۇرلار رايونىدىكى ۋاڭفۇگۇ بۇتخانىسىدىن قولغا چۈشۈرگەن. ئۇنىڭ لىكوك تەرىپىدىن تۇرپان ۋە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى ئانچە تولۇق بولمىغان 2-، 3-نۇسخىلىرىمۇ بار.

**7. چاشتانى ئىلىگ بەگ**

«چاشتانى ئىلىگ بەگ» قىسسىسى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق تارىختا ئىگە فولۇكلۇر مىراسلىرىنىڭ بىرى. ئۇ 1914-يىلى تۇرپاندىن تېپىلغان. ئەسەر قەھرىمانى چاشتانى ئىلىگ بەگ قەدىمقى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىنىڭ يەك-جىنلارنىڭ ياۋۇزلۇقى تۈپەيلىدىن دۇچار بولغان كىيسەللىك ئاپىتى ۋە ئازاپ-ئوقۇبەتلىك ھاياتتىن قۇتۇلۇپ، تىنىچ، ئەركىن ياشاشتىن ئىبارەت ئارزۇ-غايىگە سىمۋول قىلىنغان. قەھرىمانلىق، كوللىكتىپزىملىق روھ يۈكسەك دەرىجىدە مەدھىيىلەنگەن.

**8. دەدە قورقوت داستانى**

«دەدە قورقوت» داستانى قەدىمكى ئۇيغۇر ۋە تۈركىي تىللىق خەلقلەردە بۇ داستاننىڭ سىيۇژىتى 8-9-ئەسىرلەردە قەلەمگە ئېلىنغان. ئەسەردە ئوغۇز قەھرىمانلىرى، باياندىرخان، قاراخان ۋە باشقىلارنىڭ ئىش- ئىزلىرى بايان قىلىنىدۇ. دانىشمەن دەدە قورقوت (قورقوت ئاتا)دىن ئىبارەت غايىۋى ئوبرازنىڭ ئەقىل- پاراستى مەدھىيىلىنىش بىلەن خەلقنىڭ ئەركىنلىك ۋە ئىنجادلىق غايىسى ئىپادىلەنگەن.

**9. پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى ۋە ئۇنىڭغا كىرەكلىك بولغان ئادىل پادىشاھ توغرىسىدا**

بۇ ئەسەرنى ئەبۇناسىر مۇھەممەد فارابى (مىلادىيە 870 – 950) يازغان بولۇپ، بۇنىڭدا «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىسى ۋە ئۇنىڭغا كىرەكلىك بولغان ئادىل پادىشاھ» ئۈستىدە نوقتىلىق توختىلىپ، ئۆزى ياشىغان ئىجتىمائىي جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي قاتلىمنى ئىنچىكىلىك بىلەن قۇشقاچ ئوپېراتسىيىسى قىلىپ، پادىشاھنىڭ ئادىل بولۇشىنىڭ لازىملىقى، خەلققە ئادىل سىياسەت يۈرگۈزۈشنىڭ زۆرۈرلىكى، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇن – تۈزۈم، ئەمىر – پەرمانلارغا ئاڭلىق رىئايە قىلغاندىلا، ئاندىن «پەزىلەتلىك شەھەر ئاھالىلىرىدىن» بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت تېماتىك مەزمۇن ئالغا سۈرۈلگەن.

**10. دىۋانى لۇغەتىت تۈرك**

مەزكۇر لۇغەتتە 11-ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئالىمى، تىلشۇناس ۋە ئەدىب مەھمۇد قەشقەرى بۇ دەۋردە ئىلىم- پەن تىلى دەپ ئاتالغان ئەرەپ تىلى بىلەن تۈركىي تىلى «بەيگىگە

چۈشكەن ئىككى ئاتتەك» كېتىۋاتاتتى. سىياسىي مۇناسىۋەت، ئىقتىسادىي ئالاقە، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئېھتىياجى بىلەن ئەرەب ئابباسىلارنىڭ ھۆكۈمران دائىرلىرى، سودا- سانائەت ساھەسى ۋە ئىلىم- مەرىپەت ئەھلى تۈركىي تىلنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتا ئىدى.

مەھمۇد قەشقەرى ئەنە شۇ ئېھتىياجنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا بەل باغلاپ تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىشقا كىرىشىدۇ. «خاقانىيە» ئۆلكىسىنى (جۈملىدىن قەشقەرىيە، ئىلى، يەتتە سۇ ۋە ئىسسىق كۆل بويلىرىنى) قىرغىز، تاتار داللىرىنى، بولغار، قىپچاق سەھرالىرىنى، شەرقىي ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى، ئارغۇ- ئوغۇز يېزىلىرىنى كېزىپ، تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى ئاساسىي قەبىلە- ئايماقلارنىڭ تىللىرى بىلەن ئىنچىكلەپ تونۇشىدۇ. تۈرلۈك تىل پاكىتلىرىنى، شېئىر – قوشاقلىرىنى، ماقال-تەمسىللىرىنى، چىرايلىق سۆز - ئىبارىلىرىنى توپلايدۇ. ئون نەچچە يىللىق ئەمەلىي ئىلمىي تەتقىقات ئاساسىدا رەتلەپ چىقىش ئارقىلىق 1072-1074-يىللىرى ئەرەب لۇغەتشۇناسلىقىنىڭ يېڭى ئۇسۇللىرىدىن ئىلغارراق ئۇسۇل بىلەن، ئەرەب ئېلىپبەسىنىڭ تەرتىپى بويىچە، تۈركىي تىل بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ ئىزاھلىق سېلىشتۇرما لۇغىتى «دىۋانى لۇغەتتىت تۈرك» («تۈركىي تىللار دىۋانى») ناملىق ئۈچ توملۇق قامۇسنى يارىتىدۇ.

ئەسەرنىڭ مەزمۇنى تۈركىي تىلدا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەر، گىراماتىكىلىق قائىدىلەر، ھەربىي - مەمۇرىي ئاتالغۇلار، يېزا - ئىگىلىك، يېمەك-ئىچمەك، مالىيە-سودا، قول ھۈنەرۋەنچىلىك، تىببىي دورىگەرچىلىك، ھايۋانات، ئۆسۈملۈك ۋە ئاسمان جىسىملىرىغا دائىر سۆزلەر، قەبىلىلەر، مۇھىم جۇغراپىيىلىك ناملار، قەدىمكى زاماندىكى خەلق داستانلىرىدىن پارچىلار، شېئىر- قوشاقلار، ماقال-تەمسىللەر ۋە رىۋايەتلەردىن ئىبارەت كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان.

مەھمۇد قەشقەرى «دىۋان»نى باغداتتا قايتا تۈزەتكەندىن كېيىن، تەخمىنەن 1076-يىلى باغدات خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان. بۇ كىتابنى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئابدۇسالام ئاباس، ئىبراھىم مۇتىئىي قاتارلىقلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1984-يىلى 1-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشر قىلغان.

## 11. قۇتادغۇ بىلىك

11-ئەسىردە ياشىغان ئۇلۇغ شائىر، بۈيۈك مۇتەپەككۇر، ئاتاقلىق پەيلاسوپ - ئالىم، ئۆز دەۋرىنىڭ ئىجتىمائىي – سىياسىي ھاياتىدا ئىنتايىن چوڭ رول ئوينىغان دۆلەت ئەربابى يۈسۈپ خاس ھاجىپ يازغان ئەسەر. «قۇتادغۇ بىلىك» («بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم»)نى يېزىپ، شۇ دەۋردىكى قاراخانىلار پادىشاھى بۇغراخان ئەبۇ ئەلى ھەسەن بىننى سۇلايمانغا تەقدىم قىلغان ۋە بۇ خىزمىتى ئۈچۈن ئوردا ۋەزىرى ھېسابىدىكى خاس ھاجىپلىق ئۇنۋانىنى ئالغان. ئۇ 1085-يىلى ۋاپات بولغان.

«قۇتادغۇ بىلىك» زور ھەجىمدىكى 13مىڭ 500 مىسرالىق دىداكتىك داستان بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا دۆلەتنى باشقۇرۇش ئۇسۇللىرىنى، دۆلەت خادىملىرىنىڭ بۇرچى ۋە ئەخلاقىي سۈپىتىنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئىلىم-مەرىپەتنىڭ ئەھمىيىتىنى، جەمئىيەت ۋە ئائىلە مەسىلىلىرىنى، شۇنداقلا ئۆزىنىڭ پەلسەپە ۋە ئەخلاقىي قاراشلىرىنى ئۆزىگە خاس بىر بەدىئىي ئۇسۇلدا، سىمۋوللۇق ئوبرازلار ۋاستىسى ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن، ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئەنە شۇنداق كەڭ بايان قىلىنغانلىق سەۋەبىدىن بۇ ئەسەر سىياسىي – ئىقتىساد دەرسلىكى دەپمۇ باھالانغان.ئۇنىڭدا رېئال تۇرمۇش مەسىلىلىرى، كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرى، مەشھۇر كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتتە ئوينايدىغان رولى، كىشىلەرنىڭ تەبىئەت بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئەخلاقىي - پەزىلەت ئۆلچەملىرى تۆت شەخسنىڭ (ئادالەت ۋە قانۇن سىمۋولى بولغان پادشاھ كۈنتۇغدى، بەخت-سائادەت سىمۋولى بولغان ۋەزىرئايتولدى، ئەقىل - ئىدراك سىمۋولى بولغان ۋەزىرنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىش، قانائەت سىمۋولى بولغان ۋەزىر قېرىندىشى ئودغۇرمىش)سۆھبەت مۇنازىرىسى يولى بىلەن بايان قىلىنىدۇ.

خەلق ھېكمەتلىرىنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بۇ داستاندا 11-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ گۈزەللىكى ۋە شائىرنىڭ ئەدەبىي ماھارىتىنىڭ يۇقىرى پەللىسى گەۋدىلەندۈرۈلگەن، ئۇ ھەجمىنىڭ چوڭلۇقى، ئوتتۇرىغا قويۇلغان مەسىلىلەرنىڭ سالمىقى جەھەتتىن بولسۇن ۋە مەيلى تىل-ئەدەبىيات، تارىخ، پەلسەپە، سىياسىي - ئىقتىساد جەھەتتىكى ئەھمىيىتى تەرەپتىن بولسۇن، ئەدەبىيات تارىخىمىزدا ناھايىتى زور قىممەتكە ئىگە، خەلقئارادا تۈركشۇناسلىق ۋە شەرقشۇناسلىق جەھەتتىمۇ يېڭى سەھىپە ئاچقان گىگانت ئەسەردۇر. بۇ كىتابنى مىللەتلەر نەشرىياتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئىنستىتوتىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1984-يىلى 5-ئاينىڭ نەشر قىلغان.

## 12. ئەتەبەتۇل ھەقايىق

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» – 13-ئەسىردە ئۆتكەن ئەدىب ئەھمەد بىننى مەھمۇد يۈكنەكى يازغان دىداكتىك داستان. 14باپلىق بۇ ئەسەردە ئىجمائىي ئەخلاق، مەرىپەت، تەرەققىيپەرۋەرلىك روھ ئىپادىلەنگەن، بۇ ئەسەر 1980-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، بىراق ئۇنىڭ مەزمۇنى ۋە تىل خۇسۇسىيىتىگە ئاساسەن، بۇ ئەسەرنى 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، يەنى قاراخانلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە يېزىلغان دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ.

ئەسەر 14باپ 484مىسرادىن تەركىپ تاپقان، ئۇنىڭغا كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان 13پارچە شېئىرنى قوشقاندا جەمئىي 512مىسرا بولىدۇ، ئەسەر ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىپ بەھرىدە يۈكسەك ماھارەت بىلەن يېزىلغان، ئەسەر دىداكتىك داستان بولۇپ، ئاپتۇر ئىلىم – مەرىپەتكە، ئىرشچان كىشىلەرگە، مەردلىك، ئادىللىق، كەمتەرلىك قاتارلىق ئىنسانى خىسلەتلەرگە قىزغىن مەدىيە ئوقۇيدۇ، بىلىمسىزلىكنى ئەيىپلەيدۇ ۋە مەسخىرە قىلىدۇ، بۇ قاراشلىرىنى ئوبرازلىق شېئىرى تىل بىلەن بايان قىلىدۇ.

## 13. سۇرراھ

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 670بەت، 13-ئەسىردە مۇھەممەت ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خالىيە جامال قارشى پارس تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق ئۇسخىسىدا يازغان پارس تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى.

پارس تىلى سۆزلىكلىرىنىڭ لىكسىكىلىق مەنىسىنى ھەر تەرەپلىمە ئىزاھلاش ئارقىلىق، پارس تىلىنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى نامايەن قىلىش ھەم پارس تىلىنى ئۆگەنگۈچىلەر ۋە تەتقىقلىغۇچىلار ئۈچۈن ئوڭايلىق يارىتىپ بېرىش مەخسىتىدە يېزىلغان.

لۇغەتتە سۆزلۈكلەر چوڭ ۋە كىچىك جەھەتتىن ئىككى تەرەپلىمە ئىزاھلانغان. چوڭ جەھەتتە «باب» نامى بىلەن پارس تىلىدىكى 29تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان سۆزلۈكلەر، كىچىك جەھەتتە «پەسىل» نامى بىلەن يەنە شۇ 29تاۋۇش بىلەن باشلانغان سۆزلۈكلەر ئۆز ئارا كىرىشتۈرۈلۈپ، سۆزلەرنىڭ ئەسلى مەنىسى، كۆچمە مەنىسى، تۈرلەنگەندىن كېيىنكى مەنىسى ۋە ئېتمولوگىيىلىك مەنىسى جەھەتلەردىن ئومۇمىيۈزلۈك ئىزاھلانغان. لۇغەتتە سۆزلۈكلەرنى ئىزاھلاش جەريانىدا، ئاپتۇر تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە، ئېتنوگۇراپىيە جەھەتلەردىمۇ ئۇرغۇنلىغان مەلۇماتلارنى بەرگەندىن سىرت، يەنە بەزى تارىخى شەخسلەرنىڭ تەرجىمھالى ھەققىدىمۇ قىممەتلىك ئۇچۇرلارنى بەرگەن. بۇ كىتاپ ناھايىتى ئىناۋەتلىك لۇغەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ لۇغەت قىممىتىدىن باشقا تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترۇنۇمىيە، ئېتنىگۇراپىيە جەھەتتىكى تەتقىقات قىممىتىمۇ ئالاھىدە زور.

بۇ كىتاپ 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا كامفۇردا مەجىددىنىدى مەتبەسىدە بېسىلغان تاش باسما نۇسخا.

كېينەك شەكىللىك تۈپلەنگەن، فورماتى 23×32 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 20×27 سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 29 قۇر خەت بار. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتۇنۇم رايۇنى قەشقەر ۋىلايەت يېڭىسار ناھىيە قىزىل يېزا 6-كەنتتىكى ئابدۇۋايىت ھامۇتنىڭ ئۆيىدە XGP127-نومۇرلۇق تىزىملىك بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ.

## 14. مۇھەببەتنامە

خارەزىمى 14-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ياشاپ ئىجاد ئەتكەن شائىرلاردىن بىرى.

ئۇ «خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان باسقۇچتىن «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالغان باسقۇچقىچە بولغان ئارلىقتا ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ئەنئەنىلىرىنىڭ چوڭقۇر تەسىرى يەنىلا ئۆز كۈچىنى يوقاتمىغان ئىدى.

خارەزىمىنىڭ ئۆز ئىسمى نامەلۇم. ئۇ چاغاتاي ئۇلۇسىغا قاراشلىق جەنۇبىي خارەزىمدىكى مەسچىتلەرنىڭ ھوجرىسىدا مۇساپىر بولۇپ ياشىغان. شۇ يەردە ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە شېئىر يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزى مۇساپىر بولۇپ تۇرغان جاينىڭ نامىنى ئەدەبىي تەخەللۇس ئورنىدا قوللانغان.

1353-يىلى (ھىجرىيىنىڭ 754-يىلى) «مۇھەببەتنامە» دېگەن ئەسىرىنى يارىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى www.uyghurkitap.com

شائىرنىڭ بۇ ئەسرى ئىشقى ــ مۇھەببەت خەتلىرى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بولۇپ، 11پارچە مەكتۇپنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«مۇھەببەتنامە»نىڭ بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن نۇسخىسى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن، شۇنداقلا ئۇ 14-ئەسىردىن بۇرۇنقى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئۆزىگە خاس بەدىئىي شەكىلگە ئىگە ئەدەبىي يادىكارلىقلىرىمىزدىن بىرىدۇر.

## 15. خەزەئىنۇل مەئانى ۋە خەمسە

«خەزەئىنۇل مەئانى ۋە خەمسە» ــ ( 1441 - 1501) ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئالتۇن دەۋرىنى ياراتقان ئۇلۇغ شائىر، ئالىم، مۇتەپەككۇر، دۆلەت ۋە جامائەت ئەربابى ئەلشىر نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرىدۇر.

نەۋائىينىڭ «خەزەئىنول مەئانى» (مەنەلار خەزىنىسى) دىگەن شئېرىي دىۋانى ھەم «خەمسە»سى ئۇنىڭ ئىجادىيىتىدىكى ئەڭ يىرىك نەمۇنىلەردۇر.

« خەزەئىنول مەئانى» ــ ئاساسەن غەزەللەردىن ئىبارەت 16خىل لىرىك ژانىردىن تەركىپ تاپقان، جەمئى 80مىڭ 344مىسرالىق 3130 شئېرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«خەمسە» داستانلار توپلىمى بولۇپ، ئۇنىڭغا «ھەيراتۇل ئەبرار»، «پەرھاد ــ شىرىن»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «سەببەئى سەييار»، «سەددى ئىسكەندەر»دىن ئىبارەت بەش داستان كىرگۈزۈلگەن.

نەۋائى ئەسەرلىرى تېماتىك مەزمۇن جەھەتتىن، بەدىئىي شەكىل جەھەتتىن خىلمۇ ــ خىل بولۇش بىلەنمۇ، ھەجمى جەھەتتىكى كۆپلىكى بىلەنمۇ كىشىنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

## 16. مۇھاكىمەتۇل لۇغەتيىن

بۇ نەۋائىينىڭ 1499-يىلى يېزىلغان سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا ئائىت ئەسىرىدۇر. بۇ كىتاپ مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988-يىلى نەشر قىلىنغان.

بۇ كىتاپتا شائىر، تىلشۇناس، تەزكىرىچى ھەزرىتى ئەلشىر نەۋائىي ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيا خەلق قەلەمكەشلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئانا تىلىدىن ۋاز كېچىشى بەدىلىگە پارس تىلىدا ئىجادىيەت قىلىدىغان خاھىشچانلىقىغا رەددىيە بىرىش ئاساسىدا ئۆز ئانا تىلىدا ئەسەر يېزىشنى تەشەببۇس قىلغان ھەم چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا ھەم پارس تىلىدا كامىل بولۇشنى تەكىتلىگەن ئەسەر بولۇپ، مەزمۇن دائىرىسى تىلشۇناسلىق بىلەنلا چەكلىنىپلا قالماستىن، بەلكى ئەدەبىي تەنقىتچىلىك ۋە پەلسەپىگىمۇ چېتىلىدۇ.

## 17. مەجالىسۇن نەفائىس (گۈزەللەر يىغىلىشى)

بۇ نەۋائىينىڭ 1491-يىلى يازغان ئەدەبىيات شۇناسلىققا ۋە تەزكىرىچىلىككە بېغىشلانغان ئەسىرى بولۇپ، ئۇ ئەينى دەۋردىكى ئالىم ۋە ئەدىبلەر، مەشھۇر شەخسلەرنىڭ بىئوگراپىيىلىك تەزكىرىسىدۇر. بۇ كىتاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1994-يىلى نەشر قىلىنغان. بۇ كىتاپ ئەينى دەۋردە خوراسان مەملىكىتى دەپ ئاتالغان، كېيىنكى دەۋردە «ئاشاغى تۈركىستان» دەپ

ئاتالغان هازىرقى ئابغانىستاننىڭ ھېرات شەھىرىدە ياشاپ ئۆتكەن ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ باشقا يەرلىرىدىمۇ ياشاپ ئىجات ئەتكەن شائىرلار، خەتتاتلار، گۈزەل سەنئەتچىلەر ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ قىسقىچە ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتى ھەققىدە يېزىلغان مەشھۇر ئەسەردۇر.

## 18. ئۆگدىلمىش ئوغلى جانى بەگنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرى

«ئۆگدىلمىش ئوغلى جانى بەگنىڭ باشتىن كەچۈرگەنلىرى» ــ بۇ كىتاب 12-، 13-ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغان تارىخچى ئەدىب، دىپلومات، دۆلەت ئەربابى، جانى بەگ ئۆگدۈلمىش ئوغلىنىڭ تەرجىمىھال خاراكتېرلىق رومانىدۇر .

بۇ ئەسەر 1260-يىللىرى ئەتراپىدا يېزىلغا قويۇق ئەدەبى تۈسكە ۋە تارىخى ھۆججەت تۈسكە ئىگە ئەسەر بولۇپ، قولىيازما ھالەتتە فىرانسۇزچە تەرجىمىسى گېرمانىيىنىڭ بېرلىن شەھىرىدىكى فىرۇسىيە پادشاھلىق كۇتۇپخانىسىنىڭ شەرق بۆلۈمىدە ساقلانغان، 18-ئەسىردە فىرانسۇز يازغۇچىسى گراماس دىرام مۇشۇ كىتاپ ئاساسىدا «كۆك مۇڭغۇلدا كۆك بايراق» ناملىق تارىخى رومانىنى يېزىپ چىققان، دىمەك، بۇ ئەسەر ئۇيغۇر تارىخىغا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلەر بولۇپ قالماستىن، بەلكى دۇنيا ئەدەبىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن مۇھىم ئەسەردۇر.

## 19. بابۇرنامە

بابۇر 1483-يىلى فەرغانە ۋىلايىتىدە، تۆمۈرلەر ئەۋلادىدىن بولغان ئۆمەر شەيخ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

«بابۇرنامە»دىن مەلۇمكى، بابۇر ئۆزىنىڭ تۇنجى شېئىرىي دىۋانىنى 1519-يىلى كابۇلدا تۈزگەن، ئىككىنچى دىۋانىنى 1528-، 1529-يىللىرى ھىندىستاندا تۈزگەن، ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ بارلىق لىرىك مىسراسىنى، يەنى ئىككى دىۋانغا كىرگەن ۋە كىرمەي قالغان شېئىرلىرىنى تولۇق دىۋان ھالىتىگە كەلتۈرگەن، لېكىن، ئۇنىڭ بۇ تولۇق دىۋانىنىڭ تەقدىرى ھازىرغىچە نامەلۇم، بابۇرنىڭ دىۋانلىرى ئارقىلىق بىزگىچە يېتىپ كەلگەن لىرىك ئەدەبىي مىراسى 364پارچە ئەسەردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ 114پارچىسى غەزەل، 201پارچىسى رۇبائى ژانىرىدا يېزىلغان، قالغىنى قىتئە، تويۇق.

«بابۇرنامە» دېگەن بۇ ئىسىم كېيىنكى ۋاقىتلاردا مۇقىملاشقان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئاۋۋال بۇ ئەسەر تۈرلۈك مەنبەلەر ۋە نۇسخىلاردا «ۋاقىئاتى بابۇرى»، «تۈزۈكى بابۇرى»، «تەۋارىخى بابۇرى»، «بابۇرىيا» دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتالغان، بابۇر بولسا ئۆز ئەسىرىدە ئۇنى «تارىخ»، «ۋەقائى» دەپ ئاتايدۇ.

زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر «بابۇرنامە»دە ئۆزىنىڭ 12-يېشىدىن باشلاپ يۈتۈنلەي دېگۈدەك جەڭ ۋە ھەربىي يۈرۈش بىلەن ئۆتكەن جەڭگىۋار، تىنىمسىز، شۇنداقلا سەرگۈزەشتىلەرگە باي ھاياتىدىكى كەچۈمىشلىرىنى، ئۆزى قاتناشقان ياكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان جەڭلەر، ۋەقەلەرنى، ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ياكى ئۆزى بىلىدىغان پادشاھ، خان، مىرزا، بەگلەرنىڭ ئەھۋالى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئارا مۇناسىۋەتلىرىنى، ئۆزىنىڭ ھېس – تۇيغۇ ۋە تەجرىبە- ساۋاقلىرىنى ھەم باشقا كۆرگەن – بىلگەنلىرىنى بايان قىلىدۇ.

## 20. قىسسەسۇل ئەنبىيا

نەسىرىدىن رابغۇزى 13-، 14-ئەسىرلەر ئارلىقىدا ياشىغان مەشھۇر يازغۇچى، مۇتەپەككۇر ۋە ئىسلامىيەت ئالىمى بولۇپ، ئۇ 1309-، 1310-يىللىرى «قىسسەئى رابغۇزى» ناملىق زور ھەجىمدىكى ئەدەبىي ئەسەرنى يېزىپ چىققان. بۇ ئەسەر خەلق ئارىسىدا «قىسسەسۇل ئەنبىيا» (پەيغەمبەرلەر قىسسىسى) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. 72 ماۋزۇدىن ئىبارەت بۇ نەسرىي ئەسەر ئۇيغۇر پىروزىسىنىڭ تەرەققىياتىدا خاس بولغان قىسسە ۋە رىۋايەتتىن ئىبارەت ھەر ئىككى خىل شەكىلنى ئۆزىدە بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا نەزىم ئارلاشقان جايلارمۇ بار. مەسىلەن، مەدھىيىلەر بەزى قىسسىلەرنىڭ خۇلاسىلىرى، لىرىك كەچۈرمىشلەر، سەييارىلەر توغرىسىدا، باھارىيات ۋە كىتاپنىڭ خاتىمىسى قاتارلىقلار.

ئەسەردە ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر ئەۋلىيالار ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى، كارامەتلىك سەرگۈزەشتلىرى ھېكايە قىلىنىدۇ. بۇلاردىن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە بولغىنى «يۇسۇپ – زۇلەيخا» قىسسىسىدۇر. بۇ ماۋزۇنى بىرىنچى قېتىم ئۇلۇغ پارس شائىرى ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى (934-1020) بەدىئىي ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرىپ، «يۇسۇپ – زۇلەيخا» ناملىق شېئىرىي داستانىنى يېزىش بىلەن شۆھرەت قازانغان ئىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا بۇ ماۋزۇ رابغۇزى تەرىپىدىن قايتا ئىجادىي ئىشلىنىش بىلەن داڭلىق نەسرىي ئەسەر تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

«قىسسەئى رابغۇزى» 1859-، 1881-يىللىرى قازاندا جەمئىي بەش قېتىم نەشر قىلىنغان بولۇپ، خەلق ئارىسىغا ئىنتايىن كەڭ تارقالغان. ئۇ 13-، 14-ئەسىرلەردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنى، شۇ زاماندىكى نەسىر ۋە شېئىرىيەتنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشىمىزدىكى قىممەتلىك مەنبەلەردىن بىرى. بۇ كىتابنى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى توختى ئابىخاننىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن 1980-يىللارنىڭ ئاخىرىدا نەشر قىلىنغان.

## 21. تارىخى رەشىدى

«تارىخى رەشىدى» – مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر تەرىپىدىن پارس تىلىدا 1541-يىلىدىن 1547-يىلىغىچە يېزىلغان ئەدەبىي تەزكىرە خاراكتېرلىك داڭلىق ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا تۇغلۇق تۆمۈرخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقى، ئەھمەدخان، سەئىدخان، بابۇر ۋە ئابدۇرىشىتخانلارغا مۇناسىۋەتلىك بىر قانچە ئەسىرلىك تارىخى ۋەقە بايان قىلىنغان. بۇ كىتاپ شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن 1985-يىلى خەنزۇچە نەشر قىلىنغان.

بۇ كىتاپتا يالغۇز ھۆكۈمرانلارنىڭ ھايات پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك مەلۇماتلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەئىددىن كاشغىرى، ئەلشىر نەۋائى قاتارلىق يېتۈك ئالىملارنىڭ ھايات پائالىيىتى ۋە ئىجادىي پائالىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك پاكىتلارنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن ھەمدە ئەينى دەۋر

تەكلىماكان گىرۋەكلىرى، قاراقۇرۇم ئېتەكلىرى، پامىر قىرلىرى جۇغراپىيىسى، بۇ يەردىكى خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى، ئۆرپ-ئادىتى، دىنى ئېتىقاتى، ھەربىي - سىياسىي ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلارنى مۇجەسسەملىگەن يىتۈك قامۇس خاراكتېرلىك كىتاپتۇر.

## 22. تەزكىرەئى ئارسلانخان

«تەزكىرەئى ئارسلانخان» 18-ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە شائىرى قاسىمى يازغان كىتاپ.

شائىرنىڭ بىزگە قەدەر يېتىپ كەلگەن ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسىرى 1799-يىلى يېزىلغان «تەزكىرەئى ئارسلانخان» ناملىق تارىخى داستانى بولۇپ، 2112 مىسرا شېئىرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئاپتور ئۇنىڭدا ئىشەنچلىك تارىخى مەنبەلەرنى ئاساسى ماتېرىيال قىلىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى ئارسلانخاننىڭ تەرىپ- سىپاتى ۋە ئۇنىڭ خوتەن رايۇنىغا ئىسلام دىنىنى تارقىتىش يولىدىكى پائالىيەتلىرىنى تەسۋىرلەيدۇ.

ئەسەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى خېلىلا كەڭ بولۇپ، ئۇنىڭدا شۇ دەۋرلەردىكى يەر مەسىلىسى، دېھقانلار ۋە ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىگە دائىر ئەھۋاللارمۇ ئەكىس ئەتتۈرۈلگەن، بەزى قوشۇمچە تەنبىھلەرمۇ كىرگۈزۈلگەن.

ئەسەرنىڭ شېئىرى تىلى راۋان، ئوبرازلىق ۋە ئاھاڭداشلىققا ئىگە بولۇپ، 18-، 19-ئەسىرلەردە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيدانغا كەلگەن مۇنەۋۋەر داستانلاردىن بىرىدۇر.

## 23. چىڭگىزنامە

تەخمىنەن 18-، 19-ئەسىرلەر ئارلىقىدا قەشقەردە ياشاپ ئىجادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا مىرساھ قەشقەرى ۋە ئۇنىڭ ئىلمى مىراسلىرىدىن «چىڭگىزنامە» ناملىق بىر تارىخى ئەسىرى دەۋرىمىزگىچە يىتىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ ئۇيغۇر تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا زور قىممەتكە ئىگە ئىلمى مەنبەلەردىن بىرى ھېساپلىنىدۇ. ئاپتور بۇ ئەسەرنى يېزىشتا ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا ھەيدەر قەشقىرىنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان «تارىخى رەشىدى»، ئىران تارىخچىسى مىر خۋەندىنىڭ «تارىخى رەۋزە تۇسسەفا»، جۇۋەينىنىڭ «تارىخى جاھانكۇ شاي» قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلىرىدىن پايدىلانغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ. مۇشۇ بايانلار ئارقىلىق بىز موللا مىرسالھ قەشقەرىنىڭ ئەرەب، پارس تىللىرىغا كامىل ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر نۇرغۇن قىممەتلىك ئەسەرلەر ۋە مەنبەلەر بىلەن چوڭقۇر تونۇشۇپ، ئۇزاق يىللار ئۇيغۇر ئېتنىكىسى ۋە سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەتكە دائىر نۇرغۇن ماتېرىياللارنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق «چىڭگىزنامە»ناملىق تارىخى ئەسەرلەرنى يېزىپ چىققانلىقىنى روشەن كۆرۈۋالايمىز.

ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ ئەسىرىنى ئىسلام تارىخشۇناسلىرى ۋە ئالىملىرىنىڭ ئەنئەنىۋى يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى بويىچە ئادەمنىڭ پەيدا بولىشىدىكى رىۋايەتلەردىن باشلاپ، قەدىمكى تۈركىي

www.uyghurkitap.com

قەۋملىرىنىڭ شەكىللىنىشى، جايلىشىشى، كۆرەش پائالىيەتلىرى، ئوغۇزخان توغرىسىدىكى تارىخى رىۋايەتلەر، ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تارىم ۋادىسىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقلارىنىڭ تارىخىي، چىنگىزخانىنىڭ غەربىي رايۇن ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا قىلغان يۈرۈشلىرى، چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلاتلىرىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭدىكى ھۆكۈمرانلىقى، مىلادى 16-ئەسىردىن 17-ئەسىرنىڭ كىيىنكى يىرىمىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن سەئىدىيە خانلىقى دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن كىيىنكى دەۋرگە ئائىت ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى، تارىخىنى بىر قەدەر مۇكەممەل بايان قىلىپ ئۆتكەن.

ئەسەردە مۇھىم نۇقتا قىلىپ، سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەيدانغا كىلىشى، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت ساھەسىدە ئىسلاھاتچىلىق تەدبىرلىرىنى يولغا قويۇپ، مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشتا زور تۆھپە قوشقانلىقى يورۇتۇپ بېرىلگەن. مانا شۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئاساسەن موللا مىرسالىھ قەشقەرىنىڭ «چىڭگىزنامە»ناملىق ئەسىرى «تارىخى رەشىدىيە»، «تارىخى رەشىدى زەيلى»، «تارىخى ھەمىدىيە» قاتارلىق مەشھۇر تارىخى مىراسلىرىمىز قاتارىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالىدۇ.

## 24. مۇھەببەت داستانلىرى

«مۇھەببەت داستانلىرى» – ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى، ئاتاقلىق رېئالىزىمچى شائىرى ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ داستانلار توپلىمى.

نىزارى 1837-يىلىدىن ئىتىبارەن «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق چوڭ بىر ئەسەر يېزىشقا كىرىشىپ 1838-يىللىرى ئۇنى مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئاياغلاشتۇردى. ئەسەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، «رابىيە –سەئىدىن»، «ۋامۇق ئۇزرا»، «پەرھات – شىرىن»، «لەيلى – مەجنۇن» قاتارلىق داستانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شائىر ياشىغان دەۋر 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 19-ئەسىرنىڭ بىرىنچى يېرىمى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مانجۇ ھاكىمىيىتى ۋە ئۆز ئىچىدىكى فېئۇدال ھۆكۈمرانلىقىنىڭ زۇلمىغا، قاراڭغۇ جەمئىيەتكە نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپ، ئۆزىنىڭ رېئال جەمئىيەتكە نىسبەتەن بولغان نەپرەت ۋە قەھرى ـ غەزىپىنى ئۆز شېئىرلىرىغا سىڭدۈرگەن ئىدى. شۇڭلاشقا ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە فېئوداللىققا قارشى دېمۇكراتىك تېندىنسىيە (خاھىش) مەۋجۇت بولۇپ، بۇ ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن ئىنتايىن زور ئەھمىيەتكە ۋە ئىلغارلىققا ئىگە.

ئۇ ئۆمرىنىڭ 60 يىلىنى ئوقۇش، ئوقۇتۇش، كاتىپلىق ۋە كىچىك- كىچىك ئىجادىيەتلەرنى يارىتىش بىلەن پەقىرلىك ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. شائىرنى 1830-يىلى زوھۇرىدىن ھېكىم بەگ ئۆز ئوردىسىغا ئالدۇرۇپ مىرزا (كاتىپلىق) خىزمىتىگە تەيىنلەيدۇ. شائىر بۇ خىزمەتتە ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىغا قەدەر (تەخمىنەن ئون يىل) تۇرغان بولۇپ، بۇ شائىر ئىجادىيىتىنىڭ گۈللەپ ياشنىغان دەۋرى بولدى.

## 25. كىتابى غېرىب

«كىتابى غېرىب»نى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 19-ئەسىردىكى مۇشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى غېرىبى يازغان.

غېرىبى ئۆز دەۋرىنىڭ ئاتاقلىق شائىرى نىزارى بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىدۇ. نىزارى ئۇنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى ئىشتىياقى ۋە ئىقتىدارىنى كۆرۈپ، خەتتاتلىق ئىشلىرىغا سالىدۇ ۋە ئوقۇتىدۇ. كېيىنرەك، ئۆز مەسئۇللىقىدىكى كاتىبات ئىشخانىسىنىڭ كاتىپى قىلىۋالىدۇ.

ئۇ 1837-يىلى زوھۇرىدىن ھېكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «كىتابى غېرىب» دىگەن ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. بۇ 2150مىسرا بېيىتتىن تەركىپ تاپقان شېئىرىي ماقالە بولۇپ، 36ماۋزۇ، 58 سوئال- جاۋاپ بىلەن تۈزۈلگەن.

ئەسەردە شۇ دەۋردىكى 32خىل كەسىپنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەت ۋە ئىچكى زىددىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. 19-ئەسىردە شىنجاڭ جامائەتچىلىكىدە مەۋجۇت بولغان 32خىل كەسىپنىڭ خاراكتىرىكىسى خېلى ئوچۇق سىنىپى نۇقتىدا زىكىر قىلىنىدۇ.

مۇھىم تەرىپى شۇكى، 32خىل كەسىپ ئىچىدە ھەممىدىن جىق ۋە خەلققە ئاش بەرگۈچى — دېھقان، ھەممىدىن ئىلغار ۋە ئۇلۇغۋارى ئىشلەمچى دەپ يازىدۇ. ئەسەردە ئىشلەمچىگە ۋاكالىتەن بىر خىشچى ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

شائىرنىڭ نەزىرىدە «ئۇلۇغ»، ۋە «خىسلەتلىك» دەپ ئاتاشقا ھەقىقى لايىق كىشىلەر ئەسلا ھۆكۈمران تەبىقىلەر، يەر ئىگىسى بولماستىن، دەرەخ قويۇپ كۆكەرتىپ چۆللەرنى باغۇ-بوستان ئەيلىگەن، ھالال ئەمگەكچى ۋە ماگلاي تەرى ئارقىلىق زىمىندا جەننەت ياراتقان، ئۆز ئىشىغا بولغان ماھىرلىقى جەھەتتە ھەممىنى بىسىپ چۈشىدىغان دېھقان ۋە ئىشلەمچىلەردىن ئىبارەت.

بۇ خىل ئىلغار كۆز قاراش ئاپتورنىڭ پۈتۈن ئەسىرىگە سىڭدۈرۈلگەن. غېرىبى ئەمگەكچىلەر سىنىپى مەيدانىدا تۇرۇپ ئىلغار ئىدىيەلەرنى ئالغا سۈرگۈچى سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا ئۆزىگە خاس ئورۇن تۇتىدۇ.

## 26. تەۋارىخىي مۇسقىيۇن

«تەۋارىخىي مۇسقىيۇن» 19-ئەسىردە ياشىغان ئۇيغۇر ئەدەبىي مۇزىكاشۇناسى ۋە تارىخچىسى موللا ئىسمەتۇللا ئىبنى نىمەتۇللا (مۆجىزى)نىڭ ئەسىرى. بۇ كىتاب 1982-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنغان.

ئۇ خوتەنلىك بولۇپ، ئۆز دەۋرىدە ئەدەبىيات، تارىخ ھەم مۇزىكا ئىلمىدە يۇقىرى ئىختىساسقا ئېرىشكەن بىلىم مۆتىۋەرلىرىدىن بىرى ئىدى. مۆجىزى 1870-يىللىرى ئەتراپىدا شۇ ۋاقىتتىكى خوتەن ھاكىمدارى ئىلشىر ھېكىم بەگنىڭ تەۋسىيە قىلىشى بىلەن قەدىمكى تارىخىي مەنبەلەردىن ئىشەنچلىك دەلىل- پاكىتلارنى توپلاپ « تارىخىي مۇسقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى) ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاپ ئۇيغۇر مۇزىكىسىنىڭ ئاساسى بولغان مۇقاملارنىڭ ۋە ئۇيغۇر خەلق چالغۇ ئەسۋاپلىرىنىڭ كەشپ قىلىنىشى ھەققىدىكى بۇ تارىخىي ئەسەردە فارابى، لۇتفى، نەۋائى، مەلىكە ئامانىنىساخان، قىدىرخان قاتارلىق ئەدىب ۋە مۇزىكا ئۇستازلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ھايات پائالىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە مەلۇمات بېرىدۇ. ئاپتورنىڭ بايانى ئىخچام، تەسىرلىك، گۈزەل ھېكايە تۈسىنى ئالغان بولۇپ، كىتاپخانلاردا چوڭقۇر ھاياجان ۋە كۈچلۈك تەسىرات قوزغىتىدۇ. بولۇپمۇ سەئدىيە خانلىقىنىڭ پادىشاھى ئابدۇرىشتخان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىكى ئاتاقلىق مۇقامشۇناس، مۇزىكانت، شائىرە ئامانىسا خېنىم ھەققىدە قىزىقارلىق مەلۇمات بېرىدۇ.

«تارىخىي مۇسىقىيۇن» ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك مەنبەلەردىن بىرىدۇر.

## 27. تەزكىرەتۇل بۇغراخان

«تەزكىرەتۇل بۇغراخان» 19-ئەسىردە ئۆتكەن ئۇيغۇر تارىخچىسى موللا ھاجىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇ قەشقەردە ياشاپ بىلىم تەھسىل قىلغان ۋە ئىلمىي ئىجادىيەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۆز ھاياتىدا ئىسلامىيەت تارىخى ۋە ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

«تەزكىرەتۇل بۇغراخان» ئەسىرى موللا ھاجىنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا قاراخانىلار پادىشاھى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى ھەسەن بۇغراخان، شىھىد ئارسلانخان، يۈسۈپ قىدىرخان قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمھالى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ، شۇنداقلا تۆت ئىمام زەبىھۇللانىڭ يۈسۈپ قادىرخان دەۋرىدە ماۋرە ئۇننەھىردىن قەشقەرگە كېلىپ، خوتەندە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن قىلغان جەڭلىرى سۆزلىنىدۇ.

موللا ھاجىنىڭ بۇ ئەسىرى ساپ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇلارنى پەقەت تارىخىي ئەسەر سۈپىتىدىلا ئەمەس، بەلكى تەزكىرە ئەدەبىياتىنىڭ نەمۇنىلىرى قاتارىدا يۇقىرى باھالاشقا بولىدۇ.

## 28. مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكام

«مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكام» مۇھەممەت ئىمىن خوجام قۇلى ئوغلى خىرقىتى ( 1634 – 1724) ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر ـ شائىرى.

ئۇ، 1670-يىللىرى «مۇھەببەتنامە ـ مېھنەتكام» ناملىق لىرىك داستانىنى يازىدۇ. خىرقىتى بۇ ئەسەردە مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنى تېماقىلغان ھالدا، چوڭقۇر لىرىكا ۋە رومانتىك خىيال ئارقىلىق مۇھەببەت بىلەن مېھنەتنىڭ بىرلىكى، ئىنسانلارنىڭ ھەر قانداق پائالىيىتى مېھنەت ۋە مۇھەببەت مۇناسىۋىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدىغانلىقىنى سابا، بۇلبۇل ۋە قىزىلگۈللەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق بايان قىلىپ بېرىدۇ.

ئەسەرنىڭ شېئىرىيەت ماھارىتى ئۈستۈن، تىلى ئوبرازلىق بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئالغا سۈرگەن ئىدىيىسى بىلەن ئەدەبىي كۈچىنى بىلىش ئۈچۈن، شائىرنىڭ يۇقىرىقى مىسرالىرى رۇشەن دەلىلدۇر.

ئەسەردە مۇھەببەت بىلەن مېھنەت ئەڭ يۇقىرى ئىدىيە ۋە چىرايلىق تىل بىلەن تەرىپلىنىپ، ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى چوڭقۇر مەنىلىك تەمسىل، گۈزەل تەسۋىرلەر ۋاستىسى ئارقىلىق تەسۋىرلىنىپ، ئاپاق خوجا دەۋرىنىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## 29. تارىخىي رەشىدىي

«تارىخىي رەشىدىي» 15-، 16-ئەسىرلەردە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە دۆلەت ئەربابى مىرزا ھەيدەر قەشقىرى تەرىپىدىن يېزىلغان.

ئۇ دوغلات شاھزادىلىرىدىن بولۇپ، ئاتىسى مۇھەممەت مىرزا ھۆسەين سۇلتان ھۈسەين بايقارا ھوزۇرىدا ئاراتۆپىگە ھاكىملىق قىلىۋاتقان يىللىرىدا دۇنياغا كەلگەن. سەككىز يېشىدا ھىراتتىكى ئاتاقلىق ئالىملارنىڭ تەربىيىسىگە بېرىلىپ، ئىلىم – پەننىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە ئۆز دەۋرىگە يارىشا ئەتراپلىق ۋە چوڭقۇر مەلۇمات ئىگىلىگەن.

ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا سەلتەنتنى تەرك ئېتىپ، 1545-يىلى «تارىخىي رەشىدىيە» ناملىق ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشىدۇ. بۇ كىتاب ئۇيغۇر تارىخىغا دائىر ئىنتايىن قىممەتلىك مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان

بۇ ئۈچ جىلتلىق ئەسەر پارس تىلىدا يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور كىتابنى سۇلتان ئابدۇرېشتخاننىڭ نامىغا بېغىشلىغان.

«تارىخىي رەشىدىيە» ئەسىرى كېيىنكى دەۋرلەردە تارىخچى ئالىملارنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتتى. تارىخچى موللا مۇسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە» ئەسىرىنى يېزىشتا، مىرزا ھەيدەرنىڭ ئەسىرىدە بايان قىلىنغان تارىخىي جەريانلاردىن پايدىلانغان، ئۆز پىكىرىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ستاتا كەلتۈرگەن. 18-ئەسىردە ياشىغان خوتەنلىك ئالىم موللا مۇھەممەت نىياز ئاخونۇم «تارىخىي رەشىدىيە» ئەسىرىنى شۇ دەۋردىكى خوتەن ۋاگى مۇھەممەت نىيازبەگ نامىغا ئۇيغۇرچە تەرجىمە قىلغانلىقى مەلۇم. قىسقىسى، «تارىخىي رەشىدىيە» بىزنىڭ ئۇيغۇر تارىخىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشىمىزدا قىممەتلىك مەدەنىي مىراسلاردىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 30. غازات دەر مۈلكى چىن

بۇ موللا بىلال موللا يۈسۈپ ئوغلى (نازىم) 1823-يىلىدىن 1899-يىلىغىچە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ۋە يازغۇچىسى يازغان ئەسەر.

خەلق بىلەن ھەمنەپەس شائىر 1867-يىلىدىكى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭىغا بىۋاستە قاتنىشىپ، «كىتاب غازات مۈلكى چىن» ناملىق شېئىرىي داستاننى يېزىپ چىقتى. بۇ ئەسەر ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخىدىكى دېھقانلار قوزغىلىڭىنى بىر قەدەر رېئاللىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرگەن تارىخىي، ئىجتىمائىي ئەھمىيەتكە ئىگە شېئىرىي جەڭنامىدۇر.

## 31. تارىخىي ئەلتەبەرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ «تارىخ ئەل رۇسۇل ۋە ئەل مۇلۇك»مۇ دېيىلىدۇ. بۇ ئەرەب تارىخىغا دائىر 12 جىلدلىق مەشھۇر ئەسەربولۇپ، بۇنى ئەرەب ئالىمى ۋە تارىخچىسى ئەبۇ جاپپار تەبەرى ( 838 – 923) نىڭ مەشھۇر ئەسىرىدۇر.

ئەسەردە دۇنيانىڭ يارىتىلىشىدىن تارتىپ، 915-يىلىغىچە بولغان تارىخ بايان قىلىنغان. ئاپتور ئىلمىگە ئەستايىدىل پوزىتسىيە تۇتۇپ، مەلۇم ۋەقە توغرىسىدىكى بىر نەچچە تارىخىي ۋەقەلەرنى بىر – بىرلەپ بايان قىلغان. تارىخنىڭ چىنلىق بىلەن بايان قىلىنىشىغا ئەھمىيەت بەرگەن. ئەسەرنىڭ مەزمۇنى مول، تارىخىي ۋەقەلەر چىنلىق بىلەن بايان قىلىنغاچقا، تارىختا ئۆتكەن تارىخچىلار ئۇنىڭدىن نەقىل كەلتۈرۈشكەن. بۇ كىتابنى ئابدۇرۇسۇل بىننى مەۋلاننىڭ نەشرگە تەييارلىشىدا 1996-يىلى ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ كىتاب قىلغان. ھازىر بۇ كىتابنىڭ تاشباسما، پارس يېزىقىدىكى نۇسخىسى قەشقەر ۋىلايەت قەشقەر شەھەرلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

### 32. ماقالات

«ماقالەت»نى 19-ئەسىردە ياشىغان مەشھۇر ئالىم ۋە ئەدىبلىرىمىزدىن ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى يازغان.

زوھۇرىدىن ھېكمىبەگ سەبۇرى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىلمىي – ئىجادىي ئىشلار شۇغۇللىنىشقا دەۋەت قىلىپ، ناۋائىينىڭ «قۇشلار تىلى» ئەسىرىگە جاۋابەن نەسرىي ئۇسۇل بىلەن ئاممىباب تىلدا، خەلققە چۈشىنىشلىك بىر ئەسەر يېزىش توغرىلىق مەسلىھەت بەرگەن. شۇنىڭ بىلەن سەبۇرى «ماقالات» (ماقالىلەر) ناملىق ئەسىرىنى يېزىشقا كىرىشىدۇ.

ئاپتور 20 بابتىن ئىبارەت بۇ ئەدەبىي ئەسەردە تەسىرلىك ھېكايىلەرنى سۆزلەش ۋاستىسى ئارقىلىق كىشىلىك جەمئىيەتى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتى، ئىلىم – مەرىپەت، ئىنسانىي ئەخلاق – پەزىلەت قاتارلىق موھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆزىنىڭ كۆز قارىشى ۋە پىكىر – مۇلاھىزىلىرىنى بايان قىلىدۇ.

### 33. ئەمىر ناۋائىي

مەزكۇر ئەسەر 1830-يىللىرى قەشقەردە ئابدۇرېھىم نىزارى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن كىتاب بولۇپ، 1830-يىللاردىن باشلاپ قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ مەدرىسلىرىدە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن بولۇپ، 1957-يىلى قەشقەر مەدرىسلىرى تاقالغىچە بولغان ئارىلىقتا 200 يىل مەدرىس دەرسلىكى قىلىنغان ئەسەردۇر.

«ئەمىر باۋائىي» ناملىق بۇ كىتابنىڭ فورماتى 23×13cm، 90 بەت، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان، تاش باسما كىتاب.

### 34. تەجەللىي - مۇجەللىي

تەجەللى ( 1865 – 1929) قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ زوڭلاك يېزىسى ئايباغ كەنتىدە ماھىر

تۇپ ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن.

تەجەللىي «بەرقىي تەجەللىي – سەبەق مۇجەللىي». «دىۋان تەجەللىي» قاتارلىق كىتابلىرى ئەينى يىللاردا بۇلغارىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە نەشر قىلىنغان.تاشكەنتتە «باياز»لارغا (توپلاملارغا) كىرگۈزۈلۈپ، ئەينى يىللاردا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مىللىي مەكتەپلەردە دەرسلىك سۈپىتىدە ئوقۇلغان. «بەرق تەجەللى ۋە سەبەق مۇجەللى» ناملىق شېئىر توپلىمى 1969-يىلى قەشقەر شەھىرىدە تاش مەتبەدە بېسىلغان. «تەجەللىي – مۇجەللىي» ناملىق شېئىرلار توپلىمى ئابدۇلھېكىم مەخسۇم ھاجىنىڭ نەشرگە تەييارلىشى بىلەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

## 35. تەزكىرەئىي ئەزىزان (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى)

بۇ تەزكىرە خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، 18-، 19-ئەسىرلەر ئارىلىقىدا قەشقەردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر ئالىمى ۋە يازغۇچىسى مۇھەممەد سادىق كاشغەرى 1771-يىلى يازغان. «تەزكىرەئىي ئەزىزان» شۇ دەۋردىكى قەشقەر ھاكىمى مىرزا ئوسمان بەگنىڭ ئانىسى رەھىم ئاغىچىنىڭ ھاۋالىسىگە ئاساسەن يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور ئەسەردە مەختۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ شىنجاڭغا كېلىش تارىخى، ئاپاق خوجا دەۋرى، خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش كۆرەشلىرى تەپسىلىي بايان قىلىنغان.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى مۇھەممەد نىياز ئىبنى خوجا ئاقسۇنىڭ ئۇنسۇدا كۆچۈرگەن قولىيازما كىتاب. ھازىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ142-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ. 1988-يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلغان.

## 36. زۇبدەتۇل ماسائىل

مۇھەممەت سادىق قەشقىرى 1840-يىلى «زۇبدەتۇل مەسائىل» ئەسىرىنى يازغان. بۇ ئەسەردە شەرىئەت قائىدىلىرىنى مىللى ئادەت ۋە تەلەپلەر بىلەن جىپسلاشتۇرۇش تەشەببۇس قىلىنىپ، بۇنىڭ ئۈچۈن بىر قانچە ئەمەلى پاكىتلار بىلەن ھېكايىلەر سۆزلىنىدۇ. ئەسەرنىڭ مەزمۇنىدىن مەلۇمكى، ئۇيغۇرلار ئۆز دەۋرىنىڭ سىياسىيسىغا قارىتا پەرۋاسىز مۇناسىۋەتتە تۇرماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا تەسىر كۆرسىتىشكە تىرىشچان ھۆكۈمدارلار ئۈچۈن قوللانما سۈپىتىدە مۇشۇ ئەسەرنى يارىتىپ، ئۇلارغا مۇۋاپىق قائىدە – تۈزۈملەرنى بەلگىلەش ۋە ئىجرا قىلىش توغرىسىدا مەسلىھەت بەرگەن. تارىخى شارائىت نۇقتىئىينەزىرىدىن قارىغاندا بۇ يازغۇچىنىڭ ئىدىيىسىدىكى ئىلغارلىق تەرەپتۇر. چۈنكى ئۇنىڭ فېئوداللىق قائىدە – تۈزۈملەرنى پۈتۈنلەي يوقۇتۇشتىن ئىبارەت يېڭىسەكلىكىگە كۆتۈرۈلۈشى ئەينى شارائىتتا ئەسلى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

## 37. تەزكىرەئى بۇغراخان

«تەزكىرەئى بۇغراخان» ئەدىب موللا ھاجى تەرىپىدىن يېزىلغان قارا خانىيلارنىڭ خان جەمەتى

ۋە نەسەپنامىسگە ئائىت ئەسەر بولۇپ، بۇ كىتاپ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988-يىلى نەشر قىلىنغان

بۇ كىتاپتا قاراخانىلار پادىشاھى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئوغلى ھەسەن بۇغراخان، شىھت ئاسلانخان، يۈسۈپ قدىرخان قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمالى ۋە ئۇلارنىڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنىدۇ. شۇنداقلا تۆت ئىمام زەبھۇللانىڭ يۈسۈپ قادىرخان دەۋرىدە ئوتتۇرا ئاسىيادىن قەشقەرگە كېلىپ، خوتەندە ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن قىلغان جەڭ پائالىيەتلىرى بايان قىلىنغان.

## 38. تارىخى ئەمىر تۆمۈر

بۇ كىتاپ جاھانگىر ئەمىر تۆمۈر كوراگان (تۆمۈر لەڭ) (ھجىرىيە 737-، 808-يىللار ياشىغان)نىڭ ھايات پائالىيتى بايان قىلىنغان تەرجىمھال خاراكتىرلىك ئەسەر بولۇپ، ئاپتورى نامەلۇم.

كىتاپتا تۆمۈرلەڭنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى، ھايات –پائالىيتى بايان قىلىنغان بولۇپ، جاھانگىر ئەمىر تۆمۈر كوراگاننىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى يىللىرى چىن ئېلىگە قارشى يۈرۈش قىلىپ، (808-يىللار ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر) ۋاپات بولغانغا قەدەر بولغان تارىخى ۋەقەلەر ئەتراپلىق يورۇتۇپ بېرىلگەن.

بۇ كىتاپ ھىجىرىيە 1256-يىلى 504بەتلىك كىتاپ بولۇپ بېسىلغان.

## 39. تارىخى ۋەتەن ۋاقىئاتى خوتەن

«تارىخى ۋەتەن ۋاقىئاتى خوتەن» خوتەنلىك مۇھەممەد ئابدۇللا ھاجىنىڭ ھىجرىيە 1368-يىلى كۆچۈرۈلگەن قولىيازما كىتابى بولۇپ، ئەسەردە تۈرك خانلىقلىرىنىڭ ۋە تۈرك قەبىلىلىرىنىڭ تارىخى، خوتەننىڭ پەيدا بولىشى، ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى خوتەننىڭ تارىخىنى شېئىرىي ئۇسۇلدا بايان قىلغان ئەسەر بولۇپ، ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا ئەينى دەۋردىكى ئالتە شەھەر خەلقىنىڭ چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىغا قارشى ئېلىپ بارغان قوزغىلاڭلىرىنىڭ تارىخى ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن يورۇتۇپ بېرىلگەن.

## 40. يۈسۈپ – زۇلەيخا

«يۈسۈپ – زۇلەيخا» ئېپىك داستان بولۇپ، ھىجىرىيە 1222-يىلى موللا يۇنۇس يەركەندى يەركەندە قولدا كۆچۈرۈپ، يېزىپ چىققان قولىيازما – ئابدۇراخمان جامىنىڭ پارس تىلىدا يېزىلغان «يۈسۈپ- زۇلەيخا» ناملىق داستانىغا تەقلىت قىلىپ يېزىپ چىققان كىتاپ بولۇپ، ئەسەردە ئابدۇراخمان جامىنىڭ ئەسىرىدىن مۇستەقىل ھالدا سيۇژىت ۋەقەلىكى، ئىشلەتكەن تىل ۋە بەدىئىي خۇسۇسىيەت جەھەتتىن پەرقلىنىدۇ.

كىتاپنىڭ ئىچكى سيۇژىتى 72 ماۋزۇدىن تەركىپ تاپقان بولۇپ، بۇ سيۇژىت ۋەقەلىكىنىڭ، كىتاپنىڭ يېزىلىش سەۋەبى، مۇھەببەت، ئىلىم – پەن، تىل ھەققىدە راۋاجلىنىدۇ. قالغان ماۋزۇلاردا سيۇژىت ۋەقەلىكى يۈسۈپ – زۇلەيخانىڭ قىسسىسى بايان قىلىنىش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. كىتاپ

384بەت، 9048مىسرادىن تەركىپ بولۇپ، 32فورماتلىق بېسىلغان.

## 41. نورۇزنامە

بۇ ئەسەرنى مەۋلانە سەدىردىن قارىقاشى ھىجرىيە 1354-يىلى يازغان بولۇپ، تۈركىي ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ نورۇز بايرىمىغا بېغىشلاپ يېزىلغان شېئىرىي ئەسەردۇر.

ئەسەردە ئەمگەكچى خەلقنى مەدھىيىلەش، نەۋرۇز بايرىمىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇش بىلەن بىرگە، جەمئىيەتتىكى تۈرلۈك ناچار ئىش – ھەركەتلەر ئۆتكۈر ھەجۋىي تىل بىلەن پاش قىلىنغان.، نورۇز بايرىمىنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىگە ئاپىرىن ئوقۇش بىلەن بىرگە، دېھقانلارنىڭ ھالال ئەمگەىكىگە مەدھىيە ئوقۇغان.

ئەسەرنىڭ فورماتى 22×15cm، 126 بەت بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن كۆچۈرۈلگەن قولىيازما. ئەسەرنىڭ ئاخىرىدا يەنە كۈن، ئاي، پەسىل، يەر تەۋرەش قاتارلىقلار ھەققىدە ئومۇمىي ساۋات بېرىش بىلەن بىرگە، يەنە پالچىلىققا ئائىت مەزمۇنلارئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

## 42. يۇلتۇزلار جەدۋىلى

بۇ مەشھۇر ئاسترونوم ئۇلۇغبەگ يازغان كىتاب بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇن ئۆتكەن بىرونىي، فازىزادە روھىي ۋە غىياسىدىن جەمشىد قاتارلىق ئالىم، ئاسترونوملارنى ئۇستاز تۇتۇپ، نۇرغۇن يىللار تىرىشىش ئارقىلىق ئاخىرى 1018 ھەركەتسىز يۇلتۇزنىڭ ھالىتىنى كۆرسىتىدىغان يۇلتۇزلار جەدۋىلىنى تۈزۈپ چىققان. ئۇنىڭ بۇ كەشپىياتى 15-ئەسىردىلا ئەمەس، بەلكى 17-ئەسىردىمۇ ئۆز قىممىتىنى يوقاتماي كەلگەن. شۇڭا، ئۇنىڭ يۇلتۇزلار جەدۋىلى 15 يىل ئىچىدە لوندوندا ئۈچ قېتىم (1650 – 1652-يىللىرى) نەشر قىلىنغان. بۇ جەدۋەل يەنە 19-ئەسىردە لوندون ئاسترونومىيە كارۋل جەمئىيىتى تەرىپىدىن قايتا نەشر قىلىنغان. مانا بۇنىڭدىن بۇ جەدۋەلنىڭ قىممىتىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

ئۇلۇغبەگ شۇ چاغدىكى بىر يىلنى 365 كۈن 6 سائەت 10 مىنۇت سەككىز سىكونتقا تەڭ دەپ ھۆكۈم قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ھۆكۈمى شۇ دەۋرگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ناھايىتى زور كەشپىيات ھېسابلىناتتى. ئۇلۇغبەگ سالدۇرغان رەسەتخانا ۋە ئۇنىڭدىكى ئەسۋابلار ناھايىتى چوڭ بولۇپ، شۇ چاغدا دۇنيادا ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك ھېچقانداق كۆزىتىش ئەسۋابلىرى بولمىغان. بۇ ئەسۋابلارنىڭ تېلىسكوپ كەشپ قىلىنىشتىن بۇرۇنقى ئوينىغان رولى ئىنتايىن چوڭ بولغان. ئۇلۇغبەگ مانا بۇ رەسەتخانىدا يۇلتۇزلار ھەركىتىنى كۆزەتكەن ۋە ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قازانغان ئىدى.

## 43. ئەلجەبىر ۋە مۇققالات، ھېساب ئىلمى، يېڭى ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل

بۇ خارازىمىنىڭ ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغانلىرى «قىسقارتىلغان سىندى ھىندى»، «ئەلجەبىر ۋە مۇققالات»، «ھېساب ئىلمى»، «يېڭى ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل»، «قۇياش سائىتى ھەققىدە رىسالە»، «يەر تەسۋىرى»، «يەھۇدىيلار تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ بايراملىرىنى تەبرىكلەش» قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ ئەسەر ئەسلى تىلىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەمەس، بەلكى ياۋروپا تىللىرىغا قىلىنغان تەرجىملىرى ئارقىلىق بىزگە مەلۇم بولغان.

خارازىمىنىڭ ئىلىم ــ پەن ساھەسىدە قولغا كەلتۈرگەن ئۇتۇقلىرى ئىچىدە ئەڭ گەۋدىلىك بولغىنى ماتېماتىكا ئىلمى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ ياشلىق ۋاقىتلىرىدىن باشلا ماتېماتىكىغا ئىشتىياق باغلىغان بولۇپ، شۇ دەۋرىدە يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقتە دەستۇر سۈپىتىدە قوللىنىۋاتقان ھىندىلارنىڭ «سىندى ھىندى» ناملىق ئەسىرىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، ئۇنىڭدا بەزى مۇجىمەللىك ۋە ئىلمىي خاتالىق بارلىقىنى ھېس قىلغان. شۇنىڭ بىلەن، بىر تەرەپتىن، ئەسەرنىڭ ئىلمىي مۇۋەپپىقىيەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆزى ئېلىپ بارغان ئىلمىي تەجرىبىلەرگە ئاساسەن، ئەسەرنى يېڭى باشتىن ئىشلەپ «قىسقارتىلغان سىندى ھىندى» دېگەن نام بىلەن ئېلان قىلغان. بۇ ئەسەر شەرق ئەللىرى ۋە ياۋروپادا بىر قانچە ئەسىر داۋامىدا ماتېماتىكا ۋە ئاسترونومىيە ساھەسىدىكى ئالىملارنىڭ ئاساسلىق قوللانمىسى بولۇپ قالغان.

خارازىمىنىڭ ماتېماتىكىدىكى يەنە بىر موھىم ئەسىرى «ئەلجەبىر ۋە مۇققىلات» پەقەت شەرق دۇنياسىدىكى ماتېماتىكا ئاساسلىق قوللانمىسى بولۇپلا قالماي، بەلكى 1140-يىلى رۇبىرت تەرىپىدىن لاتىنچىغا، باشقا ياۋروپا تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنىپ، ياۋروپا ئەللىرىنىڭمۇ پەن ــ مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ ئەسەرنىڭ تاكى 16-ئەسىرگە قەدەر ياۋروپادىكى ھەر قايسى ئالىي مەكتەپلەرنىڭ ئاساسلىق دەرسلىكى سۈپىتىدە قوللىنىلغانلىقى بۇنىڭ جانلىق ئىسپاتى.

«ھېساب ئىلمى» خارازىمىنىڭ ماتېتىكا ساھەسىدىكى يەنە بىر موھىم ئەسىرى بولۇپ، ئەسەرنىڭ لاتىنچە تەرجىمىسى ياۋروپا ئەللىرىنىڭ ماتېماتىكا ساھەسىگە ناھايىتى چوڭ تەسىر كۆرسەتكەن. شۇنىڭ بىلەن خارازىمىنىڭ لاتىنچىلاشتۇرۇلغان ئىسمى «ئالگارتمۇس» ماتېماتىكا ئىلمىدىكى بىر خىل يېڭى ھېسابلاش ئۇسۇلىنى ئىپادىلىگۈچى مەخسۇس ئاتالغۇغا ئايلانغان.

خارازىم ئۇزاق يىللىق كۆزىتىش ۋە تەتقىقاتلار ئاساسىدا «يېڭى ئاسترونومىيىلىك جەدۋەل»، «قۇياش سائىتى ھەققىدە رىسالە» قاتارلىق ئاسترونومىيىگە ئائىت ئەسەرلەرنى يازغان.

خارازىم جۇغراپىيە ساھەسىدىمۇ ئىزدەنگەن، تەتقىقات ئېلىپ بارغان.ئۇ مىلادى 2-ئەسىردە ئۆتكەن مەشھۇر يۇنان ئالىمى بىتولمىنىڭ «جۇغراپىيە» ناملىق ئەسىرىنى نوقتىلىق تەتقىق قىلىش ۋە قايتا ئىشلەش ئاساسىدا «يەر تەسۋىرى» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان. بۇ، يېقىن ۋە ئوتتۇرا شەرقنىڭ قەدىمقى جۇغراپىيىلىك ئورنى، ئىقلىمى، يەر تۈزۈلىشى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىكى قىممەتلىك ماتېرىيالدۇر.

«يەھۇدىيلار تارىخى ۋە ئۇلارنىڭ بايراملىرىنى تەبرىكلەش» ناملىق ئەسەر يەھۇدىيلارنىڭ قەدىمقى تارىخى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى ھەققىدە ئەتراپلىق مەلۇمات بەرگەنلىكى بىلەن ئۆز زامانىسىدىكى تارىخقا دائىر ئەسەرلەر ئىچىدە يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر پەرزەنتى، ئوتتۇرا ئەسىر دۇنياۋىي پەن ــ مەدەنىيەت

تارىخىدىكى پەخىرلىك نامايەندە، ئىنىسكلوپېدىك ئەقىل ئىگىسى مۇھەممەد ئىبنى مۇسا خارازىم ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مىڭ يىللار داۋامىدا تەرەققىي قىلىپ كەلگەن پارلاق مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ھەقىقىي ۋارىسلىق قىلغان.

## 44. شەجەرەئىي تەرەكىما (تۈركمەنلەر شەجەرىسى)

«شەجەرەئىي تەرەكىما» (تۈركمەنلەر شەجەرىسى)نى ئوبۇلغازى باھادىرخان يازغان. ئوبۇلغازى باھادىرخان ھاياتىدا ئىككى موھىم تارىخىي ئەسەر يازغان. ئۇنىڭ بىرى «شەجەرەئىي تەرەكىما» (تۈركمەنلەر شەجەرىسى) ناملىق ئەسەر بولۇپ، 1659-يىلى تاماملىغان. بۇ ئەسەر ئۆزىنىڭ تەرجىمھالىغا ئائىت بايانلىرى ۋە بەزى تارىخچىلارنىڭ پىكىرىگە ئاساسلانغاندا، ئىران تارىخ ئالىمى رەشىددىن ( 1247 – 1318-يىللار)نىڭ «جامىئوت – تەۋارىخ» ۋە باشقا ئەسەرلىرىدىن ئېلىپ يېزىلغان. بۇلۇپمۇ تۈركمەنلەر ئارىسىدا تۇرغان يىللىرى توپلىغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى «ئوغۇزنامە» رىۋايەتلىرىنىڭ 20دىن ئارتۇق ۋارىيانتلىرىنى بىر – بىرىگە سېلىشتۇرۇپ توغرىسىنى تېپىپ، رەشىددىن كىتابىدىكى «تارىخ ئوغۇزخان» قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن «ئوغۇز داستانى»غا بىرمۇنچە ئىزاھلارنى قوشۇپ تولۇقلىغان. 1663-يىلى يېزىلىشقا باشلىغان بولسىمۇ، كېسەللىك ۋە ئۆمرى يار بەرمەي تاماملانمىغان. لېكىن، ھايات ۋاقتىدىكى ۋەسىيىتىگە ئاساسەن، ئوغلى ۋە تەخت ۋارىسى ئانۇشخان تەرىپىدىن داۋاملاشتۇرۇلۇپ 1666-يىلى تاماملانغان.

«شەجەرەئىي تۈرك» كىتابى رۇس، نېمىس، ئىنگلىز، فرانسۇز تىللىرىغا تەرجىمە قىلىنغان. بىرىنچى مەرتىۋە فىرانسىيىدە 1726-يىلى فىرانسۇزچە تەرجىسى، 1824-يىلى تاتارىستان – قازان شەھرىدە تاتارچەتەرجىمىسى، 1864-يىلى ئىستانبولدا ئوسمانلى تۈركچە تەرجىملىرى نەشر قىلىنغان.

«شەجەرەئىي تەرەكىما» (تۈركمەنلەر شەجەرەسى)نىڭ ئەسلى نۇسقىسى 1937-يىلى تۈركىيىدە دوختۇر رىزانۇر، 1958-يىلى موسكۋادا ئا . ن. كوتونوۋ تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. شىنجاڭدا «شەجەرەئىي تەراكىمە» ۋە «شەجەرەئىي تۈرك»نىڭ 1910-يىللىرى قازاندا قايتا نەشر قىلىنغان نۇسقىلىرى بار.

## 45. تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا، پەندىنامە

«تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»، «پەندىنامە»نى فەرىددىن ئەتتار ( 1145 – 1229) يازغان. ئۇنىڭدىن زور ئەدەبىي مىراسلار قالغان. دەۋلەت شاھ سەمەرقەندى «تەزكىرەتۇششۇئەرا» ناملىق ئەسىرىدە ئەتتارنىڭ شېئىرلىرىنى 250مىڭ بېيىتقا يېقىن دەپ كۆرسىتىدۇ. ئۇ «ئىلاھىنامە»، «ئەسرارنامە»، «مۇسىبەتنامە»، «ھەيدەرنامە»، «مۇختەرنامە»، «خۇسرەۋنامە»، «شەرھۇل قەلب»، «مەنتىقۇتتەير»، «بۇلبۇلنامە»، خۇشتۇرنامە» قاتارلىق داستانلاردىن باشقا، شەيخلەرنىڭ ھاياتىغا دائىر رىۋايەتلەرنى جەم قىلىپ يازغان «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا» نامىلىق ئەسىرى ۋە غەزەل – قەسىدىلەردىن تۈزۈلگەن چوڭ ھەجىملىك دىۋاننى مىراس قالدۇرغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرى، بولۇپمۇ «مەنتىقۇتتەيىر»، «ئىلاھىينامە»، «پەندىنامە»لىرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ناھايىتى كەڭ تارقالغان ھەم قايتا – قايتا چاپ قىلىنىپ مەدرىسلەردە ئۆگىنىلگەن. شائىرلارنىڭ ئۇنىڭ ئەسەرلىرىنى تۈركىي تىللارغا تەرجىمە قىلىشىپ، نەزىرە يېزىشىپ، بۇ ئەسەرلەرنىڭ تېخىمۇ كەڭ تارقىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىغان. 18-ئەسىردە خوتەندە ئۆتكەن ئۇيغۇر شائىرى ئىبراھىم ئىبنى يۇسۇپ خوتەنى ئەنە شۇلارنىڭ بىرى ئىدى.

فەرىدىدىن ئەتتارنىڭ «فەندىنامە»، «تەزكىرەتۇل ئەۋلىيا»»، «مۇسىبەتنامە» ناملىق كىتابى ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىقى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

## 46. تارىخىي ئەمنىيە

«تارىخىي ئەمنىيە» موللا مۇسا سايرامى (1850 – 1915)نىڭ داڭلىق ئەسىرى بولۇپ، موگغۇل چىڭگىز ئىستىلاسىدىن كېيىن، ئوتتۇرا ئاسىياغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغاتاينىڭ شىنجاڭ رايۇنىدا ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ئەۋلادلىرىدىن تۇغلۇق تۆمۈر ۋە ئۇنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت ۋە ئوبلاستلاردىكى ھۆكۈمرانلىق تارىخى، يەكەننى مەركەز قىلغان سەئىدىيە خانلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىن كەلگەن خوجىلارنىڭ ۋەزىيەتتىن پايدىلىنىپ، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش، كېيىنكى دەۋرلەردىكى خەلق قوزغىلاڭلىرى، چوڭ – كىچىك خوجىلارنىڭ ھاكىمىيەت تالىشىش كۆرەشلىرى ۋە تەجرىبە – ساۋاقلار تارىخى پاكىت ئارقىلىق ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بۇ ئەسەر 1989-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان.

## 47. تارىخى ھەمىدى

«تارىخى ھەمىدى» موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ئەمنىيە»دىكى مەزمۇنلارنى تېخىمۇ تولۇقلاش مەقسىتىدە مىلادىيە 1908-يىلى يازغان ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە شىنجاڭنىڭ كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىرلىك تارىخى (19-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرىغىچە) مۇكەممەل بايان قىلىنغان.

ئەسەردە 1860-يىلى يۈز بەرگەن چىڭ سۇلالىسىگە قارشى خەلق قوزغىلاڭلىرى غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، تارقاق ھالدا قۇرۇلغان يەرلىك ھاكىمىيەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ئەھۋالى، ياقۇپ بەگنىڭ قوقاندىن كېلىپ «ھاكىمىيەتلەرنى مەركەزلەشتۈرۈش» نىقابى ئاستىدا ئېلىپ بارغان قانلىق قىرغىنچىلىق ھەركەتلىرى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ بەدەۋلەت ھاكىمىيىتىگە قارىتا تۇتقان پوزىتسىيىسى ۋە ياقۇپ بەگنىڭ ئاخىرقى ھالاكىتى قاتارلىق تارىخىي مەسىلىلەر تەپسىلىي مەلۇمات بېرىدۇ.

بۇ ئەسەرنى 1986-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلغان.

## 48. لاداخ يولىدا كارۋان

«لاداخ يولىدا كارۋان»نى شائىر ئەھمەد زىيائى (1913-1989) يازغان.

«لاداخ يولىدا كارۋان» ــ ساياھەت خاتىرىسى بولۇپ، ئۇنىڭدا يازغۇچىنىڭ لاداخ سەپىرىدە بېشىدىن كەچۈرگەنلىرى، كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرى، جۇغراپىيىلىك مەلۇماتلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بۇ ئەسەر 1940-يىللاردىكى ئۇيغۇر نەسرى ئەدەبىياتىنىڭ ياخشى نەمۇنىلىرىدىن بىرى.

## 49. كاسىپلار رىسالىسى

بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەنئەنىۋى ھۈنەر كەسپلىرىنىڭ، ھۈنەر ئىشى تەرتىۋى، كەسپى ئەخلاقى ھەققىدىكى كىتاب بولۇپ، ئاساسلىقى ناۋايلار، بوياقچىلىق قاتارلىق بىر قانچە كەسپنىڭ رىسالىسىدۇر ھەمدە ئۇيغۇر كاسىپلىرىنىڭ ئەڭ ئۇستىسىنى، ئۆز ھۈنىرىنىڭ پىرى دەپ ئىشەنچ قىلىدىغان بولغاچقا، شۇ ساھەدىكى شەخسنى ياكى پەيغەمبەر ياكى ئەۋلىيانى پىر تۇتۇپ، بۇ رىسالە كاسىپلىرىنىڭ ۋە ھۈنەرۋەنلەرنىڭ ئۆز ئۇستازلىرىنىڭ شەنىگە يازغان رىۋايەتلەردۇر.

مەسىلەن، «ياغاچچىلارنىڭ پىرى نوھ ئەلەيھىسسالام» بولغان، «كاسىپلار رىسالىسى» ناملىق كىتابنىڭ فورماتى 12×22 سانتىمىتىر، 174بەت، نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلگەن قوليازما.

## 50. ئۇن ئۈچ كىتاب

بۇ «ئۇن ئۈچ دەرسلىك»مۇ دېيىلىدۇ. بۇ ئۇيغۇر مەدرىس مەكتەپلىرىدە قوللۇنىلىدىغان ئۇن ئۈچ خىل دەرسلىكنى كۆزدە تۇتىدۇ. ئۇ «تۇتاش بەش كىتاب»، «ئىستىلىستىكا»، «مەتنۇل ۋىقايە»، «تەپسىر جەلالەيىن»، «قازى بەيۋازى»، «ئىلمى تەۋھىد»، «خۇتبە»، «گۈلىستان»، «مىرساد»، «ھۈسەيىن»نى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئالدىنقى سەككىز كىتاب ئەرەبچە، كېيىنكىلىرى پارىسچە بولۇپ، مەزمۇنى ئەرەب تىلى گامماتىكىسى، ئىستىلىستىكا، ئىلمى فىقھە، پەلسەپە، ئەدەبىيات ئىلمى، تەپسىر قاتارلىقلارغا چېتىلىدۇ.

بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇرئاپتونوم رايۇنلۇق قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ۋە ھەردەرىجىلىك قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتىدۇ.

## 51 زەلىلى غەزەللىرى

زەلىلى 80 يىللىق ھاياتىدا نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، بىزگە قولىيازما ھالەتتە يېتىپ كەلگەنلىرى 133 غەزەل، 19 مۇخەممەس، بەش مۇستەھزات، 16 رۇبائىي ۋە پارس تىلىدا يازغان 46 غەزىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىر نەچچە نۇسقا شېئىرلار دىۋانى، 1720-يىلى 46 يېشىدا يازغان 1400 بېيتلىق «سەپەرنامە» داستانى، 1736-يىلى 62 يېشىدا يازغان 262 بېيتلىق «تەزكىرە چىلتەن» رىۋايىتى، 1744-يىلى 70 يېشىدا يازغان 770 بېيتلىق «تەزكىرە خوجا مۇھەممەد شېرىف» ناملىق تارىخى داستانى قاتارىقلاردىن ئىبارەت.

زەلىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى تەسەۋۋۇپ (سوپىلىق) ئەۋج ئېلىۋاتقان زاماندا ياشىدى. شۇڭا بۇ دەۋردە ئۆتكەن ئالىم ۋە ئەدىبلەر دىنىي تەسەۋۋۇپنىڭ تەسىرىدىن خالىي ئەمەس ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com

خەلقپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئەدىبىسى بىلەن دىنىي يول ئارقىلىق نىجادلىق ئىزدەش كۆز قارىشىنىڭ مۇرەسسەلەشكەنلىكى زەلىلىنىڭ دەسلەپكى ئەسەرلىرىدە رۇشەن سىزىلىپ تۇرىدۇ.

## 52. ئەھمەد يەسەۋىي ھىكمەتلىرى

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 76 بەت، 12-ئەسىرنىڭ بېشىدا خوجا ئەھمەد يەسىۋى يەتتەسۇ ۋىلايىتى رايونىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەت تەئلىق نوسخىسىدا يازغان.

سوپىمىزنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرى ھەققىدە يېزىلغان پەلسەپىۋى خاراكتېردىكى ئەدەبى ئەسەر.

سوپىمىزنىڭ پەلسەپىۋى كۆز قاراشلارنى ئەدەبى يول شېئىرى شەكىل ئارقىلىق، تەركى دۇنيالىق، مۇرەسسەچىلىك، ئىسلام ئەقىدىلىرى، ئالالاھقا ئىخلاسمەن بولۇش، تەرىقەت يولى، سوپىمىزىملىق يولى ئىكەنلىكى، ھەقىقى سوپى دانا بولۇش ئۈچۈن تۆت باشقۇچلۇق ھېكمەت پەلسەپىسىدىن خەۋەردار بولۇش، يەنى ئىسلام قائىدە ـنىزامى بولغان شەرىئەتنى بىلىش، سوپىزىم پىكرىنىڭ ئاساسى بولغان تەرىقەتنى بىلىش، ئىشقى ئىلاھىيە بولغان مەرىپەتنى بىلىش كېرەكلىكى، ئىنسان ئۈچۈن ھەقىقەت يولى پەقەت سوپىزىملىق شەرتلىرىنى ئادا قىلىپ، ئىشقى ئىلاھىيە ئىچىدە تەگرى بىلەن بىرلىشىپ، زالىم - زوراۋان، پارىخور ئەمەلدارلار، مال - دۇنيا غېمىدە قالغان، ئاقنى قارىغا ئايلاندۇرىدىغان قارا نىيەت، دىن ئەھللىرىنى پاش قىلىش قاتارلىقلار بايان قىلىنغان.

بۇ كىتاب 12-ئەسىر تۈركى ئەدەبى تىلىنىڭ لىكسىكىسىنى تەتقىق قىلىشتا رۇشەن قىممەتكە ئىگە. بۇ 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن كۆچۈرگەن قولىازما، يىپلىق تۈپلەنگەن فورماتى14·5×26 سانتىمىتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 10 ×19 سانتىمىتىر، ھەر بىر بەتتە 15قۇر خەت بار. ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ110-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 53. شەرھى مەسنەۋى شەرف (مەسنەۋى شەرفنىڭ شەرھىسى)

تومغا بۆلۈنگەن، 2 قىسىم، 574بەت. 13-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا جالالىدىن رۇمى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يازغان.

سوپىمىزنىڭ روھىيەتچىل، تەركىدۇنيالىق، ئىخلاسمەن بولۇش قارىشى ھەققىدە يېزىلغان پەلسەپىۋى خاراكتېرلىك ئەسەر.

كىشىلەرنى ئالالاھقا ئىخلاسمەن، تەركىيدۇنيا ۋە تەرىقەت يولىنى تۇتۇش، دۇنياغا ھېرسمەن بولماسلىق، تەقۋادار، سادىق، رەھمدىل بولۇشقا ئۈندەش مەقسىتىدە يېزىلغان.

ئۇنىڭدا ئالەم، ھايات، ئىنسان تەبىئىتى ھەققىدىكى تەرىقەت پەلسەپىسىگە ئائىت قاراشلار، يەنى ئىنسان ئۈچۈن ھاياتلىق، ئۆلۈم ھەققىدە ئويلىنىش، دۇنياغا بېرىلمەسلىك، ئاخىرەت ئۈچۈن ھەر دائىم تەييار تۇرۇش، زالىم، زوراۋان، پارىخور ئەمەلدارلار مال - دۇنيا غېمىدە بولغان، ئاقنى قارىغا ئايلاندۇرغان قارا كۆڭۈل كىشىلەردىن دائىم ھەزەر ئەيلەش، ئاقكۆڭۈل، ھۆنەرۋەن، خارلانغان ئەمگەكچىلەرگە ھېسداشلىق قىلىش، قانائەت، خەيرى-ئېھسان، كەمتەرلىك، تەۋەككۇلچىلىك

قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك خىسلەتلەر روھانىيەت پەلسەپىسى نوقتىسىدىن بايان قىلىنغان.

بۇ كىتاب «مەسنەۋى شىرىپ»نىڭ ئومۇمى روھىنى تەتقىق قىلىشتا، ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەدەبى تىلى، جۈملىدىن يەتتەسۇ رايونىدا، بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدىكى تۈركىي تىلى، يەنى ئۇيغۇر ئەدەبى تىلىنى تەتقىق قىلىشتا قىممىتى بار. مىلادىيە 1862-، 1863-يىلى قازاندا بىسلغان مىخ مەتبە، كىپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 26×13.5 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 21×11.5سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 31قۇر خەت بار، ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ109-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 54. مىشكاتۇل مەسابىھ (چىراغلار تەكچىسى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 628 بەت، 14-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇھەممەد ئىبى ئابدۇللا تەبرىزى خەت رەيھان نۇسخىسىدا ئەرەپ تىلى ۋە يېزىقى بىلەن يازغان.

ئىسلام دىنىنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلايھىسسالامنىڭ سۆز ۋە ھەركەتلىرى بايان قىلىنغان ھەدىس كىتاب. ھەدىسلەرنى شەرھلەش يولى بىلەن ئىسلام ئەخلاقىنى ئەمەلىي تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان.

ئۇنىڭدا مۇھەممەد ئەلايھىسسالامنىڭ ئىمان، ئىماننىڭ شەرتلىرى، بىلىم، تاھارەتنىڭ پەرز-سۈننەتلىرى، تاھارەتنى بۇزىدىغان ئىشلار، نامازنىڭ پەرز، سۈننەتلىرى، نامازنى بۇزىدىغان ئىشلار، زاكات، زاكاتنىڭ شەرتلىرى، زاكات بىرىشنىڭ ئۆلچىمى، روزا، ھەج، سودا، مىراس، ۋەسىيەت، قاچا-قۇچىلارنى پاكىز ساقلاش، نىكاھ، قىساس، تۆلەم، شاپائەت، ئەخلاق، سالام-سەھەت، ۋە قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش، يەنە ساھابىلارنىڭ پەزىلەتلىرى، پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزىلىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلارمۇ بايان قىلىنغان.

كىتابتا يەنە نەقىل كەلتۈرگەن ساھابىلارنىڭ ئىسمى ئالفاۋىت تەرتىۋى بويىچە بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ تەرجىمھالىمۇ قىسقىچە بايان قىلىنغان.

بۇ كىتاب ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1336-، 1337-يىلى كۆچۈرۈلگەن قولىيازما، كىپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن، فۇرماتى 26×34 سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 27قۇر خەت بار، ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرى خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش ئىشخانىسىدا XGA081-نومۇرلۇق تىزىم نومۇر بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ.

## 55. ئەمىر ناۋائى (ناۋائى شېئىرلىرى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 160بەت، 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرى نىزامىدىن ئەلىشىر ناۋائى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان.

چىن مۇھەببەت، ۋاپادارلىق، ئادالەت مەدھىيلىنىپ، بىۋاپالىق، ساختىلىق، زۇلۇمدارلارغا نەپرەتلىنىش ھەققىدىكى شئېرىلار توپلىمى.

www.uyghurkitap.com

كىشلەرنى ھەقىقى ئىنسانىي مۇھەببەت، ۋاپا ـ ساداقەت، كىشلەرگە ياخشىلىق قىلىش روھىدا تەربىيىلەش مەقسىتىدە يېزىلغان.

بۇنىڭدا ئىشقى- مۇھەببەت، مۇھەببەت سادىقلىقى، ۋاپا، ئادالەت، كىشلەرگە ياخشىلىق قىلىش، ھىجران جاپاسىدىن شىكايەت قىلىش، زامان زۇلمىغا نارازىلىق بىلدۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

كىتابتا يەنە زالىملار، رىياكار- ئالدامچى سوپى ـ ئىشانلار پاش قىلىنغان. ئەلىشىر نەۋائىنىڭ بىر قىسىم تاللانغان شېئىرلىرىنى تەتقىق قىلىشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1900-يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان تاشباسما. يېپىلىق تۈپلەنگەن، فورماتى 12×20 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 10×18 سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 16 قۇر خەت بار، ھازىر بۇ كىتاب قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ085-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 56. بابۇرنامە

«بابۇر نامە» بۇ زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر (1483-، 1530)نىڭ ھاياتىي كەچۈرمىشلىرى، ئۆزى قاتناشقان ياكى ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان ۋەقە-ھادىسلەرنى سالنامە شەكلىدە يېزىپ چىققان داڭلىق ئەسەر بولۇپ، ئۇ 15-، 16-ئەسىرلەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە. بۇ كىتابنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى 1991-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان قامۇس خاراكتېرلىك ئەسەر.

## 57. نەفەھاتىل ئۈنس (ھەممە پەسىللەر)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 754 بەت، 15-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئابدۇراخمان جامى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلە خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان بولۇپ، پۈتكۈل شەرق ۋە ئەرەب دۇنياسىدا ياشاپ ئۆتكەن، ئالىم ۋە شائىرلارنىڭ تەرجىمھالى ھەققىدە يېزىلغان تەرجىمھال خاراكتېرلىك ئەسەر.

ئالىم ۋە شائىرلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي پائالىيەتلىرىنى يورۇتۇپ كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان، ئۇنىڭدا ئەبۇ ھاشىم، زۇننۇن مىسرى، ئەبۇ ياقۇپ ھاشىمى، ئىبراھىم ئەدھەم، ئىبراھىم ئىبنى شەمسىدىن، داۋات بەلىي، شاھۇشۇ جائكىرمانى، سەئىدىن مەجنۇن، ئابدۇللا سەنجەرى، ئۆمەر دەمەشقى، مەنسۇر ھەللاجى، جالالىدىن سىيۇتى، ئەبۇ ئابدۇللا بۇرقى، ھەبەشى، ھاپىز شىرازى، كەمەندى، ئاسترابادى، تاقى، سەنجەرى، پەرىدىدىن ئەتتار، شەيخ سەئىدى، ئىفاھاتى، كامال خۇجەندىن، نىشاپورى، بىنائى، نىزامى، سانايى، خۇسراۋ دەھلۋى جامى نىشاپور، غېربى، سەئىددىن قەشقىرى، باغدادى قاتارلىق 640 تىن ئارتۇق مۇتەسەۋۋۇپ مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، ۋاپاتى، نەسەبى، يۇرتى، خاراكتېر جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى، پەزىلەتلىرى، دىنىي ۋە ئەدەبىي جەھەتتىكى تۆھپىلىرى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان، بۇ كىتاب ئەرەب ۋە شەرق دۇنياسىدا ياشاپ ئۆتكەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ھاياتى، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىرىنى تەتقىق قىلىشتا

موھىم قىممەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1475-يىلى سەئىد ئەھمەد تەرپىدىن قەشقەردە سامان قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن قوليازما، كېيىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 17 × 28.5سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 15×23.3سانتىمېتىر. ھەر بىر بەتتە 19قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاب شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايەت قەشقەر شەھەرلىك كۈتۈپخانىدا XGQ160-تىزىم نومۇرى بىلەن ساقلانماقتا.

## 58. دەستۇرۇل ئىلاج (كېسەللەرگە ئىلاج)

بۇ تىبابەتكە ئائىت كىتاب بولۇپ، تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 643بەت. 16-ئەسىردە سۇلتان ئەلى خوراسان چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن، خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان قوليازما.

ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تىبابىتىدە تۈرلۈك ئىچكى ۋە تاشقى كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاش چارىلىرى ھەققىدە يېزىلغان تىببى ئەسەر. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى خوراسان شاھزادىلىرىدىن ئەبۇلمەنسۇر ۋە ئەبۇل مۇزەپپەرلەرنىڭ دەۋەت قىلىشى بىلەن ئوردا ئۈچۈن مەخسۇس تىبابەت دەستۇرى تەييارلاش مەقسىتىدە يېزىلغان. كىتابتا ئادەم بەدىنىدە يۈز بېرىدىغان ھەر خىل ئىچكى ۋە تاشقى كسەللىكلەرنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرى، ئۇنىڭ ئالامەتلىرى، كېسەللەرگە بېرىلىدىغان دورىلارنىڭ رېتسىپ، ئۇلارنىڭ ماتېرىيالى، مىقدارى، بۇ دورىلارنىڭ مەنپەئەت قىلىش دائىرىسى، كېسەللەرنى داۋالاشتىكى تۈرلۈك ئۇسۇل، چارىلار ۋە ئۇنىڭ قەدەم باسقۇچلىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. ئەنئەنىۋى تىبابەتنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

بۇ كىتاب مىلادىيە 1769-يىلى سامان قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن قوليازما، يېپىلىق تۈپلەنگەن. فورماتى 15.5 ×29.5سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 12.5×24سانتىمېتىر. ھەر بىر بەتتە 21قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاب ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايىتى يېڭىسار ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەت 4-مەھەللىدىكى ئابلەي مەخسۇم ئۆيىدە XGQ186-نومۇرلۇق تىزىم نومۇرى بىلەن ساقلانماقتا.

## 59. فەۋائىدى ۋافىيە بىھەللى مۇشكىلاتى كافىيە (كافىيە ناملىق كىتابنىڭ قىيىن جايلىرىنى يېشىش ئېھتىياجىدىن چىققۇچى)

بۇ كىتاب تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 392بەت. 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ئابدۇراخمان جامى ئەرەپ تىلى ۋە يېزىقى بىلەن تەئلىق خەت نۇسخىسىدا يازغان.

ئەرەپ تىلى گىراماتىكىسىنىڭ نەزىرىيىۋى ئاساسلىرى ھەققىدىكى ئىلمى ئەسەر. ئەرەپ تىلى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان.

بۇ كىتابتا ئەرەپ تىلى گىراماتىكىسى، بولۇپمۇ سىنتاكىس ھەققىدىكى ئاساسى نەزىرىيىلەر ھەققىدە يېزىلغان ئىلمى ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا سۆزلەرنىڭ ئىسىم، پېئىل ۋە باغلىغۇچىلاردىن ئىبارەت بۆلەكلەرگە بۆلىنىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ جۈملىدە تۇتقان ئورنى، ۋەزىپىسى ۋە بىر – بىرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كۆرسىتىدىغان تەسىرى ھەممە ئالاھىدىلىكلىرى بايان قىلىنغان. يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن ئۈچ خىل سۆز تۈركۈمىگە ئەتراپلىق تەبىر بېرىلگەن. شۇنىڭدەك ئىسىم، پېئىل ۋە باغلىغۇچىلارنىڭ جۈملىدە تۇتقان ئورنىغا ئاساسەن جۈملىلەرنىڭ ئىملىق جۈملە، پېئىللىق جۈملە دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدىغانلىقى، ئىسىملارنىڭ بىرلىك ۋە كۆپلۈك شەكىللىرىنى تۈرلەش ئۇسۇلى ۋە بىر قىسىم سۆزلەردىكى مورفولگىيىلىك ئۆزگىرىشلەر، شۇنىڭدەك ئالماشلارنىڭ ھەر خىل تۈر شەكىللىرى ۋە ئۇلارنىڭ جۈملىدىكى تۇتقان ئورنى، تۈرلىنىشى قاتارلىق نەزىرىيىۋى مەسىلىلەر ئەمەلى مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىلگەن.

بۇ كىتاپ ئەرەپ تىلى گىراماتىكىسىنىڭ قائىدە-قانۇنلىرىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1909-يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان تاشباسما، يېپىلىق تۈپلەنگەن. فورماتى 24×33 سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 18·5×11·5 سانتىمېتىر. ھەر بىر بەتتە 12-18 قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGA048-نومۇرلۇق تىزىم نومۇرى بىلەن ساقلانماقتا.

## 60. كىتابۇر رەھمەتى (مېھرى-شەپقەت كىتابى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 288بەت بولۇپ، 15-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا جالالىدىن سۇيۇتى ئەرەپ تىلى بىلەن سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا يازغان.

بۇ كىتاب ئەنئەنىۋى تېبابەتكە ئائىت تىببى ئەسەر، كىشىلەرگە سالامەتلىكنى ئاسراش ۋە دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدىغان كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ يوللىرىنى ئۆگىنىش مەقسىتىدە يېزىلغان. كىتابتا ئادەمنىڭ سۇ، ئوت، ھاۋا، تۇپراقتىن ئىبارەت تۆت ئانا سىرىدىن يارالغانلىقى، ئۇلارنىڭ مىجەزى، قان، سەپرا، سەۋدا، بەلغەم قاتارلىق تۆت خىلتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە باغلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلغاندىن كېيىن، سالامەتلىكنىڭ ئۆزۈلۈنۈش، يۈرۈش-تۇرۇش، يېتىپ – قوپۇش بىلەن مۇناسىۋىتى، سۇت، گۆش، ھەر خىل دانلىقلار، تۇخۇم، سامساق قاتارلىقلارنىڭ تەبىئىتى توغرىسىدا سۆزلەنگەن. تۈرلۈك كېسەللىكلەرگە مەنپەئەت قىلىدىغان تەجرىبىدىن ئۆتكەن دورىلارنىڭ رېتسىپلىرى بېرىلگەن. ئادەم بەدىنىدە يۈز بېرىدىغان چىش ئاغرىقى، باش ئاغرىقى، شەقىقە، قۇلاق، كۆز، ئېغىز، بۇرۇن قاتارلىق بەش ئەزا كېسەللىكلىرى، زۇكام، ئېغىز ۋە قولتۇق پۇراش كېسەللىكلىرى، يۈرەك، بۆرەك، ئاشقازان ئاغرىقلىرى قاتارلىق چوڭ-كىچىك كېسەللىكلەرنىڭ ئالامەتلىرى، يۈز بېرىش سەۋەپلىرى، ئۇنى داۋالاشنىڭ ئۇسۇللىرى، چارىلىرى كونكرېت بايان قىلىنغان. ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تېبابەت تەتقىقاتىدا مۇھىم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

كىتاب مىلادى 1906-يىلى مىخ مەتبە بىلەن مىسىردا بېسىلغان. كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 14×20سانتىمېتىر. خەت چۈشۈرۈلگەن يۈزى 11×17سانتىمېتىر. ھەر بىر بەتتە 28قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قەشقەر ۋىلايەت يېڭىسار ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەت 4-ئاھالە كومىتېت 2-مەھەللىدىكى ئابلەي مەخسۇم ئۆيىدە XGA212-نومۇرلۇق

تىزىم بىلەن ساقلىنىۋاتىدۇ.

## 61. كۆللىياتى جامى (جامى ئەسەرلىرى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 575 بەت. 15-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئابدۇراخمان جامى پارس تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان.

مەشھۇر تاجىك شائىرى ئابدۇراخمان جامىنىڭ بارلىق غەزەل ۋە رۇبائىيلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان شېئىرى توپلام.

ئۇنىڭدىكى غەزەللەرنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك ئىشقى – مۇھەببەت مەزمۇنىدا يېزىلغان بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا «يار»، «شاراب» قاتارلىق ۋاستىلاردىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ ئالەم ۋە ئىجتىمائىي ھاياتتا چىقارغان پەلسەپىۋى خۇلاسىلىرىنى، ئادالەت، ۋاپا، ساداقەت، ئىنسانىي مۇھەببەت ۋە مېھرى-شەپقەت ئەخلاقى قاراشلىرىنى بايان قىلغان.

كىتاپتا يەنە شائىرنىڭ تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى بىر قىسىم شېئىرلىرىمۇ ئورۇن ئالغان بولۇپ، بۇ خىل شېئىرلاردا ئىسلام دىنى تەرىقەتچىلىرىنىڭ نەقشبەندە ئېقىمىنىڭ كۆز قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. شائىرنىڭ رۇبائىيلىرىدا ئۇنىڭ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى يىلتىز قىلغان پىكىر ئورۇن ئالغان.

15-ئەسىرنىڭ ئاخىرى نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قولىيازما. كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 11×14.7 سانتىمېتىر. ھەر بىر بەتتە 17 قۇر خەت بار. ھازىر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGP054-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 62. ئەخلاقى ھەمدە (ياخشى ئەخلاق)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 510 بەت. 15-ئەسىرنىڭ بېشىدا ھۈسەيىن ۋائىز كاشىفى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان.

بۇ پەندى – نەسىھەت مەزمۇنىدىكى دىداكتىك ئەسەر.

كىشىلەرگە ئەدەپ-ئەخلاق، پەندى – نەسىھەتنى تەشەببۇس قىلىش مەقسەت قىلىپ يېزىلغان.

بۇ كىتاپتا ئىبادەت، ئىخلاس، شۈكرى – قانائەت، سەبرە قىلىش، تەۋەككۇل قىلىش، شەرمى –ھايا، پاكىزلىق، ئەدەب – ئەخلاق، غۇرۇر ۋە ھىممەت، ھەققانىيەت، ئادالەت، ئاچچىقلىنىش، غەزەپتىن ساقلىنىش، ئەپۇچان بولۇش، يۇۋاشلىق ۋە مۇلايىملىق، ياخشى ئىش قىلىش، يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش، خەيرى - ساخاۋەت، غېرىپ – مىسكىنلەرگە باش –پاناھ بولۇش، ئامانەت ۋە دىيانەت، ۋاپا - ۋەدىدە تۇرۇش، سەممىي - راستچىل بولۇش، مەسلىھەت – كېڭەش بىلەن ئىش قىلىش، باتۇرلۇق، ھۇشيارلىق، ئەقىل – پاراسەت، سىر ساقلاش، پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىش، ياخشىلار بىلەن دوستلۇشۇش، يامان كىشىلەردىن ھەزەر ئەيلەش، ھوقۇق، سىياسەت قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىتابنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا «نەزمە»، «قىتئە»، «بېيت»، «نامە» بىلەن شېئىرى پارچىلار بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاپتورنىڭ خۇلاسە خاراكتېرلىك ھۆكۈملىرى ئورۇن ئالغان.

كىتاپنىڭ بەزى مەزمۇنلىرى كىشىلەرنى گۈزەل ئەخلاق بىلەن تەربىيىلەشتە رېئال قىممەتكە ئىگە.

كىتاب 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قولىيازما. كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 15×25.5 سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 9×17.5 سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 13قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ096-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

### 63. مەسنەۋى شېرىف

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 687بەت. 1792-يىلى جالالىدىن رۇمى پارس تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان.

بۈيۈك پەيلاسوپ، شائىر جالالىدىن رۇمىنىڭ ئىككىلىك شېئىرى شەكىل بىلەن يېزىلغان پەلسەپىۋى مەزمۇندىكى ئەسىرى.

سوفىزىمنىڭ «ئىسمائىلىيە» مەزھىپىگە خاس كائىنات قارىشى، دۇنيا قارىشى ۋە بىلىش نەزەرىيىسىنى شېئىرى يول بىلەن بايان قىلىپ، ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان.

كىتاپتا دۇنيا ۋە ئىنساننىڭ يارىلىش، ھايات قانۇنىيەتلىرى، ئاخىرەت ھەققىدىكى مۇرەككەپ ۋە سىرلىق تەلىماتلار كۆپ مەنبەلىك پەلسەپىۋى ئەقىدىلەرنى مەنبە قىلغان ھالدا بايان، مۇلاھىزە، ھېكايەت ۋە خۇلاسىلار ئارقىلىق بايان قىلىنغان. قانائەت، خەيرى – ئېھسان، تەۋەككۇلچىلىك، كەمتەرلىك قاتارلىق ئىسلام ئەدەپ - ئەخلاقىمۇ ئىنسانىيەت پەلسەپىسى نۇقتىئىنەزىرى بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن.

بۇ كىتاپ تەسەۋۋۇپ تارىخىدا نۇرغۇن قىتىملىق ئىسلاھاتلارغا سەۋەپ بولغان «ئىسمائىلىيە» تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى تەتتىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1886-يىلى موللا مۇھەممەت شاكىر كۆچۈرگەن قولىيازما. كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 13.5×22 سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 5.8×16.8 سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 25قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ056-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

### 64. ئىستىئارات (مېتافورا)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 144بەت. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھېسامىدىن ئىبنى مۇھەممەد ئەرەپ تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان.

ئەرەپ تىلى ئىستىلىستىكىسىغا ئائىت كىتاب.

ئەرەپ تىلى ئىستىلىستىكىسىدىكى ئىستىئارە بىلەن كىنايە ھەققىدىكى ھەر قايسى ئالىملارنىڭ ئۆز كۆز قاراشلىرىنى سىلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەھقىقلەش مەقسىتىدە يېزىلغان.

ئۇنىڭدا مەجاز ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى، ئىستىئارە بىلەن كىنايىنىڭ تەئرىپى، ئىستىئارە بىلەن كىنايىگە ئائىت كونتېكىسلەر بايان قىلىنغان بولۇپ، بۇ مەزمۇنلار ھەر قايسى ئالىملارنىڭ كۆز قاراشلىرىنى بىر ــ بىرىگە سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق تەھقىقلەنگەن.

بۇ كىتاپ ئەرەپ تىلى ئىستىلىستىكىسىنى تەھقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1885-يىلى نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قولىيازما. فورماتى 15.5×26.5سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 15×7.2سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 15قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەت يەكەن ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسى ئىشخانىسىدا XGA141-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 65. مۇفرىدات (تاق بەتلىك شئېرلار)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 24بەت. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مىرزا ئەلى تەبرىزى پارس تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان.

ھۆسنخەت ئەمەلى مەشقى توغرىسىدىكى كىتاب.

ئەنئەنىۋى كىتابەتچىلىكتە كۆپ قوللىنىدىغان «تەئلىق» خەت نۇسخىسىنى ھۆسنخەت بىلەن يېزىشنى ئۆگىنىش مەخسىتىدە تېزىلغان.

بۇ كىتابتا ھەر بىر ھەرپىنىڭ ھۆسنخەتتە قوللىنىدىغان خىلمۇ ــ خىل گۈزەل نۇسخىلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن شۇ ھەرپلەر بىلەن باشلانغان ھەر خىل سۆزلەرنى شېئىرىي مىسرالارنى تۈزۈش ئارقىلىق ھەر سۆزنىڭ ھۆسنخەتتىكى ئوخشمايدىغان نۇسخىلىرى ئۆرنەك سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. ھۆسنخەت نۇسخىلىرىنىڭ ئاستىغا يەنە شئېرىي مىسرالار بىرىلگەن بولۇپ، گۈزەل تىل ئارقىلىق ئۇ خەتلەرنى يېزىش ئۇسۇللىرى كۆرسىتىلگەن.

بۇ كىتاپ ئەنئەنىۋى ھۆسنخەتچىلىكنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1910-يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان تاشباسما نۇسخا. فورماتى 13.5×21.5سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 9×18سانتىمېتىر. يېپلىق تۈپلەنگەن. ھەر بىر بەتتە 2-4قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ04-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 66. قارا بادىن قادىرى پارس («قارا بادىن قادىرى» ناملىق كىتابىنىڭ پارسچە نۇسخىسى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 568بەت. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇھەممەد ئەكبەر پارس تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان.

ئەنئەنىۋى تېبابەت توغرىسىدىكى مەشھۇر كىتاب.

تۈرلۈك ئىچكى ۋە تاشقى كېسەللىكلەرگە دىئاگنوز قويۇش ۋە ئۇنى داۋالاشقا يول كۆرسىتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورىخانىسى www.uyghurkitap.com

مەخستىدە  يېزىلغان.

كىتابتا ھەر بىر كېسەللىك ئۆز تۈرى بويىچە باپلارغا ئايرىلىپ بايان قىلىنغان بولۇپ، ھەر بىر بابتا شۇ خىل كېسەللىكنىڭ ئالامەتلىرى، يۈز بېرىش سەۋەپلىرى، ئۇنىڭغا بېرىلىدىغان دورىلار، دورىلارنىڭ تەرتىپلىرى، تەركىبى، دورىلارغا ئىشلىتىدىغان ماتېرىياللارنىڭ  مىقدارى ناھايىتى ئەتراپلىق ۋە مۇپەسسەل تونۇشتۇرۇلغان. ھەتتا بەزى دورىلارنىڭ يەنەبىر دورىنىڭ ئورنىنى باسىدىغان رولىمۇ كۆرسىتىلگەن.

بۇ كىتاپ ئەنئەنىۋى تېبابەتنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشتا ئەڭ مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1902-يىلى نولكىشۇر مەتبەسىدە بېسىلغان تاشباسما كىتاب. كېيىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى  13.5×24سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى  10×16.5سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە  21قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك  قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ053-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

### 67. شەجەرەئى تۈرك

«شەجەرەئى تۈرك» بۇ ئەبۇلغازى  باھادىرخان ( 1603 – 1664) تەرىپىدىن يېزىلغان تارىخىي ۋە نەسەبنامە خاراكتېرلىك ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى، نەسەبى، بۆلۈنۈشى ۋە تارقالغان جايلىرى قاتارلىقلار ھەققىدە رىۋايەت خاراكتېرلىك مەلۇماتلار بېرىلگەن. 15-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن  1663-يىلىغىچە بولغان ئارلىقتىكى ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا دىيارىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەر ئۇقتىلىق بايان قىلىنغان.

### 68. تەزكىرەتىل ھىدايە

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم،        116بەت.  19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن پارس تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق ئۇسخىسىدا يېزىلغان.

17-ئەسىردە جەنۇبىي شىنجاڭ رايونىدا ھۆكۈم سۈرگەن خوجىلار ھاكىمىيىتىنىڭ كاتتىبېشى ھىدايىتۇللا ئىشاننىڭ ئوغلى خوجا ھەسەن (ساھىبقىران)نىڭ تەزكىرىسىگە ئائىت كىتاب.

خوجا ھەسەننىڭ تەرجىمىھالى  ۋە پائالىيەتلىرىنى بايان قىلىش ئارقىلىق ئۇنى كۆپتۈرۈپ مەدھىيىلەش مەخستىدە يېزىلغان.

ئۇنىڭدا مەشھۇر سوپى ھىدايىتۇللانىڭ ئاجايىپ – غارايىپ «كارامەت»لىرى، ئۇنىڭ ئوغۇللىرىدىن بۇرھانىدىن خوجا مەھدى، خوجا ھەسەن...قاتارلىقلارنىڭ تۇغۇلۇشى، ئاتىسى ھىدايىتۇللا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، «يەزىلەت»لىرى بايان قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئاساسلىقى خوجا ھەسەننىڭ پائالىيەتلىرى، ئۇنىڭ ئاتىسى ئۆلگەندىن كېيىن شجاڭ چېگرىسىنىڭ تاشقىرىسىدا يۈرۈپ ئېلىپ بارغان مۇرت توپلاش جەھەتتىكى ھەركەتلىرى، باشقىلار  تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلۈشى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

بۇ كىتاب ئاتاقلىق خوجىلار تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1845-يىلى نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قولىيازما. كىيىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 12·5×20 سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 3×13 سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 13 قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGP058-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 69. خەزانە ئامىرە (خەزىنىلەر)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 452بەت. 19-ئەسىردە «ئامىر» تەخەللۇسلۇق ئەدىب تەرىپىدىن پارىس تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يېزىلغان.

شەرق ئەللىرىدە ياشاپ ئۆتكەن كلاسسىك شائىرلارنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادى پائالىيىتى ھەققىدىكى بىئۇگىرافىك ئەسەر.

شەرقتە شۆھرەت قازانغان مەشھۇر شائىلارنىڭ ھاياتىنى تونۇشتۇرۇش ۋە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن نەمۇنە كۆرستىش مەقسىتىدە يېزىلغان.

بۇ كىتابتا خۇسراۋ دىھلىۋى، نىزامى گەنجىۋى، سەئىد شىرازى، بىنائى ھەرۋى، خاقانى، كىرمانى، شەھىدى، شەۋكەت قاتارلىق دۇنياۋى شۆھرەتكە نائىل بولغان 200دىن ئارتۇق شائىرلارنىڭ ھاياتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىجادى ئەمگەكلىرى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بايان قىلىنغان ھەم ئۇلارغا باھا بېرىلگەن. بۇ ئاپتورلار ئىسمى ياكى تەخەللۇسىنىڭ باشلىنىش ھەرپى بويىچە ئالپاۋىت تەرتىپىدە رەتكە تىزىلغان بولۇپ، ھەر بىر ئاپتورلارنىڭ تەرجىماھالىغا ئائىت بايانلىرىدىن كېيىن ئۇلارنىڭ شېئىرلىرىدىن قىسقا نەمۇنىلەر بېرىلگەن.

بۇ كىتاب شەرق كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ ھاياتى ۋە ئىجادىي بىلەن تونۇشۇشتا ھەم ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتىگە باھا بېرىشتە مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ھىندىستاننىڭ نولكشۇردا بېسىلغان تاشباسما نۇسخا. كىيىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 16×26سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 13·2×22·3سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 23قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGP071-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانما

## 70. زەبدەتۇل ئەخبار (خەبەرلەرنىڭ مېغىزى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 407بەت. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەبۇ مۇھەممەد ھەسەن پارىس تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان.

ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە ۋە تارىخقا ئائىت كىتاب.

ئاسىيا، ئافرىقا، ئامرىكا، ياۋرۇپا قاتارلىق قىتئەلەردىكى تۈرلۈك جاي ۋە شەھەرلەرنىڭ جۇغراپىيىسى ۋە تارىخىنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان.

بۇنىڭدا ئالدى بىلەن 12بۇرۇج ۋە ئۇنىڭدىكى ئىقلىم ئۆزگىرىشلىرى، پەسىللەرنىڭ ئۆزگىرىشى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

قاتارلىقلار توغرىسىدا توختالغاندىن كېيىن، ھەر بىر قىتئەلەر بويىچە مەشھۇر جايلار، شەھەرلەرنىڭ ئورنى، ئىقلىمى، تاغ – دەريالىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. كېرەكلىك جايدا بۇ يەرلەرگە مۇناسىۋەتلىك ۋەقەلەر، تارىخى شەخسلەر ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار بېرىلگەن. بۇ مەلۇماتلارنىڭ بەزىلىرى رىۋايەت ۋە دىنى تۈس ئالغان. كىتابتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا، بولۇپمۇ قەشقەر، يەكەن، خوتەن توغرىسىدىكى مەلۇماتلار دىققەتنى ئۆزىگە تارتىدۇ.

بۇ كىتاب ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە ۋە تارىخ تەتقىقاتىدا يۇقىرى قىممەتكە ئىگە.

كىتاب 1860-يىلى بېسىلغان تاشباسما، كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 15×24 سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 11×20 سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 18 قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGP016-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 71. پارسچە، چاغاتايچە، ئەرەپچە لۇغەت

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 100 بەت. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن پارسچە، چاغاتايچە، ئەرەپچە تىل ۋە يېزىق بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يېزىلغان.

لۇغەت خاراكتېرلىك ئۇنىۋېرسال كىتاب.

پارس تىلىنىڭ بەزى گىراماتىكىلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئەرەپ تىلى بىلەن تۈركى تىلىنىڭ سىلىشتۇرما سۆزلىشىش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان.

بۇ كىتابتا تۆۋەندىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان:

1. پارس تىلى سۆزلۈكلىرىنىڭ ھەر خىل تۈركۈملىرى، ئالپاۋىت تەرتىپى بويىچە باشتىن - ئاخىرى ئەمەلى چۈشەندۈرۈلگەن.

2. ئەرەپ تىلى بىلەن تۈركى تىلىنىڭ سىلىشتۇرما سۆزلىشىش تېكىستلىرى كەسىپ ۋە تەبىقىلەر بويىچە ئايرىلىپ، ئەمەلى بايان قىلىنغان. مەسىلەن، خىزمەتكارلار، كېسەللەر، مېھمان ۋە مېھمان كۈتكۈچىلەر، ئالغۇچىلار - ساتقۇچىلار، ساتىراچلار قاتارلىق ھەر ساھە كىشىلىرى بىلەن سۆزلىشىدىغان سۆزلەر بىر – بىرلەپ كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭغا ئۇلاپ بىر قانچە ئىبرەتلىك لەتىپىلەر ئەرەپ ۋە پارس تىلىدا تەرجىمە شەكلىدە بېرىلگەن. كىتابقا قوشۇمچە قىلىپ، ئىسلام دىنىدا مۇھىم دەپ قارالغان بىر قانچە ئايەت ۋە دۇئالار بېرىلگەن.

3. ئىسلام ئەھكاملىرىدىكى 106 پەرزنىڭ بايانلىرى كىتابقا قوشۇمچە قىلىنغان.

كىتاب پارس تىلى گىراماتىكىسىنى ئۆگىنىشنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم قىممەتكە ئىگە.

كىتاب مىلادىيە 1886-، 1887-يىلى نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قوليازما. يېپىلىق تۈپلەنگەن. فورماتى 18×31 سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 11.5×20.5 سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 15-18 قۇرغىچە خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGP022-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماق .

## 72. مەسنەۋى شەرف

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 502بەت. 19-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا جالالىدىن رۇمى پارس تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت سۇلۇس نۇسخىسىدا يازغان.

بۈيۈك پەيلاسوپ، شائىر جالالىدىن رۇمىنىڭ ئىككىلىك شېئىرىي شەكىل بىلەن يېزىلغان پەلسەپىۋى مەزمۇندىكى شېئىرى ئەسىرى.

سوفىزىمنىڭ «ئىسمائىلىيە» مەزھىپىگە خاس كائىنات قارىشى، دۇنيا قارىشى ۋە بىلىش نەزىرىيىسىنى شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلىپ، ئۇنىڭ تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇش مەخسىتىدە يېزىلغان.

ئۇنىڭدا ئالەم ۋە ئىنساننىڭ يارىلىشى، كىشىلىك ھايات قانۇنىيەتلىرى، ئاخىرەت ھەققىدىكى مۇرەككەپ ۋە سىرلىق تەلىماتلار كۆپ مەنبەلىك پەلسەپىۋى ئەقىدىلەرنى يىلتىز قىلغان ھالدا، مۇلاھىزە، ھېكايەت ۋە خۇلاسە ئارقىلىق بايان قىلىنغان. قانائەت، خەيرى ــ ئىھسان، تەۋەككۇلچىلىك، كەمتەرلىك قاتارلىق ئىسلام ئەدەپ - ئەخلاقىنىمۇ روھانىيەت پەلسەپىسى نۇقتىئىنەزىرى بىلەن چۈشەندۈرۈلگەن.

بۇ كىتاپ تەسەۋۋۇپ تارىخىدا كۆپ قېتىملىق ئىسلاھاتلارغا سەۋەپ بولغان «ئىسمائىلىيە» تەسەۋۋۇپ تەلىماتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

1827-يىلى نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قولىيازما. يىپلىق تۈپلەنگەن. فورماتى 18×29سانتىمىتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 13×21·5سانتىمىتىر، ھەر بىر بەتتە 25قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەت يەكەن ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسىدا XGP100-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 73. دۇرۇلنەجاد (نىجاتلىق ئۈنچىلىرى)

بۇ ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك قاراشلىرى ئىپادىلەنگەن پەلسەپىۋى دىداكتىك مەزمۇندىكى ئەسىرىدۇر. ئۇ سوئال ــ جاۋاپ شەكلىدە يېزىلغان. بۇ كىتاپ قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1988-يىلى نەشر قىلىنغان.

## 74. تارىخ پەرىشتە

تومغا بۆلۈنگەن، ئىككى قىسىم، 794بەت. 18-ئەسىردە مۇللا مۇھەممەد قاسىم پارس تىلى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان بولۇپ، ھىندىستان ۋە ئۇنىڭغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان شاھلارنىڭ تارىخى، 10-ئەسىردىن باشلاپ ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئىسلام پادىشاھلىرىنىڭ تارىخى ۋە ئۇلار ھۆكۈمرانلىق قىلغان دەۋرلەردىكى ھىندىستاننىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى يورۇتۇش مەخسىتىدە يېزىلغان.

ئۇنىڭدا 10-ئەسىردىن باشلاپ ھىندىستانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان تۈرك ۋە ھىندى پادىشاھلىرىدىن ئىبراھىم ئادىل، سولۇكتىكىن، مەھمۇد غەزنەۋى، مەسئۇد ئارسلان، خۇسراۋ شاھ،

مەلۇك غور، شاھابىددىن غورى، پىرۇزشاھ، غىياسىددىن شاھ، ئىسكەندەر شاھ، قۇتبىددىن مۇبارەك شاھ، ئەمىر تىمۇر، خىزىرخان، بەھلۇل لودى، ئىبىراھىم لودى، ئىسكەندەر لودى، زەھىرىددىن مۇھەممەد بابۇر، ھۇماران شاھ، شىر شاھ، ئەبۇ لەۋزەپپەر شاھ، يۈسۈپ ئادىل، ئەسمەئىل ئادىل شاھ، نىزام شاھ، قۇتبى شاھ، دىلاۋەرخان غورىپ قاتارلىقلارنىڭ ھەربى تۈزۈلمىسى، ھىندىستاننىڭ بۇ چاغدىكى ئىقتىسادى، سىياسىي، مەدەنىيەت جەھەتتىكى تاشقى سىياستى، ئۆرۈش ۋە ئىستىلالىرى، تارىختا ئۆينىغان ئىجابى ياكى سەلبى رولى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان، ھىندىستان ۋە شىمالى ھىندىستاندا قۇرۇلغان بابۇرىيە سۇلالىسىنىڭ تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا ئىنتايىن قىممەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1865-يىلى ھىندىستاندا بىسىلغان تاش باسما نۇسخا. يىپلىق تۈپلەنگەن. فورماتى 26×32سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 18×26سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 25قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەت قەشقەر شەھەرلىك كۈتۈپخانىدا XGP109-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 75. خۇلاسەتۇل ھىساب ھىجرىيە (ھىجرىيە كالىندارىغا ئائىت ھىسابلارنى خۇلاسىلەش)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 84بەت. مىلادى 1896-يىلى ئەلى بىھائى ئەرەپ تىلى بىلەن خەت سۇلۇس نۇسخىسىدا يازغان بولۇپ، گېئومېترىيە توغرىسىدىكى نەزىرىيىۋى ئەسەر.

ئوقۇغۇچىلارنىڭ گېئومېترىيىنى ئۆزلەشتۈرۈۋىلىشىغا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان. ئۇنىڭدا چەمبەر ئايلانمىسى، چەمبەرنىڭ توغرا كەسمىسى ۋە چەمبەرنىڭ دىئامېترىنى، تىك تۆت بۇلۇڭنىڭ يۈزىنى، كەسمىسىنى ۋە ئۇنىڭ بۇلۇڭلىرىنى ھىساپلاش ئارقىلىق گېئومېترىيىلىك ھىساپلاشلارنى ئاددى ئۇسۇل بىلەن چۈشەندۈرگەن. كىتاب مەزمۇنىغا كۆپلىگەن گېئومېترىيىلىك شەكىللەر بېرىلگەن بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلى ئۆگىنىشكە ئوڭايلىق تۇغدۇرۇلغان.

1898-يىلى ھىندىستاندا بىسىلغان مىخ مەتبە، يىپلىق تۈپلەنگەن. فورماتى 17×25سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 8×16.5 سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 9قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر شەھەرلىك كۈتۈپخانىدا XGA17-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 76. خۇلاسە تۇل ھىساب ( ھىساب ئىلمى خۇلاسىسى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 277بەت. 19-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدا باھائىدىن مۇھەممەد ئىبنى ھۈسەيىن ئامۇلى ئەرەپ تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت سۇلۇس نۇسخىسىدا يازغان.

ئەينى دەۋر ئالى بىلىم يۇرتلىرى ئۈچۈن تۈزۈلگەن ماتىماتىكا كىتابى. ئالى بىلىم يۇرتلىرى ئوقۇغۇچىلىرىنى ماتىماتىكا پېنىنىڭ يۇقىرى – تۆۋەن باسقۇچىغا تەۋە نەزىرىيىۋى ئەمەلى بىلىملەر بىلەن قوراللاندۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان. ئۇنىڭدا سانلارنىڭ تەئرىپى، ئۇنىڭ تۈرلىرى، سانلارنى

قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈش، كەسىر سانلارنى قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈش، چەمبەر ۋە ئۇنىڭ كەسمىسى، چەمبەرنىڭ يۈزى، ئۈچ بۇلۇڭ ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى، تىك تۆت بۇلۇڭ، تىراپىتسىيە، سىلىندىر، كۇنۇس قاتارلىقلار ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى مەسىلىلەر ۋە ئەمەلى بىلىملەر بايان قىلىنغان. بۇ نەزەرىيىۋى، ئەمەلى مەسىلىلەر تۈرلۈك ماتىماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن. ئەينى دەۋرنىڭ ماتىماتىكا سەۋىيىسىنى چۈشىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا قىممەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1875- يىلى نىشاۋۇردا بىسىلغان. تاشباسما، يىپلىق تۈپلەنگەن، فورماتى 15×25·5سانتىمىتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 11×19سانتىمىتىر، ھەر بىر بەتتە 21قۇر خەت بار. بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەت يېڭىسار ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەت 8-كەنت 1-مەھەللىدىكى ئىمىر ئىلى ھاجىم ئۆيىدە XGA227-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 77. سىلسىلەتىل كىتابى ئىسلام

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 377بەت. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا رەھىم بەختى ساھىب پارس تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان بولۇپ، پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىغا تەۋە دۆلەتلەرنىڭ تارىخى، ئىتنوگراپىيىسى، جۇغراپىيىسى، سىياسىي ۋە ھاكىمىيىتى ھەققىدىكى ئىنسىكلوپىدىيە خاراكتىرىدىكى كىتاب.

ئىسلام دۇنياسىغا تەۋە دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىنى بىر ــ بىرىگە باغلاپ بايان قىلىش ئارقىلىق كىشلەرنى بۇ دۆلەتلەرنىڭ تارىخى، جۇغراپىيىسى، ھاكىمىيەت تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى مەلۇماتلاردىن خەۋەردار قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن ئىسلام دىنى نۇقتىئىنەزىرى بويىچە پەيغەمبەرلەر شەجەرىسى ئۈستىدە توختالغاندىن كېيىن، ئىران سۇلالىلىرى پادىشاھلىرىنىڭ تارىخى، رۇم، ئەرەبىستان، مىسىر، ئىسرائىلىيە، يۇنان، ھىندىستان، چىن، سۈرىيە قاتارلىق دۆلەتلەرگە ئىسلامىيەتنىڭ تارقىلىشى، ئەبۇ بەكرى ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى قاتارلىق تۆت خەلىپىنىڭ ئىسلامىيەتنى تارقىتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇش پائالىيەتلىرى، مۇئاۋىيە، يەزد، مەرۋا، ئابدۇلمەلىك قاتارلىقلارنىڭ خەلىپىلىك تالىشىش تارىخى، ئۇمەييە ۋە ئاباسىلار سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ شەجەرىسى ۋە ئۇلارنىڭ ھاكىمىيەت خاراكتىرى، سەلجۇقىيە، خارەزىمىيە، غەزنىۋىيلەر، ئاتابىكىيە، كىرمان، چىڭگىزخان ۋە ئۇلارنىڭ ئەۋلاتلىرى تىكلىگەن ھاكىمىيەتلەرنىڭ تارىخى، ئوسمانىيە تۈرك ئىمپىرىيىسىنىڭ تىكلىنىش ۋە راۋاجلىنىش جەريانى، ئىران ۋە رۇسىيە سۇلالىلىرىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بايان قىلىنغان.

پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە دۆلەتلەرنىڭ تارىخىنى، ئىسلامىيەتنىڭ دۇنياغا تارىلىش ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتىريال بولۇپ، يۇقىرى تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە.

مىلادىيە 1899-يىلى ھىندىستاندا بىسىلغان تاشباسما نۇسخا، يىپلىق تۈپلەنگەن. فورماتى 16×24·2سانتىمىتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 12×21·5سانتىمىتىر، ھەر بىر بەتتە 23قۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

خەت يېزىلغان. بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەت يەكەن ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسىدا XGP144-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 78. تەقۋىم جەدىدى (يېڭىچە كالىندار)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 605بەت، مىلادىيە 1883-، 1884-يىلى ئىلى مۇھەممەت ئىبنى ئابدۇخالىق پارىس تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان بولۇپ، يېڭىچە كالىندارچىلىق ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ قائىدە – قانۇنلىرى بايان قىلىنغان ئىلمى ئەسەر. دىنى، تارىخى، ئىجتىمائىي ۋەقەلەر ۋە شەجەرە-نەسەبنامىلەرنى ھېساپلاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىش، بۇ ھەقتە بىلىم بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئالدى بىلەن ھىجرىيە 1314-يىلى (مىلادىيە 1897-يىلى)نىڭ 12 ئېيىدىكى مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ كالىندارى بېرىلگەن. ئاندىن كېيىن شۇ بويىچە كېيىنكى يىللارنىڭ 12 ئېيىدىكى ۋە مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ كالىندارى ئىلگىرىكى تەرتىپ بويىچە كۆرسىتىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىن چۈشكە تەبىر بېرىشتە كالىندارغا ئاساسلىنىش قائىدىلىرى، ئوسمانىيە دەۋرىدىكى ۋەقەلەر كالىندارى، ھەر بىر يىلدىكى مۇھىم ئىجادىيەتلەر ۋە ئىجاتكارلار توغرىسىدىكى مەلۇماتلار كۆرسىتىلگەن. كىتابنىڭ داۋامىدا ئوسمانلى تۈركلىرى شاھلىرىدىن سۇلتان ئوسمان، مۇستاپاخان، ئابدۇلھەمىدخان، سۇلتان سەلىم قاتارلىق بىر نەچچە پادىشاھنىڭ تەرجىمھالى، قەدىمى شاھلاردىن نەمرۇد، تەرسۇس، فىرئەۋن، دىريۇس، ئىسكەندەر، بىلقىسلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىش بىلەن سىزىلغان رەسىملىرى بېرىلگەن.

1897-يىلدىن 1904-يىلىغىچە بولغان مۇھىم ۋەقەلەر، ھىندىستان ۋە تۈركىيە تارىخىغا ئائىت مەلۇماتلارنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1897-يىلى ھىندىستاندا بىسىلغان. تاشباسما نۇسخا. كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن، فورماتى 17·5×26سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 14×23سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 34قۇر خەت بار. بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەت يەكەن ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسىدا XGP 149-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 79. بەدىئۇل بەيان (گۈزەل بايانلار)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 542بەت. مىلادى 1884-يىلى سەئىد ئىسمائىل بەلغ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان بولۇپ، ئوغۇز (ئاتا تولى) تۈركلىرى پادىشاھلىرىنىڭ ۋە شۇ دەۋردە ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدىكى تارىخى ئەسەر. ئوغۇز تۈركلىرى پادىشاھلىرىنىڭ ھەممە ئەينى دەۋردە ئۆتكەن مەشھۇر شەخسلەرنىڭ تارىخىنى يورۇتۇپ بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان. ئۇنىڭدا ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ 14-ئەسىردىن باشلاپ ھاكىمىيەت سۈرگەن پادىشاھلىرىدىن سۇلتان ئورخان، سۇلتان مۇرادخان، سۇلتان يىلدىرىمخان، سۇلتان مەھەممەتخان، سۇلتان ئىلائىدىن، قاسىم چەلەبى، سۇلتان ئىبراھىم، ئەر توغرۇل سۇلتان، شاھزادىلەردىن مۇسا چەلەبى، ئەيسا چەلەبى، مۇستاپا چەلەبى، سۇلتان مۇھەممەت، سۇلتان ئابدۇللا

قاتارلىق 50نەچچە شاھ ۋە شاھزادىلەرنىڭ، شۇنىڭدەك شۇ دەۋردە ياشىغا سوپى، ئالىم ۋە شائىرلاردىن بەدىردىن لۇتپۇللا، مۇستاپاھ، ئىبراھىم، دىدايى، كاتىپ چەلەبى، زەرەك، خىيالى، ئەلى شىرازى، ئاياس، سالاھىددىن قاتارلىقلارنىڭ تەرجىمھالى، ئىش-ئىزلىرى تەپسىلى ۋە ئىنىق بايان قىلىنغان.

كىتابتا نۇرغۇن شېئىر ۋە پارچىلار بىرىلگەن بولۇپ، بۇ شېئىرلار ئەشۇ شەخسلەرنىڭ مەدھىيىسگە بېغىشلانغان. بۇ كىتاب ئوغۇز تۈركلىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى، ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1915-، 1916-يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ مەدىنە شەھرىدە مىخ مەتبەدە بېسىلغان. كېيىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 16×22سانتىمىتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 10×18سانتىمىتىر، ھەر بىر بەتتە 26قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەت قەشقەر شەھەرلىك كۈتۈپخانىدا XGQ146-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 80. سۇلتان قەرمىش تەزكىرىسى

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 135بەت بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ بېشىدا مەۋلان مۇزەپپەر قەمبەر چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان.

ئاقسۇ ناھىيىسىدىكى «قىرمىش ئاتام» نامى بىلەن ئاتىلىپ كىلىۋاتقان سۇلتان قىرمىش مازىرى ھەققىدىكى تەزكىرە.

قىرمىش ئاتا مازىرىنىڭ تارىخىنى ۋە ئەينى چاغدىكى ئاقسۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەندۈرۈش مەخسىتىدە يېزىلغان.

كىتاپتا سۇلتان قىرمىشنىڭ نەسەب جەھەتتە ئادەم ئەلەيھىسسالامغا تۇتۇشىدىغان شەجەرىسى ۋە بۇ مازار تەزكىرىنىڭ مۇھەممەت پەيغەمبەر روھىدىن مەۋلانە ئابدۇل ئەلىم بۇخارىغا بىشارەت بولغانلىقى ۋە بۇ تەزكىرىنىڭ سۇلتان قىرمىش قاياشلىرىدىن مۇزەپپەر ئىبنى سەئىد قەمبەر تەرىپىدىن يېزىلغانلىقى، قىرمىشنىڭ دۇنياغا كىلىشى، ئۇنىڭ ئاجايىپ- غارايىپ كارامەتلىرى، ئۇنىڭ دىن يولىدىكى جەڭ ۋە ماھارەتلىرى، ئۇ ھەققىدىكى بىر مۇنچە قىسقا ھېكايەتلەر بايان قىلىنغان.

تەزكىرە ئاقسۇنىڭ ئوتتۇرا ئەسىردىكى دىنىي، سىياسىي، مەدەنىيەت ۋە جەمئىيەت ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا بەلگىلىك قىممەتكە ئىگە.

19-ئەسىرنىڭ بېشىدا ئاقسۇدا كۆچۈرۈلگەن قولیازما. كېيىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 10·5×17·5سانتىمىتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 7·5×13سانتىمىتىر، ھەر بىر بەتتە 11قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا رى قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ069-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 81. ھېدايىتۇللا ئىشان ۋە خوجىلار تەزكىرىسى

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 280بەت بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان.

17-ئەسىردە قەشقەر، يەكەن رايونلىرىدا سوپى-ئىشانلارغا يىتەكچىلىك قىلىپ، ھوقۇق ۋە ھاكىمىيەت تالىشىش كۈرىشى ئېلىپ بارغان مەشھۇر سوپى ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپاق خوجا)نىڭ تەزكىرىسى.

ھىدايىتۇللا ئىشاننى كۆپتۈرۈپ ماختاپ، ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ مۇرتلىرىنى كۆپەيتىش ۋە ئاپاق خوجىنىڭ ھاياتىنى ۋە شۇ دەۋردىكى تەگرىتاغنىڭ جەنۇبىدا يۈز بەرگەن تارىخنى ئەۋلاتلارغا بىلدۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلغان.

ئۇنىڭدا ئاپاق خوجىنىڭ قەشقەرگە كېلىشى، ئۇنىڭ ئۆز ئەتراپىغا مۇرت توپلىشى، سەئىدىيە نەسەبىدىن بولغان خېنىم پاشاغا ئۆيلىنىشى، سوپىلىق پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللۇنۇپ، سىياسىي ھاكىمىيەتكە ئارلىشىپ، يەرلىك خانلىقلار بىلەن ھاكىمىيەت تالىشىش جەريانىدا كېلىپ چىققان جەڭگى – جېدەللەر، ھىدايىتۇللا ئاپاقنىڭ ئاخىرى تىبەتكە بېرىپ ئۆزگە ياردەم بېرىشكە يول ئىزدىشى، ئېلىدىن غالدان سىرىننى باشلاپ كېلىپ ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىش قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. ھىدايىتۇللا ئاپاقنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئاجايىپ – غارايىپ كارامەتلىرى كۆپتۈرۈپ سۆزلىنىپ ئىلاھلاشتۇرۇلغان.

ئاپاق خوجىنىڭ سوپىلىق مەزھىپىنىڭ ئومىمى ئەھۋالىنى ۋە يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم ماتېرىياللىق ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ كىتاب 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن سامان قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن. يېپىلىق تۈپلەنگەن. فورماتى 16×22سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 12×19سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 16قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەت قاغىلىق ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسىدا XGQ116-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 82. ئەسھابۇل كەھەب تەزكىرىسى

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 216بەت بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يېزىلغان.

تۈرلۈك دىنى تارىخ ۋە دىنى رىۋايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان «ئەسھابۇل كەھەب» توغرىسىدىكى تەزكىرە.

«ئەسھابۇل كەھەب» ھەققىدىكى باشقا رىۋايەتلەردە ئېيتىلغان قاراشلارغا ئوخشىمايدىغان كۆز قاراشلارنى بايان قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان.

كىتابتا «ئەسھابۇل كەھەب»نىڭ تارىخى، «ئەسھابۇل كەھەب» دەپ ئاتالغان بۇ كىشلەرنىڭ ئىسىملىرى، ئۇلارنىڭ «ئاللاھنى ئىزدەش»تىن ئىبارەت قىسمەتلىرى، تا قىيامەتكىچە تاغ غارىدا مەڭگۈلۈك ئۇيقۇدا يېتىپ، قىيامەتتە ئويغۇنىدىغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلار دىنى ئەقىدە قارىشى

بىلەن بايان قىلىنغان.

يەنە «ئەسھابۇل كەھەب» توغرىسىدىكى ھەر خىل قاراشلارنىڭ توغرا ــ خاتالىقى ھەققىدە باھا بېرىلگەن.

«ئەسھابۇل كەھەب» توغرىسىدىكى ھەر خىل قاراشلارنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا مەلۇم قىممەتكە ئىگە.

بۇ كىتاب 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرى كۆچۈرۈلگەن قوليازما. كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 13×21سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 9×15سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 13قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاب ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ034-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 83. كەششاپۇ ئىستىلا ھاتىل فۇنۇن (پەنلەرنىڭ ئاچقۇچى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 905بەت بولۇپ، مۇھەممەد فارۇقى تەھاۋى 1897-يىلىنىڭ باشلىرىدا ئەرەپ تىلى بىلەن خەت سۇلۇس نۇسخىسىدا يازغان.

بۇ ھەر خىل پەنلەرگە ئائىت تۈرلۈك ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى يېشىپ بېرىلگەن لۇغەت خاراكتېرلىك كىتاب.

ھەر خىل پەنلەرگە ئائىت كەسپى ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاش يولى بىلەن مەسىلىلەرنى يورۇتۇپ بېرىشنى مەقسەت قىلىپ يېزىلغان.

كىتابنىڭ بۇ قىسمىدا «ئا»دىن تارتىپ، «س»غىچە بولغان ھەرپلەر بىلەن باشلانغان سۆزلەرنىڭ لۇغەت مەنىسى ئۆز دائىرىسىدە ئەتراپلىق ئىزاھلانغان. ئۇنىڭدىن تاشقىرى لوگىكا، ئاسترونومىيە، گىراماتىكا، تارىخ، ئەدەبىيات نەزىرىيىسى، ماتىماتىكا، فىزىكا قاتارلىق ھەر قايسى پەنلەردە ئىشلىتىلىدىغان كەسپى ئاتالغۇلارنىڭ مەنىسى يېشىپ بېرىلگەن.

بۇ كىتاب ئەينى دەۋردىكى ھەر قايسى پەنلەردە ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتىنى چۈشىنىشتە ۋە تەتقىق قىلىشتا قىممەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1896-، 1897-يىلى قازاندا بېسىلغان مىخ مەتبە. كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 19.5×28سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 13×20.5سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 27قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGA011-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 84. شىفائىل قۇلۇب (يۈرەكنىڭ داۋاسى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 322بەت بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يېزىلغان.

ئەنئەنىۋى تېبابەتكە ئائىت كىتاب.

ئادەم بەدىنىدە يۈز بېرىدىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى تېپىپ دورا بىلەن داۋالاش ھەم دورا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ياساش ئۇسۇللىرىنى كۆرسىتىپ بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان.

كىتابتا ئىنسان بەدىنىدىكى قان، سەپرا، بەلغەم، سەۋدادىن ئىبارەت تۆت خىلتنىڭ ئارتۇق ياكى كەملىكىدىن پەيدا بولىدىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەر ۋە تاشقى زەربىدىن پەيدا بولغان جاراھەت، زەخمىلەر ھەمدە ئۇلارنى داۋالاش چارىلىرى، باش ئاغرىقى، مېڭە ئاغرىقى، روھى ئاجىزلىق، كەم ماغدۇرلۇق، بۆرەك ئاجىزلىق، يۈرەك ئاجىزلىقى، ئاياللار كېسەللىكلىرى قاتارلىق كېسەللىكلەردىن تارتىپ تاكى چىش ئاغرىقى، زۇكام، تاياق زەربىسىدىن بولغان جاراھەت، مەنى تۇتالماسلىق، تولغاق، سۆزنەك قاتارلىق كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاش چارىلىرى، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تېبابەرچىلىكى ھەققىدىكى تېبابەت كىتابى، ھەرخىل كېسەللىكلەرگە بېرىلىدىغان دورىلارنىڭ رېتسىپلىرى كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇ دورىلارنىڭ تەركىبى، ياساش ئۇسۇللىرى بايان قىلىنغان.

ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر تېبابىتى بىلەن ھازىرقى زامان تېبابەتچىلىكنى، تېببى دورا ۋە داۋالاش ئۇسۇللىرىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش ئەھمىيىتى بار.

19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن كۆچۈرگەن قولىيازما. كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 26.5×19.5 سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 18.5×12 سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 15 قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ شىئۇئار قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ024-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 85. تەرىقۇل ئىلاج تۈركى (ئىلاج قىلىشنىڭ يوللىرى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 302 بەت بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى مۇللا مۇھەممەد ھىلىم قوقەندى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان.

ئادەملەر يولۇقىدىغان تۈرلۈك كېسەللىكلەر ۋە ئۇنى داۋالاشنىڭ يوللىرى بايان قىلىنغان تېبابەتچىلىك قامۇسى.

كېسەللىكلەرنى داۋالاش يوللىرىنى كۆرسىتىش، تۈرلۈك دورىلارنىڭ رېتسىپلىرىنى كۆرسىتىپ كېسەلنى داۋالاپ ئادەمنى قۇتۇلدۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان.

كىتابتا ئادەم بەدىنىدىكى خىلتلارنىڭ ئۆزگىرىشى سەۋەبلىك يۈز بېرىدىغان ھەر خىل كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى، ئۇنىڭدا كېسەللەرنى داۋالاشنىڭ ئىلاجى، كېسەللىكلەرگە لايىقدا بېرىلىدىغان ھەرخىل دورىلارنىڭ رېتسىپلىرى ۋە دورىلارنى ياساشنىڭ يوللىرى، كىتابنىڭ ئاخىرىدىكى بىر نەچچە بابتا كىشىلەرنىڭ تۈرلۈك كېسەللىكلەردىن ساقلىنىشتا دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار تەپسىلى بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ ئالدىنقى ئەسىردىكى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە ھازىرقى تېبابەت نەزىرىيىسىنى بېيىتىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1912-، 1913-يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان تاشباسما، يېپىلىق تۈپلەنگە، فورماتى 29×19 سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 25×14 سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 21 قۇر

خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ019-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 86. كۇللىياتى ئابدۇقادىر بىدىل

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 974بەت بولۇپ، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى مىرزا ئابدۇقادىر بىدىل پارس تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان.

بۇ كىتاب مەشھۇر مۇتەپەككۇر، شائىر ئابدۇقادىر بىدىلنىڭ نەزمى ۋە نەسرى ئەسەرلىرىنىڭ بىرى.

شائىرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى توپلام قىلىپ، كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان. بۇ كىتاب «مۇقەددىمە»دىن باشقا «ئىرفان» (تونۇشۇش) «مەرىپەت» (بىلىش) ، «ھېكايەت»، «رۇقمات»، «چاھار ئۇنسۇر» ( 4 زات)، «مەسنەۋى»، «ھەيرەت»، «غەزەلىيات»، «رۇبائىيات»، «قەسىدىلەر» قاتارلىق 15ماۋزۇنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا بىدىلنىڭ مۇرەككەپ دۇنيا قارىشى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. بولۇپمۇ ئالدى بىلەن بىدىلنىڭ ئالەم ۋە ئۇنىڭ سىرلىرى ھەققىدىكى تەسەۋۋۇپ پەلسەپىۋى قاراشلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەنلىكى روشەن ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. كىتابنىڭ مەركىزى قىسمى ئۇنىڭ غەزەللىرى بىلەن رۇبائىلىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىرنىڭ زامانىسىغا قارىتا بىر قەدەر ئىلغار ئىجتىمائى ئەخلاقى قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن.

مىلادىيە 1881-يىلى بېسىلغان تاشباسما. كېيىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 25×34سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 16×27سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 29قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGP047-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 87. شەرھى سۇللەم (شۇ ناملىق كىتابنىڭ شەرھىسى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 506بەت بولۇپ، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا مۇھەممەد كەنەۋى ئەرەپ تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت رۇقئى نۇسخىسىدا يازغان.

بۇ لوگىكىغا ئائىت كىتاب.

لوگىكا ھەققىدىكى نەزىرىيىۋى بىلىملەرنى تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان.

كىتاپتا لوگىكا كەسپىدىكى ئۇقۇم، ھۆكۈم، جۈزئى ھۆكۈم قاتارلىق كەسپى ئاتالغۇلىرى ۋە ئۇنىڭ تەبىرلىرى، بۇ ئاتالغۇلارنىڭ مەزمۇن جەھەتتىكى ئۆز-ئارا پەرقى بايان قىلىنغاندىن تاشقىرى، ئاساسلىقى لوگىكىلىق تەپەككۇر قىلىش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ قائىدىلىرى، يەنە نۇتۇقتا لوگىكىلىق خاتالىق يۈز بېرىشتىن ساقلىنىشقا پايدىلىق بولغان نازۇك، مەنىلىك سۆزلەرنىڭ قانداق ئورۇندا ئىشلىتىلىدىغانلىقى ۋە قانداق مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى قاتارلىق مەزمۇنلارمۇ تەپسىلى بايان قىلىنغان.

كىتابنىڭ ئاخىرىغا مەزمۇن جەھەتتە «شەرھى سۇللەم»گە ياندىشىدىغان يەنە بىر كىتاب —

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

«تەھرىر كىندىيە» ناملىق كىتاب قوشۇپ تۈپلەنگەن.
بۇ كىتابلار ئەينى دەۋر مەنتىق ئىلمىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتكە ئىگە.
مىلادىيە 1912-يىلى ھىندىستاننىڭ دېھلىدا بېسىلغان تاشباسما. كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن. فورماتى 18×27سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 12.5×22.5سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 21قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGA074-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 88. مۇتۇن (مەتىنلەر توپلىمى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 496بەت بولۇپ، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرى مۇھەممەد ئوسمان ئەرەپ تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان.
ھەر خىل مەزمۇندىكى كىتابلاردىن تاللاپ ئېلىنغان تېكىستلەر توپلىمى.
كىتابلاردىن پايدىلىنىشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش مەخسىتىدە يېزىلغان.
كىتابتا دىن، گىراماتىكا، لوگىكا، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە، پېداگوگىكا، تېبابەت قاتارلىق ھەر خىل پەنلەرگە ئائىت 40نەچچە كىتابنىڭ تېكىستلىرىدىن قىسقارتىپ ئېلىنغان تاللانمىلار بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلاردا شۇ پەنلەرگە ئائىت نەزىرىيىۋى بىلىملەر ۋە قائىدە ـ قانۇنلار بايان قىلىنغان.
يۇقىرىدىكى 40نەچچە كىتابنىڭ مەزمۇنىدىن تاللاپ پايدىلىنىشتا ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم قىممەتكە ئىگە.
مىلادىيە 1902-يىلى تاشكەنتتە مىخ مەتبەدە بېسىلغان. يېپىلىق تۈپلەنگەن. فورماتى 18×26سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 11×21سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 19قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەت يەكەن ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسىدا XGA136-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 89. سىراجىيە (چىراغ)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 159بەت بولۇپ، 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇرشىد ئەرەپ تىلى بىلەن خەت تۈز نۇسخىسىدا يازغان.
مىراس تەقسىماتىغا ئائىت كىتاب.
كىتابتا ئىسلام قانۇنچىلىقىدىكى مىراس تەقسىم قىلىشنىڭ قائىدە ـ نىزاملىرىنى چۈشەندۈرۈش ۋە ئۇنى ئېنىق بىر ئىزغا سېلىش مەقسىتىدە يېزىلغان.
ئۇنىڭدا ۋارىسلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىش ھوقۇقى، ۋارىسلىق دەرىجىسى، ئالدىن ـ كېيىنلىك رەت تەرتىپى ۋە ئۇنىڭغا ئاساسەن تېگىشلىك بولىدىغان نېسىۋىسى (ئۈلۈش)، ۋارىسلار بىلەن مىراس قالدۇرغۇچىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەر ھەم شۇ ئاساستا بەلگىلىنىدىغان تەقسىملەش ئۆلچەملىرى، مىراس دائىرىسىگە كىرىدىغان ماددىي بويۇملارنىڭ

خىللىرى قاتارلىقلار ھەققىدىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان.

بۇ كىتاب ئىسلام دىنى قانۇنچىلىقىدىكى مىراس تەقسىملەش ئۆلچەملىرىنى تەتقىق قىلىشتا موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

1903-يىلى پاكىستاننىڭ لاھور شەھىرىدە مىق مەتبەدە بېسىلغان، كېيىنەك شەكىللىك تۇپلەنگەن، فورماتى 20·5×33·5سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 12×21سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 11قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGA-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 90. ئەلمۇنجىدۇل كەبىرا (چوڭ لۇغەت)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 1093بەت بولۇپ، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن ئەرەپ تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت مەتبە نۇسخىسىدا يېزىلغان.

ئەرەب تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى.

ئەرەپ تىلى سۆزلۈكلىرىنى ئەتراپلىق ۋە مۇكەممەل ئىزاھلاش مەقسىتىدە يېزىلغان.

لۇغەت ئەرەب يېزىقىنىڭ ئەلپاۋىت تەرتىپى بويىچە تۈزۈلگەن بولۇپ، سۆزلۈكلەر ئەتراپلىق، مۇكەممەل ئىزاھلانغان. سۆزلۈكلەرنىڭ ئىزاھىغا ياردىمى بولسۇن ئۈچۈن مۇناسىپ ھالدا شەيئىلەرنىڭ سۈرەتلىرى بېرىلگەن. لۇغەتنىڭ ئاخىرىغا «فەرائىدۇل — ئەدەب فىلئەمسالىس سائىرەتى ئىندەل ئەرەب» (ئەرەبلەر ئارىسىغا تارقالغان ماقال — تەمسىللەرگە ئائىت ئەدەبىيات دۇردانىلىرى) دېگەن ماۋزۇ ئاستىدا نۇرغۇن ماقال — تەمسىل بېرىلگەن بولۇپ، ئۇلار ئەلپاۋىت تەرتىپى بويىچە جايلاشتۇرۇلغان. بۇ ماقال — تەمسىللەر ئەرەب ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىگە چېتىلىدۇ.

ئەرەب تىلىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا، ئەرەب ماقال — تەمسىللىرىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالاھىدىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىلادىيە 1908-يىلى مىسىردا بېسىلغان، مىج مەتبە، كېيىنەك شەكىللىك تۇپلەنگەن، فورماتى 13×18·5سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 10×16·5سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 44قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGA060-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 91. قىياپەتۇلبەشەر (ئادەملەرنىڭ قىياپىتى)

بۇ پىسخولوگىيىگە ئائىت كىتاب بولۇپ، تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 22بەت، 1844-يىلى مۇھەممەد سادىق كاشغەرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەت تەئلىق نۇسقىسىدا قەشقەردە يازغان.

بۇ ئادەم بەدىنىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئاساسەن، ئۇلارنىڭ خاراكتېرىگە باھا بېرىدىغان پىسخولوگىيە مەزمۇنىدىكى كىتاب.

كىشىلەر بىلەن مۇناسىۋەت قىلىشتا، ئۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىگىمۇ دىققەت قىلىش بىلەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خاراكتېر ۋە خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ئۆزگەرمەيدىغان ئامىل ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلغان.

ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ باش، كۆز، قۇلاق، بۇرۇن تۈزۈلۈشىدىن تارتىپ، تاكى قول، پۇت، بارماقلىرىغىچە بولغان ئۆزگىچىلىك ۋە ئوخشىماسلىقلارغا ئاساسەن، ئادەملەرنىڭ خاراكتېرىگە باھا بېرىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئەينى پىسخولوگىيە ئىمنى ۋە ئەدەبىي تىلىنى ھەزىرقى زامان ئىنسانشۇناسلىقى ۋە پىسخلوگىيىسىنى سېلىشتۇرۇپ تەتقىق قىلىشتا مەلۇم پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.

مىلادىيە 1911-، 1912-يىللىرى تاشكەنتتە بېسىلغان، تاشباسما، يېپىلىق تۈپلەنگەن، فورماتى 14×22سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 10×19سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 15قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGA074-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 92. شەرھىي قىران (خوجا ھەسەن تەزكىرىسى)

بۇ تارىخقا ئائىت كىتاب بولۇپ، تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 150بەت، 18-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەت تەئلىق نۇسقىسىدا كۆچۈرۈلگەن قولیازما.

17-ئەسىردە تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىدىكى سوپىلارنىڭ كاتتابېشى ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپاق خوجا)نىڭ ئوغلى خوجا ھەسەن ھەققىدىكى تەزكىرە.

خوجا ھەسەننى ئۇلاھلاشتۇرۇپ مەدھىيىلەش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى تىكلەپ، كىشلەرنى سوپىلىق يولغا باشلاش مەقسىتىدە يېزىلغان. ئۇنىڭدا خوجا ھەسەننىڭ ئىشانلىق پىرقىلىرىنىڭ بۆلۈنىشى سەۋەبلىك قەشقەردىن قېچىپ ئالاي، بەدەخشان، كانجۇت، بۇخارا، ھىندىستان ۋە باشقا جايلارغا بارغانلىقى، ئۆز مۇرت ــ مۇخلىسلىرىنىڭ ياردىمىدە ئىشانلىق يولىنى تەرغىپ قىلغانلىقى، ئاخىرى كانجۇتتا كېلىپ قەشقەرگە قايتىش سەپىرىدە ئۇ جايدىكى يەرلىك كىشلەر تەرىپىدىن زەھەرلىنىپ ئۆلتۈرۈلگەنلىكى، ئۇنىڭ مۇخلىسلىرىنىڭ قەبرە ئاستىدىن لەخمە كولاپ، ئۇنىڭ جەستىنى قەشقەر تەرەپكە ئېلىپ كەلگەنلىكى قاتارلىق ۋەقەلەر بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ بۇ جەرياندىكى مۆجىزە ــ كارامەتلىرى سۆزلىنىپ ئۇلاھلاشتۇرۇلغان. بۇنىڭدىن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە بۆلگۈنچىلىك، تەپرىقچىلىك پەيدا قىلىپ، نۇرغۇن قالايمىقانچىلىقلارغا سەۋەب بولغان سوپى ــ ئىشانلارنىڭ بۇزغۇنچىلىق ھەركەتلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ.

17-ئەسىردىكى غەربىي يۇرتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى، سوپىلىق ئېقىمىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ كىتاب مىلادىيە 1885-يىلى يەكەندە سامان قەغىزگە كۆچۈرۈلگەن قولیازما. يېپىلىق

تۈپلەنگەن، فورماتى 13.5×20سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 7.5×14سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 11قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەت يېڭىسار ناھىيە بازارلىق ھۆكۈمەت 4-مەھەللىدىكى ئابلىز مەسۇم ئۆيىدە XGQ1930-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 93. مىزانى تىپ

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 304بەت بولۇپ، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ھېكىم مۇھەممەد كەبى چاغاتاي تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان.

بۇ تېبابەتچىلىككە ئائىت قوللانما خاراكتېرلىك كىتاب.

ئەنئەنىۋى تېبابەتنىڭ نەزىرىيىۋى ۋە كېسەل كۆرۈش، دورا ياساش، رېتسېپ، كېسەللىك ئالامەتلىرى قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ كېسەللەر ئۆزىنى ـئۆزى داۋالاشقا ئوڭايلىق تۇغدۇرۇش مەقسىتىدە يېزىلغان.

كىتابتا ئادەم بەدىنىدىكى ئىچكى-تاشقى كېسەللىكلەر ۋە ئۇنىڭ ئالامەتلىرى، دىئاگنوز قويۇش ئۇسۇللىرى، كېسەللەرگە بېرىلىدىغان دورىلار ۋە ئۇنىڭ رېتسېپلىرى، دورىلارنى ياساش ئۇسۇللىرى، دورىلارنىڭ تەركىبى، دورا ئۆسۈملۈك ماتېرىياللىرىنىڭ نامى، ئىشلىتىشى، مىقدارى قاتارلىق مەزمۇنلار بايان قىلىنغان. بۇ ئەنئەنىۋى ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى ياساش، دورا ئۆسۈملىكلىرىنىڭ نامى، كېسەللىك نەزىرىيىسى كۆرسىتىلگەن رېتسېپ، دورا ياساش ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ كىشلەرنىڭ ئۆزىنى ـ ئۆزى داۋالاش يوللىرىنى، بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى تېبابەتچىلىكىنى تەتقىق قىلىشتا پايدىلىنىش قىممىتى بار.

بۇ كىتاب مىلادىيە 1908-يىلى مىسىردا مىق مەتبە بېسىلغان، كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەنگەن، فورماتى 13×18.5سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 10×16.5سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 44قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ133-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 94. جاۋاھىرۇل ئىقان (ئىتىقاد جەۋھەرلىرى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 35بەت بولۇپ، 20-ئەسىردە ئابدۇقادىر ئىبنى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى تەرىپىدىن ئەرەپ تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت مەتبە نۇسخىسىدا يېزىلغان.

ئىسلام دىنى ئىتىقادىنى ئاساس قىلغان ئەدەب ـ ئەخلاق كۆز قارىشى توغرىسىدىكى كىتاب.

ئىسلام ئەدەب ـ ئەخلاقىنى تەشۋىق قىلىش، ئاپتور ئۆزىنىڭ ئەرەپ تىلىدىكى شېئىرىي ماھارىتىنى كۆرسىتىش مەقسىتىدە يېزىلغان.

بۇ كىتابتا ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاللاھنى بارلىق كامىل قۇدرەتلىرى، سۈپەتلىرى بىلەن بىلىشى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئىنسانلار ئارىسىغا ئەۋەتكەن ئەلچىسى دەپ بىلىشى، شەرىئەتنى، قۇرئان، ھەدىسلەرنى ئاساس قىلىپ يولغا قويۇش قاتارلىق ئاساسىي ئىتىقادلىرى شېئىرىي يول بىلەن بايان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئىنساننىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

يارىلىشى ۋە تەرەققى قىلىشى، يەنە چىن ئىنسان بولۇش، كۆڭلى پاك بولۇش، ئېتىقادى دۇرۇس بولۇش، ئۆز ئېتىقادىغا گۇمانلانماسلىق، بىلىمگە ئىشتىياق باغلاش قاتارلىق ياخشى خىسلەتلەرگە دەۋەت قىلغان، ھەسەتخورلۇق قاتارلىق ئىللەتلەر تەنقىد قىلىنغان.

بۇ كىتاب سۈننىي مەزھىپىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئاساسى ئېتىقادلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مەلۇم قىممەتكە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى، ئاپتورنىڭ بىلىم، ھايات توغرىسىدىكى ئاساسى قاراشلىرىنى چۈشىنىشتە ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە. شۇنداقلا ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئەرەپ تىلى بويىچە شېئىرىي ماھارىتىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە.

20-ئەسىرنىڭ 20-يىللىرى كۆچۈرۈلگەن قولىيازما. مىقلىق تۈپلەنگەن، فورماتى 18×28سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 13·5×24سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 13قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGA103-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 95. ئاپاق خوجا تەزكىرىسى

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 128بەت بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يېزىلغان.

17-ئەسىردە قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن سوپى ھىدايىتۇللا ئىشان (ئاپاق خوجا)نىڭ تەزكىرىسى. كىتاب ھىدايىتۇللا ئىشاننى كۆپتۈرۈپ، ماختاپ ئۇنى ئىلاھلاشتۇرۇش، ئۇنىڭ مۇرتلىرىنى كۆپەيتىش، ئۇنىڭ سوپىلىق يولىنى تەشۋىق قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان.

كىتابتا ئاپاق خوجىنىڭ قەشقەرگە كېلىشى، ئۇنىڭ ئۆز ئەتراپىغا مۇرت توپلىشى، سەئىدىيە نەسەبىدىن بولغان خىنىم پاشاغا ئۆيلىنىشى، سوپىلىق پائالىيەتلىرى، سىياسىي ھاكىمىيەتكە ئارىلىشى قاتارلىق مەزمۇنلار دىنى قاراشنى نۇقتا قىلغان ھالدا بايان قىلىنغان. ئۇنىڭ ئەقىلگە سىغمايدىغان ئاجايىپ كارامەتلىرى كۆپتۈرۈپ سۆزلىنىپ ئىلاھلاشتۇرۇلغان. ھەتتا ئۇنى ئىسلام دىنى پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىن كېيىنكى ئەڭ ئۇلۇغ كىشى دەپ بېزەپ كۆرسەتكەن.

ئاپاق خوجىنىڭ سوپىلىق مەزھىپىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ۋە يېقىنقى زامان شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، دىن ئەھۋالىنى تەتقىق قىلىشتا قىممىتى يۇقىرى.

19-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا نامەلۇم بىرسى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن قولىيازما. كېپىنەك شەكلىدە تۈپلەنگەن. فورماتى 12·5×19·5سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 7×14سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 13قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمى ئەسەرلەرنى ساقلاش ئىشخانىسىدا XGQ066-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 96. تەھسىلىل ھىساب (ئاسان ھىسابلاش)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 94بەت بولۇپ، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئالىم ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس قەشقەرى تەرىپىدىن چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت مەتبە نۇسخىسىدا

يېزىلغان.

باشلانغۇچ ھېساب ئىلمى دەرسلىكى.

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى يېڭىچە دىنى مەكتەپلەرنىڭ ماتېماتىكا دەرسلىكىگە بولغان ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ، ماتېماتىكىدىن دەسلەپكى بىلىملەرنى ئۆزلەشتۈرۈش مەقسىتىدە يېزىلغان، سۇئال – جاۋاب تەرتىقىسىدە يېزىلغان بولۇپ، ئۇنىڭدا ھېساب ئىلمىنىڭ تەرتىپى، ھېسابنىڭ ئەھمىيىتى، سان – سىفىر ۋە رەقەملەرنىڭ تەبىرلىرى، قوشۇش، ئېلىش، كۆپەيتىش، بۆلۈش ئەمەللىرىنىڭ تەرتىپى ۋە ئۇنىڭ قائىدىلىرى، ئاددى كەسىر توغرىسىدىكى دەسلەپكى مەلۇمات، ئەينى چاغدا قوللىنىۋاتقان ئۆزۇنلۇق، ئېغىرلىق، ھەجىم ئۆلچەملىرى ھەققىدىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنغان ۋە مىساللار ئارقىلىق چۈشەندۈرۈلگەن.

بۇ كىتابنىڭ ئەينى دەۋر مەكتەپلىرىنىڭ ھېساب دەرسى سەۋىيىسىگە باھا بېرىشتە قىممىتى بار.

بۇ كىتاب 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا ھاپىز ئاخۇن تەرىپىدىن شىنجاڭ قەشقەر ۋىلايەت يەكەن قاراقۇرۇم كەنتىدە سامان قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن قوليازما. يىپلىق تۈپلەنگەن. فورماتى 17×20سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 14.5×17سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 27قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەت يەكەن ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسىدا XGQ233-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 97. ئىلمى نەباتات (زولوگىيە ئىلمى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، بىر قىسىم، 164بەت بولۇپ، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تاھىر قوقەند چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ۋە يېزىقى بىلىن خەت مەتبە نۇسخىسىدا يازغان بولۇپ، تۈرلۈك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول، يىلتىز، ياپراق تۈزۈلۈشى، ئۇلارنىڭ ھەر خىل يول بىلەن كۆپىيىش، ھۈجەيرە تۈزۈلۈشى توغرىسىدىكى ئىلمى ئەسەر. 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى مەدرىسلەرنىڭ تەبىئەت دەرسىگە بولغان ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ تۈزۈلگەن دەرسلىك كىتاب.

ئۇنىڭدا ئۆسۈملۈك ھۈجەيرىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، ئۇلارنىڭ ھاياتلىقىنى تەمىن ئەتكۈچى ماددىلار، يىلتىز ۋە ئۇنىڭ شەكىللىرى، تۈزۈلۈش، ياپراق ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى، تۈرلىرى، ياپراقنىڭ تەبىئەتتىكى رولى، گۈل ۋە ئۇنىڭ تۈزۈلۈشى، مېۋە ۋە ئۇنىڭ رولى، ئۇرۇق ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شارائىتلار توغرىسىدىكى مەزمۇنلار بايان قىلىنىپ، كېرەكلىك رەسىملەر ئارقىلىق شۈشەندۈرۈلگەن. ئەينى دەۋر تەبىئەت دەرسلىكىنىڭ سەۋىيەسىنى تەتقىق قىلىشتا قىممىتى بار.

مىلادىيە 1912-يىلى ھىندىستاندا بېسىلغان تاشباسما. يىپلىق تۈپلەنگەن. فورماتى 16×20سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 10×17سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 15قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەت يەكەن ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

XGQ219-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 98. قامۇسۇل ئەئىلام

بۇ كىتاب 6تومغا بۆلۈنگەن، 8 قىسىم، كىتابنىڭ بۇ 4تومى بولۇپ، 803بەت. شەمسىدىن سامى 20-ئەسىرنىڭ بېشىدا خەت تەئلىق نۇسخىسىدا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان.
بۇ ئالتە توملۇق لۇغەت بولۇپ، ئەينى دەۋردە تۈرك يېزىقىدا قوللىنىلغان 33ھەرپ بويىچە تۈرك تىلى سۆزلۈكلىرىنى ئۆز تەرتىپى بويىچە ئىزاھلاپ، يېشىپ بېرىلگەن. كىتابنىڭ بۇ 4-تومىدا «ز» دىن، « ئەيىن»غىچە بولغان ھەرپلەر بىلەن باشلانغان سۆزلۈكلەر ئىزاھلانغان.
كىتابتا ئاپتور سۆزلەرنى ئىزاھلاش يولى بىلەن مەدەنىيەت، تارىخ، جۇغراپىيە ۋە ئېتنۇگراپىيىگە ئائىت نۇرغۇن بىلىملەر ھەققىدە مەلۇمات بېرىلگەن.
تۈركى تىللىق خەلقلەر ئارىسىدا ئىنتايىن زور ئىناۋەتكە ئىگە بولغان بۇ كىتاب مەدەنىيەت، تارىخ تەتقىقاتىدا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە.
بۇ كىتاب مىلادىيە 1894-يىلى ئىستانبۇل مېھران مەتبەسىدە بېسىلغان. فورماتى 16×24سانتىمېتىر. خەت چوشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 13×20سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 38قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەت قاغىلىق ناھىيىلىك ئارخىپ ئىدارىسىدا XGQ120-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 99. مىفتاھۇل ئەدەب (ئەدەبلەرنىڭ ئاچقۇچى)

تومغا بۆلۈنگەن، بىر قىسىم، 94بەت بولۇپ، 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئابدۇقادىر ئىبنى ئابدۇلۋارىس قەشقىرى ئەرەب تىلى ۋە يېزىقى بىلەن خەت تەئلىق نۇسخىسىدا يازغان.
بۇ ئاپتورنىڭ ئۆزى ۋە باشقا نۇرغۇن شائىرلارنىڭ شېئىرلىرىنىڭ توپلىمىدىن ئىبارەت.
ئوقۇغۇچىلارنىڭ سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە ئۇلارغا ئەدەبتىن تەلىم بېرىش مەقسىتىدە يېزىلغان.
بۇ شېئىرلار ھېكمەتلىك پەلسەپىۋى پىكىرلەر، بىلىم ئىگىلەش، ئەدەب – ئەخلاقلىق بولۇش، چوڭلارنى، ئۇستازلارنى ھۆرمەت قىلىش، ياخشى ئىش قىلىش، يامان ئىشلاردىن ساقلىنىش قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭدا پوچىلىق، مەنمەنچىلىك، تەكەببۇرلۇق قىلماسلىق، باشقىلارنىڭ دىلىغا ئازار بەرمەسلىك، غېرىپ – مىسكىنلەرگە باش پاناھ بولۇش، ھاراق – شارب ئىچىپ كەيپ – ساپاغا، ئەيش – ئىشرەتكە بېرىلىش قاتارلىق ناچار ئىللەتلەر تەنقىد قىلىنغان.
بۇنىڭ ئىچىدە يەنە تەبئەت لىرىكىسى، مەرسىيە مەزمۇنىدىكى شېئىرلارمۇ بار.
بۇ كىتاب ئاتاقلىق شائىر ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دۇنيا قاراش ۋە ئەينى دەۋر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك ماتېرىيال بولالايدۇ.
بۇ سىراجىدىن مەخسۇم كۆچۈرگەن قولىيازما بولۇپ، 1910-يىلى تاشكەنتتە بېسىلغان، مىق مەتبە. يېپىلىق تۈپلەنگەن. فورماتى 14×22سانتىمېتىر. خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى

10×18 سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 8 – 13 قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGA027-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

## 100. ھاياتۇل ھايۋان كۇبرا (جانلىقلار ھاياتى)

تومغا بۆلۈنمىگەن، ئىككى قىسىم، 930 بەت بولۇپ، 21-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىمام مۇھەممەد غەززالى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەت مەتبە نۇسخىسىدا يازغان.

ئۇنىۋېرسال مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىككى توملۇق كىتاب.

كىتابتا مۇھەممەد قاھىر بىللا، ئەبۇل ئابباس، ئىبراھىم مۇتتەقى بىللا، ئابدۇللا مۇستەكفى قاتارلىق ئابباسىلار سۇلالىسى پادىشاھلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى، ۋە شۇ چاغلاردىكى موھىم تارىخىي ۋەقەلەر، يەنە تەبىئەت دۇنياسىدىكى نۇرغۇن جانلىقلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ناملىرى، جىسمانىي ئالاھىدىلىكلىرى، ياشاش ئۆزگىچىلىكى ھەمدە ئۇلارنىڭ شىپاھلىق رولى قاتارلىق تەرەپلەرمۇ بايان قىلىنغان.

بۇ كىتابنىڭ ئابباسىلار سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى ۋارىسلىرى تارىخىنى ھەمدە جانلىقلارنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىشتا موھىم ماتېرىياللىق قىممىتى بار.

ئەرەبچىدىن كاماۋلۇدىدىن دېمەيرى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىغا ەرجىمە قىلغان، 1910-يىلى تاتارىستاننىڭ قازان شەھىرىدە مىق مەتبەدە بېسىلغان. كېپىنەك شەكىللىك تۆپلەنگەن. فورماتى 16·5×26·5 سانتىمېتىر، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ فورماتى 13·5×24 سانتىمېتىر، ھەر بىر بەتتە 31 قۇر خەت بار. ھازىر بۇ كىتاپ ش ئۇ ئا ر قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمقى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا XGQ049-نومۇرلۇق تىزىم بىلەن ساقلانماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 2-باب ئۇيغۇرلار تارىختا قوللانغان تىل- يېزىقلار

## 1. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى – يېزىقى، خاقانىيە تىل – يېزىقى، چاغاتاي تىل – يېزىقى توغرىسىدا

### 1) تىل

(1) ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەۋەلىكى ۋە تەرەققىيات باسقۇچلىرى:

ئۇيغۇر تىلى-ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تىلى. ئۇ ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىگە تەۋە.

ئۇيغۇر تىلى تۆۋەندىكىدەك تارىخى تەرەققىيات باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتكەن:

بىرىنچى، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەۋرى.

بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە «ئەڭ قەدىمكى دەۋر» (مىلادىيە 5- ئەسىرگىچە) ۋە «قەدىمكى دەۋر» (5- ئەسىردىن 13- ئەسىرلەر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلىنىدۇ. بۇ يەنە قاراخانىلار دەۋردىكى خاقانىيە تىلى دەۋرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىككىنچى، ئوتتۇرا ئەسىر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى.

بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە «ئاۋۋالقى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى» (13- ئەسىردىن 14- ئەسىرلەر) ۋە «كېيىنكى ئوتتۇرا ئەسىر باسقۇچى» (15- 16- 17- ئەسىردىن ئەسىرلەر) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە يەنە«كېيىنكى زامان ئۇيغۇرتىلى باسقۇچى»(18-19-ئەسىرلەر)ۋە ھازىرقى زامان ئۇيغۇرتىلى باسقۇچى ( 20-ئەسىر)دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلىنىدۇ.

تۆتىنچى، يېڭى دەۋر ئۇيغۇر تىلى دەۋرى:

بۇ ئاساسەن، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ دەسلەپكى، ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى دەۋرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

بۇ دەۋر ئۆز ئىچىدە يەنە «كېيىنكى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى» ( 18- ئەسىردىن 19- ئەسىرلەر) ۋە «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى باسقۇچى» ( 20- ئەسىرنىڭ 50- يىللىرى) دېگەن ئىككى باسقۇچقا بۆلىنىدۇ. [1]

(1) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (回纥 - 回鹘语) قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى- تۈركىي خانلىقى،

---

[1]. ت.قايدىروف(قازاقىستان): «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ تەرەققىياتى»، 1-كىتاب، ئالمۇتا، 1969-يىلى نەشرى

ئۇيغۇر خانلىقى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى زامانىسىدا قوللىنىلغان تىلدىن ئىبارەت. ئۇ قەدىمكى تۈرك تىلىنىڭ بىۋاستە داۋامى ۋە راۋاجى. بۇ ئىككى تىلدىكى بىر قانچە تاۋۇشنىڭ ئالمىشىش ھادىسىسىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ تىللار تامامەن ئوخشاش. ئۆز زامانىسىدىكى تىلشۇناسلار بۇ ئىككى خىل تىل جۈملىدىن تۈرك تىلىنىڭ ۋارىسى بولغان ئۇيغۇر تىلىنى ئاتاشتا ماھىيەتكە دىققەت قىلغان. مەسىلەن: تەخمىنەن 10- ئەسىر 11-ئەسىرلەردە توخرى تىلدىن تەرجىمە قىلىنغان «مايتىرى سىمىت» ناملىق ئەسەردە، تۈرك تىلى دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان بولسا، تەخمىنەن شۇ يىللاردا ياشىغان تىلشۇناس سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ (شىڭقۇشەلى تۇتۇڭ) «تۈرك ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىغان. ئەمدى، تەخمىنەن 9- ئەسىردىن ئىلگىرىرەك كىتاب بولۇپ چىقىپ، توبۇت تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان «ئالتۇن يارۇق»تا «ئۇيغۇرتىلى» دېيىلگەن. [1]شۇڭا، بۇلارنىڭ ھەممىسى «ئۇيغۇر تىلى» دېگەن ئۇقۇمنى چۈشەندۈرىدۇ.

«ئورخۇن- يېنسەي مەڭگۈ تاشلىرى»، «ئالتۇن يارۇق»، «ئىككى تېگىنىنىڭ ھېكايىسى»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى»، «مايتىر سىمىت»، «قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى» مانا مۇشۇ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى تارىختا، تۆنجى قېتىم يېزىققا تەدبىقلاندى. نۇرغۇن يېزىق ۋەسىقىلىرى قالدۇرۇلدى. بۇددا، مانى دىنى مۇھىتىدا، سانسكرىت (ئەنەتكەك)، توخرى (توخار)، سوغدى تىللىرىدىن ھەم خەنزۇ تىلىدىن بىر مۇنچە سۆز- ئاتالغۇلار، سۆز ياساش قوشۇمچىلىرى ۋە قىسمەن گىراماتىكىلىق تەركىبلەر قوبۇل قىلىندى. بۇلار قاراخانىلار دەۋرىدىكى خاقانىيە تىلى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىشىنىڭ بىۋاستە مەنبەسى بولۇپ قالغان.

(2) خاقانىيە تىلى: بۇ قاراخانىلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ نامى. قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا ئىسلام دىنى مۇھىتىدا شەكىللەنگەن تىل. 9- ئەسىردىن 12- ئەسىرلەردە ئوتتۇرا ۋە مەركىزىي ئاسىيادىكى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەر تەرىپىدىن قوللىنىلغان بۇ تىل قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي رايونى خاقانىيە ئۆلكىسىنىڭ (ئوردا كەنتىنىڭ) تىلىنى ئاساس قىلغان. بۇ تىلنى مەھمۇد كاشغەرى كەڭ مەنىدە «تۈرك تىلى» دەپ، ئەدەبىي تىل نوقتىسىدىن «خاقانىيە تۈركچىسى» دەپ ئاتىغان؛ يۈسۈپ خاس ھاجىپ «تۈرك تىلى» (تۈركىي تىل) دېگەن ئاتالغۇنى ئىشلەتكەندىن باشقا، «قۇتادغۇبىلىك» تە يەنە «بۇغراخان تىلى»، «خان تىلى» دېگەن ناملار ئۇچرايدۇ. «ئەتەبەتۇلھەقايىق» تا بولسا «كاشغەر تىلى» دېگەن نام تىلغا ئېلىنغان. ئادەتتە «خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتالسا، تولۇق ئۇقۇم ئاڭلىنىدۇ. خاقانىيە تىلى كېيىنكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەرەققىياتىنىڭ ئاساسىي بولۇپ قالغان. چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن مۇشۇ تىل ئاساسىدا شەكىللەنگەن. بۇ تىلنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى «قۇتادغۇبىلىك»

---

[1]ربن يىفېي، ياسىن ھوشۇر: «ئۇيغۇر مىللىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1997- يىلى خەنزۇچە نەشرى 4- بەت.

www.uyghurkitap.com

«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» نامىلىق ئەسەرلەردە كۆرۈلىدۇ.

(3) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى

چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى (قوچۇ ئۇيغۇر تىلى) ۋە خاقانىيە تۈركچىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن، 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغىچە كەڭ قوللىنىلغان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىدىن ئىبارەت.

14-ئەسىردىن كېيىن، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىي ، شىمالىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈرك تىلىدا سۆزلەشكۈچى خەلقلەر ئارىسىدا، خاقانىيە تۈركچىسى ئاساسىدا ئەرەب-پارس تىللىرىنىڭ تەسىرى بىلەن يېڭى بىرخىل تىل شەكىللەنگەن. بۇ خىل تىل ئەڭ دەسلەپتە، چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردا شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن «چاغاتاي تىلى» دېيىلگەن.

15-16-ئەسىرلەردىن كېيىن، چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي ۋە شىمالىي قىسمى، جەنۇبىي روسىيە يايلاقلىرى ۋە ئەمىر تۆمۈر (1370-1405) نىڭ ئەۋلادلىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئافغانىستان، ئىراننىڭ شەرقىي ھەم شەرقىي شىمالىي قىسمى، ھىندىستان رايونلىرىدىكى تۈركىي قەبىلىلىرىمۇ چاغاتاي تىلىنى قوللانغان.[1]

(2) چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى

رۇس شەرقشۇناسى ۋ. ۋ. بارتولد «ئەگەر موڭغۇللار بۇ يەرگە ئىستېلا قىلىپ كەلمىگەن بولسا، چاغاتاي ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى»[2] دەيدۇ. چۈنكى، موڭغۇللارنىڭ غەربىي يۈرت ۋە ئۇنىڭ غەربىدىكى رايونلارغا قىلغان كەڭ كۆلەملىك ھەربىي ئۇرۇشلىرى، بۇ رايوندىكى بىر مۇنچە مۇستەقىل تاجۇ-تەختلەرنى، دۆلەت بايراقلىرىنى، دۆلەت چېگرا-سەھرالىرىنى ۋە بىر مۇنچە مىللەت، قەبىلە ئايرىمىلىرىنى ناھايىتى تېز ئارىدىلا يەر بىلەن يەكسان قىلىپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت، مەدەنىيەت، بولۇپمۇ تىل جەھەتتىكى ئورتاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بۇ رايوندىكى خانلار خېلى ئۇزاق زاماندىمۇ ھەل قىلالمىغان زور تارىخى ۋەزىپىنى ئۆتىدى.

چاغاتاي ئۇلۇسى شەكىللەنگەن چاغدا، ئۇنىڭ ئىلكىدىكى رايونلاردا ئاساسەن تۈركىي تىلى ۋە ئۇنىڭ ھەرخىل شىۋىلىرىدە، پارس تىلى ۋە ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە ۋە مىللەتلەر ياشايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر مەركىزى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى سىر دەرياسىنىڭ باش ئېقىنىدىن، شەرقىي ياۋروپادىكى دوناي دەرياسىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان[3] ۋە ئەسلىدە شەرق ئىران تىلىدا سۆزلىشىدىغان خارازىملەر ناھايىتى تېز تۈركلەشمەكتە ئىدى.

[1] «جۇڭگو مىللەتلىرىنىڭ قەدىمكى يېزىقلىرى تەتقىقاتى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1984-يىلى خەنزۇچە نەشرى. 114-بەت.

[2] ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 152-بەت.

[3] ۋ. ۋ. بارتولد: «ئوتتۇرا ئاسىيا تۈرك تارىخىدىن 12 لېكسىيە»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، خەنزۇچە نەشرى، 143-بەت.

ئەرەب تىلى بولسا، ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىياغا كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ئەرەب مۇھاجىرلىرى ھەم

دىنىي تەبىقىدىكىلەرنىڭ بىر خىل ئالاقە قورالى بولۇپ قالغان. موڭغۇل ئىستىلاسىدىن كېيىن، بۇ جايغا يەنە موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلىلەر كېلىپ ئورۇنلاشتى. لېكىن، بۇلارمۇ ناھايىتى تېز سۈرئەتتە تۈركىيلىشىشكە قاراپ يۈزلەندى. شۇڭا، ھۆكۈمران تائىپىلەر ھەممە قەبىلە ۋە مىللەتلەرگە ئورتاق بولغان بىر خىل تىلنى قوللىنىشقا مەجبۇر بولدى. يەرلىك تۈركىي تىلنى (ئۇيغۇر تىلى) ئاساس قىلىپ، ئەرەب، پارس ۋە موڭغۇل تىللىرىدىن نۇرغۇن تىل ئېلېمېنتلىرىنى قوبۇل قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بۇ خىل تىل تارىختا «چاغاتاي تىلى» دەپ ئاتالدى. [1]

كۈچلۈك تۈركىي تىللار مۇتەخەسسىلىرى «چاغاتاي تىلى»نى ئەينى زاماندا، تۈركىي تىللارنىڭ ئىچىدە تەسىرى كۈچلۈك بولغان ئۇيغۇر شىۋىسى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دەپ قارايدۇ. چاغاتاي تىلىنىڭ ئۇيغۇر تىلى ئىكەنلىكىنى شائىر نەۋائىينىڭ مۇنۇ سۆزىدىن چۈشىنىۋالغىمۇ بولىدۇ، نەۋائىي چاغاتاي ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك ۋەكىللىرى بولغان مەۋلانە سەككاكى بىلەن مەۋلانە لۇتفى توغرۇلۇق توختىلىپ، مۇنداق يازغان: «ئۇيغۇر ئىبارەتىنىڭ فۇسەھاسىدىن ۋە تۈركىي ئەلفازىنىڭ بۇلاغاسىدىن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانە لۇتفى» (ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۇستىلىرىدىن، تۈركىي سۆزلەرنىڭ ماھىرلىرىدىن مەۋلانە سەككاكى ۋە مەۋلانە لۇتفى). بۇ يەردىكى «ئۇيغۇر ئىبارەتى» بىلەن «تۈركى ئەلفازى» تەڭ مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، «ئۇيغۇر تىلى» ياكى «تۈركىي تىلى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. «فۇسەھا» بىلەن «بۇلەغا» مۇ مەنىلىك سۆزلەر بولۇپ، ھەر ئىككىسى «تىل ماھىرى، تىلدا يېتىلگەن» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئەرەبچە يېزىلغان «قامۇسۇل ئەلەم»دە، چاغاتاي تىلى بولسا، ئۇيغۇرلارنىڭ تىلى دېيىلگەن. دېمەك، بۇ تەرىپىنىڭ مەنىسى «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ياكى تۈركىي تىلىنىڭ يېتىلگەن ماھىرلىرىدىن» دېگەندىنلا ئىبارەت. نەۋائىينىڭ نەسرىي ئەسەرلىرىدە مۇنداق تەڭ مەنىلىك قۇرۇلمىلار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. دېمەك، يۇقىرىدىكى سەككاكى بىلەن لۇتفىنىڭ تەرىپىدە ئۇلار قوللانغان چاغاتاي تىلىنىڭمۇ ئۇيغۇر تىلى ياكى تۈركىي تىلى ئىكەنلىكى ئېنىق كۆرسىتىلگەن. [2]

تارىخشۇناس لىيۇجىشاۋ «ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدىكى چاغاتاي تىلىنىڭ شەكىللىنىشى- ئۇيغۇر مىللىتى تارىخىدا دەۋر بۆلگۈچ ۋەقە بولۇپلا قالماستىن، ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئىنسانىيەتكە قوشقان بۈيۈك تۆھپىسىمۇ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئاسىيانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى نۇرغۇن مىللەتلەر ۋە رايونلار مۇشۇ تىلنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيىتىنى ۋە تارىخىنى خاتىرىلىگەن ۋە

[1] ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى 1990-يىلى نەشرى 851-بەت.

[2] ئەر سۇلتان ئوسمانوف، خەمىت تۆمۈر: «چاغاتاي تىلى توغرىسىدىكى قاراشلىرىمىز»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى»، 1993 يىلى، 1- سان، 19- بەت.

تارقاتقان [1] دەپ يازغان.

چاغاتاي تىلى- تۈپ ماھىيىتى جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىدىن ئىبارەت بولغانلىقى ئۈچۈن،

يبقنىدىن بىرى بەزى چاغاتاي تىلى تەتقىقاتچىلىرى: بۇ تىلنى «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتىسا، ئەڭ مۇۋاپىق بولغان بولىدۇ، دېگەن ئىلمىي كۆز قاراشنى ئوتتۇرىغا قويۇشماقتا. [2]

(3) ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللار تەرەققىيات تارىخىدا تۇتقان ئورنى: ئۇيغۇر تىلى تۈركىي تىللار تەرەققىيات تارىخىدا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بۇنى ئۇيغۇر تىلىنىڭ تۈركىي تىللارغا كۆرسەتكەن تەسىرىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

تۈركىي تىللار مۇتەخەسسىسى، ئۇيغۇرشۇناس ن. ئا. باسكاكوفنىڭ تۆۋەندىكى سۆزى مۇشۇ سوئالغا ئېنىق جاۋاپ بولىدۇ:

«ئۇيغۇر تىلى (بۇ يەردە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى كۆزدە تۇرۇلغان- ئا) ۋە يېزىقى كېيىنكى دەۋرلەردە ئەدەبىي تىللارنىڭ يەنى ئەڭ ئالدى بىلەن قاراخانىلار دەۋردىكى ( 10-12- ئەسىرلەر) تىلىنىڭ، ئاندىن ئوغۇز، قىپچاق ئەدەبىي تىلىنىڭ ( 12-13- ئەسىرلەر)، چاغاتاي تىلىنىڭ (13-14- ئەسىرلەر)، ئالتۇن ئوردا ئەدەبىي تىلىنىڭ ( 13- 14- ئەسىرلەر) كېيىنكى ۋاقىتلاردا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ( 15- 20- ئەسىرلەر) ، كونا تۈركمەن تىلىنىڭ (يەنىلا چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ) (17-19- ئەسىرلەر) ۋە باشقا تىللارنىڭ شەكىللىنىشىگە تەسىر كۆرسەتكەن». [3]

دېمەك، ئۇيغۇر تىلى تۈركىي تىللار تارىخىدا ئەدەبىي تىل سۈپىتىدە رول ئوينىغان. سەۋەب، ئۇيغۇرلار باشقا تۈركىي تىللىق خەلقلەرگە قارىغاندا بۇرۇنراق ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇش ھالىتىنى باشتىن كەچۈرگەن، يېزا ئىگىلىك قەدىمكى چاغلاردىلا ئاساسىي ئىگىلىككە ئايلانغان، قول- ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە سودا گۈللەنگەن، شەھەرلىشىش ئىلگىرىلا باشلانغان بۇ ھال يېزىقنىڭ يارىتىلىشىغا ، ئەدەبىي تىلنىڭ قېلىپلىشىشىغا، يازما ھۆججەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىگە كىتابەتچىلىكنىڭ باشلىنىشىغا سەۋەب بولغان.

2 . يېزىق

ئۇيغۇر يېزىقى، تۈرك يېزىقى، خاقانىيە يېزىقى

شىنجاڭدىكى قەدىمكى بىر قىسىم قوۋم ۋە خەلقلەر تارىختا بىر مۇنچە يېزىقلارنى قوللانغان ھەم بۇ يېزىقلاردا نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان. ئۇيغۇرلار بىۋاستە قوللانغان يېزىقلار تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقى، مانى يېزىقى، ئۇيغۇر يېزىقى، بىراھمى يېزىقى، سۈرىيە يېزىقى، قەدىمكى تۈبۈت يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى، خاقانىيە يېزىقى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى

[1] لى زىنشياۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986- يىلى نەشرى، 1- قىسىم، 612- بەت.
[2] ئابدۇرۇب پولات: «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدىن ئىلمىي ماقالىلەر»، مىللەتلەر نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1993- يىلى نەشرى، 1- بەت.
[3] ن.ئا. باسكاكوف: «تۈركىي تىللار»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1986- يىلى نەشرى 71- بەت.

قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىكى ئىككى مەنبەنىڭ بىرى بولغان تارىم بوستانلىقىدىكى يەرلىك قوۋملارمۇ بىر مۇنچە يېزىقلارنى ئىشلەتكەن. [1] بۇ خىل

يېزىقىنىڭ بەزىلىرى قارۇشتى يېزىقى، گرېك يېزىقى، فارابىل يېزىقى، ئەرەم يېزىقى قاتارلىقلار.

1) ئۇيغۇر يېزىقى

ئۇيغۇر يېزىقى- ئۇيغۇرلار ۋە بەزى تۈركىي قوۋملار ئۇيغۇر خانلىقى، قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىلار خانلىقى، گەنجۇ ئۇيغۇر خانلىقى، چىڭگىزخان زامانىسى، چاغاتاي ئۇيغۇر خانلىقى، ئالتۇن ئوردا خانلىقى، تۆمۈرىيلەر پادىشاھلىقى دەۋرى قاتارلىق دەۋرلەردە قوللىنىلغان بىر خىل يېزىق.

يېزىقشۇناسلىق ساھەسىدە، ئۇيغۇر يېزىقى ئارامى يېزىقىدىن تەرەققىي قىلىپ كەلگەن سوغدى يېزىقى ئاساسىدا شەكىللەنگەن دېيىلىدۇ.

سوغدى يېزىقى بىلەن تۈركىي ھۆججەتلەرنى خاتىرىلىگەن ۋاقىت مىلادىيە 5- ئەسىرنىڭ ئاخىرىقى مەزگىلىگە توغرا كېلىدۇ.[1] بايقالغان ھۆججەتلەرنىڭ ئورنى تۇرپاندىكى قاراغوجا قەبرىستانلىقىدىن[2] بىر ياغاچ قارانچۇق بايقالغان. ئۇنىڭ يۈزىگە خەنزۇچە «代人» (دەيرېن) دېگەن خەت يېزىلغان. كەينىدە سوغدى يېزىقى بىلەن ئۇيغۇرچە «kisi» دېگەن سۆز يېزىلغان. يەنە بىر پارچە ياغاچ قوۋزۇقتىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش خەت بار. مۇشۇلار بىلەن ئوخشاش ۋاقىتتا تېپىلغان بىر پارچە خەنزۇچە ۋەسىقىدە يۇڭكاڭنىڭ 17-يىلى (永康十七年) دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن. بۇنى ئوقۇپ، يېشىپ كۆرگەنلەرنىڭ قارىشىچە، يۇڭكاڭ رورەنلەرنىڭ سوراپۇرچىن (受罗部真) قەبىلىسىنىڭ خانىنىڭ يىلنامىسى بولۇپ، مىلادىيە 480-يىلىغا توغرا كېلىدىكەن.[3] يەنە ئىككى پارچە ياغاچ قوۋزۇقتا «ren»، يەنى خەنزۇچە «人» ، «dairen»، يەنى خەنزۇچە «代人» دېگەن سوغدىچە يېزىق چۈشۈرۈلگەن. ئەگەر خەنزۇچە ھۆججەتلەر بىلەن سوغدى يېزىقىدىكى ياغاچ قوۋزۇقلارنىڭ بىر دەۋرگە مەنسۇبلىقى مۇقۇملاشتۇرۇلسا، ئۇنداقتا تۈركىي ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ سوغدى يېزىقىنى قوللىنىشى مىلادىيە 5- ئەسىرلەرگە بېرىپ تۇتاشقان بولىدۇ.

«خۇئاستۇئانىفت» ناملىق ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان. رۇس شەرقشۇناسلىرىدىن س. ئى. مالوف بۇ ئەسەرنى مىلادىيە 5- ئەسىرلەردە ئۇيغۇر تىلى ۋە

---

[1] «جۇڭگودىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر»، (دۆلەتلىك مىلەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن) خەلق نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1981-يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[2] ھېئۇرۇجى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى ۋە ھۆججەتلىرىگە مۇقەددىمە»، 78- بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997- يىلى خەنزۇچە نەشرى.

[3] «تۇرپان قاراغوجىدىكى قەدىمكى قەبرىستانلىقنى قېزىشتىن دوكلات»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژورنىلىنىڭ 1978- يىللىق 6- سانى. خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

[4] قۇربان ۋەلى: «تۇرپاندىن تېپىلغان مىلادى 5- ئەسىرگە تەۋە تۈركىي يېزىقىدىكى ياغاچ قوۋزۇق»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژورنىلى، 1981- يىللىق 1- سان، خەنزۇچە نەشرى.

يېزىقىدا مەيدانغا كەلگەن[1] دېگەن سۆزگە قارىغاندا، ئۇيغۇرلارنىڭ ئاشۇ چاغلاردىلا قەدىمكى سوغدى يېزىقىدىن كەلگەن يېزىق بىلەن تونۇشۇشقا باشلىغانلىقىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ.

مىلادىيە 8- ئەسىرلەردە، يەتتەسۇدا پائالىيەت قىلىۋاتقان تۈركەشلەر سوغدى يېزىقى بىلەن دەسلەپتە ئۇچراشقانلارنىڭ بىرى. مەسىلەن: خەت ئويۇلغان بىر پارچە پۇل ساقلانغان بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

«Türgis qayan bäšbaqir» دېگەن خەت چۈشۈرۈلگەن.[2]

تاشقى مۇڭغۇلىيىنىڭ ئورقۇن دەرياسى بويىدىكى قەدىمكى قارابالغاسۇن (ئەسلى ئوردۇبالىق دەپ ئاتالغان) دىن تېپىلغان «توققۇز ئۇيغۇر خاقانى مەڭگۇ تېشى» ئۈچ خىل يېزىقتا ئويۇلغان. ئۇلار سوغدى يېزىقى، تۈرك يېزىقى ۋە خەنزۇ يېزىقى. مانا بۇ ئۇيغۇر ئورقۇن خاندانلىقى دەۋرىدە سوغدى يېزىقىنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇرلار بۇ يېزىقنى كەڭ دائىرىدە قوللانغان بولغاچقا، ئۇ ئۆز زامانىسىدىن باشلاپلا ئۇيغۇر يېزىقى دەپ ئاتالغان. بۇ يېزىقنىڭ ئاساسلىق ئالاھىدىلىكى مۇنداق:

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئېلىپبەلىك يېزىق، ئۇنىڭدا 18 دىن 22 گىچە ھەرپ بار. ئاساسلىق بەلگىلەر ئون ئەتراپىدا بولۇپ، قالغان بەلگىلەر بۇ ئونچە ئاساسلىق بەلگىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن.

دەسلەپتە ئوڭدىن- سولغا، توغرىسىغا يېزىلغان،

كېيىنكى چاغلاردا سولدىن- ئوڭغا، تىك يېزىلىدىغان بولغان. مۇتلەق كۆپ ساندىكى يادىكارلىقلار سولدىن- ئوڭغا، تىك يېزىلغان. بۇ يېزىق ياغاچ ئويما باسما شەكلى، بۇددا كىلاسسىك ئەسەرلىرى شەكلى ۋە ئىرماش شەكلى دېگەن ئۈچ خىل شەكىلگە ئىگە. ئالدىنقى ئىككى شەكىلدە يېزىلغان يادىكارلىقلارنى ئوقۇش ئاسانراق، كېيىنكىسىنى ئوقۇش قىيىن.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا نۇرغۇن ھۆججەتلەر يېزىلغان، بۇلاردىن دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەنلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلار بۇددا دىنىغا دائىر ھۆججەتلەر، مانى دىنى مەزمۇنىدىكى ھۆججەتلەر، ئەدەبىي ئەسەرلەر، تىبابەتچىلىككە دائىر ھۆججەتلەر ۋە باشقا مەزمۇندىكى ۋەسىقىلەر بولۇپ، مەملىكىتىمىزدە ئېلان قىلىنغانلىرى 50 پارچىگە يېقىن.

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى تارىختا ئەتراپتىكى باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن. تارىختا يېزىلىشىچە، قىتانلارنىڭ ئېلىپبەلىك يېزىقى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا تەقلىد قىلىپ ئىجاد قىلىنغان. يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى مۇڭغۇللار تەرىپىدىن قوللىنىلغان، ھەمدە نۇرغۇن ئۆزگەرتىشلەر ئارقىلىق ھازىرقى مۇڭغۇل يېزىقى بولۇپ شەكىللەنگەن. 16- ئەسىردىن كېيىن، مانجۇلار بۇ يېزىقنى مۇڭغۇللاردىن قوبۇل قىلىپ ئېلىش

[1] «ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 8- بەتكە كەلتۈرۈلگەن نەقىل. قازاقىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئالمۇتا پەن نەشرىياتى 1983- يىلى نەشرى.

[2] نىئورۇجى: «تۈركەش پۇللىرى ھەققىدە»، «جۇڭگو پۇلچىلىقى»، 1988- يىلى 3- سان، خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

بىلەن مانجۇ يېزىقىنى شەكىللەندۈرگەن. ئوتتۇرا ئاسىيادىن تېپىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغان ئەڭ كېيىنكى يادىكارلىق 1469- يىلى پەرغانە سۇلتانى ئۆمەر شەيخنىڭ «مەرغىلان ھاكىمى مىر سەئىد ئەھمەدكە ئەۋەتكەن تەقدىرلەش ھەققىدىكى بۇيرۇقى» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ يېزىق تۈركىيىدە فاتىھ سۇلتان دەۋرى (1451-1481)دە قوللىنىلغان. شىنجاڭدا 15- ئەسىردىن

16- ئەسرگىچە قوللىنىپ كېلىنگەن. بۇنى 1368~ 1644- يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ «قوچۇ مەھكىمىسى سۆزلۈكى»دىن كۆرگىلى بولىدۇ. 20- ئەسرنىڭ بېشىدا گەنسۇنىڭ جىيۇچۇەنگە يېقىن يېرىدىن تېپىلغان «ئالتۇن يارۇق» نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى نۇسخىسى 17- ئەسردە (چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 26- يىلى، مىلادىيە 1687- يىلى) پۈتۈلگەن. [1]

2) قەدىمكى تۈرك يېزىقى

قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى قەدىمكى تۈركلەر، ئۇيغۇر، قىرغىز، قۇرىقانلار، تۈرك خاندانلىقى، ئۇيغۇر خاندانلىقى ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى دەۋرلىرىگىچە قوللانغان. كونكرېتراق ۋاقتىنى ئېيتساق، مىلادىيە 7- ئەسردىن 11- ئەسرلەرگە توغرا كېلىدۇ. [2]

بۇ ئورخۇن- يەنسەي يېزىقى، تۈرك- رونىك [3] يېزىقى، تۈركلەرنىڭ ئىسلامدىن بۇرۇنقى يېزىقى، سىبىرىيە يېزىقى ۋە دولپارچىن يېزىقى دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىلىدۇ. قەدىمكى تۈرك يېزىقى 38 دىن 40 كىچە بولغان بەلگىدىن تەركىب تاپقان. (بەزى بەلگىلەرنىڭ ۋارىيانتىلىرىنى قوشقاندا بەلگە سانى 100 گە يېتىدۇ). ئۇنىڭدا تۆت بەلگە ئارقىلىق سوزۇق تاۋۇش ئىپادىلەنگەن. خەتلەر ئوڭدىن- سولغا، توغرىسىغا يېزىلغان. لېكىن ئايرىم مەڭگۈ تاشلاردا سولدىن- ئوڭغا، ياكى بىر قۇر ئوڭدىن- سولغا، يەنە بىر قۇر سولدىن- ئوڭغا يېزىلغان ئەھۋاللارمۇ بار. تۈرك يېزىقىنىڭ تۈرى ئۈستىدە ئوخشىمىغان قاراش بار. بەزىلەر ئۇنى ئېلىپبەلىك يېزىق بىلەن بوغۇملۇق يېزىقنىڭ ئارىلاشما شەكلى دەپ قارىسا، بەزىلەر ساپ ئېلىپبەلىك ياكى ساپ بوغۇملۇق يېزىق دەپ ھېسابلايدۇ. لېكىن كۆپچىلىك تەتقىقاتچىلار بۇ يېزىقتا گەرچە بوغۇملۇق يېزىقنىڭ قىسمەن تەركىبلىرى بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭدا ئېلىپبەلىك يېزىقنىڭ خۇسۇسىيىتى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگەللەيدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ.

تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراشلار ساقلانغان.

بىرىنچى، تۈرك يېزىقى- قارا سۆك مەدەنىيىتى دەۋرىدە، (مىلادىدىن بۇرۇنقى 13- ئەسردىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 7- ئەسر) مەنسۇپ تېپىندىلار ئارىسىدىكى بەلگە- تامغىلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك

[1] گېڭ شىمىن: «قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان مۇھىم يادىكارلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ تەتقىق قىلىنىشى»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» ناملىق توپلامنىڭ 2- قىسمىغا كىرگۈزۈلگەن، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1983- يىلى نەشرى.

[2] «غەربىي يۇرت مەدەنىيەت تارىخى»، جۇڭگو دوستلۇق كىتاب شىركىتى نەشرىياتى، 1996- يىلى خەنزۇچە نەشرى، بېيجىڭ.

[3] بۇ كۆز قاراشنى دەسلەپتە ئوتتۇرىغا قويغۇچىلاردىن بىرى، روسىيە ئالىمى س. ب. كېسلىق. ئۇنىڭ «جەنۇبى سىبىرىيىنىڭ قەدىمكى تارىخى» دېگەن كىتابىغا قارالسۇن.

دەپ ھېسابلاش. [1]

ئىككىنچى، شىنجاڭنىڭ خوتەن، توخسۇن، تارباغاتاي قاتارلىق جايلاردىكى تاغ- قىيالىرىدا خىلمۇ- خىل تامغا- بەلگىلەر بار بولۇپ، ئۇنىڭ بەزىلىرىنى يېزىقنىڭ قەدىمكى شەكلى دەپ قاراش [2] ۋە بۇ تامغىلار- بەلگىلەر تۈرك يېزىقىدىكى بەزى ھەرپلەر بىلەن مەنبەداشلىق ۋە ئوخشاشلىقتا ئىگە دېگەن قاراش. [3]

ئۆچىنچى، مەركىزى ئاسىيا، جۇملىدىن غوبى رايونى، جەنۇبىي سىبىرىيە رايونىدىن مىلادىدىن بۇرۇنلا تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ ئاتا- بوۋىلىرى ئارىسىدا قانداقتۇر بىر خىل يېزىق قوللىنىلغان بولۇپ، تۈرك يېزىقى دەل مۇشۇ يېزىقنى مەنبە قىلغان دېگەن قاراش.[4]

تۆتىنچى، ئەرەم (ئارامى، ئەرمىنىيە) يېزىقىدىن كەلگەن دېيىش [5] بۇ دۇنيادىكى تۈركىي تىلى ۋە يېزىقنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىملار ئارىسىدا بىر قەدەر كەڭ ئومۇملاشقان قاراش.

بەشىنچى، تۈركىي تىللىق ئۇرۇق- قەبىلىلەرنىڭ ئۇرۇق- بەلگىلىرى، ئاي- تامغىلىرىدىن كەلگەن دېيىش. [6]

دېمەك، ھازىرغىچە، بۇ خىل يېزىقنىڭ كېلىپ چىقىشى توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن قاراش يوق. ۋاھالەنكى تارىخىي پاكىتلاردىن شۇنى كۆرۈپ يېتىش تەس ئەمەسكى، قەدىمكى تۈرك يېزىقىدىكى خېلى كۆپ ھەرپلەرنى تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان [7] بەزىلىرىنى قوشنا خەلقلەر يېزىقلىرىدىن ئىجادىي ئۆزلەشتۈرگەن.

قەدىمكى تۈركلەرنىڭ يېزىقى توغرىسىدا قەدىمكى خەنزۇچە ھۆججەتلەردىمۇ كۆپلەپ خاتىرە قالدۇرۇلغان. مەسلەن: لىڭخۇ دېفېن يازغان «جۇنامە، تۈركلەر تەزكىرىسى» دە تۈركلەرنىڭ يېزىقى«خۇ 胡 » ( ياكى غۇز ) لارنىڭكىگە ئوخشايدۇ، ئەمما يىلنامىسىنى بىلمەيدۇ» دېيىلگەن. مانا بۇ قەدىمكى تۈركلەردە يېزىق بارلىقى توغرىسىدىكى ئەڭ دەسلەپكى خاتىرە. شىمالىي چى خاندانلىقى ( مىلادىيە 550-577- يىللار) دىكى لى شىچىڭ مىلادىيە 574- يىلى يارلىققا بىنائەن

[1] سابىت ئەھمەد، قۇربان ۋەلى: «ئاق سىپىل قەدىمىي شەھەرنىڭ كىسەكلىرىدىكى يېزىقلار ھەققىدە مۇلاھىزە»، «بۇلاق» ژورنىلى، 1984- يىللىق ئومۇمىي 11- سان.
[2] ئابدۇقەييۇم غوجا: «قەدىمكى تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشىغا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلەر»، «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ژورنىلى». 1987- يىلى، 1- سان.
[3] ئابدۇبەسىر شۈكرى:«شىنجاڭ قىياتاش رەسىملىرىدىكى بەزى ئەھۋاللار»، «ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» 1999- يىلى 12- ئاينىڭ 12- كۈندىكى سانى.
[4] ئىسسىك دېگەن يەردىن تېپىلغان مىلادىدىن بۇرۇنقى 4-،5- ئەسىرگە مەنسۇپ دەپ قارالغان «ئالتۇن كىيىملىك شاھزادە» بىلەن بىرگە چىققان كۈمۈش تاۋاقتىكى خەت ۋە باشقا ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار مىسال قىلىنىدۇ.
[5] س. گ. كىلىياشتورنىنىڭ: «قەدىمكى تۈرك- رونىك يېزىقىدىكى ئابىدىلەر» دېگەن كىتابتىن كۆرۈلسۇن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىلى. ئۇيغۇرچە نەشرى.
[6] سۇ بېيۇرۇجى: «تۈرك يېزىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ھەققىدە يېڭىچە قاراش»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى، 1992- يىلى 4- سان، خەنزۇچە.
[7] سۇ بەييۇۋ:«شىمالىي چى خانلىقى تارىخى»، 1- قىسىم، 36- بېتىدە كەلتۈرۈلگەن دەلىللەر.

«نىرۋانانومى» (涅 经)نى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلىپ، (تاپسار) خاقانغا تەقدىم قىلغان. لى دېلىن كىتابقا كىرىش سۆز يېزىپ بەرگەن. ئەمما مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ كەملىكى تۈپەيلىدىن، ئەشۇ چاغدىكى تۈرك يېزىقىنىڭ كونكرېت ئەھۋالى توغرىسىدا ئۇچۇر يوق [1]

قەدىمكى تۈرك يېزىقىدا مول ۋەسىقىلەر قالدۇرۇلغان. ئۇلار قەدىمكى تۈرك خانلىقى ۋە ئۇيغۇر خانلىقى جەمئىيىتىنىڭ تارىخى، ئىقتىسادىي، مەدەنىيىتى ۋە تىلىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا موھىم

ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ [2]

قەدىمكى تۈرك يېزىقىنى يېشىپ ئوقۇتۇش جەھەتتە دانىيىلىك ئالىم تومسىن بىلەن روسىيىلىك ئالىم رادلوفلار موھىم تۆھپە قوشقان.

3 . خاقانىيە يېزىقى ۋە چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى

(1) خاقانىيە يېزىقى قارا خانىيلار خانلىقى دەۋرىدە (؟ 850-1212) قوللىنىلغان يېزىق. قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلى « خاقانىيە تىلى» دەپ ئاتالغان. مۇشۇ تىلنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قوللىنىلغان يېزىقنى كېيىنكىلەر خاقانىيە يېزىقى دەپ ئاتاشماقتا. خاقانىيە يېزىقىنىڭ ھەرپلىرى 28 ھەرپلىك ئەرەب يېزىقى ئاساسىدا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، « دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تە 24 ھەرپ ئىشلىتىلگەن. خاقانىيە تىلى«دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك»، «قۇتاد غۇبىلىك »، « ئەتەبەتۇل ھەقايىق» تا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان، جۈملىدىن، خاقانىيە يېزىقمۇ شۇنداق بولغان. بولۇپمۇ، «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىكى مىسالغا ئېلىنغان ئۇيغۇر تىلىدىكى شېئىر، قوشاق، ماقال- تەمسىل ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەرنىڭ يېزىلىشىدا روشەن ھالدا ئۆزىنىڭ خۇسۇسىيىتىنى ئىپادىلىگەن. شۇنداق بولغاچقا، خاقانىيە يېزىقى ئۇيغۇر تىلغا تەتبىق قىلىنىش جەھەتتە خاقانىيە ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئۇ ئەرەب يېزىقىدىن پەرقلىق بولغان.

قارا خانىيلار خانلىقى 1212-،1213- يىللىرى غەربىي قىتان خانلىقى تەرىپىدىن مۇنقەرىز قىلىنغان. 1324- يىلى ئۇيغۇرلار يېرى چاغاتاي خانلىقى تېررىتورىيىسىگە تەۋە بولغان. ئەمما، خاقانىيە يېزىقى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ مۇنقەرىز بولىشى بىلەن يوقىلىپ كەتمەستىن، بەلكى 14- ئەسىردىن كېيىن چاغاتاي يېزىقى بولۇپ ئۆزگەرگەن. بۈگۈنكى تەڭرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبىي ۋە شىمالى ھەم ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى، جۈملىدىن بۇ رايونلارغا قوشنا بەزى ئەللەردىكى تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان قوۋم، خەلقلەر ئارىسىدا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان بىر ئەدەبىي تىل

[1]«نىرۋانا نومى»نى تەرجىمە قىلىشتا قانداق يېزىق ئىشلىتىلگەنلىك مەسىلىسى توغرىسىدا ئوخشىمىغان قاراش بار. مەسىلەن: گاباىىن خانىم بۇ يېزىقنى سوغدى يېزىقى ئىدى دېسە، گىڭ شىمىن ئەپەندى تۈرك يېزىقى ئىدى دەپ ھېسابلىغان.

[2]گىڭ شىمىن: «قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن پۈتۈلگەن مۇھىم مەڭگۈ تاشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئوقۇلۇشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى»، «تۈركىي تىللار تەتقىقاتى» ناملىق توپلامنىڭ 1- قىسمىغا كىرگۈزۈلۈپ، مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 1982- يىلى نەشر قىلىنغان.

شەكىللەنگەن. بۇ خىل تىل ئەڭ دەسلەپ چاغاتاي ۋە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدىكى رايونلاردا شەكىللەنگەنلىكى ئۈچۈن، كېيىن ئالىملار تەرىپىدىن «چاغاتاي تىلى» دېيىلگەن ( يەنە «كاشغەر تىلى»، « تۈرك-تۈركىي تىلى» دەپمۇ ئاتالغان).

(2) چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى خاقانىيە يېزىقىدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن. بۇ يېزىقتا ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى 28ھەرپ ئىشلىتىلىش بىلەن بىرگە، سوزۇق تاۋۇشنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ā، ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۈچۈن ng(ڭ)، ö(ئۆ) ئىشلىتىلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىرگە پارس يېزىقىدىن p· tf·3·g

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاتارلىق تۆت ھەرپ ئارىيەت ئېلىنغان بولۇپ، جەمئىي 32ھەرپ بولغان.

چاغاتاي يېزىقى ئوڭدىن سولغا تىز يېزىلغان بولۇپ، خاقانىيە يېزىقى بىلەن ئوخشاش. ھەرپلەرنىڭ تاق، باش ھەرپ، ئوتتۇرا ھەرپ، ئاخىرقى ھەرپ دېگەن 4 خىل شەكلى بار. چاغاتاي يېزىقىدا ف ( f)، ڭ (s̲)، ۋ ( z̲)،پ(ş)، گ (z)، (t)، ذ ( z)، چ( h)قاتارلىق ھەرپلەر مەخسۇس ئەرەب، پارس تىللىرىدىن ئارىيەت ئېلىنغان سۆزلەرنى يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. ئەمما ئۇلار پ( P)، س(S)، ز (z) ، ھ (h) قاتارلىق ھەرپلەر بىلەن ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنغان.

خاقانىيە يېزىقىغا ئوخشاش چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ياردەمچى بەلگىلىرى ئادەتتە يېزىلمىغان. ئەمما ئوقۇغان ۋاقىتتا نوقۇل يېزىقنىڭ ئىقتىدارىغا تايىنىلماي، بەلكى تىلنىڭ راۋانلىق دەرىجىسىگە تايىنىلغان . [1]

چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى دىيارىمىزدا 20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىغىچە،بەزى ئالاھىدىلىكلىرى 1950- يىللىرغىچە قوللىنىلغان. بۇ يېزىق بىلەن يارىتىلغان ۋەسىقىلەر ۋە ھۆججەتلەر ناھايىتى مول بولۇپ، تىل، ئەدەبىيات، مەدەنىيەت، تارىخ، ئېتنوگراگىيە، دىن، ئىقتىساد قاتارلىق ساھەلەرگە تۇتىشىدۇ.

4.خەنزۇ يېزىقى

ئۇيغۇلار ۋە مەركىزىي جۇڭگونىڭ شىمالىدا ياشىغان بەزى قوۋملارنىڭ خەنزۇ يېزىقى بىلەن ئۇچراشقانلىقى ۋە بۇ يېزىق بىلەن ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات ۋە مەدەنىيىتىگە دائىر ۋەسىقىلەر، ھۆججەتلەرنى يېزىپ كەلگەنلىكىنىڭ تارىخىي ناھايىتى ئۇزۇن ھەم قوللىنىشتا ئىزچىللىق بار.

ھونلارغا مەنسۇپ لىيۇسۇڭ( ?-318)، قۇتقۇموگسۇن ( 425-؟)، لىيۇيۇشى ( 772-842)، قۇلان جىنمىڭ ( 7-8 ئەسىر) قاتارلىق ئەدىبلەر، قوغۇرسۇشېئەن ( 5-6 ئەسىرلەر)، شى دى لۈۋىن (8-ئەسىر) قاتارلىق تېلى-ئىگىز ھارۋىلىقلار قوۋمىغا مەنسۇپ ئەدىبلەر، غەربى تۈركلەرنىڭ قوشۇ قەبىلىسىگە مەنسۇپ قوشۇغان (تاڭ سۇلالىسى دەۋرى) قاتارلىقلار؛ ئۇدۇنلۇق ئالىم بۇددا سىڭا (232-348)، كۈسەنلىك ئالىم كۇماراجىۋا ( 344-413)، ئۇدۇنلۇق ئالىملاردىن يەنە ۋېساراكۈيچى (598-682)، سىكساناندا(652-710)، خىيتو (6-ئەسىر)، كۈسەنلىك ئالىم لى يەن (ۋاپاتى

[1] نىيۇرۇجى: «ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى ۋە ھۆججەتلىرىگەمۇقەددىمە»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997- يىلى خەنزۇچە نەشرى.

795-798يىللار)، سۇلىلىق ئالىم خۇيلىن ( 737-820) قاتارلىقلار؛ قىتان خانلىقى زامانىسىدا ياشىغان ئۇيغۇر خانىشلىردىن شاۋگۈەنيىن ( 1039-1075)، شېياۋسېسېي(؟- 1121 لار، يۈەن، مىڭ سۇلالىلىرى دەۋرىدە ئۆتكەن مازۇچاڭ ( 1278-1339)، گۈەن يۈنشى (1286-1324)، سەيدۇللا (سادۇلا؛ ؟ 1304- 1355)، نەيشەن ( 1310-1369)، گاۋكېگۇڭ(1248-1310)، شى سۈن ( 1318-1360) قاتارلىق 20 نەچچە ئەدىب خەنزۇ تىلى بىلەن ئەسەر يازغان.

ئۇيغۇرئورخۇن خانلىقىنىڭ يازمايادىكارلىقى ھېسابلىنىدىغان«توققۇزئۇيغۇر خانى مەڭگۈ تېشى » تۈرك يېزىقى ۋە سوغدى يېزىقىدا يېزىلغاندىن باشقا يەنە خەنزۇ تىل يېزىقى بىلەنمۇ يېزىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى ئابىدىلەر ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىدا تەڭ ئويۇلغان. مەسىلەن:«قوچۇ خانى تۆھپە مەڭگۈ تېشى»، «تۇتۇم سالى ئىبادەتخانىسىنىڭ ئابىدىسى»، «بۈيۈك يۈەن سۇلالىسى سۇجۇ ئايمىقىنىڭ يەك داروغاچىنىڭ شەجەرەئىي ئابىدىسى» ( 1361)، «قايتىدىن ياسالغان ۋېن شۇ ئىباداتخانىسىنىڭ ئابىدىسى»( 1326)، «ئۇلان خاۋمۇ ئابىدىسى» قاتارلىقلار.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا كۆپلىگەن بۇددىزىم ھۆججەتلىرى ئىچىدە بىر مۇنچە خەنزۇچە قىستۇرما پۈتۈكلەرمۇ بار بولۇپ، ئۇنىڭدىكى خەنزۇچە تېكىستلەر تەرجىمە قىلىنمىغان بەلكى ئۇيغۇرچە تېكىستلەر بىلەن پارالېل ھالدا ئۇيغۇنلىقتا ئىگە قىلىنغان. مەسىلەن:«كۆپەيتىلگەن سامىيۇكتاگاما سۇترا» ۋە « سامىيۇكتاگاما سۇترا»قاتارلىقلاردا مۇشۇ خىل ئالاھىدىلىك ئىپادىلەنگەن. يەنى بۇ ھۆججەتلەردىكى بىر جۈملە ئۇيغۇرچە، بىر جۈملە خەنزۇچە بولۇپ خەنزۇ تىلنى پۈختا بىلمىگەن ئەھۋالدا بۇ خىل پۈتۈكلەرنى ئوقۇغىلى بولمايدۇ.

چوڭ تېپتىكى ئۇيغۇرچە بۇددا نومى «ئابدام كوشاۋاردى شاستىر» نىڭ ھەر بىر بېتىگە قىستۇرۇلغان خەتلەر ئىچىدە خەنزۇچە خەتلەرمۇ بار.

قۇچۇ قەدىمكى شەھرىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە بىر قانچە پارچە ئېلىم- بېرىم ھۆججىتىدىكى ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ ئالدى يۈزىگە ئۇيغۇرچە، كەينى يۈزىگە خەنزۇچە مەزمۇن يېزىلغان، شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ ھۆججەتتىن بىرىنى «ئاتى» دېگەن بىرلا ئادەم يازغان. يەنە باشقا خىل ھۆججەتتە بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت.بۇ ھۆججەتلەر يۈەن سۇلالىسى دەۋرىگە مەنسۇپ دەپ قارىلىدۇ[1]

يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدە شائىر- ئەدىبلەردىن باشقا خەنزۇچىنى پىششىق بىلىدىغان، يەنە ئىككى، ئۈچ، تۆت تىللىق ئۇيغۇر ئالىملىرى، بۇددا ئۆلىمالىرى، دىپلوماتلار، سەركەردىلەر ۋە باشقىلاردىن خېلى كۆپلىرىنىڭ ئىلمىي ئەمگەكلىرى بار بولغان.

---

[1] نىيۇرۇجى: ««ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى يېزىقى ۋە ھۆججەتلىرىگەمۇقەددىمە» 137-،138- بەت.شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997- يىلى خەنزۇچە نەشرى.

تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرى 11- ئەسىردىكى قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئەھۋالى توغرىلىق توختالغاندا «... ئۇيغۇرلارنىڭ چىنلىقلارنىڭكىگە ئوخشايدىغان يەنە بىر خىل يېزىقى بار.» [1] دېگەن.

بەزى ئالىملار مەھمۇد كاشغەرى ئېيتقان مۇسۇلمان بولمىغان ئۇيغۇرلار بىلەن چىنلىقلارنىڭ باشقىلار ئوقۇيالمايدىغان بىر خىل يېزىقنى، خەنزۇ يېزىقى بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. [2]

قوچۇ رايونىدا خەنزۇ يېزىقىنى بىر خىل يېزىق سۈپىتىدە ئوقۇش قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە يۈەن سۇلالىسى مەزگىلىدىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئۇنىڭدىن ئىلگىركى چاغلاردىلا باشلانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەسلەن: ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە قۇرۇلغان شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى شىمالىي جۇ خانلىقى (مىلادىيە 557-581-يىللار) نىڭ يىلنامىسى بولغان ۋە لىڭخۇ دېفىن يازغان «جۇ تارىخى 50-جىلد. قۇچۇ تەزكىرىسى»دە مۇنداق بىر خاتىرە بار: «ئۇلارنىڭ يەنى خۇرلار ( 胡人) نىڭ ... يېزىقى خۇاشىيا (خەنزۇ- نەقىلچىدىن) لارنىڭكىگە ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە خۇ يىزىقىنىمۇ ئىشلىتىدۇ. «ماۋشى» (ماۋ نەزمىلىرى)، «لۈن يۈ» (مۇھاكىمە ۋە بايان، كۇڭزى ئەسىرى)، «شاۋجىڭ» (ۋاپانامە، ئاتا- ئانىلارغا ھۆرمەت كىتابى) نامىلىق كىلاسسىك ئەسەرلەر مەخسۇس خانلىق مەكتەپلەردە ئوقۇتۇلىدۇ. ئەمما ئۇلار خەتنى خەنزۇچە يازسىمۇ ئۆز تىلىدا ئوقۇيدۇ». دەپ يېزىلغان.

دېمەك، بۇ يەردىكى خۇلار يەرلىك مىللەتنى كۆرسىتەتتى. خەنزۇ يېزىقىنى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدىن كېيىن، بولۇپمۇ، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بىر قىسىم ئۇيغۇرلار داۋاملىق ئۆگىنىپ ۋە ئىشلىتىپ تۇرغان.

(تۆۋەندىكى 4بەتكە تۆت تىلنىڭ يېزىق ۋە ئېلىپبەسى كۆپەيتىپ ئېلىنىدۇ)

---

1ئى. گ. كىلياشتورنى بۇ يېزىقنى قەدىمكى تۈرك يېزىقى دەپ ھېسابلىغان.

2مەھمۇد كاشغەرى: «دىۋانى لۇغەتت تۈرك»، 40- بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى. 1981- يىل نەشرى

## 2. ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئىشلىتىلگەن تىل - يېزىقلار ۋە بۇ تىل – يېزىقتا كىتابەت بولغان بىر قىسىم قەدىمكى كىتابلار توغرىسىدا

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەرىپەتلىك مەدەنىيەت تارىخىنى تۈرك – رۇنىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، ئەرەب يېزىقى (خاقانىيە يېزىقى)، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ۋە تىللىرى بىلەن خاتىرىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئۇلار يات، قوشنا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى ۋە يېزىقلىرىنى ئىعەللەشكە ماھىر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن شۇ مىللەت تىللىرىدىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك كىتابلارنى، ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

تۆت حوڭ قەدىمكي مەدەنىيەت، يەني ئوتتۇرا جۇڭعو مەدەنىيىتي، يۇنان مەدەنىيىتي، مىسوپوتامىيە مەدەنىيتي ۋە ھىندىستان مەدەنىيتى ھەمدە بۇددا دىني، ماني دىني، زەردوشت دىني، خىرىستىئان دىني ۋە ئىسلام دىني قاتارلىق بىر قانچە مەشھۇر دىنلار بۇ رايوندا ئۇچرىشىپ ۋە ئۆز- ئارا ئىرەلىشىپ، بۇ رايوندىكي كىشىلەرني خەن- تىبەت تىللىري، ھىندي- ياۋروپا تىللىري ۋە مەدەنىيىتي بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىعە ئىعە قىلدي. نەتىجىدە، ئالتاي تىللىري، خەنزۇ تىللىري ۋە ھىندي- ياۋروپا تىللىري سىستېمىسىنىڭ ئۆز- ئارا ئۇچرىشىشي ۋە ئىرەلىشىش بۇ جايدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسي بولغان تەرجىمە پائالىيتي ئاساسىدىكي كىتابەتچىلىككە كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردي. بۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە تەرجىمان، تىلشۇناسلار، پوتوكچي-خەتتاتلار،مەدەنىيەت ئەلچىسي سوپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىني ئىلعىري سوردي. ئۇيغۇرلار بۇ رايوندىكي ئەسلىدىنلا بار بولغان مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارسلىق قىلىشي بىلەن بىرعە، حەتتئەل ۋە ئىلىمىزدىكي باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىني داۋاملىق قوبۇل قىلىپ، بىرىكىش خاراكتېرىني ئالغان، ئۆزعىحە مىللىي مەدەنىيەت فورماتسىيىسىني تەدرىجىي شەكىللەندوردي. بۇ مەدەنىيەت-قەدىمكي ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق سەھىپە بولۇپلا قالماستىن بەلكي پوتكول ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ شانلىق سەھىپە ئاحتي. ئۇنىڭ ئوستىعە قوحۇ -ئىدىقۇت دەۋرىدە، تىل- يېزىق بىرلىككە كېلىپ،قەدىمكي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھۆكومران ئورۇندىكي نوپۇزلۇق يېزىقا ئايلىنىشي، مەتبەئە ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشي تەرجىمە پائالىيتي ئاساسىدىكي كىتابەتچىلىككە تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ماددىي شارائىت ۋە كەڭ سورۇن بىلەن تەمىن ئېتىلدي .

قوحۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ «كېيىنكي يىللىرىدا، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ

مۇرتۇق دېگەن يېرىدىكى بىر بۇتخانىدىن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان زور بىر تۈركۈم ئويما باسما ئەسەرلىرى تېپىلغان. بۇ پاكىتلار قوچۇ ئىدىقۇت دەۋرىدە، مەتبەئە، باسما ئىشلىرىنىڭ نەقەدەر تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. 1 قوچۇ ئىدىقۇت دەۋرىدىكى باسما ئىشلىرىنىڭ كۆلىمى- ھەرخىل تىللاردىكى مەتبەئە، باسما بويۇملىرىنىڭ بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەينى چاغدا تۇرپان ئويمانلىقىدا بىرلا ۋاقىتتا تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقى، سورىيان يېزىقى،

1 ئەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە» ناملىق كىتابىنىڭ 179- بەتتىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەت تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى » ناملىق ماقالىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى. 2003- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان.

بىراخمان يېزىقى، يۇنان يېزىقى ۋە توخار(كوسەن يېزىقى- قارا شەھەر، كۇچا) قاتارلىق 16 خىل يېزىق قوللىنىلغان. تۇرپان ئويمانلىقىدا قوللىنىلغان بۇ خىل نۇرغۇن يېزىقلار- ئۇيغۇرلارنى ھەرخىل تىل يېزىقلارنى ئىگىللەش، ھوشىنىش، سىلىشتۇرۇش ۋە تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئۇلار ئۇزاق مۇددەت سىلىشتۇرۇش، تاللاش، شاللاش ئارقىلىق، ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا سوغدىلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلغان، سوغدى يېزىقىنى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىپ، شۇ تۇردىكى ئۇيغۇرتىلنى ئىپادىلەيدىغان«قەدىمىي ئۇيغۇر يېزىقى»نى ئومۇميۈزلۈك قوللىنىشقا باشلىغان دېگەن قاراشمۇ بار.

1. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋە تۈرك-رونىك يېزىقىدىكى ئەسەرلەر :

قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ۋە تۈرك-رونىك يېزىقىدىكى ئەسەرلەر زامانىمىزغا كىتاب شەكىلدە يېتىپ كەلمىگەن بولسىمۇ كېيىنكى دەۋردىكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ، سەنئىتىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكىگە تەسىر كۆرسەتكەن بولۇپ، شۇ دەۋردىكى نەمۇنىلىك ئەسەرلەر قاتارىدا تۈرك ئۇيغۇر خانلىقى ( 552-740- يىللار ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇيغۇر خانلىقى (740-840) دەۋرلەردە شانلىق يازما ئەدەبىيات نەمۇنىللىرى بولۇپ يارىتىلغان، ئۇلارنى جوڭ مەرمەر تاشلارغا ئويۇپ، ھۆججەتلىك ئابىدە تىكلىگەن. مەسىلەن: «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» ( 712- يىللىرى)، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» ( 732- يىللىرى)، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى» ( 735- يىللىرى)، «بايانچور مەڭگۈ تېشى» (759- يىللىرى) قاتارلىق مىسال بولالايدۇ.

(2) قەدىمكى خەنزۇتىلىدا ئىپزىلغان ئەسەرلەر:ئۇيغۇرلارجۇڭخۋا خەلق جۇمھۇرىيىتىدىكى ئەڭ قەدىمكى مىللەتلەردىن بولۇپ، خەنزۇلار بىلەن بولغان ئىجتىمائىي ئالاقىسى يىراق قەدىمكى زاماندىلا باشلانغان. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھەر

خىل سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن خەنزۇتىلىنى ئۆگەنگەن. خەنزۇتىلى بىلەن ئەسەر يېزىش خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن باشلانغان بولۇپ، بۇ دەۋردە هونلار، قاڭقىللار، تېلېي ۋە تۈركلەر دېگەن هەرخىل ناملار بىلەن ئاتالغان، لېكىن بىر خەلق بولغان. بۇ خىل ئاتاش سەددىچىننىڭ شىمالىي ۋە غەربىي شىمالدا ياشىغان قەدىمكى ئەل خەلقلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئاتىغاندا مەيدانغا كەلگەن بىر خىل مەدەنىيەت هادىسى بولۇپ قالغان. مەسىلەن: «هۇن قوشىقى» (مىلادىيە 318-يىلى)، «قوغۇرسۇر ئالتۇن (مىلادىيە 488-567- يىللار)، «تېرخىن مەڭگۈ تېشى» (مىلادىيە 814- يىلى تىكلەنگەن)، قاتارلىقلار تۈرك - رونىك يېزىقى (ئۇيغۇر يېزىقى)، سوغدى يېزىقى ۋە قەدىمكى خەنزۇ يېزىقىدا يېزىلغان بولسىمۇ، هەممىسى بىر تۈركىي ئۇيغۇر خەلقنىڭ مەدەنىيەت سەمەرىسى ئىدى.

مىلادىيە 1-ئەسىردىن 10- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىدا بۇددا دىنىنى ئاساس قىلغان قەدىمكى مەدەنىيەت زور گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى. بۇ يىللاردا قانچىلىغان راهىبە، ۋە بۇددا دىنى ئۆلىمالىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، بۇددا دىنىنى تارقىتىش، دىنىي ئىلىم بويىچە موتالىئە قىلىش، تەرجىمەشۇناسلىق بىلەن شۇغۇللانغان. بۇ خىل دىن تارقىتىش ۋە دىنىي ئىلىم بويىچە مۇتالىئە قىلىش قەدىمكى خەنزۇتىلى بىلەن ئېلىپ بېرىلغان، ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا جۇڭگوغا بارغان ئالىملاردىن كوماراجىۋا، ۋېيىسا كويچى، سكساناندا، خۇيلىن قاتارلىقلار ئەينى زامانىسىنىڭ ئەڭ ئالىي مەلۇماتلىق كىشىلىرى بولغان. قەدىمكى ئودۇنلۇقلار، سولىلىقلار، كوسەنلىكلەر ۋە قوچۇلۇقلار هازىرقى ئۇيغۇر مىللىتىنى شەكىللەندۇرگەن مۇهىم ئېتنىك مەنبەلەرنىڭ بىرى بولغاچقا، مىلادىيە 1- ئەسىرلەردىن 9-10-ئەسىرلەرگىچە بۇ رايوندا يېتىشىپ چىققان ئالىملارنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان ئالىملار دېيىشكە بولىدۇ. ئۇيغۇر مۇئەللىپلىرىنىڭ قەدىمكى خەنزۇتىلى بىلەن ئەسەر يېزىشى لىياۋ، يۈەن سۇلالىرى دەۋرىدە يۇقىرىقى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. مەسىلەن: لىيەن شىشەن (1231-1280)، قەدىمكى خەنزۇچە نەزمە ۋانىرىدىكى ئەسەرلەرنى يازغان.

ئاۋكېگوك (1248- 1310)، «فاڭ شەن توپلىمى» ناملىق داڭلىق شېئىر توپلىمىنى يازغان. (لومىڭشىيەن تۆمۈر تۆپىرىك) «تېرىقچىلىق، پىلىچىلىك، كىيىم- كېچەك، يېمەك- ئىچمەك قوللانمىسى» ناملىق كىتابنى خەنزۇچە يازغان.

مۇهەممەد ئەمىن توختى ئەيۇب 1945- 1946- يىلى قەشقەردە «قانلىق يەر» ناملىق رومانىنى يازغان. ئۇنى ئۇيغۇر تىلىدا ئېلان قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بولماي، خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىپ، 1951- يىلى «غەربىي شىمال ئەدەبىيات- سەنئىتى» دېگەن ژۇرنالدا ئېلان قىلدۇرغان. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى خەنزۇ تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىش، قوچۇ خاندانلىقى زامانىسىدا يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەن. بۇ بۇددا دىنىي راسا ئوللەنگەن بىر دەۋر بولۇپ، بۇ خىل ھالەت تەرجىمە ساھەسىدىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.مەسىلەن: سىڭقۇسەلى تۇتۇڭ «ئالتۇن يارۇق »،«شۆەنزاڭنىڭ تەرجىمە ھالى» قاتارلىق كىتابلارنى قەدىمكى خەنزۇ تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغان.

قوچۇ رايونى ۋە تارىم بوستانلىقىدىكى ھەر قايسى مەدەنىي يادىكارلىق ئورۇنلىرىدىن تېپىلغان تېپىلمىلار ئىچىدە، قەدىمكى خەنزۇچە يېزىقتا يېزىلغان ھۆججەتلەر ۋە ۋەسقىلەر ناھايىتى كۆپ. بۇنىڭ ئىچىدە دەرىسلىك ماتېرىياللىرىمۇ ئەدەبىيات، تارىخ، ئاسترونومىيە، پەلسەپە، ئۆرپ-ئادەت، تېبابەتكە ئائىت ماتېرىياللاردىمۇ خېلى بار. چىڭ سۇلالىسى ( 1684- 1911-يىللارغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.) چوڭ- كىچىك خوجىلارنىڭ توپىلىڭىنى تىنجىتىپ،قورىغارنى (غەربىي دىيارنى) بىرلىككە كەلتۈرگەندىن كېيىن، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، قورىغاردا (غەربىي رايوندا) خەنزۇتىلىنى ئاساس قىلغان «شۆتاڭ» مائارىپىنى يولغا قويۇپ، خېلى كۆپ ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنى خەنزۇتىلى ئىگىلەشكە شارائىت يارىتىپ بەردى.

چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇرىغارنىڭ (غەربىي رايوننىڭ) ئورتاق تىلى (مەمۇرىيەت تىلى)، ئۇيغۇر،خەنزۇتىلى ۋە مانجۇ تىلى بولغان. ئەمما نوپۇسنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك يەرلىك ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسى بولغاچقا، بىلىشكە تېگىشلىك ھۆججەت ئالاقىلەر، بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ يەتكۈزۈلگەن. جۇڭخۇا مىنگو ( 1911- 1949)يىللىرىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ خەنزۇ تىلىنى، يېزىقىنى بىلىش ئىلغىرىكى دەۋرگە قارىغاندا، يەنە بىر قەدەم يۇقىرى بولغان. مائارىپ ئىشلىرىدا شۆتاڭ مائارىپى، مەدرىس مائارىپى ۋە يېڭىچە مائارىپتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئالاھىدىلىككە ئىگە مائارىپ تۈزۈمى يولغا قويۇلغان. شۆتاڭ مائارىپىدا خەنزۇتىل- يېزىقى ئاساس قىلىنغان. ئەمما بۇنىڭدا ئوقۇيدىغان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلارنىڭ سانى بەك ئاز بولغان.

ئىسلام مەدرىس مائارىپى- يەنىلا ئەنئەنىۋى مائارىپ ئورنىدا بولۇپ، ئۇنىڭ تۆۋەن باسقۇچى ئۇيغۇر تىلى ئىشلىتىدىغان باسقۇچ بولغاندىن باشقا، «قۇرئان كەرىم » ، «ھەدىس شەرىف» غا مۇناسىۋەتلىك دەرسلىكلەرنى ئۆگىنىش ئاساس

قىلىنغان. ئەرەبچە، پارسچە ئەسەرلەرمۇ يادقا ،ئۇنلۇك ئوقۇلغان. ئوتتۇرا ۋە ئالىي
مائارىپ باسقۇچىدا ئۇيغۇر، ئەرەب، پارس تىلى قوللىنىلغان بولۇپ، ئەرەبچە،
پارسچە كىتابلار بىردەك دەرسلىك قىلىنغان.مۇتالىئە ۋە تەپسىر،شەرھىيلەر ئۇيغۇر
تىلدا ئېلىپ بېرىلغان.كېيىنچە خەنزۇتلى ئوقۇتۇش تەشەببۇسى بىلەن
خەنزۇتىلى- يېزىقى ئۇيغۇرلار ئارىسدا قىسمەن ئومۇملىشىشقا باشلىدى.
مەكتەپلەردىمۇ ئۇيغۇرتىلى، ھۆكومەت ھۆججەت-ئالاقىلىرىدە خەنزۇتىل- يېزىقى
قىسمەن ئومۇملىششقا باشلىدى. مەدرىس مائارىپى باسقۇچىدا ئۇيغۇر، ئەرەب،
پارس تىلى قوللىنىلغان بولۇپ، ئەرەبچە، پارسچە كىتابلار بىردەك دەرسلىك
قىلىنغان. مۇتالىئە ۋە تەپسىر، شەرھىيلەر ئۇيغۇر تىلىدا ئېلىپ
بېرىلغان.1953-1954 يىلىدىن باشلاپ دىيارىمىزدا پوتونلەي حاغاتاي ئۇيغۇر
يېزىقىدىن ۋاز كېچىش بىلەن هازىرقي ئۇيغۇر يېزىقىدا كىتابلار، عىزىت- ۋۇرناللار
نەشردىن حىقىشقا باشلىدى. ئۇيغۇر تىلى- جۇڭگودىكى بەش حوڭ مىللەتنىڭ
بىرىنىڭ تىلى بولۇش سوپىتى بىلەن، خەلق پۇلىغا ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ سورىتى
بىلەن يېزىقىنى بېسىش ئىمتىيازىغا ئېرشىتى.

(3) پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر (كىتابلار):

تۈركىي تىل بىلەن پارس تىلى ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان، بىر- بىرىعە
ياندا‌ش بولۇپ، غەربىي ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكومران تىللار ئىدى. بۇ ئىككى
تىل قەدىمكى زاماندا ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر- بىرىنىڭ ئورنىنى ئىعىلەپ ،
نۆۋەتلىشىپ ئىستىمال قىلىنىپ كەلعەن. ئۇيغۇرلارنىڭ بولۇپمۇ باشقا تۈركىي
تىللىق خەلقىنىڭ پارس تىلىدا يازغان تارىخىي ئەسەرلەرنىڭ يىل دەۋرى ناھايىتى
بۇرۇن بولۇپلا قالماستىن بەلكى سانىمۇ ئەڭ كۆپ. قەدىمكى يازما ھۆججەتلەردىن،
مىلادىيە 581- يىلى تاشقا ئويۇپ تىكلەنعەن «بۇغۇت مەڭعۇ تېشى» ۋە مىلادىيە
808- 821- يىللاردىكى ئۇيغۇر خاقانى «توققۇز ئۇيغۇر ئاي تەڭرىدە قۇت
بولمىشى، ئالىپ بىلعە قاغان» نىڭ شەرىپىعە ئورنىتىلغان « توققۇز ئۇيغۇر قاغانى
مەڭعو تېشى» نىڭ بىر تەرىپى سوغدى يېزىقىدا يېزىلغان.(بۇ يەردە تىلغا
ئېلىنغان سوغدى تىلى دىعىنىمىز: ھىندى- ياۋروپا تىلى سىستېمىسى، ئىران
تىلى ئائىلىسىنىڭ شەرقى ئىران تىلى تارمىقىغا مەنسۇپ بولۇپ، پارس تىلى
بىلەن بىر ئائىلە تىلى. يەنى ئەينى حاغدا پارس تىلى بىلەن سوغدى تىلى
ئوتتۇرىسىدا پەرق حوڭ ئەمەس ئىدى).بىرىنحى تومى 1546- يىلى يېزىلغان«
تارىخىي رەشىدى» نى مىرزا ھەيدەر، «تارىخىي رەشىدى زەيلى» نى شاھ مەھمۇد
جوراس پارس تىلىدا يازغان. مۇھەممەد شەرىف ( 1470-1565)، «ئۇۋەيسىنامە»

www.uyghurkitap.com

نى ياركەندده پارس تىلىدا يېزىپ چىققان.

مۇھەممەد سادىق كاشغەرى (1725-185) «تەزكىرەئى خوجىجان» نى پارس تىلى بىلەن مىللادىيە 1770- يىلى كاشغەردە يېزىپ چىققان.

ئەلشىر نەۋائىي «رىسالەئى تىرەنداز»(ئوقيا ئېتىش رىسالىسى)، «مۇفرەداد» (رىسالەئى مۇئەمما) ناملىق كىتابلارنى پارس تىلى بىلەن يېزىش بىلەن بىرگە «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن» ناملىق ئەسەرنى يېزىپ، تۈركىي تىلى بىلەن پارس تىلىنى سېلىشتۇرۇپ، تۈرك تىلىنىڭ شۆھرىتىنى دۇنياغا نامايەن قىلغان.

ئوتتۇرپانلىق تارىخچى موللا خۇدابەردى خەلىپە 1877- يىلى «سىلىسىلەتۇز زەھەب» (ئالتۇن زەنجىلەر) ناملىق كىتابنى، زەلىلى (1676-1756)، ئەرشى (1685- 1756)، ئوۋمنام، موللا شاكىر، دانىش ھەنەفى، ئەھمەد زىيائى (1913-1989) قاتارلىق شائىر، يازغۇچىلار بەزى كىتابلارنى پارسچە يازغان ھەم كىتابەت قىلغان.

جەمال قارشى (1230- 1315)(ئەبۇئەل پازىل) بىننى مۇھەممەد مىلادىيە 1283- يىلى «سۇراھۇل لۇغات»نى، ياركەندلىك سۇلتان ئەلى 1520-1533- يىللىرى سۇلتان سەئىدخاننىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن «دەستەرۇل ئىلاج» (داۋالاش دەستۇرى)نى،خۇسراۋ دىھلىۋى ئۆز ئەسەرلىرىنى پارس تىلدا يېزىپ چىققان ھەم كىتاب قىلغان.

(4) ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر:

ئۇيغۇرلار بىلەن ئەرەبلەرنىڭ تارىخى ئالاقىسى ناھايىتى يىراق قەدىمكى زاماندىلا باشلانغان. ئىسلام دىنى ئۇمەۋىيە سۇلالىسى (661-750-يىللار ھۆكۈم سۈرگەن) دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىياغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. خەلىپە ۋەلىد (705-715 دەۋردە) سەركەردە قۇتەيبە مۇسلىم باشچىلىقىدىكى ئەرەب مۇسۇلمان قوشۇنلىرى ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىشغال قىلىش يۈرۈشىنى باشلاپ، كۆپ يىللىق جىددىي جەڭلەردىن كېيىن، مىلادىيە 712- يىلى بۇ ئىشنى مۇۋاپپەقىيەتلىك ئاخىرلاشتۇردى. شۇنىڭدىن باشلاپ فەرغانە، كاشغەر، تالاس- يەتتە سۇ بوستانلىقى ھەتتا بەشبالىقتا ئىسلام مۇخلىسلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىغان بولسىمۇ، سامانىلار سۇلالىسى (874- 999- يىللار ھۆكۈم سۈرگەن) ئارىسىدىكى كەسكىن ھەربىي زىددىيەتلەر تۈپەيلىدىن ئىسلام دىنى توققۇز ئوغۇز (ئۇيغۇر) قەبىللىرى ئارىسىدا قاتتىق تەقىپ قىلىندى. پەقەت سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان (894-955) كاشغەردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنلا، ئىسلامىيەت ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىشقا باشلىدى.

قارخانىيلار خانلىقىنىڭ سامانىيلار سۇلالىسىنى مۇنقەرز قىلىپ، ماۋارا ئۈننەھر رايونىدا ئىلىكخانىلار سۇلاسىنى بەرپا قىلىپ، 300 يىل ئەتراپىدا ھۆكۈم سۈرۈشى- تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەرەب خەلىپىلىكىدە تۇتقان ئورنىنىڭ بارغانسېرى ئۆرلەپ بېرىشىغا ئەگىشىپ،ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي تىللىق خەلقلەر ياشىغان جايلاردا، ئۇيغۇر تۈركىي شەكلىدىكى ئىسلام مەدەنىيىتى ئالامەتلىرى شەكىللەندى. بۇھال ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنى ئىسلامىيەت شەكلىدە يەنىمۇ راۋاجلىنىشقا ۋە دۇنياغا يۈزلىنىشكە ئېلىپ كەلدى. ئىسلامىيەت مەدەنىيىتى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى بېيىتتى. ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىمۇ باشقا ئىسلام ئەللىرى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسىتىپ ئۇنى بېيىتتى.

بۇ دەۋردىكى ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلىرىدىن مۇھەممەد خارەزمىنىڭ ( 780-850)نىڭ «مۇختەسەر سىندى- ھىندى» (ھىندى رەقەملىرىنىڭ قىسقارتىلغان كىتابى)، «ئەلجەبىر ۋە مۇقەبەلەر» (تەكلىمە ۋە ئەسلىگە قايتۇرۇش كىتابى- ئالغىبرا)، ئەبۇمۇھەممەد ناسىر فارابىينىڭ «ئىھساھۇل ئۇلۇم» (پەنلەرنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى)، «ئۇيۇنۇل مەسائىل» (مەسىللەرنىڭ نىگىزلىرى) قاتارلىق 160 پارچىدىن ئارتۇق كىتاپ ۋە ئەسىرى ئەرەب تىلى بىلەن يېزىلغان ھەم كىتابەت قىلىنغان.

ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف كاشغەرى (مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ئۇستازى) 200 پارچىدىن ئارتۇق كىتاب يازغان بولۇپ، بۇنى ئەرەب تىلى ۋە تۈرك ئۇيغۇر تىلى بىلەن يازغان ھەم كىتابەت قىلغان.

مەھمۇد كاشغەرى ( 1020-1117) «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»ناملىق كىتابىدا تۈركىي سۆزلەرنى ئەرەبچە ئىزاھلىغان ھەم كىتابەت قىلغان.

(5) ھاغاتاي ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان ئەسەرلەر:

17-18- ئەسىرلەردە مۇگغۇللارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ داۋام ئېتىشى بىلەن قەدىمقى ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا ئەرەب، پارس تىللىرىنىڭ سۆزلۈك جەھەتتىن تەسىر كۆرسىتىشى ئارقىلىق «ھاغاتاي ئۇيغۇر تىلى»شەكىللەنگەن ۋە بۇ تىل 20- ئەسىرنىڭ 60- يىللىرىغىچە ئىشلىتىلگەن. بۇ تىلنى ئۇيغۇرلاردىن باشقا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي تىللىق خەلقلەرمۇ قوللانغان. «ھاغاتاي تىلى»- «تۈركىي تۈرك تىلى»، «كاشغەر تۈركچىسى»، «ئۇيغۇر ئىبارىتى» دېگەن ناملار بىلەنمۇ ئاتالغان. زامانىمىز ئالىملىرى ئۇنى «ھاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دەپ ئاتاشماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ تىل ئارقىلىق ئەلىشىر نەۋائىي «نەفىسە»، «چاھار دىۋان» قاتارلىق 100 مىڭ مىسراغا يېقىن شېئىرىي ئەسەر ۋە كىتاپنى يازغان.مۇھەممەد خارەزىمي «مۇھەببەتنامە»نى، لۇتفىي، سەككاكى، ئۇمنام، زەلىلي، نەزارى، موللا بىلال قاتارلىقلار كىتاب پۈتۈپ ئىجادىيەت قىلغان.
ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنياغا مەشھۇر « 12 مۇقامى»مۇ چاغاتاي ئۇيغۇر تىلي بىلەن پۈتۈلگەن. دېمەك: ئۇيغۇرلاردا بۇنىڭدىن 1300 يىل بۇرۇن يازما ئەدەبىياتنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئەعشىپ كىتابەتچىلىككمۇ بارلىققا كەلگەن.
دېمەك، ئۇيغۇر قەدىمكي ئەسەرلىري ئىچىدە،ساك، سانسىكرت، توخري تىللىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەر، خەنزۇتىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر، ئەرەب تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر، پارس تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر،موڭغۇل تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر، ئوردو تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر، ھىندى تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر ، ئەزەربەيجان، توركىيە تورك تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلەر خىلي زور سالماقنى ئىگەللەيدۇ.
ئىسلام دىنىنىڭ تەرغىبات ئېھتىياجي ئوچون، ئەرەب، پارس يېزىقلىرىني، تىللىرىني پىششىق بىلدىغان يازغۇچى، شائىر، ئالىم، پەيلاسوپلار، مۇتەپەككۇرلار كۆپلەپ مەيدانغا كېلىپ، يوسوپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك»،داموللا ئابدۇقادىر ىبننيي ئابدۇۋارىس كاشغەري، ھوسەيىنخان تەجەللي، ئەھمەد شاھ قاراقاشي قاتارلىق مەشھۇر ئالىم، مۇتەپەككۇرلارنىڭ بىر قاتار نادىر ئەسەلىري مەيدانغا كەلدي.

# 3-باب ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسى

## 1. ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئىشلىتىلگەن قەغەز ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇلى

قەدىمكى ئۇيغۇرلار — كىتابەتچىلىكنىڭ موھىم ئاساسىي بولغان قەغەزنى ئۆزىنىڭ ئەقىل — پاراستىگە تايىنىپ ئىجاد قىلىپ ياساپ، ئىشلەپچىقىرىپ، يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا ئىشلەتكەن. چۈنكى بۇ يىراق دەۋرلەردە قاتناش قۇلايسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز دىيارىدا چىقىدىغان قەغەزنىڭ ماتېرىيالىنى تاللىۋېلىپ، ئۇنى ماھىرلىق بىلەن پىششىقلاپ ئىشلەپ، سۈپەتلىك ھەرخىل نۇسخىدىكى قەغەزلەرنى ئىشلەپچىقىرىپ، ئۇنى قوشنا دۆلەتلەرگە كېڭەيتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى ئىلگىرىلىتىش رولىنى ئوينىغان.

قەغەز - ئېلىمىز ئەمگەكچى خەلقىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىدىن بىرى. ھازىرغىچە ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىلىرىگە ئاساسلانغاندا، دۇنيادا قەغەز ئەڭ بۇرۇن جۇڭگونىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى، خېشى كارىدورىدىكى قەدىمكى دەشت ئاتا ۋە دىيارىمىزنىڭ تارىم ۋادىسىدا ئىشلىتىلگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

1933- يىلى جۇڭگونىڭ ئاتاقلىق ئارخېئولوگى خۇاڭ ۋېنبىي ( 1893-1966) تارىم ۋادىسىدا ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋېتىپ، باشقا يادىكارلىقلار بىلەن بىللە بىر قانچە پارچە قەغەز ئەۋرىشكىسىنى تېپىۋالغان. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 10 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 100 سانتىمېتىر كېلىدۇ[1] «تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ئۇ ئاز دېگەندە مىلادىدىن بۇرۇنقى 46- يىلىدىن ئىلگىرىكى قەغەز بولۇپ، «سەيلۇن بېگىمنىڭ قەغىزى» ( 蔡候纸) دىن 150 يىل ئىلگىرى» كى قەغەز ھېسابلىنىدۇ.[2]

ئېلىمىزنىڭ خەنزۇچە ھۆججەتلىرىدە شەرقىي خەن دەۋرىدە (مىلادى 25-220- يىللار) سەيلۇن ( 蔡伦) دېگەن كىشىنىڭ قەغەزنى دەسلەپ ئىجاد قىلغانلىقى ھەققىدە خاتىرىلەر قالدۇرۇلغان. مۇشۇ خاتىرىگە ئاساسلانغاندا، لوپنۇر رايونىدىكى قەغەز مىلادىدىن بىر ئەسىر ئىلگىرىكى دەۋرگە مەنسۇپ قەغەز ھېسابلىنىدۇ.

لوپنۇر قەغىزى چېگىدىن ياسالغان بولۇپ، سىپتىلىق دەرىجىسى خېلى يۇقىرى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يۈزىدە چېگە قوۋزاقلىرى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

[1] خۇاڭ ۋېنبىي: «لوپنوردىكى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشتىن خاتىرە»، (تارىخ ئارخېئولوگىيە ماقالىلار توپلىمى) مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنەشرىياتى 1989- يىلى نەشرى.
[2] جاڭ ۋېنلىڭ: «مەملىكىتىمىزنىڭ قەغەز ياساشچىلىقىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى»، «ھۆججەتلەر مەجمۇئەسى»، 20- توپلام، كىتابلاپ كاتولوگى ۋە ھۆججەتلەر نەشرىياتى 1985- يىلى، بېيجىڭ.

1949- يىلدىن كېيىن، خوتەننىڭ نىيە ناھىيىسىدىن مىلادى 25-220- يىللار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ بولغان قەدىمكى قەبرىدىنمۇ بىر پارچە قەغەز چىققان. بۇ بىر پارچە كىچىك قەغەز بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى تەخمىنەن ئۈچ سانتىمېتىر كېلىدۇ. قەغەزنىڭ ئۈستىدە قارا رەڭ بولۇپ، ئۇنىڭغا قارا سىياھ سۈرتۈلگەندەك بىلىنىدۇ. [1] دىيارىمىزنىڭ نىيە، لوپنۇر، قەدىمكى ئۇدۇن، كۆسەن، ئاگنىي، تۇرپان قاتارلىق جايلاردىكى خارابە ۋە قەدىمكى قەبرىلەردىن مىلادى 1- ئەسىردىن 15- ئەسىرگىچە بولغان دەۋرلەرگە مەنسۇپ ھەرخىل نىسبەتتىكى قەغەز ئەۋرىشكىلىرى تېپىلغان، ھەتتا تۇرپاندىكى مىلادى 265-907- يىللارغا تەئەللۇق قەدىمكى قەبرىلەردىن قەغەزلەرگە يېزىلغان 1000 پارچىدىن ئارتۇق خەت- چەك، ۋەسىقىلەر تېپىلغان.

1901- يىلى «ستەيىن خوتەن دەرياسىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان مازار تېغىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسىدىن قەغەز سودىسى ھەققىدىكى ئەھۋاللار يېزىلغان بىر ھېسابات دەپتىرىنى تېپىۋالغان». « 60 تىيىنغا بىر تاختا قەغەز سېتىۋېلىندى»، « 120 تىيىنغا ئىككى تاختا قەغەز سېتىۋېلىندى»، « 100 تىيىنغا ئىككى تاختا قەغەز سېتىۋېلىندى»، « 100 تىيىنغا ئىككى تاختا سۈت قەغەز سېتىۋېلىندى» [2] ۋەھاكازالار. بۇ خاتىرىلەردىن قەدىمكى دىيارىمىزدا قەغەزنىڭ ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلگەنلىكىنى، باھاسىنىڭمۇ خېلى ئەرزان بولغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ئەمما ئەينى زاماندىكى قاتناش ئىشلىرىنىڭ قىيىنلىقىنى نەزەردە تۇتقاندا، بۇ قەغەزلەرنى شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە ئىشلەپچىقارغان، دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ» [3]

1972- يىلى تۇرپاندىكى ئاستانە قەدىمكى قەبرىستانلىقىدىن قېزىلغان 167- نومۇرلۇق قەبرىدىن «قەغەزچىلىك بېگى ئەرزنى سوراپ، تۇرمىدىن ئۇنى قەغەزچىلىك كارخانىسىدا ئىشلەشكە بۇيرىدى» [4] دەپ قارا سىياھ بىلەن خەنزۇچە يېزىلغان بىر كەمتۈك ھۆججەتنىڭ چىققانلىقى ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر قەغەزچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىنى قىممەتلىك يازما خاتىرىلەر بىلەن تەمىن ئەتتى. يەنە شۇ قەبرىدىن مىلادى 618-907- يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ كىمخاپ، شايى قاتارلىق يىپەك توقۇلمىلىرى ھەمدە «مېيىسشىن رەختى» (梅思慎布) دېگەن خەنزۇچە تۆت خەت يېزىلغان مىلادى 618-907- يىلىغا مەنسۇپ ئالۋاڭ- سېلىق رەختلىرى چىققان، بۇ قەبرە مىلادى 618-907- يىلىغا مەنسۇپ قەبرە بولۇپ، بۇ ھۆججەت ئاشۇ دەۋردە ۋە ھازىرقى دەۋردە ئېغىر سانائەت ھېسابلىنىپ، سالامەتلىككە ئېغىر زىيان سالىدىغان قەغەز ياساش ئەمگىكى ئۈچۈن تۈرمىدىكى بەزى مەھبۇسلارنىڭ قەغەزچىلىك كارخانىلىرىدا مەجبۇرىي ئەمگەككە

[1] خۇ شۇنيىڭ: «يەرئاستىدىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىدىن شىنجاڭنىڭ قەدىمكى پەن- تېخنىكىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1982- يىلى 6- سان، 4- بەت. (ژورنالنىڭ قوشۇمچىسى)
[2] شۆي بەيفۇ: «قەدىمكى دەۋردە قەغەزچىلىك ۋە مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىشى» «شىنجاڭ ئەدەبىياتى»، 1964- يىلى 3- سان، 87- بەت.
[3] خۇ شۇنيىڭنىڭ يۇقۇرىقى ماقالىسىگە قاراڭ.
[4] ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1990- يىلى نەشرى 452- بەت.

سېلىنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. «قەغەزچىلىك كارخانىسى» ھەققىدە يېزىلغان

هۆججەتلەرنىڭ تېپىلىشى شىنجاڭدىكى قەغەزچىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا قىممەتلىك تارىخىي ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەش بىلەن بىرگە، ئۇ ئەڭ كېيىن ھېسابلانغاندىمۇ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىلا تۇرپاندا قەغەز ئىشلەپچىقىرىلىدىغان قول سانائەت كارخانىلىرىنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.[1]

ئۇيغۇرلاردا قەغەزچىلىك تارىخىنىڭ قاچاندىن باشلانغانلىقى ھەققىدە يازما خاتىرىلەر بولمىسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدا بايان قىلىنغان قەغەز ئەۋرىشكىلىرى ۋە ھەرخىل قەغەزلەرگە پۈتۈلگەن قىممەتلىك خەت- چەك، ۋەسىقىلەر دىن، قورغاردا خېلى قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا قەغەزچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلغانلىقىنى ۋە قەغەزنىڭ كەڭ دائىرىدە ئىشلىتىلگەنلىكىنى، قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئۆزى ئىشلەپچىقارغان قەغەزنى ئۆزى ئىشلىتىش بىلەن بىرگە، قوشنا ئەللەرگە ئېكسپورت قىلغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

دىيارىمىزدىن تېپىلغان قەغەزلەرگە قەدىمدە بۇ دىياردا ياشىغان يەرلىك مىللەتلەر ئىشلەتكەن ھەرخىل يېزىقلاردا يېزىلغان خەت- پۈتۈكلەر پۈتۈلگەن. مەسىلەن: قەدىمكى تۈرك يېزىقى، قۇچۇ يېزىقى، سوغدى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى، مانى يېزىقى، تۇخار يېزىقى، سانسكرت يېزىقى، ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى خاقانىيە يېزىقى ۋە چاغاتاي (ئۇيغۇر) يېزىقى قاتارلىقلار. مانا بۇ ھۆججەت-ئالاقىلاردا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزى ئىجاد قىلغان قەغەز ئارقىلىق كىتاب ۋە ھۆججەت-ئالاقە پۈتكەن.

قەغەزلەرگە يېزىلغان خەت- چەكلەرنىڭ مەزمۇنى ھەرخىل بولۇپ، ئىچىدە ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر، ھەربىي تەمىنات، ھېسابات دەپتەرلىرى، بوز يەر ئېچىشقا دائىر ئالاقە خەت- چەكلەر، پالنامە، تەقۋىمچىلىك، ئەمچىلىك، دورىگەرلىك، مانى ۋە بۇددا دىنىغا ئائىت نوملار، تەرجىمە ئەسەرلەر، ئەدەبىي، خەتتاتلىق ئەسەرلىرى ۋە باشقىلار بار. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش نەتىجىلىرىگە قارىغاندا، قەغەزنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى ئىككى خىلدىن تەركىب تاپقان: بىرى، كەندىر ۋە ئاق كەندىر تالالىرى، يەنە بىرى، چۇ دەرىخى ۋە ئۈجمە قوۋزاقلىرى تالالىرىدىن ئىبارەت. بەزى قەغەزلەر يەنە باشقا خام ئەشيالار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن. مەسىلەن: 1901- يىلى ئاۋرېل ستەيىن لوپنۇردىن تاپقان مىلادى 220-، 420- يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ قەغەز پارچىلىرىنى 1910- يىلى ۋېنادىكى بوتانىك فىزىئولوگ پروف. ۋېسنېرنىڭ ئانالىز قىلىشىچە، بۇ قەغەزلەرنىڭ ئۈجمە قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەنلىكى مەلۇم بولغان. تۇرپان رايونىدىن مىلادى 265-420- يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ قەبرىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە قەغەز كەش، ئادەمگە تەقلىد قىلىپ قىيىلغان قەغەز تېپىلغان بولۇپ،

[1] ۋۇشۈنيىڭنىڭ يۇقۇرىقى ماقالىسىگە قاراڭ.

شاڭخەي شەھەرلىك قەغەز تەتقىق قىلىش ئورنىنىڭ خىمىيۋىلىك ئۇسۇلدا ئانالىز قىلىپ

كۆرىشچە، ئۇيغۇر ئېلىدىن تېپىلغان قەغەزلەرنىڭ بىر قىسمى پاختىدىن، كۆپ قىسمى كەندىردىن ياسالغانلىقى مەلۇم بولغان. كەندىر تېپىدىكى تالالاردىن ۋە تاشلاندۇق توقۇلمىلاردىن پايدىلانغان قەغەز ئەۋرىشكىلىرىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق دىيارىمىزدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى قەغەزلەرنىڭ ئىشقارلىق قەغەز بوتقىسى خۇسۇسىيىگە ئىگە ئىكەنلىكى، ئۇنىڭدا پىچاقتا كېسىلگەن ئىزلارنىڭ بارلىقى ھەمدە زىچلىق دەرىجىسىنىڭ خېلى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇ. بۇ قەغەز خام ئەشياسىنىڭ پىچاق بىلەن توغرىلىدىغانلىقى، شولتا سۈيۈقلۇقى بىلەن قايىنتىلىدىغانلىقى ۋە سوغىدا تولۇق سوقىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.[2]

قەغەز ياساش تېخنىكىسىدىن قارىغاندا، قورغاردىن تېپىلغان مىلادى 265-909- يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ قەدىمكى قەغەزلەر ئىككى خىل بولۇپ، بىرى رەخت يوللۇق قەغەز، يەنە بىر چىغ يوللۇق قەغەزدىن ئىبارەت.[3]

دىيارىمىزدىن تېپىلغان قەدىمكى قەغەزلەرنىڭ كۆپ قىسمى دىيارىمىزدا ئىشلەنگەن، ئاز قىسمى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن كەلتۈرۈلگەن. دىيارىمىزدىكى يەرلىك ئۇستىلار قەغەزنىڭ خام ئەشياسىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل- پاراستى ئارقىلىق كۈچلۈك يەرلىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە قەغەزلەرنى ياساپ چىققان. تەتقىقاتچىلار «تارىم ئويمانلىقىدا ئۈچمە- كەندىر ئۆستۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، قەغەز ياسايدىغان خام ئەشيا بار ئىدى... شەرقىي خەن دەۋرىگىچە (مىلادى 25-220- يىلغىچە) تارىم ئويمانلىقىدىكى ئادەملەر قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنى ئىگەللەشكە باشلىغان»[4] دېسە، يەنە بەزى ماتېرىياللاردا، مەسىلەن: «شەرق ھەقىقىتى» ژورنىلىنىڭ 1950- يىلى 4- سانىدا «ئۇيغۇرلار مىلادىدىن خېلى ئىلگىرىلا قارا خوجا بىلەن قەشقەردە پاختىدىن قەغەز كەشىپ قىلغان» دېيىلگەن.

دىيارىمىزدا يەرلىك كىشىلەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسى جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقىنى ئۆزلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، قەدىمكى چاغلاردىلا قەغەز ياساش تېخنىكىسى ساھەسىدە يېڭى سەۋىيە ياراتقان.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار قەغەزچىلىك ساھەسىدە بىر يۈرۈش ئۇسۇل- چارىگە ئىگە ئىدى. ئۇلار «كاناپ ياكى ئات قىلى، مەشۈت، چىگە قاتارلىق قىل يىپلاردىن تور توقۇپ، ئۇنى تۆت چاسا

[1] پەن خىشىك: «شىنجاڭدىن قېزىۋېلىنغان قەدىمكى قەغەزلەر ئۈستىدە تەتقىقات»، مەدەنىيەت يادىكارلىقلار ژورنىلى، خەنزۇچە، 1973- يىلى 10- سان.

[2] ئىمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە» 452- بەت.

[3] ئابلىز مۇھەممەد سايرامى: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەتبەئەچىلىكى توغرىسىدا»، («ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى»، 1988- يىلى 29- ئىيۇن سانى)

[4] باچىياۋ قەغىزى: 1957- يىلى شىئەن شەھرىنىڭ باچىياۋ دېگەن يېرىدىن تېپىلغان قەغەز ئەۋرىشكىسى. ئۇ مىلادىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىردىكى غەربىي خەن دەۋرىگە تەئەللۇق بولۇپ، چىگىدىن ياسالغان.

كەرگۈچ ياغاچ جازىغا مەھكەم بېكىتىپ، قېلىپ ياساپ، قەغەز بوتقىسىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە

قويۇپ، سىيىنى ئېقىتىپ تۇگەتكەندىن كېيىن ھاسىل بولغان شىلىمشىمان پەردىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇش ئۇسۇلى بىلەن قەغەز ياسىغان»[1]

قەدىمكى دىيارىمىزدا قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى بارغانسىرى مۇكەممەللەشتۇرۇپ بارغان. مەسىلەن: ھەرقايسى جايلاردىن تېپىلغان قەغەز ئەۋرىشكىلىرىگە قارىغاندا، تالالىق خام ئەشيالارنى تاللاش ۋە ئىشلەش جەھەتتە غەربىي خەن دەۋرى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 206-205- يىللار)دىكىدىن ناھايىتى كۆپ يۈكسەلدۈرۈلگەن. ماي ماددىسىنى تازىلاش ئۇسۇلمۇ غەربىي خەن دەۋرىدىكىدىن ئىسلاھ قىلىنغان. ناياپ، (قەغەز سۈيۈقلۇقى)نىڭ سىپىتىمۇ غەربىي خەن دەۋرىدىكىدىن روشەن ھالدا ياخشىلانغان؛ تالالىرىنىڭ تەكشىلىكىمۇ ئىسلاھ قىلىنغان؛ چەككىلىنىش (تازىلىنىش) دەرىجىسىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن؛ ئۆسۈملۈك يىلىمى قوشۇلغان ياخشى سۈپەتلىك پەردە گۈللۈك قەغەز، شۇنىڭدەك ئاقارتىلغان قەغەز قاتارلىقلار بولۇپ، ئۇلار دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن قەغەز ھېسابلىنىدۇ. ئاندىن يەنە كىراخمال ۋە ھايۋان سۆڭەك يىلىمى قوشۇلغان رەڭلىك رەسىم قەغىزىمۇ بار. بۇنداق قەغەز دىنىي ئەقىدە مۇناسىۋىتى بىلەن ياكى كۈيدىن ساقلاش ئۈچۈن سىرىق بويالغان. شەرقىي جىن (مىلادى 317-420- يىللار) دەۋرىدىن تاڭ دەۋرى (مىلادى 618-907يىللار) نىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە بولغان تەخمىنەن 500 يىل ئىچىدە قەغەزچىلىك تېخنىكىسى ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان؛ مەھسۇلات سۈپىتى ۋە تېخنىكا جەھەتلەردە تېز يۈكسەلگەن. غەربىي خەن دەۋرىدىكى باچياۋ قەغىزىگە قارىغاندا، تېخنىكا جەھەتتىن ناھايىتى كۆپ دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن.

قەغەز قەدىمكى دەشت ئاتا، چەرچەن چارقىلىق ۋە خوتەن رايونىدىن دۇنياغا يەنى شەرققە، مەسىلەن: كورىيىگە 3- ئەسىردە، ياپونىيىگە ، فىلىپپىنگە 10- ئەسىردە قەغەز ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدىن تارقالغان بولسا، غەربكە، يەنى ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا، ئىران، ئەرەبىستان قاتارلىق ئەللەرگە ئېلىمىزنىڭ غەربىي يۇرت (قورغار) ئارقىلىق تارقالغان.

قەغەز كەشىپ قىلىنىشتىن ئىلگىرى، ئىنسانلار ھەرخىل ماددىي نەرسىلەرنى، مەسىلەن: تاشپاقا، قۇلۇلە قاپلىرى، تاش، ياغاچ، بامبۇك، مىس بويۇملار، رەخت، خىش، قۇمۇچ، قوي- كالا تېرىسى، قوي- كاللارنىڭ سۆڭىكى، ساپاللار، دەرەخ قوۋزىقى، دەرەخ يوپۇرمىقى قاتارلىق نەرسىلەرنى يېزىقچىلىق ئۈچۈن ئىشلەتكەن. (بەزىلىرىگە پىچاق، ئىسكىنىلەر بىلەن خەت، نەقىش- رەسىملەرنى ئويغان). بۇ نەرسىلەر يېزىقچىلىقتا ئاۋارىچىلىق ۋە قىيىنچىلىق تۇغدۇرۇش بىلەن بىللە ساقلاش ۋە تارقىتىشمۇ قولايسىز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىرى قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنى

---

[1] ئەمىن تۇرسۇن: «تارىمدىن تامچە»، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى 1990- يىلى نەشرى، 453- بەت.

كەشىپ قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىيات تارىخىغا ئىنتايىن مۇھىم تۆھپە

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com

قوشقان.

ئېلىمىز قەغەزلىرىنىڭ غەربكە يېتىپ بېرىشى- تارىخىي خاراكتېرلىك ۋەقە ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭمۇ تۆھپىسى بولغاندى.

تۇرپان ئاستانىدىكى 135- نومۇرلۇق قەبرىدىن سوغدى يېزىقىدىكى بىر پارچە ھۆججەت بىلەن بىللە مىلادى 628- يىلىغا مەنسۇپ خەنزۇچە يازما ھۆججەتمۇ تېپىلغان. تەتقىقاتچىلار بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇنى «سوغدى يېزىقنى ئىشلەتكەن ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنى ئەڭ ئاۋۋال غەربكە تارقاتقان ئەلچىلەردىن بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇرۇپ بېرىدۇ» دەپ قارىماقتا. دېمەك، مىلادى 5- ئەسىردە پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا رايونى قەغەزدىن پايدىلىنىشقا باشلىغان. ئەمما قەغەز ياساش تېخنىكىسى مىلادى 751- يىلىدىكى تاڭ سۇلالىسى قوشۇنلىرى بىلەن ئەرەب خەلىپىلىكى قوشۇنلىرى ئوتتۇرىسىدىكى جەڭلەردىن كېيىنكى زامانلاردا غەربكە تارقىلىشقا باشلىغان. 793- يىلى باغدادتا قەغەز ياساش زاۋۇتى قۇرۇلغان. 900- يىلى قاھىرەدە، 1100- يىلى ماراكەشنىڭ فىس شەھرىدە قەغەز ياساش كارخانىسى قۇرۇلغان. ياۋروپاغا 10- ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا تارقالغان. شۇنىڭدىن باشلاپ قەغەز دىيارىمىز ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا تېخىمۇ كەڭ تارقالغان.

## 2. خوتەن قەغىزىنىڭ تارىخى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇللىرى

دۆلىتىمىزنىڭ ئاتاغلىق ئارخېئولوگىيە ئالىمى خۋاڭ ۋېنبى 1933- يىلى تارىم ۋادىسىدىن باشقا يادىكارلىقلار بىلەن بىر پارچە قەغەز ئەۋرىشكىسىنى تېپىۋالغان. ئۇنىڭ بىر پارچىسىنىڭ ئۆلچىمى 100×40cm كېلىدىكەن، جاڭ ۋېنلىڭنىڭ: «ئېلىمىز قەغەز پۈتۈكچىلىكىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە تەرەققىياتى» دېگەن ماقالىسىدا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ قەغەزلەرنىڭ يىل دەۋرى ئاز دېگەندىمۇ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 40- يىللار دەۋرىگە تەئەللۇق ئىكەن.[1]

1959- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئارخېئولوگىيە خىزمەتچىلىرى نىيە خارابىسىدىن تاپقان نۇرغۇن يادىكارلىقلار ئىچىدە 43×2·9cm كېلىدىغان بىر پارچە قەغەزمۇ بار.

1999- يىلى ئۇزۇنتات خارابىسىدىن بىر دانە قاشتېشى سۈرگۈچ، بىر دانە قاشتېشى پالتا يېغىۋالغان بولۇپ، ھازىر خوتەن موزېيىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. قاشتېشى سۈرگۈچنىڭ ئاستى يۈزى ناھايىتى سىلىق ۋە پارقىراق بولۇپ، ئۇز ۋاقىتدا ناھايىتى كۆپ قەغەزلەرنى سىلىقلاشقا ئىشلىتىلگەنلىكى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. بۇلاردىن باشقا، مازارتاغ خارابىسىدىن قەغەز سودىسىغا ئائىت مەزمۇنلار پۈتۈلگەن ھېسابات دەپتىرى تېپىلغان. ستەيىن 1901- يىلى ۋە 1907- يىلى لوپنۇر ئەتراپىدىن بىر نەچچە پارچە قەغەز پارچىسنى، مازار تاغدىن 119 پارچە تىبەتچە ۋەسىقىنى

[1] ئابدۇللا سۇلايمان: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003- يىلى 8- ئاي 1- نەشرى، 1- بېسىلىشى 59- بەت.

تاپقان. بۇنىڭدىن 28 پارچىسى خوتەن قەغىزىگە يېزىلغان ئىكەن. 1910- يىلى بوتانىكا ئالىمى

ۋېنسېنىرنىڭ ئانالىز قىلىشى ئارقىلىق لوپنۇردىن تېپىلغان قەغەزنىڭ ئۈجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن ۋە كەندىرنىڭ تالاسىدىن ياسالغانلىقى مەلۇم بولغان.

ئازادلىقتىن كېيىن، ئارخېئولوگىيە ئالىملىرى شىنجاڭنىڭ نىيە، لوپنۇر، خوتەن، كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان ۋە قۇمۇل قاتارلىق جايلاردىكى شەھەر قەلئە- خارابىلىرى ۋە قەدىمكى قەبرە يادىكارلىقلىرىدىن، مىلادىيىنىڭ ئالدى- كەينىدىكى ۋاقىتلاردىن تاكى مىلادى 13- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتىكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق بولغان ھەرخىل نىسبەتتىكى قەغەز ئەۋرىشكىلىرىنى تاپتى. يالغۇز تۇرپاندىنلا تېپىلغىنى 1000 پارچىدىن ئاشىدۇ. تەتقىقاتچىلار «تارىم ئويمانلىقىدا ئۈجمە، كەندىر ئۆستۈرۈلگەنلىكى ئۈچۈن، قەغەز ياسايدىغان خام- ئەشيا بار ئىدى. شەرقىي خەن دەۋرىگىچە (مىلادىيە 25-220- يىلغىچە)، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار قەغەزچىلىك تېخنىكىسىنى ئىگەللىگەن دەپ قارالماقتا». خوتەننىڭ قەغەزچىلىكى توغرىسىدا جۇڭگونىڭ قەدىمكى يازما خاتىرىلىرىدە ئاز- تولا مەلۇماتلار يېزىپ قالدۇرۇلغان.

ياپونىيىلىك جۈي چيەندى بىلەن خۋاڭ ۋېنبى بىرلىشىپ يازغان «قەدىمكى ئۇدۇن بەگلىكىنىڭ پايتەختى توغرىسىدىكى تەتقىقاتلار» ناملىق ماقالىدە: «قەدىمكى ئۇدۇننىڭ قەغەزچىلىك ئىشلىرى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ستەيىن تاپقان تارشا پۈتۈكلەر ۋە قارۇشتۇچە خەت- چەكلەردىن قارىغاندا، ئۇدۇن خانلىقىنىڭ تارىخى مىلادى 5- ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. قەغەزچىلىك تارىخى مىلادى 3- ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ. ئۈجمە- خوتەننىڭ ئالاھىدە يەرلىك مىۋىلىك دەرىخى بولۇپ، تارىمدىن باشقا جايلاردا ئۈجمە دەرىخى مەۋجۇت بولغان ئەمەس » دەپ خاتىرلەنگەن.( «لىياڭ كىتابى» 54- توم). غەربىي رايون تەزكىرىسىدە «ئۇدۇنلۇقلار خەت يازغاندا ياغاچ قەلەم ئىشلىتىدۇ، قاشتېشىدا ھەرپ ئويۇپ، كىتاب باسىدۇ... كىشىلەر قوۋزاقتىن ياسالغان قەغەزگە خەت پۈتىدۇ. بۇ ھىندى قەدىمكى زامان ئۆرپ- ئادىتىدىنمۇ ياخشى تەركىب» دەپ يازغان.

1959- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ، جەنۇبى شىنجاڭ ئارخېئولوگىيە ئەتىرىتى بۇنىڭدىن 2000 يىللار بۇرۇن، تەكلىماكاندا قۇمغا كۆمۈلۈپ كەتكەن نىيە خارابىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، (مىلادىي 25-، 225- يىللار) ئارىلىقىدىكى دەۋرگە مەنسۇپ ( 1- نومۇرلۇق 59MNM001) قەبرىدىن، ئەر جەسىتىنى ئادالاش داۋامىدا، ئۇ كېيىگەن كىمخاپ تونىنىڭ ئىچىدىن قارا بويۇلۇپ كەتكەن، بىر تەرىپى تەخمىنەن 5 سانتىمېتىر كېلىدىغان پاراللېل تۆت بۇرجەكلىك بىر پارچە قەغەزنى تاپقان. بۇنىڭدىن باشقا، ئۇزۇن- قىسقىلىقى ۋە سۈپىتى ئوخشاش بولمىغان بىر تۈركۈم قەغەز بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى خەت- چەك، ۋەسىقىلەرمۇ تېپىلغان. بۇلارنىڭ يىل دەۋرىمۇ مىلادىدىن ئىلگىرى 2- ئەسىرگە توغرا كېلىدۇ.

خوتەن قەغەزچىلىكىنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى توغرىسىدا ھەرخىل قاراشلار بار. خوتەن قەغەزچىلىكى شەرقى جىن دەۋرىدىن، تاڭ سۇلالىسىنىڭ ئوتتۇرلىرىغىچە بولغان 500 يىل مابەينىدە، ناھايىتى زور دەرىجىدە راۋاجلانغان. مەھسۇلات سۈپىتى ۋە تېخنىكا جەھەتلەردە ئۇچقاندەك تېز

يۈكسەلگەن. خام- ئەشيالارنى تاللاش، مايسىزلاندۇرۇش ئۇسۇلى ئىسلاھ قىلىنىپ، ناياپ (قەغەز سۈيۈقلۇقى) نىڭ سۈپىتى روشەن ياخشىلانغان. قەغەزنىڭ تەكشىلىكى، سىلىقلىقى (ئاقلىق دەرىجىسى يۇقۇرى كۆتۈرۈلگەن. ئۆسۈملۈك يېلىمى قوشۇلغان ياخشى سۈپەتلىك پەردە گۈللۈك قەغەز، شۇنىڭدەك شىنجاڭدىن تېپىلغان ئەتىقە قەغەز، ئاقارتىلغان قەغەز بولۇپ، دۇنيا بويىچە مۇشۇ تۈردىكى ئەڭ بۇرۇن ئىشلەنگەن قەغەز ھېسابلىنىدۇ. يەنى، كىراخمال ۋە ھايۋان سۆڭىكى، يىلىمى قوشۇلغان رەڭلىك رەسىم قەغەزلىرىمۇ بولۇپ، بۇ خىل قەغەزلەر دىنىي ئەقىدە ياكى ياكى كۈيدىن ساقلاش ئۈچۈن سىرىق بويالغان. خوتەن قەغىزى بارلىققا كەلگەندىن تارتىپ يېقىنقى زامانلارغىچە، پۈتۈن ئوتتۇرا ئاسىيادا يۈكسەك شۆھرەت قازانغان. نۇرغۇن قىممەتلىك تارىخى مىراسلار، ئەدەبىي ئابىدىلەر، قولىيازمىلار خوتەن قەغىزىنىڭ ۋاستىسى بىلەن دەۋرىمىزگە يېتىپ كىلەلىگەن. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش كىرەككى، خوتەندىن تېپىلغان مىلادىدىن ئىلگىركى 3-، 2- ئەسىرگە تەئەللۇق دەپ ھېسابلىنىۋاتقان دۇنياغا مەشھۇر خوتەن قەغىزى تارىختا، ئۇيغۇرلار ياشىغان زېمىنلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، سودا ئېھتىياجى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئىجتىمائىي، سىياسىي زۆرۈرىيەت ۋەجىدىنمۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە، مىسىر، ئىران، كورىيە قاتارلىق دۆلەتلەر تارقالغان.

**خوتەن قەغىزىنى ياساش ئۇسۇللىرى:**

قەغەز ياساش تېخنىكىسى- ئۇيغۇرلارنىڭ قول- سانائىتىنىڭ سانائەتلەشكەنلىكىنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، خوتەن قەغىزى قەدىمىيلىك ۋە ئىزچىللىققا ئىگە. خەنزۇ تىلىدىكى تەرجىمىدە «خوتەن قەغىزى» دەپ ئاتىلىپ، ئىشلەپچىقارغان ئورۇن ۋە قەغەزنىڭ خام ئەشياسىنىڭ كېلىش مەنبەسىگە ئاساسەن ئاتالغان بولسىمۇ، قەدىمكى دەۋرلەردە قەشقەر، يەكەن، قاغىلىق، چەرچەن، چارقىلىق، لوپ، تۇرپان، قاراشەھەر قاتارلىق جايلاردىمۇ ئۈجمە دەرىخى كۆپ ئۆستۈرۈلگەنلىكى، كەندىر كۆپ تېرىلغانلىقى ئۈچۈن، خوتەن قەغىزى خوتەن، قەشقەر، يەكەن، كۇچا قاتارلىق جايلاردىمۇ ئىشلەپ چىقىرىلغان. قەغەز ئىشلەپچىقىرىشتا، ئۈجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقى، كەندىر ۋە ئاق كەندىر تالاسى ۋە باشقا خام ئەشيالار ئارىلاشتۇرۇلغان نەرسىلەردىن پايدىلانغان. مەسىلەن: 1901- يىلى ستەيىن لوپنۇردىن تاپقان (مىلادى 220-440- يىللار) ئارىلىقىدىكى دەۋرگە تەئەللۇق قەغەز پارچىلىرىنى، 1910- يىلى ۋىنادىكى بوتانىك، فىزئولوگ پىروف ۋىسنېرنىڭ ئانالىز قىلىشىچە، بۇ قەغەزلەرنىڭ ئۈجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقىدىن ئىشلەنگەنلىكى مەلۇم بولغان. تۇرپان رايونىدىن مىلادى 265-، 420- يىللار ئارىلىقىدىكى دەۋرلەرگە تەئەللۇق قەبرىدىن تېپىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئىچىدە، قەغەز كەش، ئادەمگە تەقلىد قىلىپ قىيىلغان قەغەز قىيما قاتارلىقلار بولۇپ، شاڭخەي شەھەرلىك قەغەز تەتقىق قىلىش ئورنىنىڭ خىمىيىۋىلىك ئۇسۇلدا تەھلىل قىلىپ كۆرسىتىشىچە، قورغاردىن تېپىلغان قەغەزلەرنىڭ بىر قىسمى پاختىدىن، كۆپ قىسمى كەندىر تالاسىدىن ياسالغانلىقى مەلۇم بولغان.

قەغەز ياساشتا ئاساسلىقى، ئۈجمە دەرىخىنىڭ ۋە كەندىر زىرائىتىنىڭ قوۋزاقلىرى (قوۋزاقنىڭ

ئاق قەۋتى)نى ئايرىپ چىقىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قازانغا سېلىپ قاينىتىپ، قوۋزاق قايناپ يۇمشىغاندىن كېيىن، قايناۋاتقان قازانغا توغرىغا سېلىپ، يەنە بىر ئاز قاينىتىپ، يەنە ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، قۇرۇغان قوۋزاقنى ياغاچ توقماق بىلەن سوقۇپ تالقان قىلىپ (بوتقىقا ئايلاندۇرۇپ)، ئۇنىڭغا مۇۋاپىق دەرىجىدە ئاشتۇزى قويۇپ، ئۇنى خام (ماتا) غا قويۇپ ياكى تۆكۈپ، پەكۇك بىلەن تەكشى ئارىلاشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، بۇ قەغەز بوتقىسىدىن بىر چۆمۈچ ئېلىپ، (مەلۇم نىسبەتتە) تېيىز سۇ كۆلچىكىگە قويۇلغان تورلۇق ياغاچ قېلىپقا تۆكۈپ، قەغەز بوتقىسىنى تەكشى، نېپىز يېيىتىلغىچە ئارىلاشتۇرۇپ، قەغەز بوتقىسى سەل قېتىغاندىن كېيىن، قېلىپنى كۆلچەكتىن ئېلىپ، ئاپتاپتا قۇرۇتۇپ، بوتقا قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، قېلىپتىن چىقىرىلسا، خوتەن قەغىزى ياسىلىپ چىققان بولىدۇ.

خوتەن قەغىزى- ئۇزۇنلۇقى بىر چى، ئالتە سۇڭ، كەڭلىكى بىر چى، تۆت سۇڭ قىلىپ ياسىلىپ چىقىدۇ.

خوتەن قەغىزى ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان خام ماتېرىياللار: ئۈجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقى ۋە كەندىر زىرائىتىنىڭ شېخىنىڭ قوۋزىقى (سوۋزاقنىڭ ئاق قەۋتى)، ئۈجمە دەرىخىنىڭ قوۋزىقىنى قاينىتىغان چۆيۈن قازان (قۇم قازان)، قوۋزاق ئىزىدىغان كەڭ تاش ۋە ياغاچ توقماق، قەغەز بوتقىسىنى ئالىدىغان ياغاچتىن ياسالغان تەلەڭگە، ياغاچتىن ياسالغان ئاياق (قاچا، چۆچەك)، قەغەز بوتقىسىنى ئېلىندۇرىدىغان ئەگلەكتەك قېلىنلىقتىكى جازا ۋە يېتەرلىك كۆن نۇرى كېتىدۇ.

خوتەن قەغىزى- كىتاب يېزىش ۋە ئوراشقا ئىشلىتىلگەندىن باشقا، مىللىي تىبابەتتە كۆيۈكنى داۋالاش رولىنى ئويناپ كەلگەن. خوتەن قەغىزىنىڭ هاۋا ئۆتكۈزۈشچانلىقى، نەم سۈمۈرۈشچانلىقى كۈچلۈك بولۇپ، ئاسانلىقچە چىرىپ كەتمەيدۇ، كېسىلىپ كەتمەيدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلا قەغەز كەشىپ قىلىنىشتىن نۇرغۇن يىللارنىلگىرى، ئىش ۋەقەلەرنى ئاغامچىغا تۈگۈپ، توقماق ئۇرۇپ، دەل- دەرەخلەرگە بەلگە سېلىش ئارقىلىق خاتىرىلىگەن. كېيىنچە، هايۋانلارنىڭ تىرناق، سۆڭەكلىرىگە خەت ئويۇپ خاتىرىلىگەن، بۇنى «سۆڭەك تاغاق يېزىقى» دەپ ئاتىغان. مىس ئىشلەپچىقىرىلغاندىن كېيىن، مىستىن ياسالغان بويۇملارغا دەرەخنىڭ قوۋزاقلىرىغا خەت ئويۇپ، يېزىقنى خاتىرىلىگەن. كېيىن «ياغاچ يېزىقى» نى ئىلمىي توقۇلما رەخلەرگە، تاش ئۇيمىلارغا خەت يېزىپ تارىخنى خاتىرىلىگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار قەغەزنى ئىجاد قىلغاندىن كېيىن، مەدەنىيەت تارقىتىش ساھەسىدە ئالاھىدە رول ئوينىغان.

غەربىي رايوندىن قېزىۋېلىنغان كىتابلار، ۋەسىقىلەر، هۆججەتلەر ئاساسەن قەغەزگە يېزىلغان. هازىرغىچە ساقلانغان شۇ ماتېرىياللارنىڭ قەغەز سۈپىتى ئۆزگەرمەپ، سارغىيىپ كەتكەن. لېكىن، ئۇلاردىكى مەتبەئەدىن چىققانلىرى يەنىلا ئاپئاق تۇرماقتا. يازما ماتېرىياللارنىڭ قەغىزىنىڭ ئۈستىگە بىر قەۋەت نېپىز شىلىمشىق نەرسە ياكى ئاق پاراشوكسىمان ماددا سۈركىلىپ، پارقىرىتىلغان بولغاچقا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئىش مەشغۇلاتىنى ئېنىق بايقىۋالغىلى بولىدۇ. باشقا ماتېرىياللاردا بولسا، بۇ خىل ئۇسۇل قوللىنىلمىغان. ئۈچىنچى بىر خىل ماتېرىياللاردا بولسا، قولىيازمىلارغا قوپالراق ئىشلەپچىقىرىلغان خوتەن قەغىزى ئىشلىتىلگەن. مىلادى 751- يىلى تالاستا (ھازىرقى قىرغىزىستاندا) تاڭ سۇلالىسى بىلەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى (تاڭ سۇلالىسى ئارمىيىسى ئىچىدە، قورغاردىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى ئۇيغۇر مەشقاۋۇللىرىمۇ بار ئىدى)، ئەرەب ۋە تىبەتلەرنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنغاندىن كېيىن، ئەسىرگە چۈشكەن ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى ئەسكەرلىرى ۋە قورغاردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر مەشقاۋۇللىرى ئارىسىدا قەغەز ياساش ئۇستىلىرى بار بولغاچقا، بۇ ئۇستىلار قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى ئالدى بىلەن ئەرەبلەرگە ئۆگەتكەن. ئەرەبلەر بولسا، غەربلىكلەرگە ئۆگەتكەن. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەزچىلىك تېخنىكىسى ئەرەب مەدەنىيەت تارىخىدا موھىم رول ئويناپ، مىسىرنىڭ سامان قەغىزى ۋە تېرە قەغىزىنى تارىخ سەھنىسىدىن چېكىندۈرۈپ، ياۋروپادىكى جوڭگودىكى ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسى بىلەن ئىشلەنگەن مەھسۇلاتلار ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگەللىگەن. قىسقىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەغەز ياساش تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشى ــ ياۋروپا ئەدەبىيات ــ سەنئىتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن يول ئېچىپ بەرگەن.

## 3. قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ خەت يېزىش قوراللىرى

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ يازما شەكلىدىكى رەسمى، يازما يادىكارلىقلىرىنىڭ كۆپ قىسمى، ئوتتۇرىدىن ئاجرىتىلىپ ياسالغان قومۇش قەلەم ياكى ياغاچ قەلەملەردە يېزىلاتتى، قىسمەن غەيرى رەسمى يادىكارلىقلار ۋە تام رەسىملىرىنىڭ ئۈستىدىكى بېغىشلىمىلارنى يازغاندا، موي قەلىمى ئىشلىتەتتى. ئالدىنقىسى «Qalam» يەنى پارس تىلىدىكى «Qalam» ، سانسكرىت تىلىدىكى «Kalama»، گىرىك تىلىدىكى «Kalamus» دېگەن ئاتالغۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. موي قەلەم بولسا «pir» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ خەنزۇ تىلىدىكى «笔»، «pi» «piet»خېتىنىڭ يەرلىك شۋىسىدىكى تەلەپپۇز قىلىنىشىدۇر.

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ پېئىل شەكلىدە«Biti» «يازماق»، «پۈتمەك» دېگەن سۆز ئوخشاش بىر خەتنىڭ ئوخشىمىغان جاي ياكى دەۋردىكى تەلەپپۇز قىلىنىشى بولۇپ، «pit» ياكى «Bit» دېگەن ئاتالغۇلاردىن كەلگەن.[1]

قەدىمكى ئۇيغۇرلار يازما ماتېرىياللارنى بىردەك كەسكەن قەلەم (قومۇش قەلەم ياكى ياغاچ قەلەم) بىلەن پۈتكەن. قىسمەن يازما ماتېرىياللار ۋە تام رەسىم بېغىشلىمىلىرى موي قەلەم ۋە پەي

[1] ئەگىنىڭ شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى» ماقالە، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتوتى ئىلمىي ژورنىلى» خەنزۇچە 2005-يىلى 2-سان 22-بەت

قەلەم بىلەن يېزىلغان.

«غەربىي يۇرتنىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» دېگەن كىتابنىڭ 4- بابىدا: «قەدىمكى

ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇلار بىرلىككە كىلەلمىگەن چاغلاردىمۇ مەدەنىي بويۇم ۋە قەغەزلەرنى ئىشلەپ چىقىرالايتتى. ھايۋانلارنىڭ موي‍لىرىنى ۋە ئادەملەرنىڭ چېچىنى ماتېرىيال قىلىپ موي قەلەم ئىشلىتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا قومۇش، ياغاچ قەلەملەرنى يېزىش قورالى قىلاتتى. مىسنى ماتېرىيال قىلىپ ياسىغان قۇتىغا پاختا ۋە شۇ خىلدىكى يۇمشاق نەرسىلەرنى سېلىپ، ئۇستىگە سىياھ قۇيۇپ، قەلەم چېلاشقا ئىشلىتەتتى. بۇنى «دۇۋەت» دەپ ئاتايتتى. ئۇجمە دەرىخىنىڭ ياش نوتىلىرىنى ماتېرىيال قىلىپ قەغەز ياسايتتى. قەغەزنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، يۈزى پارقىراق بولۇپ، خۇددى گاۋلىگزى قەغىزىگە ئوخشاپ كېتەتتى» دېگەن بايانلار بېرىلگەن. مانا بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادى 5- ئەسىردىن بۇرۇنلا يېزىقچىلىق قوراللىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى خاتىرىلەپ ماڭغانلىقىنى كۆرىۋېلىشقا بولىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار قومۇش قەلەم ياكى ياغاچ قەلەمنى «قەلەم» دەپ ئاتىغان. «موي قەلەم»نى بولسا، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «پىر» (« pir») ياكى «پىئىت» دەپ ئاتىغان بولۇپ، بۇ بىر دەۋردىكى، بىر يەردىكى سۆزلەرنىڭ ئوخشاش بولمىغان تەلەپپۇز قىلىنىشىدىن كەلگەن. شۇنى بېلىش كېرەككى، قومۇش قەلەم، پەي قەلەم ۋە ياغاچ قەلەم بىلەن خەت يېزىش سەنئىتىنى غەربتىن كەلگەن دېسەك، تارىخقا ھۆرمەت قىلمىغانلىق بولىدۇ. تارىخى مەنبەلەرگە ئاساسلانغاندا ۋە ئەمىلىيەتكە قارىغاندا، يېقىنقى زامانغىچە ئۇيغۇرلار خەتتاتلىق، پۈتۈكچىلىك، كاتىپلىق ئىشلىرىدا ياغاچ قەلەم، پەي قەلەم بىلەن خەت يېزىپ كىتاب پۈتكەن. [1]

---

[1] ڭگىك شىمىن: «ئۇيغۇرلارنىڭ كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى» ماقالە، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتوتى ئىلمىي ژورنىلى» خەنزۇچە 2005-يىلى 2-سان 22-بەت

www.uyghurkitap.com

# 4-باب ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ، سىياھ ياساش تېخنىكىسى

## 1. ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئىشلىتىلگەن رەڭ - سىياھلار

قەدىمكى ئۇيغۇرلار يېزىقچىلىقتا، پۈتۈكچىلىكتە ۋە بېزەكچىلىكتە ئىشلىتىدىغان رەڭ – سىياھلارنى ئۆزىدە بار بولغان تەبىئىي رەڭ – سىياھ ماتېرىياللىرىدىن پايدىلىنىپ ياساپ ئىشلەپچىقىرىپ، بۇ ئارقىلىق كىتاب يېزىپ ۋە بېسىپ تۈپلەپ، ئۆزىنىڭ مىللىي قول سانائىتىنى يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتىغا تېگىشلىك تۆھپە قوشقان.

مەھمۇت قەشقەرى تۈركىي تىللار دىۋانىنىڭ 1- تومىدا «سىر» « Sir» (رەڭ) چىنىلىقلار رەڭ ئارقىلىق قاچىنى نەقىشلەپ، سىرلايدىغان بىر خىل يېلىملىق بوياق، سىرلىق ئاياق (قاچا) دەپ تىلغا ئالغان.

(1) 1976-1978- يىلى، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقى- ئارخېئولوگىيە تەتقىقات ئورنى تەگۈرىتاغنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى ئالغۇي جىلغىسىدا چاسا شەكىلدىكى تىك ئازگاللىق، ياغاچ قۇرۇلمىلىق قەبرىدىن 7 نى قېزىپ، M30,M23,M18نومۇرلۇق قەبرىلەردىن بىر تۈركۈم سىرلانغان قاچىلارنى بايقىغان. بويۇملار ئۆز ئىچىدە ئېغىر دەرىجىدە چىرىپ كەتكەچكە، كۆپىنچىسىنىڭ شەكلى ئېنىقسىز بولۇپ، بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر قەدەر ياخشى ساقلانغىنى M18 نومۇرلۇق قەبرىدىن تېپىلغان، دىئامېتىرى 16 سانتىمېتىر كېلىدىغان تاۋاق بولۇپ، تاۋاق قارا سىرلانغاندىن كېيىن، چۆرىسىگە قىزىل سىر ئارقىلىق تۆت يول سىزىق، تېگىگە بۇلۇت نۇسخىسى سىزىلغان. تەتقىق قىلىش ئارقىلىق مەلۇم بولىشىچە، سىرلانغان تاۋاققا سىزىلغان بۇ خىل گۈل- نۇسخا ئەمىنىيە دەۋرىدىن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 481-772- يىللار) خەن دەۋرىگىچە كەڭ تارقالغان نۇسخىلاردىن بىرى ئىكەن.

(2) 1996- يىلى 10-11- ئايلار مەزگىلىدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېي ئارخېئولوگىيە ئەترىتى، بايىنغۇلىن مۇڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىلىق مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنى باشقۇرۇش ئورنى بىلەن چەرچەن ناھىيىلىك مەدەنىيەت يادىكارلىقلارنى باشقۇرۇش ئورنى بىرلىكتە چەرچەن ناھىيىسى زاغۇنلۇق بىرىنچى نومۇرلۇق قەبرىستانلىقىدا قۇتقۇزۇش خاراكتېرلىك قېزىش ئېلىپ بېرىپ، جەمئىي 102 قەبرىنى قېزىپ تازىلىغان. بۇ قېتىملىق قېزىشتا نەپىس توقۇلغان يۇڭ- توقۇلما، ياغاچ، ساپال قاتارلىق بويۇملار تېپىلغاندىن سىرىت، يەنە سىرلانغان قاچىلارمۇ تېپىلغان، بۇلارنىڭ ئىچىدىكى M14F:36نومۇرلۇق قەبرىدىكى F14نومۇرلۇق بويۇم سىرلانغان ياغاچنىڭ قالدۇقى بولۇپ، كەسمە يۈزى ئېلىپپىس شەكىللىك. بۇ ياغاچنىڭ ئۈستىگە كەندىر بىلەن دەرەخ پوستى يۆگەلگەندىن كېيىن قارا سىرلانغان. ئۇنىڭ قالدۇق ئۇزۇنلۇقى 49.6 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا M73نومۇرلۇق قەبرىدىن ئۇزۇنلۇقى 47.6 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 29.3 سانتىمېتىر كېلىدىغان بىر پەتنۇس تېپىلغان، پەتنۇش ياغاچتىن ياسالغان بولۇپ، تېگى

قىزىل سىرلانغاندىن كېيىن، توق قىزىل، قارا ۋە سېرىق رەڭلىك سىر بىلەن ئۇچبۇرجەك نەقىش گۈل ۋە قۇش نۇسخىلىرى سىزىلغان. شەكلى ھازىر ئۇيغۇرلار تۇرمۇشتا كۆپ ئىشلىتىدىغان پەتنۇسقا ئوخشاپ كېتىدۇ. قىزىلۋىلىنغاندا، ئۈستىگە توقاچ، تولغۇما قۇيماق، پوشكال، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىق نەرسىلەر قويۇلغان. [1]

قەدىمكى ئۇيغۇرلار رەڭ، سىياھنى- تەبىئىي رەڭ، سىياھ ماتېرىياللىرى، ۋاستىچى رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى ۋە ياسالما رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرىدىن ئىبارەت ئۈچ تەركىبنى ئاساس قىلىپ ياسايدىغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا رەڭ، سىياھ بولسا، «ماك» ياكى «ماكا» دەپ ئاتالغان بولۇپ، بۇ خەنزۇچىدىكى سىياھنى ( 墨) (mo) دەپ ئاتىغان. ئادەتتە قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا خەت ياغاچ قەلەم، قۇمۇش قەلەم، پەي قەلەم بىلەن يېزىلىدىغان بولۇپ، دائىم يېزىلىدىغان خەتلەر سۇس قارا، قىزىل، جىگەررەڭ، تۇخۇم سىرىقى رەڭدە يېزىلغان. بۇ بەلكىم بەزى ۋاقىتلاردا رەڭ- سىياھ سۈپىتىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقتىن بولسا كېرەك. لېكىن، بۇددىزىم دەۋرىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا بۇددىزىم كىتابلىرى ئىچىدە، ئەۋلىيالارنىڭ نامى، بۇدساتۋالارنىڭ نامى قىزىل رەڭدە يېزىلغان بولسا، ئۇيغۇرلار مانى دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، مانى دىنىغا ئائىت يازما ماتېرىياللارنىڭ ۋە كىتابلارنىڭ رېڭى ھەرخىل بولغان ھەم كۆركەملەشكەن. 10- ئەسىردىن كېيىن كىتاب بولغان، بىر قىسىم كىتابلاردىكى، «ئاللاھ»نىڭ ئىسمى ۋە مۇھىم مەزمۇنلار قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلغان. رەڭ- سىياھ يېزىق ئۈچۈنلا ئىشلىتىلمەستىن، تۈرلۈك كىتاب بېزەكلىرى، بىناكارلىق قۇرۇلۇش بېزەكلىرى بوياق ماتېرىياللىرى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن. كىتاب بەتلىرىنىڭ قۇرلىرىنىڭ كەم دېگەندە ئۈچ ياكى تۆت قۇرى ئوخشىمىغان رەڭ- سىياھ بىلەن يېزىلغان كۆركەم نەمۇنىلەر، ئارخېئولوگىيىلىك تېپىلمىلار ۋە ساقلانمىلاردىن بايقىلىپ تۇرماقتا...

ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى «ماك»، «ماكا» دېگەن سۆز ئەرەبچە «سىياھ» قا ئۆزگىرىپ، ئەرەبچە ئاتىلىدىغان بولسىمۇ، ياسىلىش ئۇسۇلى، سىياھنى ئىشلەپچىقىرىش ھالقىلىرى ۋە ئۇنىڭ ماتېرىيالى ئۆزگىرىپ كەتمىگەن.

**2. رەڭ – سىياھ ماتېرىياللىرىنىڭ تۈرلىرى، خام ئاتېرىيالى ۋە ئۇنى ياساش ئۇسۇللىرى:**

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ- سىياھنى ياساش ئۇسۇللىرى:

قەدىمكى ئۇيغۇرلار قەدىمدىن تارتىپ، نەملىككە چىدامىلىق، ئۇزاققىچە ئۆڭمەيدىغان ۋە يىراق زامانلارغىچە تارالماسلىقتەك خۇسۇسىيەتكە ئىگە بولغان ھەرخىل رەڭ- سىياھنى ئۆزى ئىجاد قىلىپ، يېزىقچىلىق ئىشلىرىدا، بىناكارلىق بېزەكچىلىكىدە ۋە بوياقچىلىقتا ئىشلىتىپ

[1] مۇھەممەدئىمىن سابىر: «ئۇيغۇر قول- ھۈنەرۋەنچىلىكى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002- يىلى 10- ئاي. 1- نەشرى. 1- بېسىلىشى.

كەلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەتبۇئات، يېزىقچىلىق، بىناكارلىق، بېزەكچىلىك، بوياقچىلىق

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىشلىرىدا ئىشلىتىدىغان رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرىنى بىئولوگىيىلىك، خىمىيىلىك ئالاھىدىلىكى، رەڭ بېرىش، يېزىش، بېسىش ۋە سىرلاشتا ئوخشىمايدىغان، رولىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ: تەبىئىي رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى، ۋاستىچى رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى ۋە ياسالما رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى دەپ ئۈچ تۈرگە ئايرىغان.

**1) تەبىئىي رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى:**

تەبىئىي رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى تەبىئەتتىن بىۋاستە ئېلىنىدۇ. ئۇلارنى «ئاددىي رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى» دەپ ئاتاشقىمۇ بولىدۇ. تەبىئىي رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرىنى چىقىش مەنبەسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ: ئۆسۈملۈك رەڭ - سىياھ ماتېرىياللىرى ۋە مىنېرال رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

1) ئۆسۈملۈك خام ماتېرىيال قىلىنغان رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى

ئۆسۈملۈك خام ماتېرىيال قىلىنغان رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى ھەرخىل ئۆسۈملۈكلەردىن بىۋاستە ئېلىنىدۇ. يەنى، ئۆسۈملۈك چېچەكلىرى، مېۋىسى، ئۇرۇقى، مېۋە پوستى، يوپۇرمىقى، قوۋزىقى، پورى، يىلتىزى قاتارلىقلارنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار رەڭ- سىياھنىڭ خام ماتېرىيالى قىلىپ، رەڭ- سىياھ ئىشلەپ ئىشلىتىپ كەلگەن. ئۇلاردىن بىزگە مەلۇم بولغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

(1) ئوردان يىلتىزى: ئوردان يىلتىزى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك بولۇپ، نەم يەرلەردە ئۆسىدۇ. رەڭ- سىياھ ياساشتا، ئۇنىڭ يىلتىزى ئىشلىتىلىدۇ. يىلتىزى قىزغۇچ، قوڭۇر رەڭلەردە بولىدۇ. غەربىي يۇرتنىڭ ھەممە يەرلىرىدىن چىقىدۇ، رەڭ- سىياھنى ھال (قىزىل)، پور رەڭ، جىگەر رەڭ، گۆش رەڭ، ئەترەڭ قىلىپ ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

(2) كونا قىزىل رەڭ:(خاس نامى ئۇنتۇلغان) بۇ ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى بولۇپ، شەكلى كاۋاۋىچىنىغا ئوخشايدۇ. قىزىلگۈل رەڭدە بولىدۇ. ئۇنىڭ خام ماتېرىيالى چەتئەللەردىن كەلتۈرۈلىدۇ. رەڭ- سىياھنى توق قىزىل ۋە قىزىلگۈل رەڭدە چىقىرىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

(3) پىستە دەرىخىنىڭ يالغان مېۋىسى (بۇزغۇن): ئۇششاق ئانارنىڭ يالغان چېچىكىگە ئوخشاش تالالىرى بار، ئۇرۇغى يوق مېۋە، رەڭگى كۆكۈچ قىزىل، ئۆزبېكىستان، ئافغانىستان ھەمدە غەربىي يۇرتتىن چىقىدۇ. ئۇنى كونا قىزىل رەڭ بىلەن بىرىكتۈرۈپ، قىزىل رەڭ- سىياھ ياساپ چىقىلىدۇ.

(4) تۇخۇمەك ئۇرۇغى- بۇ بىر خىل دەرەخنىڭ نامى بولۇپ، تۇخۇمەك دەرىخى چېچەكلەپ، چېچەك تاشلىغاندىن كېيىن، بەلدەم- بەلدەم چوكىلۇق ئۇرۇق تۇتىدۇ، پىشقاندا يىغىۋېلىنىدۇ. تۇخۇمەك دەرىخى ئاساسەن غەربىي يۇرتتىن چىقىدۇ. ئۇنىڭ ئۇرۇقى سېرىق ياكى نىل رەڭدە بولۇپ، قىزىل رەڭ- سىياھ بىلەن قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ، يېشىل رەڭ ياكى مايسىرەڭ ياسىلىدۇ.

(5) تۇخۇمەك چېچىكى- تۇخۇمەك دەرىخىنىڭ چېچىكى ئوبدان ئېچىلغاندا ياكى ئېچىلىپ تۆكۈلگەندە يىغىۋېلىنىپ، قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن، تۇخۇم سېرىقى رەڭ سىياھ ئىشلەپ چىقىرىلىدۇ.

(6) ئۈجمە دەرىخىنىڭ پورى- بۇ قېرىغان ئۈجمە دەرىخىنىڭ غولى سىرتىدىن ئۆسۈپ چىقىدىغان پور بولۇپ، ھېلال ئاي شەكلىدە، ئۈستى تۈز، ئاستى كۆپۈنكى ھالەتتە بولىدۇ. ھۆل ۋاقتىدا سېرىق، قورىغاندا قېنىق قوڭۇر (پور رەڭ) بولىدۇ. بۇنىڭدا كاۋا چېچەكى رەڭ ۋە پور رەڭ ئىشلىنىدۇ.

(7) زىرىق يىلتىزى (جىغان ئائىلىسىگە تەئەللۇق ئۆسۈملۈك) سېرىق شاخلىرى تىكەنلىك ياۋا چاتقال بولۇپ، پىشقان مېۋىسى قىزىل، چۈچۈمەل تەملىك بولىدۇ. غەربىي رايوننىڭ ھەممە جايلىرىدىن چىقىدۇ. ئۇيغۇر تىبابىتىدە دورا ھېسابلىنىدۇ. رەڭ- سىياھ ياساشتا ئۇنىڭ يىلتىزى (كۆپىنچە يىلتىزىنىڭ پوستى) ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، سېرىق ياكى ئەت رەڭ ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

(8) جىگدە قوۋزىقى (جىگدە دەرىخىنىڭ غول قوۋزىقى)نى ئىشلىتىپ توق ئەت رەڭ ياساپ چىققان.

(9) كىۋەزنىڭ غوزىسىنىڭ شاكىلىنى خام ماتېرىيال قىلىپ يەنە ئەت رەڭ ئىجاد قىلغان.

(10) ياڭاق دەرىخىنىڭ پورى: ئۇ قېرى ياڭاق دەرىخىنىڭ غولىدىن قوۋزاق سىرتىغا ئۆسۈپ چىقىدىغان پور بولۇپ، شەكلى ئۈجمە پورىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن چوڭ بولىدۇ. ھۆل ۋاقتىدا جىگەر رەڭ، قۇرىغاندا قارىغا مايىل بولىدۇ. بۇنىڭدىن قەدىمكى ئۇيغۇرلار قوڭۇر رەڭ ئىشلەپ چىققان.

(11) ياڭاق پوستى- (ياڭاق مېۋىسىنىڭ كۆك پوستى) نى سايە، سالقىن جايغا يېيىپ، قۇرۇتۇپ ساقلىنىدۇ. سوقۇپ يۇمشىتىلغاندىن كېيىن، بوز قوڭۇر رەڭ ياساپ چىققان.

(12) داۋا (بىر خىل يۇلغۇننىڭ ئۇرۇغى): كەندىر ئۇرۇغىغا ئوخشايدۇ. كۆكۈش، قىزىل رەڭدە بولىدۇ. ئۇنى زاك، ئانار پوستى قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ قارا رەڭ ئىشلەپ چىقارغان. يۇلغۇننىڭ ئۇچىدا ئۆسكەن غۇژمەك، غەيرى شەكىللىك يوپۇرماقلار ۋە قۇرۇپ تۆكۈلگەن يوپۇرماقلىرىنى داۋانىڭ ئورنىدا ئىشلىتىشكىمۇ بولىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار يەنە يۇلغۇن، قارىغاي شېرنىسىدىن بىرخىل رەڭ ئېلىپ، زەمچە بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قىزىل رەڭ ئىشلەپ چىقارغان.

(13) ئانار پوستى (ئانار مېۋىسىنىڭ تاشقى پوستى): ئۇنى قاينىتىپ، ئازراق قىزىل رەڭ قوشۇپ، جىگەر رەڭ ئىشلەپ چىقارغان.

(14) قارىگۈل (قارا لەيلىگۈل چېچىكى): بۇ بىر يېرىم مېتىر، ئىككى مېتىر ئېگىزلىكتە ئۆسىدىغان، ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىگە ئۆسۈملۈك بولۇپ، ناھايىتى كۆپ گۈللەيدۇ. گۈللىرى دەسلەپتە ئېچىلغاندا جىگەر رەڭ، قىزىل بولىدۇ، پىشقاندا قارا بولىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۇنى شىخىدا تۇرۇپ قۇرىغاندا يىغىۋېلىپ، ساپ، ئۆڭمەس قارا رەڭنى ئىشلەپ چىقارغان.

2) مېنرال رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى

قەدىمكى ئۇيغۇرلار گېئولوگىيە ئىلمىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ئۆز ياشىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مۇنبەت زېمىندىكى تاغلار، كانلار، دەريالاردىن ھەرخىل مەدەنلەرنى خىمىيىلىك ئۇسۇلدا بايقاپ ئېلىپ، مىنرال رەڭ- سىياھ ياساپ ئىشلەتكەن.

(1) زاك: بىرخىل كان مەھسۇلاتى بولۇپ، ئالتاي، قارا قۇرۇم، كوئىنلۇن تاغلىرىدىن كۆپ چىقىدۇ. قاتتىق جىسىم، چوڭ- كىچىكلىكى، شەكلى ھەرخىل، رەڭگى ئاچ سېرىق بولۇپ، بۇنىڭدىن قەتئىي ئۆڭمەس (ئۆچمەس) قارا رەڭ ئىشلەپ چىقارغان. قەدىمكى كىتابلار مۇشۇ رەڭدە يېزىلغاچقا، كىتابەت بولغىلى نەچچە ئەسىرلەر بولغان بولسىمۇ، كىتابلارنىڭ رېڭى ھازىرغىچە تۇرۇپ كەتمىگەن. بۇ نېمە ئۈچۈن؟

(2) نىل (گىل): قاتتىق، چوڭ- كىچىكلىكى، شەكلى ھەرخىل، توق، ھاۋا رەڭ جىسىم بولۇپ، غەربىي يۇرتنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى تاغلاردىن چىقىدۇ. بۇنىڭدىن يۇقارقى رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى بىلەن ئۆز- ئارا تەڭشەپ ياكى مۇۋاپىق دەرىجىدە ئارىلاشتۇرۇپ، كۆك رەڭ، ھاۋا رەڭ، يېشىل رەڭلەرنى ئىشلەپ چىقارغان. نىيە قەدىمكى خارابىسىدىن نىل رەڭ تەگلىك ھەمزەك پارچىلىرىنىڭ تېپىلغانلىقىغا ئاساسلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ نىلنى بىلىشى، بايقىشى 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە دېيىشكە بولىدۇ.

1) ۋاستىچى رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى

ۋاستىچى رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى دېگىنىمىز: شۇ ماتېرىيالنىڭ ئۆزىدىن پايدىلىنىپ، بىۋاستە رەڭ- سىياھ ياسىغىلى بولمايدىغان،ئەمما باشقا رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى ئارقىلىق ئۇچۇق، توق، يېشىل رەڭ سىياھ ماتېرىياللىرىنى ياساشقا ياردىمى بولىدىغان كاتالىزاتور خاراكتېرلىق ماتېرىياللارنى كۆرسىتىدۇ. بۇنداق ۋاستىچى رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى باشقا رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرىنىڭ رەڭ بېرىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىدۇ ياكى رەڭ ئىشلىتىدىغان ئوبيېكتلارنىڭ رەڭ ئېلىشىنى چەكلەيدۇ ياكى ئۇلارنىڭ رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارىنى زور دەرىجىدە ئاشۇرىدۇ.

(1) زەمچە: بۇ ئاق، سۇزۇك ياكى سارغۇچ ئاق ماددا بولۇپ، غەربىي رايوننىڭ تاغلىرىدىن چىقىدۇ. شەكلى، چوڭ- كىچىكلىكى ھەرخىل بولىدۇ. ئۇ ئىشلەپچىقىرىلغان ھەرخىل رەڭ- سىياھلارغا مۇۋاپىق دەرىجىدە ئارىلاشتۇرۇلسا، رەڭ سۇمۈرۈش، رەڭ تۇتۇش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە رەڭ- سىياھنىڭ پارقىراقلىقىنى ئاشۇرىدۇ.

(2) ئاق تاش: بۇ ئاپپاق ياكى ئاقۇچراق كەلگەن قاتتىق مىنرال ماددا بولۇپ، غەربىي رايوننىڭ بارلىق تاغ- دەريالىرىدىن چىقىدۇ. شەكلى، چوڭ- كىچىكلىكى ھەرخىل بولىدۇ. ئۇ ئېزىلىپ، ئۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ، ھەرخىل رەڭلەرگە مۇۋاپىق مىقداردا ئارىلاشتۇرۇلسا، قەغەز ۋە رەڭ بېرىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ رەڭ ئېلىشىنى چەكلەش رولىنى ئوينايدۇ.

(3) توغرىغا: بۇ توغراق دەرىخىنىڭ غولىدىن ئېقىپ چىققان سۇيۇقلۇقنىڭ ھاۋا تەسىرىدە قېتىشىدىن ھاسىل بولىدىغان ماددا بولۇپ، رەڭ- سىياھ پەرقىگە قاراپ: ئاق توغرىغا ۋە سېرىق توغرىغا دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

ئاق توغرىغا- ياش، سۇلۇق توغراق غوللىرىدا پەيدا بولىدۇ. دانچىللىرى يۇمشاق ياكى توزانسىمان كېلىدۇ. سېرىق توغرىغا- تۇپراق نەملىكى ئاز، چۆل- باياۋانلاردا ئۆسىدىغان توغراق غوللىرىدا ھاسىل بولىدۇ، سۇس- سېرىق ياكى توپا رەڭ كېلىدۇ.

بۇلارنىڭ خۇسۇسىيىتى، رولى ئوخشاش بولۇپ، قەغەز ۋە رەڭ بېرىشكە تېگىشلىك نەرسىلەرنىڭ رەڭ ئېلىشىنى تېزلىتىش ۋە كۈچەيتىش رولىنى ئويناپلا قالماستىن، بەلكى رەڭ تاراپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

(4) جېگدە يىلىمى (جىگدە دەرىخىنىڭ غولىدىن ئېقىپ چىقىپ، قېتىشقان يېلىم) باسما، بوياقچىلىقىدا ئىشلىتىدىغان رەڭ- سىياھلارغا مۇۋاپىق دەرىجىدە ئارىلاشتۇرۇلۇپ ئىشلىتىلسە، رەڭ تاراپ كېتىشىنىڭ روشەن ئالدىنى ئالىدۇ.

2) ياسالما رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى

ياسالما رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى يۇقۇرىقى ھەرخىل ئاددىي رەڭ- سىياھ ماتېرىياللىرى ياكى باشقا ئاددىي ماتېرىياللارنى مۇۋاپىق نىسبەتتە قوشۇپ تەييارلىنىدىغان مۇرەككەپ رەڭ- سىياھ ماتېرىيالدۇر. بۇنىڭدا ئاساسلىقى «كاتاب»- مەتبەئە، باسما ئىشلىرىدا تامغا، مۆھۈر ۋە باشقا باسما ئىشلىرىدا ناھايىتى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ- سىياھ بولۇپ، كىتاب- ماتېرىيال يېزىش، بېسىش، شاتىۋار، تېركە، مەنپەزە، داستىخان، يوپۇق، جايناماز، زەدىۋال قاتارلىقلارغا گۈل سىزىش، بېسىش ئىشلىرىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. قەدىمكى كىتابلارنىڭ رېڭگە يۇقىرى تېخنىكىلىق ئۇسۇل بىلەن كاتاب ئارىلاشتۇرۇلغاچقا، كىتابەت بولغىلى نەچچە يۈز يىللار بولغان بولسىمۇ، بۇ كىتابلارنىڭ رېڭى تېخىچە ئۆڭۈپ كەتمىگەن.

«كاتاب» تەييارلاشتا، سۇ، بۇغداي ئۇنى، تۆمۈر، ئاش تۇزى، جېگدە يىلىمى قاتارلىقلار خام ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى مۇنداق: ئالدى بىلەن بۇغداي ئۇنى قازانغا توشتۇرۇلغان سۇغا سېلىنىدۇ، (سۇ بىلەن بۇغداي ئۇنى نىسبىتى 25:1 بولىدۇ)، ئاز مىقداردا ئاش تۇزى قۇيۇلىدۇ ۋە بىر ئاز قايىنىتىپ پۇشۇرىلىدۇ. ئاندىن بۇ سۇيۇقلۇق ساپال ئېدىشقا قۇيۇلىدۇ. سۇيۇقلۇققا كونا تۆمۈر، تۆمۈر داشقىلى سېلىنىپ، 15 كۈن ئەتراپىدا تۇرغۇزىلىدۇ. ئېدىشتىكى تۆمۈر- تەسەكلەر ھەركۈنى 3-4 نۆۋەت ئۆرۈپ تۇرىلىدۇ. نەتىجىدە تۆمۈر داتلىشىپ ۋە دات سۇيۇقلۇققا تەكشى تاراپ، سۇيۇقلۇق رەڭگى سارغىيىدۇ. تۆمۈر بىلەن سۇنىڭ مۇقۇم نىسبەتەن مۇناسىۋىتى يوق. داۋلانغان رەخت پارچىسى ياكى قەغەز تەييارلانغان سۇيۇقلۇققا چۆكۈرۈپ ئېلىنىدۇ، ئېلىنغاندا دەرھال قوڭۇر رەڭگە كىرسە سۇيۇقلۇق پىشقان بولىدۇ. مۇنداق سۇيۇقلۇق «كاتاب» دەپ ئاتىلىدۇ. كاتابنى ئىشلىتىدىغان چاغدا مەلۇم نىسبەتتە جېگدە يېلىمى قوشۇلىدۇ.

كاتابنىڭ رەڭ مۇقۇملاشتۇرۇش ئۈنۈمى ناھايىتى يۇقۇرى، تۇراغلىق بولۇپ، كاتاب بىلەن يېزىلغان، بېسىلغان كىتاب ماتېرىياللىرىنىڭ رەڭ- سىياھلىرىنى ھەرقانداق ۋاستە بىلەن

www.uyghurkitap.com

چىقىرىۋېتىش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىكىدە، مۆھۈر، تامغىلاردا ئەجدادلىرىمىز رەڭ- سىياھلارنى ئەنە شۇنداق جاپالىق، تىرىشچانلىق ئۇسۇل بىلەن تەييارلاپ، كىتاب يېزىپ، كىتاب بېسىپ كەلگەچكە، ھازىر كىتاب بولغىنى نەچچە يۈز يىللار بولغان قەدىمكى كىتابلارنىڭ رەڭ- سىياھسى ھازىرغىچە جۇلالىنىپ تۇرماقتا. مانا بۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان موھىم تۆھپىسىدۇر.

قىسقىسى، قەدىمكى ئۇيغۇرلار رەڭ – سىياھنى موزا شىرنىسى، تۆمۈر سۇلفات (سۇلفان كىسلاتاسى)، ياغاچ ئۇگۈندىسى ۋە ئەرەب يىلىمىنى خام ماتېرىيال قىلىپ ياسىغان. شۇڭا، نەچچە مىڭ يىللار ئۆتكەن بولسىمۇ، قەدىمكى كىتابلاردىكى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىدىكى رەڭ، سىياھلار ھازىرغىچە ئۆڭۈپ كەتكىنى يوق.

«غەربىي رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرنىڭ 42- بابىدا: «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى يۇقۇرى ئىدى، ئۇلار بىرلىككە كېلەلمىگەن چاغلاردىمۇ، مەدەنىي بويۇملار ۋە قەغەزلەرنى ئىشلەپ چىقىرالايتتى. ھايۋانلارنىڭ مويلىرىنى ۋە ئادەملەرنىڭ چېچىنى ماتېرىيال قىلىپ، موي قەلەم ياساپ ئىشلىتەتتى. قۇمۇش، ياغاچ قەلەملەرنى يېزىش قورالى قىلاتتى، مىسنى ماتېرىيال قىلىپ ياسىغان قۇتىغا پاختا ۋە شۇ خىلدىكى يۇمشاق نەرسىلەرنى سېلىپ، ئۈستىگە سىياھ قۇيۇپ، قەلەم چىلاشقا ئىشلىتەتتى. بۇنى«دۈۋەت» دەپ ئاتايتتى، ئۈجمە دەرىخىنىڭ ياش نوتىلىرىنى ماتېرىيال قىلىپ قەغەز ياسايتتى، قەغەزنىڭ رەڭگى سۈس، يېشىل، يۈزى پارقىراق بولۇپ، خۇددى گاۋلىگزى قەغىزىگە ئوخشاپ كېتەتتى» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن مىلادى 5- ئەسىردىن بۇرۇنلا ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە، قەغەز ياساش، كىتاب تۈپلەش، بېسىش، يېزىقچىلىق قوراللىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى خاتىرلەپ ماڭغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش ئالالايمىز. ol

---

ئەنۋەر قاسىم: «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژورنىلى 2003- يىلى 1- سان، 77- بەت

# 5-باب ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكى، ئالىي بىلىم يۇرتى – مەدرىسە مائارىپى توغرىسىدا

مەدرىس – ئەرەبچە ئاتالغۇ بولۇپ، «دەرس ئۆتىلىدىغان ئورۇن» ياكى «دەرسخانا» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەدرىستىن ئىبارەت بۇ خىل مائارىپ تارىخىمىزدا مەيدانغا كەلگەن ئالىم، يازغۇچى، تەتقىقاتچى، شائىرلارنى ھەممە دىنىي ئۆلىمالارنى تەربىيىلەشتە ئالتۇن بۆشۈكلۈك رول ئوينىغان. مەدرىسە مائارىپى ئۇيغۇرلارغا قاراخانىلار سۇلالىسىنىڭ خاقانى سۇتۇق بۇغراخان (942-956-يىلى تەختتە ئولتۇرغان) دەۋرىدە بىر خىل يېڭىچە مائارىپ شەكلىدە مەيدانغا كېلىپ، ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تاكى 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغىچە ئاقارتىش رولىنى ئوينىغان. تارىخىي پاكىتلارغا ئاساسلانغاندا، ئەبۇ ناسىر سامانىي مىلادىي 930-يىللاردا ئاتۇشتا بىر كىچىك مەدرىسە قۇرۇپ، ئۇنىڭدا تۇنجى قەدەمدە 70 كىشىنى تەربىيىلىگەن. كېيىن ئوبۇل ھەسەن سەئىد ھاتەم، سەئىد جالالىدىن باغدادى قاتارلىق ئالىملار 950-يىلى قەشقەرگە كېلىپ، خان ئەۋلادلىرىنى ئىسلامىيەتكە دەۋەت قىلىش بىلەن بىللە، شۇ زامانلاردا قەشقەردە قۇرۇلغان داڭلىق «ساچىيە مەدرىسى»دە مۇدەررىسلىك قىلىپ، ئىلىم تارقاتقان. 10-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 11-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە بولغان بىر ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە قەشقەر ۋە بالاساغۇن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ئوتتۇرىھال ۋە چوڭ مەدرىسلەر خېلى كۆپ ئومۇملىشىپ، ھۈسەيىن ئىبنى خەلەب، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۇستازى ئىمامىدىن قەشقىرى، جامالىدىن قەشقىرى، ئابدۇل غاپپار بىننى ھۈسەيىن، يۈسۈپ بالاساغۇنى قاتارلىق ئالىملار تەربىيىلەپ چىقىلغان. [1]

10-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 11-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە قەشقەردە قەد كۆتۈرگەن «مەدرىسەئىي ساچىيە» (ئىلىم نۇرلىرىنى چاچقۇچى مەدرىسە)، «مەدرىسەئىي ھامىدىيە»، «مەدرىسەئىي مەھمۇدىيە» قاتارلىق مەدرىسلەر ئەينى دەۋردىكى ئىسلامىيەت ئاقارتىش ھەركىتىنىڭ تەسىرىدە قۇرۇلغان شىنجاڭدىكى چوڭ مەدرىسلەرنىڭ ئۈلگىلىرى ئىدى. بۇ مەدرىسلەر شۇ دەۋردىكى ئالىم، يازغۇچى، شائىرلارنى، خەتتاتلارنى،ئاسترونوم، ماتېماتىكلارنى ۋە تەقۋىمچىلەرنى تەربىيىلەشتە تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. [2]

شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر مائارىپى باشلانغۇچ مەدرىسلەردىن ئادەتتىكى مەدرىسلەرگە، ئادەتتىكى مەدرىسلەردىن چوڭ مەدرىسلەرگە تەرەققىي قىلغان. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا ناھىيە بازىرى ياكى چوڭ يېزىلاردا باشلانغۇچ مەدرىسلەر، چوڭ شەھەر ۋە مەركىزىي شەھەرلەردە ئوتتۇرىھال

[1] «بۇلاق» مەجمۇئەسى 1989-يىلى 3-سان

[2] ئابلاجان ئۇمىديار: «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژورنىلى 2000-يىلى 3-سان 62-بەت

ياكى چوڭ مەدرىسلەر قۇرۇلغان. باشلانغۇچ مەدرىسلەر ئاساسەن خەلقنىڭ ساۋادىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىرىش رولىنى ئوينىسا، ئوتتۇرىهال مەدرىسىلەر دىنىي بىلىملەرنى ئاساس قىلىش بىلەن مەلۇم دائىرىدە پەننىي بىلىملەرمۇ ئوقۇتۇلغان. چوڭ شەھەرلەر ياكى مەركەزدە قۇرۇلغان مەدرىسە بىنالىرى ئادەتتە خاقانلار، ۋەزىرلەر، بەگ — تۆرىلەرنىڭ باللىرىنى تەربىيىلەشكە ئىشلىتىلگەن. مەدرىس ئىچىدە خېلى كۆپ ئادەم سىغىدىغان دەرسخانىلار، مۇدەرسلەر دەم ئالىدىغان ئۆيلەر، تالىپلار ياتىدىغان 20 — 30 ھوجرا بولغان. ئۇنىڭ يەنە سەرراپ (مۇنچا)، ئاشخانا، قىرائەتخانا ۋە كۈتۈپخانىلىرى بار بولغان. بۇ مەدرىسلەردە دىنىي بىلىم ئوقۇتۇلغاندىن سىرت، ئەرەب تىلى، پارس تىلى، چاغاتاي تىلى، ئەدەبىيات، خەتتاتلىق، ئاسترونومىيە، كاللىنداچىلىق، قانۇنشۇناسلىق، ماتېماتىكا، تېبابەتچىلىك قاتارلىق ئاسلىق پەنلەر ئۆتۈلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ مەدرىسە مائارىپى موگۇل ئىستىلاسى دەۋرىدە بىر قەدەر ۋەيرانچىلىققا ئۇچرىغان. سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىگە كەلگەندە، سۇلتان سەئىدخان ۋە سۇلتان ئابدۇرېشىدخانلارنىڭ ئەلنى ئىلىم — بىلىم ئارقىلىق ئادىل باشقۇرۇپ، خانلىقنى مەرىپەت ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشتەك ئىلغار سىياسىي تەدبىرىنىڭ تۈرتكىسىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا، ئىلى، تۇرپان قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە بىر قاتار چوڭ مەدرىسلەر قۇرۇلۇپ، مەرىپەتپەرۋەر ئالىم، يازغۇچى، شائىر ۋە تەتقىقاتچىلارنى تەربىيىلەپ چىقىشتا موھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن: «ئالتۇن مەدرىسە» (بۇ سەئىدخان دەۋرىدە يەكەندە قۇرۇلغان)، «قىرىق گۈمبەز مەدرىسى» (مىرزا ئابابەكرى دەۋرىدە قۇرۇلۇپ، ئابدۇرېشىدخان دەۋرىدە ئاۋاتلاشقان)، «خانلىق مەدرىسى» (خاقانىيە مەدرىسى)، «ساقىيە مەدرىسى» (سەئىدىيە خانلىقىنىڭ كېيىنكى مەزگىللىرىدە قەشقەردە قۇرۇلغان)، «رەشىدىيە مەدرىسى» (ئابدۇللاخان دەۋرىدە ئابدۇرېشىدخان نامىدا يەكەندە قۇرۇلغان)، «ئاق مەدرىس» (ئاقسۇ كوناشەھەردە قرۇلغان)، «بەيتۇللا مەدرىسى» (ئاقسۇ كوناشەھەردە قۇرۇلغان)، كۇچا شەھىرىدىكى «ساق — ساق مەدرىسى» قاتارلىق مەدرىسلەر ئەينى زامادىكى ئەڭ چوڭ ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ئىدى. مىلادىيە 1661-يىلى ئابدۇللاخان يەكەن، قاغىلىق، پوسكام قاتارلىق جايلاردا 50 پاتمانلىق زېمىننى ۋەخپە قىلىپ ئاجرىتىپ، بىرمۇنچە مەدرىسلەرنى بىنا قىلغان. بۇ چاغدا «خاقانىيە»، «ئاق مەدرىس»، «ساق — ساق مەدرىس»، قەشقەر «خانلىق مەدرىس» قاتارلىق ئالىي ئوقۇش يۇرتلىرى ئاساسەن دۆلەت تەرىپىدىن (ئوردا تەرىپىدىن) تەمىنلىنىدىغان بولۇپ، باشقا مەدرىسلەر، بولۇپمۇ ناھىيە ۋە يېزىلاردىكى مەدرىسلەر ئاساسەن ۋەخپە زېمىنلارنىڭ كىرىمى ھەم ئۆشرە — زاكات كىرىمى ئارقىلىق تەمىنلىنەتتى.

مەدرىسلەردە ئاخۇن (مەكتەپ مۇدىرى)، مۇدەرس (مۇئەللىم)، خەلپەت (مۇدەرس ياردەمچىسى ياكى تالىپلار باشلىقى)، مۇتىۋەللى (ۋەخپە ۋە خوجىلىق ئىشلىرى باشلىقى)، جارۇپكەش (قارا خىزمەتچى) قاتارلىقلاردىن تەركىپ تاپقان ئىدى. مەدرىسلەرنىڭ ئىچىدە يەنە «مۇتەپەننى» (پەن ئالىملىرى)، «مۇتەئەددىپ» (ئەدەبىيات نەزەرىيىسى ئالىملىرى) قاتارلىق ئالىملار بارئىدى. بۇ مەدرىسلەردە ئاساسەن ئىلمىي ئىمان (مۇسۇلمانداچىلىق ساۋاتلىرى)، ئىلمىي ئۇسۇل (قۇرئان ۋە ھەدىس تەپسىرى)، ھىدايە (ئىسلام ئاساسلىرى)، شەرھى ۋىقايە (ئىسلام ئاساسلىرىنىڭ ئاساسى)، كافىيە

(گىراماتىكا)، ئىلمى فىقىيە (شەرئەت قانۇنى ئاساسلىرى)، ئىلمى ھەدىس (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى)، ئىلمىي كالام (قۇرئان ئايەتلىرى) قاتارلىق دىنىي دەرسلەر ئۆتۈلگەندىن باشقا، يەنە تارىخىي ئىسلام (ئىسلام تارىخى)، تارىخىي ئومۇمىي (دۇنيا تارىخى)، ئىلمىي مەنتىق (لوگىكا)، ئىلمى سەرپ (تىل دەرسلىكى)،ئىلمى رىيازەت (ماتېماتىكا)، ئىلمى نۇجۇم (ئاسترونومىيە)، ئىلمى ناباتات (زولوگىيە)، ئىلمى كىميا (خىمىيە ئىلمى)، ئىلمى جەبر (ئالگېبرا)، ئىلمى تىب _(تېبابەتچىلىك)، ئىلمى نۇسقە (خەتتاتلىق)، ئەدەبىيات (مەشھۇر تۈرك، ئۇيغۇر، ئەرەب ۋە پارس شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى) قاتارلىقلار ئۆتۈلەتتى.

2-باشلانغۇچ مەكتەپ زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ دەۋرىدە قەشقەر شەھىرى قوناق بازىرى ئورنىدىكى تاجى ھېكىمبەگ مەدرىسىنى زوھۇرىدىن ھېكىمبەگ ئۆز خىراجىتى بىلەن ياساتقان. ئۇنىڭ تۈرتكىسىدە مەرىپەتپەرۋەر بايلار تەرىپىدىن قەشقەر شەھىرى ئىچىدە «كەنجازا مەدرىسى»، «ئۆمەر ھېكىمبەگ مەدرىسى»، «شاھ پولاتبەگ مەدرىسى»، «دورغىبەگ مەدرىسى»گە ئوخشاش 10 نەچچە مەدرىسە بەس ـ بەستە ياسالغان. بۇلار ئەسلىدە بار بولغان «قەشقەر خانلىق مەدرىسى»، «قەشقەر قازانچى مەدرىسى»، قەشقەر ساچ مەدرىسى»، «ساقىيە مەدرىسى» قاتارلىق مەدرىسلەر قوشۇلۇپ، قەشقەرنىڭ مائارىپ تەرەققىياتى ئۈچۈن كۆپ ھەسسە قوشۇپ، قەشقەرنىڭ «سانى بۇخارا» (ئىككىنچى بۇخارا)لىق ئورنى تىكلەشتە چوڭ رول ئوينىغان.

دېمەك، 10-ئەسىردە قۇرۇلۇپ، تاكى 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغىچە مىللەتنىڭ قەلبىنى پاكلاپ، جاھالەتنى يۇيۇپ، مەدەنىي ئاقارتىش رولىنى ئوينىغان ئۇيغۇر مەدرىس مائارىپى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىپ، كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىپ، راۋاجلىنىپ، ھازىرقى زامان كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىگە ئاساس سېلىشىدا ئالتۇن بۆشۈكلۈك رول ئويناپ كەلدى.ئۇيغۇرلارنىڭ مەدرىس مائارىپىدا ئوقۇپ، يېتىشىپ چىققان ئالىم، يازغۇچى، خەتتات، ۋۇتۇكچى، سىياسىئون، پەيلاسوپ ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىگە قوشقان تۆھپىلىرى توغرىسىدا باشقا بابتا توختىلىدىغان بولغاچقا، بۇ يەردە تەپسىلىي توختىلىپ ئۆتمەيمىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 6-باب پۇتۇكچىلىك (كاتىپلىق – خەتتاتلىق) ئىلمىنىڭ ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدىكى ئورنى

## 1. ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلغان پۇتۇكچىلەر (كاتىپلار، خەتتاتلار) ۋە ئۇلارنىڭ كىتابەتچىلىككە قوشقان تۆھپىلىرى

قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بىر قانچە مىڭ يىللىق تارىخىدا ناخشا- ئۇسسۇل، مۇزىكا، رەسساملىق، نەققاشلىق، ھەيكەلتىراشلىق ۋە بىناكارلىق سەنئىتى بىلەنلا ئەمەس، كىتابەتچىلىك بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان، مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى بولغان پۇتۇكچىلىك، كاتىپلىق، خەتتاتلىق سەنئىتى بىلەنمۇ دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىگە بەلگىلىك تۆھپىلەرنى قوشقان.

پۇتۇكچىلىك كاتىپلىق ۋە خەتتاتلىق مەتبەئە، نەشرىيات بولمىغان قەدىمكى زاماندا نەشرىياتچىلىق رولىنى ئويناش بىلەن بىرگە، ئۇيغۇلاردا مەتبەئە ئىجاد بولغاندىن كېيىنمۇ نەشرىياتچىلىق رولىنى ئوينىدى. كۆك تۈرۈك خانلىقى (744- يىلدىن 552- يىلغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)، ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادىيە 740- 840) ۋە قوچۇ ئۇيغۇرخانلىقى (886-1028) دەۋرلىرىدە ئۇ بىر خىل ئېتنوگراپىيىلىك ئادەت ۋە مەدەنىيەت ھادىسىسى سۈپىتىدە قارالسىمۇ، ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن، بۇددا دىنىنىڭ ۋە ئىسلام دىنىنىڭ «كىتاب كۆچۈرۈش ساۋاپلىق ئىش» دېگەن دىنىي ئەقىدىسى بىلەن بىرلىشىپ، تامامەن بىر مەدەنىيەت ھادىسى بولۇپ ئىپادىلەندى. نەتىجىدە پۇتۇكچىلىك راۋاجلىنىپ، پۇتۇكچىلەر كىتاب كۆچۈرۈش ئارقىلىق قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىلار خاندانلىقىنى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ يەرئاستى ۋە يەر ئۈستى كۇتۇپخانىسىغا ئايلاندۇردى. بۇ جەرياندا، ئەمگىكى بىرگە كۆرۈنەرلىك بولۇپ، ئىجادىي پائالىيىتى بىزگە يېتىپ كەلگەنلەردىن «سىڭقۇ سەلىت تۇتۇڭ»، «ئاموگا ئاچار»، «ساڭگا شىرى»، «ئارغۇن سالى»، «يىلان ناسلى»، «گارنا داسى»، «ئەنسارى» قاتارلىق ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى، تەرجىمانلىرى ئىسلامىزىمنىڭ ۋە بۇددىزىمنىڭ كىتاب پۇتۇكلىرىنى خەنزۇچىدىن، ئەرەبچىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. بەزىلەر بولسا، گۈزەل ھۆسن خەت سەنئىتى بىلەن كۆچۈرۈپ چىققان. (ئابدۇللا تالىپنىڭ «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار» 1986- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشرى، 23- بەت)

پۇتۇكچىلىك- قاراخانىيلار دەۋرىگە كەلگەندە، ئىجتىمائىي ئالاقىچىلىك رول ئويناپ، پۈتكۈل جەمئىيەتنى ئۇيۇشتۇرىدىغان، مەدەنىيەت تارقىتىدىغان ۋە ئەينى دەۋرنىڭ ئىجتىمائىي رېئاللىقىدىن كېيىنكى دەۋرلەرگە ئىلىم- پەن جەھەتتە ئۇچۇر يەتكۈزىدىغان ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن مۇكەممەل بىر سەنئەتكە ئايلاندى.

قاراخانىيلار خاندانلىقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، پۇتۇكچىلەر (كاتىبلار،

خەتتاتلار)، مۆھۈرچىلار (تامغىچىلار) قاراخانىيلار دۆلەت تەشكىلاتىدا ۋە ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھاياتىدا مۇھىم رول ئوينىدى. مەسىلەن: قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە ئۇلۇغ ئالىم،تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركى تىللار دىۋانى»،يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ«قۇتادغۇبىلىك»، ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»... قاتارلىق مەشھۇر ئەسەرلەرنىڭ كۆچۈرۈلگەن قول يازمىلىرى زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن بىز قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىدا «دىۋان-خەت ئالاقە مەھكىمىسى»نىڭ بارلىقىنى، «دىۋان مەھكىمە»نىڭ بولسا،خەت ئالاقە، پۈتۈكچىلىك، يارلىق، پەرمان چۈشۈرۈش، باشقا دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىشقا مەسئۇل ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۆز ئەسىرىدە: «خان مەكتۇپلىرىنى تۈركى يېزىقى بىلەن يازىدىغانلارنى «كاتىب»دەپ بايان قىلىشى، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» داستانىنىڭ 34-بابىدا «پۈتۈكچىنىڭ قانداق بولۇش لازىملىقى توغرىسىدا، ئۇڭدۇلمىشنىڭ ئىلىككە ئېيتقانلىرى» قاتارلىق بايانلار يۇقۇردىكى قاراشلىرىمىزنى ئىسپاتلايدۇ. ئوتتۇرا ئەسىردە ھەرقانداق بىر ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىدا پۈتۈكچىلىك ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىدىغان «دەپتەرخانا» دېگەن دۆلەت ئاپپاراتى بەرپا قىلىنغان.

قەدىمكى ۋاقىتلاردىكى ئۇرۇشلارمۇ،كوللىكتىپ ئەقىل- پاراستىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، خان، پادىشاھلار جەڭ بارگاھلىرىدا، ھەربىي يۈرۈشلەردە، قىسقىسى تۈرلۈك خەت ئالاقە، يارلىق ئىشلىرىدا، بىر ھىكىم (دانىشمەن)، بىر پۈتۈكچى (تارىخچى) ۋە ھەربىي سەركەردە بىلەن بىرگە بولاتتى ياكى ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بىرگە ئېلىپ يۈرەتتى.

پۈتۈكچىلىكنىڭ تەرەققىي قىلىپ، كىتابەتچىلىككە ئۆتۈشى،نەققاشلىق ۋە تەسۋىرى سەنئەت.

ئەدەبىيات- سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىن بۇرۇنقى تارىخنى ۋاراقلايدىغان بولساق، قەدىمكى يۇنان، رىم دەۋرى ئاخىرلاشقاندىن تارتىپ، تاكى ئەدەبىيات- سەنئەت ئويغۇنۇش دەۋرىگىچە بولغان تەخمىنەن مىڭ يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا مۇھىتىدا ياۋرۇپا مەدەنىيىتى ئىنچىك ھالدا تۇرغۇن، بىر ئىزدا توختاپ قىلىش ھالىتىنى ساقلاپ كەلگەن بولسا، تارىم، تەڭرىتاغ ئېتەكلىرى، ماۋەرەئۇننەھر، خۇرسان، ئىران، مىسوپوتامىيە، ئەرەب ساھىللىرىدا قەدىمكى دۇنيانىڭ ئەڭ پارلاق، گۈللەنگەن مەدەنىيەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلاندى. غەربتە ۋىزانتىيەدىن تارتىپ، شەرقتە تاكى جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگىچە سوزۇلغان «يىپەك يولى»نىڭ ئۇزاق لىنىيەسىدە، قەدىمكى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ غول ئېقىنىنى شەكىللەندۈرگەن مەدەنىيەت مەركەزلىرى ۋە تۈگۈنلىرى بەرپا بولدى. چاڭئەن (ھازىرقى شىئەن)، تۇرپان، قەشقەر،بۇخارا،سەمەرقەنت، دېھلى، ھىرات، باغدات، دەمەشىق، ئىسكەندىرىيە قاتارلىق مەشھۇر شەھەرلەر ئۆز دەۋرىدىكى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ گۈل تاجىغا ئايلاندى. مانا مۇشۇ دەۋردە، ئۇيغۇر پۈتۈكچىلىك مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ، كىتابەتچىلىك مەدەنىيگە، ئەدەبىيات- سەنئەت، مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە تېخىمۇ ھۆسىن قوشتى. ئۇيغۇرلاردا ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، پۈتۈكچىلىك، كىتابەتچىلىك ئىشلىرى، دىنىي ئېتىقادنى

ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا، نەققاشلىق بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ، تەسۋىرى سەنئەتنىڭ گۈل-چىمەنلىرى ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

7-ئەسىردە كۇفە شەھرىدە ئىبلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ، كۇفى خەت نۇسخىسىنى ئىجاد قىلغاندىن باشلاپ، «قۇرئان كەرىم» ۋە ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش مەزمۇنىدىكى مەشھۇر كىتابلار، ھەدىسلەر بۇ خەت نۇسخىسى بىلەن يېزىلىدىغان ھەم كۆچۈرۈپ تارقىتىلىدىغان بولدى.

ئىسلام دىنىدا، ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزىش مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن «قۇرئان كەرىم» نى يىزىپ، سەنئەتلىك قىلىپ كۆچۈرۈش ۋە تارقىتىش، خۇداغا، رەسۇلۇللاھقا، ھەم ئىسلام دىنىغا بولغان ئېتىقادىنىڭ يۈكسەك چوڭقۇر نامايەندىسى دەپ قارالدى. شۇڭا ئىسلام دىني ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە ئوتتۇرا ئاسيا ئارقىلىق شىنجاڭغا تارقالغاندىن بۇيان، كىتابەتچىلىكتە سەنئەتكارلار ئۆز تالانتىنى كىتاب كۆچۈرۈش، كىتابنىڭ تاش مۇقاۋىسىنى ئاجايىپ نەقىشلىك بېزەش، ئىچ مۇقاۋىسىنى سەنئەتلىك ھۆسنخەت، ئادەمسىز،جانلىقسىز گۈزەل مەنزىرە بېزەكلەر بىلەن نەقىشلەيدىغان «قۇرئان» ۋە باشقا ئەدەبىي ۋە تارىخىي كىتابلارنى ئاجايىپ كۆركەم يېپىلىق، كېپىنەك شەكىللىك تۈپلەپ، بەت ئىچىنى ئاجايىپ كۆركەم نەقىش بىلەن بىزەپ بەت ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى كۆرۈپ ئالالايمىز. بۇ پەن- تېخنىكا تەرەققىي قىلمىغان تارىخي شارائىت ئاستىدىكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى.

ئۇيغۇرلار تارىختا بىر نەچچە خىل يېزىقنى قوللانغان ۋە ھۆسن خەت (خەتتاتلىق) سەنئىتىگە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەسىدە كەڭ قوللانغان. تۇرپاندىن تېپىلغان (906-يىللارغا ئائىت) تۈرك رونىك يېزىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا قومۇش قەلەم بىلەن كۆركەم يېزىلغان «مانى دىني ۋەسىقىلىرى»، «مانى دۇئاسى» ناملىق دىنى كىتابلار، چاغاتاي ئۇيغۇر تىل- يېزىقىدىكى ئىسلامىيەت دەۋرىگە تەۋە كىتابلار كۆركەم ھۆسن خەتلەر بىلەن بېزەلگەندىن باشقا، مۆھۈر، تامغا، قەبرە تاشلىرىغا چېكىلگەن ئويما خەت، مەسچىدلەرنىڭ مېھرابلىرى، مەدرىس، مازارلارنىڭ تاملىرى ۋە مۇنارلىرىغا، قۇببىلەرنىڭ ئىچىگە، گۈمبەزلەرگە يېزىلغان، ئويۇلغان نەپىس ئايەت، شېئىر، ئەقلىيە سۆزلەر ياكى شەجەرىلەر، ياغاچ ئويما، گەج قاپارتما، شەۋلان، زىنناق، پەرۋاز گۈللىرى ئىچىگە نەقىشلەنگەن كۆركەم ھۆسن خەتلەر بۇنىڭغا ئوبدان مىسال بولالايدۇ.

ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى- خېلى ئۇزاق تارىخقا ئىگە. بولۇپمۇ ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئومۇملاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇر خەتتاتلىقى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىكىگە زىچ ماسلىشىپ، كىتابەتچىلىك ئاساسىدا خەتتاتلارنىڭ ئەمگىكى بىلەن راۋاجلىنىپ، ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى تېخىمۇ گۈللىنىش دەۋرىگە قەدەم قويدى. ئەينى زاماندا خەتتاتلىق سەنئىتى ئىلىم- مەرىپەتنىڭ مۇھىم تەركىبى قىسمى دەپ قارىلىپ، ئالاھىدە ئېتىبارغا ئېرىشكەن، مەدرىسلەردە، مەكتەپلەردە ھۆسن خەت سىنىپلىرى تەسىس قىلىنغان. مەلۇم

شەكىلدىكى ھۆسنىخەت قائىدە- قانۇنىيەتلىرىگە چۈشكەن ئەسەرنىڭ ئاپتورلىرىغا يۇقىرى ئۇنۋان بېرىلگەن. ئۇنداق ئەسەرلەر ئوردا قىرائەتخانىسىدا ساقلانغان. ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، ئەدىب يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ:

«پۈتۈكچى بىلىملىك بولسۇن ئەقىللىق،
خېتى ئۇز، بالاغەتتە بەك يېقىملىق.»

دېگەن شېئىرىي مىسراسى ۋە ئەلشىر ناۋائىينىڭ: «سۇلتانىنىڭ شېئىرلىرىنىڭ مەزمۇن ۋە ماھىيىتى بىلەن ئىجادىي پائالىيىتىنىڭ يېتەكچى ساھەسى- خەت ۋە خەتتاتلىق سەنئىتى بىلەن باغلىقتۇر» دېگەن باھاسىدىن خەتتاتلىق ئىلمىنىڭ ئەينى زاماندا خېلى مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغانلىقىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. «دىۋانۇلۇغەتت تۈرك» نى كۆچۈرگەن مىرزا مۇھەممەت ئىبنى بەكرىنىڭ: «كىتابنىڭ مۇئەللىپى ئۆز قولى بىلەن يازغان نۇسخىسىنى، ئاخىرىدىكى جۈملىنىمۇ ئەينەن كۆچۈرۈپ قويدۇم» دېگەن ئىزاھىغا ۋە فارابىنىڭ تىل- يېزىقتا مۇناسىۋەتلىك ئەسەرلىرىگە، «قۇتادغۇبىلىك» دىكى 34- بابتا «پۈتۈكچىنىڭ قانداق بولۇش لازىملىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىككە ئېيتقانلىرى» دېگەن مەزمۇنلارغا ئاساسلانغاندا، ئەبۇ ناسىر فارابى، مەھمۇد قەشقىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەھمەد يۈكنەكىلەرنىڭ ئالىم، ئەدىب، پەيلاسوپ بولۇشتىن تاشقىرى، ۋايىغا يەتكەن كاتتا خەتتاتلار ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ. 14- ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە 15- ئەسىرلەردە ياشىغان لۇتفى، ئاتايى، سەككاكى ھەم ناۋائىيغا ئوخشاش ئاتاقلىق ئەدىبلەر ئۆز ئەسەرلىرىنى ھۆسنىخەت ئارقىلىق يېزىپ تۈپلەپ چىققان. «مەنالار خەزىنىسى»، «تۆت دىۋان» ناملىق شېئىرلار توپلىمى، «خەمسە» ناملىق داستانلار توپلىمىنىڭ ئەسلى قول يازمىلىرى بۇنىڭغا ياخشى مىسال بولالايدۇ.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ خانى ئابدۇرەشىدخانمۇ ئۆز زامانىسىنىڭ ئۇستا خەتتاتى بولغان. 15-، 16- ئەسىرلەردە ياشىغان ئاتاقلىق ئۇيغۇر تارىخچىسى ۋە دۆلەت ئەربابى مىرزاھەيدەر قەشقىرى «تارىخى رەشىدى» ناملىق كىتابىدا: «ئابدۇرەشىدخان كامالەتكە يەتكەن ئۇستا خۇش نەۋىس (خەتتات)، پارس ۋە تۈركىي تىللاردا شېئىرلارنى يېزىشقا كامىل شائىر ئىدى» دەپ يازغان.

ش ئۇ ئا ر مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى ماتېرىياللاردا 16- ئەسىردىن 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۆتكەن خىرقىتى، زەلىلى، نۆبىتى، گۇمنام، قەلەندەر، سابۇرى، نىزارى، موللا ئىسمەتۇللا، موللا بىلال، تەجەللى ۋە باشقا ئەربابلارنىڭمۇ ئۇستا خەتتات ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ مەدرىسلەردە ھۆسنىخەت دەرسى ئۆتكەنلىكى ھەققىدە مەلۇماتلار بار.

«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» ناملىق ئەسەردە: «ئابدۇرېھىم نىزارى ئۆمرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە خەتتاتلىق كەسپى بىلەن يوقسۇزچىلىقتا ھايات كەچۈردى. 1832- يىلى

قەشقەرنىڭ ئورۇن باسار ۋاڭى زوھۇرىدىن ھاكىمبەگ تەرىپىدىن 60 يېشىدا ئوردىنىڭ مىرزا (كاتىپ)لىق ۋەزىپىسىگە تەيىنلىنىپ، ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئىشلىدى» دېيىلگەن. شۇنداقلا ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ خىزمەتدىشى«كوللىيات»(«كىتابى غېرىپ»)نىڭ ئاپتورى تۇردى ئاخۇن غېرىبىنىڭمۇ شېئىرىيەت ۋە خەتتاتلىق بابىدا ماھارەت ئىگىسى ئىكەنلىكى زىكرى قىلىنغان. شائىر موللا شەنچار ئىبنى ئىبراھىم قەشقىرىنىڭ «جامئۇل ھېكايەت»نى ئۆزى تۈزگەنلىكى ۋە ئۆز قولى يازمىسى بىلەن كىتاب قىلىپ چىققانلىقى مەلۇم. مىللەتلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان «تەۋارىخى مۇسقىيۇن» نىڭ ئاپتورى 19-ئەسىردە ياشىغان موللا ئىسمەتۇللابىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزىنىڭ ئۇستا خەتتات ئىكەنلىكى ۋە «تەۋارىخى مۇسقىيۇن»نى خوتەننىڭ سامان قەغىزىگە ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىدىكى نەستەلىق (خەتتى نەستەئىك) نۇسخىسىدا قۇمۇش قەلەم بىلەن يازغانلىقى ھەققىدە ئىزاھ بېرىلگەن.

تارىخي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، قەدىمكى زامانلاردا ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتىدە ۋايىغا يەتكەن ئابام ئۇلۇغ، ئاچىق ئاچارى، ئادەم تۇغرۇل، ئەردەنى، بارچار تۇغمىش، بالتۇتېگىن، بىگۇئاچارى، قۇتلۇغ تەگرى، كۆلتىگېن، ئىل ئىنانچ، يارىچى، ئۇدغۇرمىش... قاتارلىق ئۇيغۇر بولغان. بۇ خەتتاتلارنىڭ ھۆسن خەتلىرى سىمووۇللۇق تۈسكە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر گۈزەل سەنئەت مۇنبىرىدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

ئەينى دەرۋلەردە ئاتاقلىق شائىر-ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرى خەتتاتلار تەرىپىدىن كىتاب قىلىنغانلىقى ھەققىدە «بۇلاق» ژۇرنىلى مەجمۇئەسىدە مۇنداق بايانلار ئۇچرايدۇ: «تاش باسما كىتابلىرىنىڭ چىرايلىق ۋە سۈپەتلىك نەشر قىلىنىشى بىرىنچى قەدەمدە خەتتاتلارغا باغلىق بولغان. ئەگەر خەتتات كىتابنى نەفس خەت بىلەن كۆچۈرگەن بولسا، كىتاب ناھايىتى تېز سېتىۋېلىنىپ، شۇ ئەسەرنىڭ نۆۋەتتىكى نەشرلىرىگە تەلەپ ۋە ئېھتىياج تۇغۇلغان. نەشر قىلغۇچىلار ۋە كىتاپپۇرۇشلارمۇ خېلى كۆپ ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشكەن.» مۇناسىۋەتلىك ماقالىلەردە يەنە 10-ئەسىردىن 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر بولغان ئارىلىقتا«سۇلتان ئەلى، موللا خامۇشئاخۇن ياركەندى، ئابدۇلقادىر توختى ئىبنى نەزەرقازى، موللا ئىلمۇددىن ئىبنى موللا مۇھەممەت ئەل قەشقىرى، مۇسائىد ھاجى مەسىردىن موللا بىننى نەجمىدىن ھاجى، ئابدۇقادىر ئىبنى موللا باھادىر قەشقىرى، موللا توختى ئىبنى موللانۇر مۇھەممەت قەشقىرى، نەسىردىن ھەپىزۇللا ھاجى ئىبنى ئىززەتۇللا ھاجى، موللا ئىمام ئىبنى ، موللا ئىمام ئىبنى مۇسا ياركەندى، ئىسمۇتىللا ھاجى، ئىشان چوڭ بىننى مىرزەمان لەمجىنى، ھاجى نۇر مۇھەممەد ئىبنى ھەزرەت قاراقاشى، نەزەرموللا ھاجى ئىبنى توختى ئاتۇشى، توختى نەزەر ئىبنى موللا بىلال ھاجى، موللا سادىر ئىبنى نادىر ھاجى ئاتۇشى، ھاجى ئابلىمىت ئىبنى ئەزىزى، موللا ئىسمەتۇللا ئىبنى يۇنۇس باغراشى، تېلۋالدى ھاجى ناسىرى، شېرىپ بەسىرقارى ھاجىم، نىزامىدىن بەشىر بىننى مۇساموللا قاراقاشى، موللا نېمەتۇللا بىننى پەھلىۋان مۇھەممەت قاراقاشى، موللا ھامىد تاھىر بىننى ئىسمائىل بۈگۈرى، ئابدۇلجەمال بىننى ئابدۇلكەمال

قاراقاشى، قەمەرىدىن قەلەمشاھ قازى بىننى سەدىرىدىن، زەماندىن راشىدىن ھاجى ئىبنى جەلالىدىن ھاجى، ئەتپۇددىن ئەبۇلخەيرى بىننى ئەبۇبەكرى قاراقاشى، ئەبدۇلھەمىد ئابدۇلقادىر بىننى ئابدۇننەزىر ھاجى، ئابدۇل ۋەھاب ئابدۇلقادىر بىننى نازارى، ئابدۇنەسىر ئابدۇننەزىر بىننى ئابدۇننەبى كەشغەرى، ئەرشىدىن ئەبۇزەيد ئىبنى ئەزىز بىللا كۇچارى، ئەززىددىن ئەسئەدۇللا بىننى ئەسمەتۇللا ياركەندى، پەخرىدىن جابىرشاھ ئىبنى خەلىلۇللا ئاتۇشى، سەھابىدىن سەييىدىنا ھاجى بىننى لۇتپىددىن موللا ...قاتارلىق نۇرغۇن ئاتاقلىق خەتتاتلارنىڭ ئۆتكەنلىكى، ئۇلارنىڭ يۈكسەك ماھارەتلىك خەتتاتلىق سەنئىتى بىلەن ئەسەرلەرنى كىتاب قىلغانلىقى ۋە شۇ كىتابلار ئۆز مەزمۇنى ۋە گۈزەل ھۆسنخەتلىرى بىلەن ھەر بىر كىتابخاننى تەسىرلەندۈرۈپ دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن ياكى كىتابخانلار تەسىراتى بىلەن باشقا يازما ھۆججەت ۋە ۋەسىقىلەردە ياكى خەلق ئاغزىدا ئەۋلادتىن ئەۋلاتقا تارىلىپ كەلگەن. 15-ئەسىردە ياشىغا سۇلتان ئەلى ئۆمەرنىڭ ئاخىرلىرىدا پارس تىلىدا ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدىكى نەستەئى نۇسخا(خەتتى نەستەئى)ھەققىدە شېئىرىي رىسالە- مەنزۇمە ياراتقان. رىسالىدە نەستەئى نۇسخا سەنئىتىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىي قائىدە- قانۇنلىرىنى تەرىپلىگەن. 16-ئەسىردە ياشىغان «خەتتاتلار سۇلتانى» ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ھاشىم مىرزا «مورفىدات»دېگەن رىسالىسىدە، خەتتاتلىق سەنئىتىدىكى نۇسخىلارنىڭ ھەرپ قۇرۇلما سىزىقى ۋە بەلگىلىرى ھەمدە يېزىلىش قائىدە- قانۇنىيەتلىرى ئۈستىدە كەڭ توختالغان. 17-ئەسىردە ياشىغان ھەپىزۇللا مىرزەمان، نەسىرىدىن جەلالىدىن قاتارلىق ھۆسن خەت پېشىۋالىرىنىڭ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى ھەققىدىكى رىساللىرىمۇ ئوبدان مىسال بولالايدۇ.

دېمەك، ئاتا-بوۋىلىرىمىز خەتتاتلىق ھۈنەر-سەنئىتى ئۈستىدە كۆپ ئىزدىنىپ، بىزگە ھەرپ قۇرۇلمىسى ۋە يېزىلىش قائىدە- قانۇنىيەتلىرى جەھەتتە بىر- بىرىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدىغان (ھازىرغىچە مەلۇم بولغان)تەئلىق، سۇلۇس، رۇقئە، جەللى، جەللى سۇلۇس، رەيھان، دىۋان، نايىب دىۋان، جەللى دىۋان، ئىجازەت، نامان، نەسىھ، مەۋۇپ، شىكەستە، مۇھاققات، سىياقات، جەللى تەئلىق... قاتارلىق ھۆسن خەت نۇسخىلىرىنى قالدۇرۇپ كەتكەن.

مىللىي مەدەنىيىتىمىزنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولغان ئۇيغۇر خەتتاتلىق سەنئىتى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يېڭى ھاياتقا ئېرىشىپ، بۇ جەھەتتە خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. نۆۋەتتە ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ قائىدە- قانۇنىيەتلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەتقىق قىلىپ، ئۇنىمۇ تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇش خەتتاتلىرىمىزنىڭ ئالدىدا تۇرغان مۇھىم ۋەزىپە بولۇپ قالدى.

قەدىمكى زاماندا مەتبۇئات، نەشرىيات ئورگانلىرى گېزىت- ژورناللار بولمىسا، يازغۇچى، شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى جەمئىيەتكە قانداق تارقىلاتتى؟

ھازىر ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرىدا، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا، موزېيلاردا، ھەردەرىجىلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقان ئەدەبىي ئابىدىلەر،

www.uyghurkitap.com

سانسىزلىغان قول يازمىلار، ۋە ئۇلاردىكى «ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى» گە ئائىت روشەن ئالاھىدىلىك، مەزمۇن ۋە قەدىمكى كىتاب شەكلى بىزگە شۇنى سۆزلەپ بېرىدۇكى، زامانىۋى نەشرىياتچىلىق ئۇسۇلى ۋە مەتبەئە ئىجاد قىلىنمىغان ئاشۇ قەدىمكى زامانلاردا ھەرخىل ئىلمىي، بەدىئىي ئەسەرلەرنىڭ خەلق ئىچىگە تارقىلىشى ھەرگىزمۇ ئۆكسۈپ قالمىغان. ئەكسىچە كەڭ تارقالغان. شۇڭا، خەلق سۆيۈپ، قەدىرلەپ، ئەۋلادتىن- ئەۋلادغىچە مىراس قالدۇرغان، قەدىمكى كىتابلار زامانىۋىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن.

خەلق ئىچىدە تەسىر بار، يېزىقچىلىق جەھەتتە نام چىقارغان بىرەر شائىر، پەيلاسوپ ياكى ئالىم، تەتقىقاتچى، ئىجادكار زىيالىيلار، ناشىرلار (نەشر قىلىپ سېتىش) تەرىپىدىن بەس- بەستە يوقلۇنۇپ تۇرغان. بىرەر يېڭى ئەسەر يېزىلىپ پۈتكەنلىكى مەلۇم بولسا، نەشرلار (نەشر قىلىپ سېتىش) ئۇنى نەشر قىلىشنى بەس- بەستە تالىشىپ، ئەڭ ماھىر چاپچىلار (بېسىپ تۈپلىگۈچىلەر) نى تېپىپ، ۋاقتىدا نەشر قىلىپ بازارغا سالغان.

ئەرەب، پارس، چاغىتاي، ئوردو ۋە باشقا تىللاردىن تەرجىمە قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭمۇ خېرىدارى ناھايىتى كەڭ بولغان.

قەدىمكى نەشرىياتچىلىق بازىرىنىڭ تىجارىتى يالغۇز پۇل تېپىشتىن ئىبارەت ئىقتىسادىي مەسىلىنى ھەل قىلىپلا قالماستىن، بەلكى خەلق ئىچىدە خەتتات، رەسسام، مۇھەررىر، تەرجىمانلارنىمۇ يېتىشتۈرۈپ، ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە تۈرتكە بولۇپ، مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش رولىنى ئوينىغان. تارىخى، يازما، باسما كىتابلار ئىچىدە، ئەدەبىي ئەسەرلەر، بەدىئىي ئەسەرلەردىن باشقا ئاسترونومىيە، خىمىيە، جۇغراپىيە، تارىخ، پەلسەپە، مىللىي تىبابەت، بىناكارلىق، قانۇن قاتارلىق ئىلىملەرگە ئائىت ئەسەرلەرمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. ئەنە شۇ ئىلمىي ئەسەرلەرنىڭ تارقىلىشىدا قەشقەر، خوتەن، يېڭىسار، غۇلجا، سۈيدۈڭ، يەكەن، تۇرپان قاتارلىق ناھىيە شەھەرلەردىكى چاپچىلار (بېسىپ تۈپلىگۈچىلەر)، چاپخانىلار (تاش مەتبەئە نەشرىياتلىرى) ۋە شۇ جايدىكى ناشىرلار (نەشر قىلىپ ساتقۇچىلار) بىۋاستە موھىم رول ئوينىغان. مەسىلەن: ھازىر ھەر دەرىجىلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا، مۇزېيلاردا، ئالىي مەكتەپ كۈتۈپخانىلىرىدا، تەتقىقات ئورۇنلىرىدا ۋە ھەر دەرىجىلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى كىتابلار ئىچىدە 12-، 15-، 16-،18 -، 19-ئەسىرلەردە يېڭىساردا، چاپ (بېسىپ تۈپلەنگەن) «دىۋان ناۋائى»، «دىۋان ھىكمەت»، «دىۋان مەشرەپ» قاتارلىق توپلاملار ھەمدە سۈيدۈڭ، كۈرەدە بېسىپ تارقىتىلغان «كىتاب ھەندەسە» (گېئومېترىيە كىتابى)، «جامائۇل تارىخ» (ئومۇمىي تارىخ- دۇنيا تارىخى)، تۇرپاندا كۆپەيتىپ، بېسىپ تارقىتىلغان «مەلۇماتى ئاپاق» (ئالەم ھەققىدە مەلۇمات)، خوتەندە بېسىپ تارقىتىلغان «مەجمەئەتول ئەھكام» (ھۆكۈم قائىدە- قانۇنىيەتلەر توپلىمى) قاتارلىق موھىم ئەسەرلەر بار. بۇ ئەسەرلەر ھازىر ئۇيغۇر مەدەنىيەت ئىلىم- پەن تارىخىنىڭ ئۆلمەس گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ئالاھىدە تەتقىق قىلىنماقتا.

**2. قوچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى پۈتۈكچىلىك (كاتىپلىق، خەتتاتلىق) ئىلمى ۋە كىتابەتچىلىك**

پۈتۈكچىلىك (كاتىپلىق) ئىلمى- تارىخىمىزدىكى قەدىمكى پەن، شۇنداقلا ئۇ بىر پۈتۈن مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى مۇھىم تېما. ئۇ ئەينى دەۋردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ئەدەبىي ھاياتنىڭ تەقەززاسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن.

تارىختا قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتۈكچىلىك- كىتابەت سەنئىتىنى ئاساس قىلغان پۈتكۈل ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن « ئالتۇن دەۋرى» نى ياراتتى. پايتەخت قاراغوجا (قوچۇ) شەھرى ئەينى ۋاقىتتا شەرق بىلەن غەرب مەدەنىيىتى ئۆز ئارا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان تۈگۈن ئىدى. بۇ يەردە تۈرلۈك دىنلار ئەركىن پائالىيەت ئېلىپ باراتتى، كىتابلار كۆچۈرۈلەتتى ۋە بېسىلاتتى. ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخىدا، بۇددا مەزمۇنىدىكى كىتابلار ئەڭ كۆپ يېزىلىپ ساقلانغان جايمۇ قوچۇ ئىدى. تارىخى ماتېرىياللار قوچۇدىن تېپىلغان يازما يادىكارلىقلارنىڭ نەچچە تۈمەندىن ئارتۇقلىقىنى ئىسپاتلىدى. شۇڭا، كىشىلەر قوچۇنى ئەينى زاماندىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ «يەر ئاستى كۈتۈپخانىسى»[2] دەپ ناھايىتى توغرا تەرىپلىگەن.

قوچۇدا كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلغان ياكى يېزىلغان كىتابلارنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، نېستورىيان، مانى ۋە بۇددا دىنىغا ئالاقىدارلىرى كۆپ ئىدى. بولۇپمۇ بۇددا دىنىغا ئائىت كىتابلار ئەڭ كۆپ ۋە مەشھۇر ئىدى. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن قوچۇدا شۇنچە كۆپ مىقداردىكى كىتابلار يېزىلدى، كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلدى ۋە ساقلاندى؟ بۇ، بۇددا دىنىنىڭ «كىتاب كۆچۈرۈش ساۋابلىق ئىش»[3] دېگەن ئەقىدىسىنىڭ قوچۇدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلار ئىدىيىسىگە قاتتىق تەسىر قىلغانلىقى، ئۇلارنىڭ «كىتاب كۆچۈرۈش» بۇددا ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە مۇشۇ يولدا جان پىدا قىلىش بەدىلىگە، گۇناھدىن ساقىت بولۇپ، ھەر ئىككى ئالەمدە نىجاتلىق تېپىشتىن ئىبارەت دىنىي، پەلسەپىۋى ئېڭىنىڭ تۈرتكىسىدىن بولدى.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئەسەرلەر ئىچىدە «ئالتۇن يارۇق» (ئالتۇن رەڭلىك، نۇرلۇق، يالتىراق، ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان نوم پادىشاھى ئاتلىق نوم پۈتۈك) ۋە

[1] قادىر ئەكبەر: «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى 2002-يىلى 1-سان «ئەدەبىيات بازىرىدا تىلغا ئېلىنمىغان ئىشلار»ناملىق ماقالە.
[2] ئابدۇللا تالىپ: «ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، 1986- يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 23- بەت.
[3] ۋاھىتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن:«ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، 1987- يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى، ئۇيغۇرچە، 184- بەت.

«مايتىرى سىمىت» مۇقەددەس ھەم ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەسەرلەر بولۇپ، بۇ كىتابلارنىڭ كۆچۈرۈپ تارقىتىلىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى يۇقۇرىقى قاراشلىرىمىزنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. مەسىلەن: «ئالتۇن يارۇق» نى كۆچۈرۈشنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپە»[1] ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت

www.uyghurkitap.com

بۇ قاراش ئەسەرنىڭ بىر ئېپىزوتىدا مۇنداق بەدىئىي يول بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ:
ئىنچوۋ دېگەن يۇرتنىڭ كىتاۋ دېگەن بىر بېگى بولۇپ، ئۇ مەلۇم يىلى قىزىنىڭ توي ئىشى
مۇناسىۋىتى بىلەن نۇرغۇن كالا، قوي، قۇشلارنى ئۆلتۈرۈپ زىياپەت ئۆتكۈزىدۇ. توي تۈگەپ ئۇن
كۈن ئۆتەر- ئۆتمەستىن كىتاۋ بەگ پالەچ كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كېتىدۇ. گەرچە
كىتاۋ بەگ ئۆلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەممە يېرى مۇزلاپ، پەقەن يۈرىكىلا ئىسسىق تۇرىدۇ. بەگنىڭ
مۇلازىملىرى ئۇنىڭ جەسىتىنى تۆت كۈن ساقلاپ، ئاخىرى بولالماي ئەپچىقىپ كۆمۈشكە
تەييارلانغاندا، كىتاۋ بەگ تۇيۇقسىز تىرىلىپ قالىدۇ. بۇنى كۆرگەن خىزمەتچىلەر قورقۇپ قېچىشقا
تەمشىلىدۇ. كىتاۋ بەگ ئۇلارنى چاقىرتىپ توختىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «... مەن تويدا ئۆلتۈرگەن
جانلىقلار ئۇ دۇنياغا بېرىپ تەڭرىگە ئەرز قىلدى. تەڭرىنىڭ ئەمرىگە بىنائەن تۆت دىۋە كېلىپ، مېنى
(روھمنى) تۇتۇپ تەڭرىنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ باردى. تەڭرى مېنى سۇئال- سوراققا تارتتى. سوراقنىڭ
ئاخىرىدا: پەقەت <ئالتۇن يارۇغ> نى كۆچۈرۈپ تارقاتسالا گۇناھىمنىڭ ساقىت بولىدىغانلىقىنى
ئېيتتى ».
بۇ گەپنى ئاڭلىغان مۇلازىملار كىتاۋ بەگنى ئۆيىگە قايتۇرۇپ كېلىدۇ. كىتاۋ بەگ ئەنە شۇ
ۋاقىتتىن باشلاپ بەگلىكتىنمۇ، مال- مۈلۈكتىنمۇ كېچىپ، «ئالتۇن يارۇغ»نى كۆچۈرۈشكە قەتئىي
نىيەت باغلايدۇ، كۆپ ئىزدەش ئارقىلىق كىتابنى ئاخىرى تاغ ئارىسىدىكى بىر بۇتخانىدىن تېپىپ
كېلىپ، كېچە- كۈندۈز ئولتۇرۇپ كۆچۈرۈپ، «گۇناھىنى يۇيۇش» يۇرسىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە
تىرىشىدۇ...
قارىماققا بۇ پارچىدا بۇددا دىنىنىڭ «بارلىق جانىۋارلارغا ئازار بەرمەسلىك» پرىنسىپى
«تەرغىپ» قىلىنغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ خىل چۈشەنچە يەنىلا «ئالتۇن يارۇغ» نى كۆچۈرۈپ
تارقىتىش ئىشى بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.
روس تۈركلوگى مالوۋ «قەدىمكى تۈركىي يېزىق يادىكارلىقلىرى» ناملىق ئەسىرىدە،
دۇنخۇاڭدىكى بىر بەگنىڭ كاڭشىنىڭ 26- يىلى يەنى توشقان يىلى (مىلادى 1702- يىلى ) بىلگە
ئاتاۋۇللاغا «ئالتۇن يارۇغ» نى ئىككى كالا، ئون قويغا كۆچۈرۈتكەنلىكىدەك پاكىتنى سۆزلەش
ئارقىلىق، بىر تەرەپتىن يۇقۇرىقى رىۋايەتلەرنىڭ راستلىقىنى ئىسپاتلىغان بولسا، يەنە بىر

ھەربىيدىن ئۆمەر: «ئۇچېرىكلار» 1981- يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈيغۇرچە، 70- بەت.

تەرەپتىن ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقالغان «ئالتۇن يارۇغ» نى كۆچۈرۈپ تارقىتىش،
ئومۇمەن «كىتاب كۆچۈرۈپ ساۋاپقا ئېرىشىش» دىن ئىبارەت بۇددىزىم قارىشىنىڭ شىنجاڭدا
17-18-ئەسىرلەرگىچە داۋام قىلىپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.
تېخىمۇ ئەھمىيەتلىك يېرى شۇكى، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدىكى كىتاب كۆچۈرۈپ،

ساۋابقا ئېرىشىشتىن ئىبارەت دىنى قىزغىنلىق «ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا خەتلەرنى ياغاچ تاختايلارغا ئويۇپ كىتاب چىقىرىش ھۆنىرى- كېسلوگىرافىينى بارلىققا كەلتۈردى». بۇنداق ئىلمىي ۋە يۇقۇرى تېخنىكىنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىدا پۈتۈكچىلىك- كىتابەت ئىلمىي ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ھەم ئۇنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەت بويىچە ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي كەيپىيات بولۇپ ئومۇملىشىشقا كەڭ ئاساس يارىتىپ بەردى.

شۇنى زور ئېتىبارلىق ئىچىدە تىلغا ئېلىش ھاجەتكى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دائىرىسىدە ئۇيغۇر تىلى ۋە ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان تارىخىي، ئەدەبىي ئەسەرلەر، ئاسترونومىيە، تىبابەتچىلىك، كالىندارچىلىققا ئائىت ئەسەرلەر، لۇغەت ۋە سېلىشتۇرما سۆزلۈكلەر، شېئىرلار، دىرامىلار قاتارىدا تەزكىرىلەر، خاتىرىلەر، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي- ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتكە ئائىت كۆپلىگەن قىممەتلىك ھۆججەت- ۋەسىقىلەرمۇ بارلىققا كەلدى.

دېمەك، شىنجاڭنىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىدىن خۇسۇسەن، قوچۇدىكى «چېچىلىپ ياتقان قەغەزلەر» ئارىسىدىن «ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان 8-،14- ئەسىرلەرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر 400 پارچە ئەتراپىدا بولۇپ، بۇ ھۆججەتلەر 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭدىن تېپىلغان. ئۇلار ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخى بىلەن مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشتا ئەڭ مۇھىم ماتېرىياللار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.» [1]

كۆكتۈرك خانلىقى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 552-740- يىللار ھۆكۈم سۈرگەن)، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادى 744-840- يىللار ھۆكۈم سۈرگەن) ۋە قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى (مىلادى 870-1393- يىللار ھۆكۈم سۈرگەن) نىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدىكى ئىجتىمائىي ھەم مەدەنىي ھاياتنىڭ تەبئىي ئەنئەنىسى، شۇنداقلا بۇنداق ئەنئەنىدىن شەكىللەنگەن پۈتۈكچىلىك- كاتىباتلىق ئىلمىغا تەۋە «تۇرپان تېكىستلىرى» دىكى يېزىلگەن ۋەسىقىلىرىمىزنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، ئۆي، يەر، گەزمال، قۇل سودىسى؛ پۇل، ئاشلىق، توقۇلمىلارنى قەرزگە ئېلىش ۋە بېرىش؛ مال- مۈلۈكلەرنى ئىجارىگە ئېلىش، قۇل ۋە ئائىلە ئەزالىرىنى ئىجارىگە بېرىش؛ بالا بېقىۋېلىش؛ مال- مۈلۈكلەرنى تەقسىم قىلىش ۋە باشقا مال- مۈلۈكلەر ھەققىدە توختام تۈزۈش؛ ئىقتىسادىي رەسمىيەتلەرنى بېجىرىش قاتارلىق كۆپ خىل مەزمۇنلارغا چېتىلىپ، ئۇيغۇر قەدىمكى خەت- چەكلەر ئىلمىنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، قەدىمكى ھۆججەت

[1] غەيرەتجان ئوسمان: «شىنجاڭنىڭ مەتبەئەتچىلىك ۋە قەغەزچىلىك تارىخى ھەققىدە قىسقىچە بايان («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 1993- يىللىق 2- سان، 58- بەت.

ۋەسىقىلىرىمىز بىزگە مالوفنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر» ( 1928- يىلى لېنىنگرادتا نەشىر قىلىنغان) ۋە رەشىت رەھمىتى

ئاراتنىڭ «قەدىمكى تۈرك ھوقۇق ۋەسىقىلىرى» ناملىق ئەسەرلىرىدىنلا مەلۇم. بۇلار بولۇپمۇ مالوفنىڭ ئەسىرى قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر تەتقىقاتىدىكى خەلقئارالىق مۇكەممەل ئەسەر ھېسابلىنىدۇ. چەتئەل ئالىملىرى مالوفلارنىڭ ئىزىدىن مېڭىپ، قەدىمكى ھۆججەت- ۋەسىقىلىرىمىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇستىدە كۆپ ئىزلىنىپ، ئاز بولمىغان تەتقىقات نەتىجىلىرىگە ئېرىشتى.

قەدىمكى ۋەسىقىلىرىمىزنىڭ ئىستىخىيىلىك يوسۇندا تەبىئىي شەكىللەنگەن فورما(شەكىل) مەسىلىسى بولۇپ، بۇ ھۆججەتشۇناسلىق تەتقىقاتىمىزدىكى مۇھىم مەسىلە. شۇنداقلا ھازىرقى زامانغا خاس مىللىي پەنتوكچىلىك (كاتىباتلىق) ئىلمىنى يارىتىشتىكى ئاكتۇئال مەسىلە ئىدى. تارىخي مىللىي ۋەسىقىلىرىمىزنىڭ شەكىل ئامىللىرى ئۈستىدە گەپ بولغاندا ئەلۋەتتە ل. ي. تۇگۇشېۋانىڭ «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ قوليازما ھۆججەتلەر بۆلۈمىدە ساقلىنىۋاتقان 8- ، 14- ئەسىرلەرگە ئائىت قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر» ناملىق ئەسىرىدىن ئاتلاپ ئۆتەلمەيمىز. ئاپتور ئۆز ئەسىرىدە مەزكۇر ئورۇندا ساقلىنىۋاتقان ھۆججەت- ۋەسىقىلەرنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، ئۇلارنى مەزمۇن جەھەتتىن: ھۆججەت (پۈتۈم- توختام، كېلىشىم، قەرز ھۆججىتى ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) ۋە خەت- چەكلەر (خەت- چەكلەر بىلەن پەرمانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىغان. تېخىمۇ قىممەتلىكى- ئاپتور ئەسەردە قەدىمكى ھۆججەتلەر ھەققىدىكى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بارلىق ۋەسىقىلەرنىڭ يېزىلىش جەھەتتىكى ئومۇمىي ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنى تېپىپ چىقىش ئارقىلىق، ئۇلارنى مۇنداق سەككىز خىل مەزمۇن بويىچە يېزىلغان دەپ يەكۈن چىقىرىدۇ:

(1)پۈتۈم- توختاملارنىڭ تۈزۈلگەن ۋاقتى.

(2) پۈتۈم- توختاملارنىڭ قۇرۇلۇش سەۋەبى، پۈتۈم توختام تۈزگۈچى ۋە بۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك نەرسە- كېرەكلەر.

(3)سودا قىلىنغان نەرسە- كېرەكلەرنىڭ باھاسى ھەققىدىكى كېلىشىم. بۇخىل شەكىل ئىككى قىسىمدىن تۈزۈلگەن: بىرىنچى قىسىمدا تۆلەش ئۇسۇلى بەلگىلەنگەن، ئىككىنچى قىسىمدا سودا قىلىنغان نەرسە- كېرەكلەرنىڭ كېلىشىم باھاسى خاتىرلەنگەن.

(4)سېتىۋالغۇچىنىڭ چىقىمى بىلەن ساتقۇچىنىڭ كىرىمى تەپسىلىي ئىزاھلانغان.

(5) يېڭى ئىگىدارنىڭ ھوقۇقى ئۇقتۇرۇلغان.

(6)يېڭى ئىگىدارنىڭ ھوقۇقىغا بولغان كاپالەت ۋە توختامغا خىلاپلىق قىلغاندا قوللىنىلىدىغان جازالارنىڭ دائىرىسى بەلگىلەنگەن. ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بۇ قىسىمنىڭ مەزمۇنى ئومۇمەن بىردەك بولسىمۇ، لېكىن بىرىنچى قىسىمدا ئىشلىتىلگەن سۆزلەردە پەرق بولغان.

(7) يەر سودا قىلىنغان ھۆججەتلەردە يەرنىڭ چېگرىسى ۋە ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى ئىزاھلانغان.

(8) ئاخىرقى قىسمى، بۇقىسىمدا پۈتۈم- توختام تۈزۈشكە قاتناشقان شاھىتلار، تامغىچى، پۈتۈم- توختامنى يازغۇچى كاتىپلارنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان. مەسىلەن: تۆۋەندىكىلەر مالوفنىڭ «قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھۆججەتلەر» ناملىق ئەسىرىگە كىرگۈزۈلگەن ۋەسىقىلەرنىڭ ئىككى پارچىسى بولۇپ، بۇلار بىزنىڭ قەدىمكى ھۆججەتلەرنىڭ مەزمۇنى ھەم شەكلى ھەققىدىكى چۈشەنچىلىرىمىزنى كونكرېتلاشتۇرۇپ بېرىدۇ.

(1)

**تەكلىكنى ئىجارىگە ئېلىش**

مەنكى قايتۇ ئىشلەپ پايدىلىنىش ئۈچۈن كۆچارلىق مىسرىنىڭ تەكلىكنى ئىجارىگە ئالدىم. مەن ئىشلەپ پايدىلانغان ۋاقىت ئىچىدە مىسرىغا ئەل نەرقى يەر ئىجارە ھەققى تۆلەيمەن. لېكىن، بۇ تەكلىكنىڭ ئەسلى ئىگەدارچىلىقى مىسىردا بولىدۇ، قايتۇدا بولمايدۇ.

شاھىدلار:

بەك بوقا، ئەلچى- بۇ بارماقلار بىزنىڭكى.

بۇ ھۆججەتنى مەنكى قايتۇ مىسرىنىڭ ئېيتىپ بېرىشنى بىلەن ئۆزۈم يېزىپ چىقتىم.

(2)

**كۆنجۈت قەرز ئېلىش**

ئېيىق يىلى، ئالتىنچى ئاي، ئاي بېشى 10- كۈنى مەنكى كاۋسىدۇ، ياغقا ئېھتىياجىم بولغىنى ئۈچۈن ئىل تۆمۈردىن بىر كيۈرى كۈنجۈت ئالدىم. كۈزدە ئۈنى ئىككى كيۈرى كۈنجۈت قىلىپ قايتۇرىمەن. ئەگەر، مەزكۇر قارادا قايتۇرالمىسام خەلق ئىچىدىكى ئادەت بويىچە ئۆسۈمىنى تۆلەيمەن. ناۋادا مەن مۇشۇ ئارىلىقتا تۆلىيەلمەي ئۆلۈپ كەتسەم، مېنىڭ بىر تۇغقان ئېنىم كاسۇك مەسئۇل بولۇپ، قېرىنداشلىرىم بىلەن تولۇق ھالدا تۆلەپ بېرىدۇ.

شاھىدلار بارماقلىرىمىزنى باستۇق:

قابان

بۇنغاق

بۇ ھۆججەتنى مەن كاۋسىدۇ ئۆز قولۇم بىلەن يازدىم.

تۇگۈشېۋا قەدىمكى ئۇيغۇرچە ۋەسىقىلەرنىڭ شەكىل بۆلەكلىرى ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بارغاندا يەنە تاپشۇرۇپ ئالغانلىق ئىسپاتى ئۈچۈن «يانتۇت» دەپ ئاتىلىدىغان ھۆججەت شەكلىنىڭ قوللىنىلىدىغانلىقىنى، ھۆججەتلەردىكى «تۇتۇق» سۆزىنىڭ مەخسۇس «ئىجارىگە بېرىش» دېگەن مەنىدە كېلىدىغانلىقىنى، ئىجارە سوممىسى كىرگۈزۈلگەن ئىجارىگە بېرىش ھەققىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ خاس «ياقا» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنى، ئىجارە سوممىسى كىرگۈزۈلمىگەن ئىجارىگە ئائىت ھۆججەتلەرنىڭ «ئانۇق» دەپ ئاتىلىدىغانلىقىنىمۇ شەرھلەپ ئۆتىدۇ.

قىسقىسى، قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پۈتۈكچىلىك (كاتىباتلىق) ئىشلىرى ئالاھىدە تەرەققىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىلىپ، مەتبەئەنىڭ بارلىققا كېلىشىگە ھەم قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ قانۇنىدا بارلىق قانۇنىي ھەرىكەتلەرنىڭ يېزىق ئارقىلىق بەلگىلەنگەن [1] لىكىگە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. «يېزىقنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئومۇملىشىپ، خەت بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمىغا ئايلانغان» [2] لىقىنى نۇرغۇن پاكىتلار ئارقىلىق ئىزاھلاپ بېرىدىغان خەت- چەك، ۋەسىقىلىرىمىزنىڭ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولغان.
شۇڭا، چەتئەل ئالىملىرى تەتقىق قىلىپ مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن خەت- چەك، ۋەسىقىلىرىمىزنى، ئومۇمەن ئوتتۇرا ئەسىردىكى پۈتۈكچىلىك ئىشلىرىمىزنى ئۆز دىيارىمىزدا ئۆز تەپەككۇرىمىز ۋە ئۆز مىتودىمىز ئارقىلىق تەتقىق قىلىش- خەلقىمىزنىڭ شۇ زامانلاردىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلىرىنى، دىنىي، ئەخلاقىي، پەلسەپىۋى ئېڭىنى، ئۇلارنىڭ جەمئىيەت قۇرۇلمىسىنى ھەم ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرىنىڭ تۈرلۈك ھالەتلىرىنى، مەدەنىيىتىنى، يازما ۋە ئېغىزاكى تىل شەكلىنى چۈشىنىپ، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىمىزنى بېيىتىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر. [3]

[1][2] ئۇگۇشېۋا (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) «سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ قولىيازما ھۆججەتلەر» («شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» 90- يىللىق ئومۇمىي 2-3- سان 114- بەت)

[3] تۇرسۇن كەلپىن: «قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى پۈتۈكچىلىك ئىلمى»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتوتى ئىلمىي ژورنىلى» 1994-يىلى 4-سانىدىكى ئۇشبۇ ماقالە.

## 3. قاراخانىلار خاندانلىقىنىڭ دۆلەت تەشكىلاتىدا پۈتۈكچىلىك (كاتىپلىق، خەتتاتلىق ئىلمى ۋە كىتابەتچىلىك.

قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ مەركىزىي ئاپپاراتىدا «دىۋان ئىنشا» ياكى «دىۋان كاتىپ» دېگەنكە ئوخشاش بىرەر باشقارمىنىڭ بارلىقى ھەققىدە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەسمىز، ھەتتا مۇشۇ دەۋرنىڭ مەھسۇلى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن «قۇتادغۇبىلىك» تىمۇ بۇ مەسىلە ئۈستىدە پاكىتلىق بايانلار يوق.
ئەمما، قاراخانىلاردىن بۇرۇنراق سەلتەنەت سۈرگەن سامانىيلار ( 874- 999-يىلىغىچە ھۆكۈم

سۈرگەن) بىلەن قاراخانىلارنىڭ زامانداشى بولغان بۈيۈك سالجۇقىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتلىرىدا ئوردا دىۋانخانىلىرىنىڭ بار بولغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتلار بىزنى بۇ توغرىدىكى مۇھىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. بۇ ھەقتىدىكى بايانلارنى كونكرېتلاشتۇرىدىغان بولساق، سامانىيلارنىڭ مەركىزىي مەھكىمىسىدىكى ئون دىۋاننىڭ 2-، 3- سى بولغان «دىۋان ئەرراسائىل- مەھكىمىنىڭ خەت- ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئورگىنى» [1] ئىدى. «دىۋان ئىنشا بولسا بۇيرۇق- يارلىق باشقارمىسى بولۇپ، مەھكىمىنىڭ ئىنتايىن مۇھىم ئورنى ھېسابلىناتتى. بۇ باشقارما دۆلەتنىڭ ھۆججەت، خەت- ئالاقىلىرىنى ھەتتا باشقا دۆلەتلەر بىلەن دىپلوماتىك مۇناسىۋەت ئورنىتىش ئىشلىرىنى باشقۇراتتى.»
[2] بۈيۈك سالجوقىيلارنىڭ مەلىكشاھ
زامانىدا بۈيۈك دىۋاندىن كېيىن، تۆت مۇھىم دىۋان ئورۇن ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ بىرسى دەل «توغرا ياكى ئىنشا دىۋانى» [3] ئىدى.

دېمەك، سامانىيلار ئوردىسىدىكى پۈتۈكچىلىككە ئائىت يۇقۇرىدىكىدەك بەزىبىر بايانلار بىلەن سالجۇقىيلاردا «ھۆكۈمرانىنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى كاتىبات ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان توغرا دىۋانى ۋە ئۇنىڭ رەئىسى (توغرائىي) نىڭ ئورنىدا (بېتىكچى ئىلمغا) بىلەن (تامغىچى- مۆھۈردار) نىڭ بارلىقىدىن ئىبارەت بۇ مەسىلە شۇ دىۋانلارنىڭ ياكى تەشكىلاتلارنىڭ قاراخانىلاردىمۇ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ». [4]

ھەتتا «يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ ئۆزى ياشاۋاتقان دەۋرنى كۆزدە تۇتۇپ ئاغىچى، تامغىچى ۋە بېتىكچى- ئىلمغالار باشلىق بولغان تەشكىلاتلارنىڭ بارلىقىنى ئېتىراپ قىلىش بىلەن بۇ مۇئەسسەسەلەرنىڭ ئىسمى ۋە ئىشلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىشنى لازىم كۆرمىگەنلىكى» [5] دەك ۋە مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ئۆز ئەسىرىدە «ئىلمغانى - خان مەكتۇپلىرىنى تۈركىي يېزىقى بىلەن

1 ② ھاجى نۇرھاجى: «قاراخانىيلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 1983- يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 55- بەت.
3 ④ رىشات كەنچ: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، 1990- يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 336-، 337-، 340-، 341- بەتلەر.
5 رىشات كەنچ: «قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، 1990- يىلى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 336-، 337-، 340-، 341- بەتلەر.

يازىدىغانلارنى كاتىپ» [1] دەپ بايان قىلىشىدەك بىر قاتار پاكىتلار قاراخانىلارنىڭ مەركىزىي ئورگىنىدا بېتىكچى- ئىلمغاغا ئائىت بىر مۇھىم دىۋاننىڭ بارلىقىنى سۆزسىز ئىسپاتلايدۇ.

گەرچە يۈسۈپ خاس ھاجىپ قاراخانىلارنىڭ ئوردىسىدا بۇ بېتىكچى- ئىلمغاغا تەئەللۇق ياكى يېزىق ئىشلىرىغا مەسئۇل بىرەر ئورگاننىڭ بارلىقى ھەققىدە ئېنىق توختالمىسىمۇ،ئەمما بىز «قۇتادغۇبىلىك»نىڭ «پۈتۈكچىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىككە ئېيتقانلىرى» ناملىق 34- بابىدىن ۋە «ئۆگدۈلمىشنىڭ، ئۇدغۇرمىشقا بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە- يوسۇنلىرىنى ئېيتقانلىقى» ناملىق 47- بابىدىن بۇ ھەقتە خېلى چوڭقۇر چۈشەنچىگە ئىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بولالايمىز. ئاپتور داستاندا ئىنشا- يېزىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنىڭ ئىلگىرى- كېيىنلىك ۋە تەۋەلىك مۇناسىۋىتى ھەققىدە توختالغاندا، تۆۋەندىن يۇقۇرىغا قاراپ ئالدى بىلەن «تامغىچى- مۆھۈردار» ( 4046- بېيىت) نى، كېيىن «بېتىكچى- كاتىپ» ( 4048- بېيىت)نى، ئاخىرىدا «ئىلىمفا»( 1465- بېيىت)نى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ. بۇلار ماھىيەتتە، خاننىڭ ئاغزاكى ئەمىر، بۇيرۇق ۋە پەرمانلىرىدىن ئىبارەت بولغان «يارلىق»نىڭ «ئىلىمفا»نىڭ قول ئاستىدىكى كاتىپلار تەرىپىدىن يېزىلىدىغانلىقىنى، ئاندىن ئۇنى تامغىچىنىڭ مۆھۈرلاپ كۈچكە ئىگە قىلىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، مۇنۇ بىر نوقتىنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئاپتور ئەسەرنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلىرىدا «بېتىكچى»، «ئىلىمفا» ۋە «بېتىكچى ئىلىمفا» ئاتالغۇلىرىنى بەزىدە ئايرىم- ئايرىم قوللانسا، يەنە بەزىدە بىرىكتۈرۈپ ئۈچ خىل ھالەتتە ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن، ئەسەرنىڭ 34- بابىنىڭ ئەسلى مەتنىگە بېرىلگەن ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسىنىڭ ماۋزۇسى مۇنداق: «پۈتۈكچىنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى توغرىسىدا ئۆگدۈلمىشنىڭ ئىلىككە ئېيتقانلىرى» ئەسەرنىڭ 2674- ۋە 4065- بېيىتلىرىدا مۇنداق دېيىلگەن:

ئەگەر بولسا خان قانچە ئالىم ئۆزى،
كىرەكتۇر پۈتۈكچى يازارغا سۆزى.

بولۇر بىرسى ھاجىپ، قۇماندان بىرى،
بىرى كاتىپ بولۇپ، يازار سىرلىرى.

[2] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»

يۇقۇرقىلاردىن بىز ئەسەرنىڭ ئەسلى مەتنىگە بېرىلگەن ترانسكرىپسىيىلىك تەرجىمىسىدە «ئىلىمفا»، «بېيىتچى» ۋە «بېتىكچى ئىلىمفا» لارنىڭ ئاساسەن، «پۈتۈكچى كاتىپ» دېگەن مەنىدە كەلگەنلىكىنى، 4065- بېيىتتىكى «ئىلىمفا» ۋە ئۇنىڭ «كاتىپ» دېگەن مەنىسىنىڭ مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «دىۋان» دىكى ئىزاھاتى بىلەن ئوخشاش قوللىنىلغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز.

بىراق، 34- بابتا، يېزىق ئىشلىرىنىڭمۇ سۆزلەشكەنلىكىگە قاراپ «بېتىكچى- ئىلىمفا» مەنىسىنىڭ ئۇلارنىڭ ئايرىم- ئايرىم ھالدىكى مەنىسىدىن كەڭرەك ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ پۈتۈكچىلىك، يېزىق ھەم مۆھۈر ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان «ئىدارىنىڭ رەئىسى»[1] ياكى شۇنداق خىزمەتنى قىلىدىغان مەسئۇل خادىمنىڭ ئۇنۋانى ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىمىز. شۇڭا، بۇ ھەقتە يەنە ئىزدىنىشكە

توغرا كېلىدۇ. تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكى شۇكى، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ داستاندا «ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن- يوسۇنلار» [2]نى 11 خىل مەزمۇننى بايان قىلىپ، مۇھاكىمە تېمىمىزنىڭ تۈگۈننى ئايدىڭلاشتۇرۇپ بەردى. ئەسەرنىڭ 47- بابىدىكى «ئۆگدۈلمىشنىڭ ئۇدغۇرمىشقا بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە- يوسۇنلىرىنى ئېيتقانلىقى» بايانى ئەمەلىيەتتە، «ئوردا ئىشلىرىغا ئائىت قانۇن- يوسۇنلارنىڭ ئونچىسى» [3] بولۇپ، ئاپتۇر ئۇنىڭدا، بەگ ئوردىسىدا خىزمەت قىلىدىغان ئۇنۋانلىق

خىزمەتچىلەر ھەققىدە بىر قاتار مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. ئۇنىڭدا، ئوردا ۋە دۆلەتكە تەۋە باشقا جايلاردا خىزمەت قىلىدىغان ئۇنۋانلىق خىزمەتچىلەرنىڭ خىزمەتلىرى ئۈچ دەرىجىگە ئايرىلىدۇ ھەم بىرىنچىسىدە، بەش خىل مەنسەپتىكى خادىملارنىڭ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش شەرتلىرى نىزاملاشتۇرۇلۇپ: «جەسۇر، مەرگەن بولسا ئوقياچى بولىدۇ؛ خۇلقى دۇرۇس بولسا، تامغىچى بولىدۇ؛ خۇيى پاك، يۈزى چىرايلىق بولسا، ساقى بولىدۇ؛ ھېساب ۋە خەت بىلسە، خەزىنىچى بولىدۇ؛ ئەگەر ئاقىل بولسا، پۈتۈكچى بولىدۇ» [4]يدۇ. ئىككىنچى دەرىجىسىدىمۇ بەش خىل مەنسەپ تەسىس قىلىپ: «بىرى، توپ چىرىككە توپ بېشى بولىدۇ، بىرى، ئات ئۆزرە ئەل بېشى بولىدۇ، بىرى، ھاجىپ بولىدۇ، بىرى، قوماندان، يەنە بىرى، كاتىپ بولىدۇ» [5]پ نىزام بەلگىلەيدۇ.

ئۇرۇش مالىمانچىلىقى بولۇپ تۇرىدىغان 10- ئەسىر مۇھىتىدا، دۆلەتنىڭ مۇستەقىللىقى، خەلقنىڭ باياشات، ئەمىنلىكى، ئالدى بىلەن دۆلەتنىڭ «نىرۋا سىستېمىسى» بولغان ئوردىغا باغلىق ئىدى. چۈنكى، ھازىرمۇ دۇنيادىكى بىر قىسىم دۆلەتلەر دۆلەتنىڭ رەھبەرلىك سىستېمىسىدا قانداق تۈزۈمنى قوللىنىش مەسىلىسىنى تالاش- تارتىش قىلىشۋاتقاندەك، تۆت ئەتراپى دۈشمەن بىلەن قورشالغان قاراخانىلاردەك بىر دۆلەتتە، رەھبەرلىك جەھەتتىن قانداق تۈزۈمنى قوللانسا ۋە ئوردا قانداق قانۇن- تۈزۈملەرنى يۈرگۈزسە ھەم قانداق ئاپپاراتلارنى

---

1 2 3 4 5 يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، 4046-، 4047-، 4048-، 4064-، 4065-، 4135-، 4146-، 4930-، 2931- بېيتلار.

تەسىس قىلسا، دۆلەت ۋە خەلقنى ئەڭ تەشەببۇسكار ئورۇنغا قويغىلى بولىدىغانلىقى قاتارلىق مەسىلىلەر نازۇك مەسىلە ئىدى. شۇڭا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئوردا ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئۇنۋانلىق خىزمەتچىلەر ھەققىدىكى يۇقۇرىقى قاراشلىرىغا ئۇلاپلا بىر ئالىمنىڭ چۈشەنچىلىرى ئاساسىدا، خان ئوردىسىنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئۇنۋانلىق خىزمەتچىلەردىن (ماھىيەتتە، ئۇلار ئايرىم- ئايرىم باشقارمىلاردىن) تەركىب تېپىشى لازىملىقى ھەققىدىكى يەنە بىر تەسەۋۋۇر لايىھىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويغان. بۇلار **(1)** بەگ، **(2)** يابغۇ، **(3)** لەشكەر بېشى (سۇ ئەركى)، (4) خەيىل (بىر توپ لەشكەر)، (5) ئون ئوتاغ (ئون چادىر باشلىقى)، (6) ۋەزىر، (7) كېڭەشچى، (8) كۆك ئايۇق، (9) ئەل باشى (ۋىلايەت بېشى). (10) لەشكەر باشى (سۇ بېشى)، (11) ھاجىپ، (12) خەزىنە ئىشى (ئاغچى)،

(13) خاس كاتىپ (بىتىكچى- ئىلىمغا) دىن ئىبارەت. لايىھىنىڭ ئاخىرىدا، يەنە «ئۇنۋانلىق خىزمەتچىلەر شۇلاردىن بۆلەكلىرى بۇلارغا تەۋە بۆلۈمچىلىرىدۇر» [1] دەپ ئەسكەرتىدۇ.

يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «بەگلەرگە خىزمەت قىلىشنىڭ قائىدە- يوسۇنلىرى» بابىنىڭ ئاخىرىدا، باشقا بىر ئالىمنىڭ پىكرى قاتارىدا ستاتا قىلىپ، ئوتتۇرىغا قويغان بۇ قاراشلىرى ئارقىلىق، بىز، بىر تەرەپتىن، قاراخانىلاردا ئوردا دىۋانخانىسىنىڭ بارلىقى بولغاندىمۇ، يۇقۇرىدا بايان قىلىنغاندەك «بىتىكچى ئىلىمغا» نىڭ دەل دۆلەتنىڭ خەت- ئالاقە ئىشلىرىغا مەسئۇل ئەمەلدارى دىۋانبەگىنىڭ ئۇنۋانى ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈرسەك، يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ بايانلار ئارقىلىق مەشھۇر شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ رەھبەرلىك جەھەتتە، دۆلەتتە قايسى خىل تۈزۈملەرنى تاللاشنى پۇقرالارنىڭ ئاۋازىغا قويۇشتەك ئەركىن دېموكراتىك ئىدىيىسىنىڭ ئالغا سۈرۈلگەنلىكىنى، تېخىمۇ چوڭقۇر تەتقىق قىلساق، بۇلارنىڭ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ «تۈزۈمدە ئۆزگىرىش قىلىش»، «ئەلنىڭ ئۇلىنى چىڭىتىش» تىن ئىبارەت ئەينى دەۋردىكى زور ئىسلاھات پىلانى بىلەن يىلتىزداش ئىكەنلىكىنى ھەم بۇ خىل رىئاللىق ۋە پۇقرالار ساداسىنىڭ داستاندا، ئوبرازلىق تەپەككۇر ئۇسۇلى ئارقىلىق يوشۇرۇن ئەكس ئەتتۈرۈلگەنلىكىنى تەسەۋۋۇر قىلالايمىز.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ يېزىلغان ۋاقتى قاراخانىلار دۆلىتى قۇرۇلۇپ، تەخمىنەن ئىككى ئەسىر ئۆتكەن دەۋرلەر بولۇپ، بۇ مەزگىلدە قاراخانىلارنىڭ مەدەنىيىتى تازا گۈللەپ روناق تاپقان ئىدى، شۇنداقلا مەھمۇد قەشقەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپقا ئوخشاش مەرىپەت يۇلتۇزلىرى بارلىققا كەلگەن ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن، قاراخانىلار دۆلىتى يېڭى ئىچكى زىددىيەتلەرگە دۇچ كېلىپ، ھۆكۈمرانلار تەبىقىسىنىڭ ھوقۇق- ئىمتىياز ئۈچۈن ئىچكى ئاداۋەتلىرى ئەۋج ئالغان، ئوردىدا تەپرىق ۋە بۆلگۈنچىلىك، سۈيقەست كۈچىيىپ، خاندانلىقنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ھەم ئىجتىمائىي جەھەتلەردىكى نورمال تۈرمۈش تەرتىپى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان. گەرچە، خاندانلىق

---

[1] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك»، 4046-، 4047-، 4048-، 4064-، 4065-، 4135-، 4146-، 4930-، 2931- بېيىتلار.

«قۇلدارلىق تۈزۈم يوقىلىتىلىدۇ» دېگەن قانۇننى ئېلان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بايلار بىلەن نامراتلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بارغانچە زورىيىپ بېرىۋاتقان بۇنداق پۇرسەتتە، تاشقى جەھەتتىن كىدانلار بىلەن چىڭگىزخاندىن ئىبارەت ئىككى دۈشمەننىڭ ئاغدۇرمىچىلىقى كۈچىيىۋاتقان، قىسقىسى، ئىچكى- تاشقى نىزالار تۈپەيلىدىن دۆلەت قوياشى مەغرىپ تامان قىيسايغان مەزگىللەر ئىدى. مانا شۇنداق ھالقىلىق پەيتتە «كۈنتۇغدىغا سىمۋول قىلىنغان تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخان، تاۋغاچ ئۇلۇغ بۇغراخانغا سىمۋول قىلىنغان قاراخانىلارنىڭ دۆلەت ئاتىسى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان» [1] «تۈزۈمدە ئۆزگۈرۈش قىلىش» ئۈچۈن دۆلەتنىڭ مەۋجۇتلىقى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىغا ئالاقىدار بولغان بىر قاتار قانۇن- پەرمانلارنى ئېلان قىلىدۇ ۋە شۇنداق پەرمانلارنىڭ بىرىدە: «ئوردا

ئەمەلدارلىرىغا قارىتا زۆرۈر بولغان تەڭشەش ئېلىپ بېرىلىدۇ. بىلىگ ئاقارتىش ئۆلچىسى، ئوردا ۋەزىپىسى.... قاتارلىق مۇئەسسەسەلەرگە باشقىدىن ئادەم تەيىنلىنىدۇ...»[2] دەپ جاكارلايدۇ.

ئېنىقكى، قاراخانىلار دۆلىتى دۈچ كېلىۋاتقان بۇنداق رەھىمسىز قىسمەت، دانىشمەن ئۇستاز يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەرىپىدىن داستاندا يۈكسەك بەدىئىي يوللار بىلەن نامايان قىلىنىدۇ.

ئومۇمەن، يۇقۇرىقىلاردىن بىز ئەيىنى دەۋردە «بېتىكچى ئىلمىغا» نىڭ ياكى بېتىكچى ئىلمىغا دىۋانىنىڭ «تەرتىپ ۋە قانۇن- تۈزۈم جەھەتتە ئەڭ ياخشى دۆلەتلەرنىڭ بىرى»[3] بولغان قاراخانىلار دۆلىتىنىڭ مەركىزى ئاپپاراتلىرىدا مەۋجۇت بولۇپلا قالماي، بەلكى دۆلەتنىڭ سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا مۇھىم فونكسىيىلىك ۋەزىپىلەردە بولغانلىقىنى كۆرىۋالالايمىز.

## «قۇتادغۇ بىلىك»تە ۋەزىپىلەر تەبىرى

«قۇتادغۇ بىلىك»تىكى ۋەزىپىنىڭ قانداق بولىشى ھەققىدىكى بايانلار، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قانۇنى تۈزۈلۈك، ئىلىم- پەننى، تەرەققىيات ۋە ئەخلاقنى زىننەت ئالامىتى قىلىپ قۇرماقچى بولغان گۈزەل غايىۋى دۆلەت توغرىسىدىكى پۈتكۈل ئىدىيىۋى سىستېمىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن دانىشمەن شائىر ئۆز ئەسرى ئارقىلىق ئىرىشمەكچى بولغان تىپىك جەمئىيەتنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ھۆكۈمران تەبىقىنىڭ باش ئاپپاراتى بولغان ئوردىنىڭ قانداق بۆلۈم، دىۋانلاردىن تەركىب تېپىشى ۋە ھەر قايسى دىۋان دائىرىلىرىنىڭ قانداق شەرتلەرنى ھازىرلىشى كېرەكلىكى قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۆڭۈل قويۇپ لايىھىلىگەندە، غايىۋى دۆلەتنىڭ مەركىزىدىن ۋەزىپىلەرگىمۇ ئورۇن بەرگەن.

[1] [2] [3] يۈسۈپجان ئەلى ئىسلامى: «قۇتادغۇبىلىك ۋە قانۇن»، 1993- يىل، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 38-،64-،243-،251- بەتلەر

«قۇتادغۇبىلىك»تە قەيت قىلىنغان ۋەزىپىلەرنىڭ قانداق بولۇشى لازىملىقى ھەققىدىكى بايانلار ماھىيەت جەھەتتە، ئوردا ۋەزىپىلىرىگە دائىر قانۇن- بەلگىلىمىلەر بولۇپ، بۇلار بىلەن قىسقىچە تونۇشۇش- مۇھاكىمە تېمىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

ئاپتور بۇ توغرىدىكى مۇلاھىزىلىرىنىڭ دەسلىپىدىلا ۋەزىپىنىڭ قەتئىي سىر ساقلايدىغان بولۇشى لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ ۋە بۇنداق سىر ساقلىيالايدىغان ۋەزىپىنىڭ خان، دۆلەت، خەلق ۋە ئۆزى ئۈچۈنمۇ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىدۇ. سىر ساقلاشتەك پەزىلەت نۇقتىسىدىن، ۋەزىپىنى ۋەزىر بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇپ بارلىق ئىچكى ئىشلارنىڭ ۋە دۆلەت مەخپىيەتلىكىنىڭ مۇشۇ ئىككى كىشىنىڭ ئەخلاق- ئېتىقادى بىلەن مۇناسىۋەتلىكلىكىنى تىلغا ئالىدۇ.

مەسىلەن، داستاندىكى مۇنۇ بېيىتلارنىڭ يۇقىرىقىدەك مەزمۇنلارنى ئىپادىلەيدىغانلىقى ئۆز-ئۆزىدىن مەلۇمدۇر:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

2675 پۈتۈكچىگە ئېيتماق كېرەك ئىچ سۆزىن،
پۈتۈكچى يوشۇرماي تولا ھەم ئېزىن.

2677 ئەگەر سىر تۇتماسا پۈتۈكچى سۆزىن،
ئېچىپ بەگ سىرىنى يوقۇتۇر ئۆزىن.

2679 بىرىدۇر پۈتۈكچى، بىرىدۇر ۋەزىر،
بۇ ئىككى كىشىگە ئاچار بارچە سىر.

2681 جىمى سىر بۇ ئىككى كىشىدە بولۇر،
ئەگەر سىر ساقلىمىسا ئۆز ئىشىن بۇزۇر.

يەنە مۇشۇ مەزمۇننىڭ ئاخىرىدا يۈسۈپ خاس ھاجىپ پۈتۈكچىنىڭ سىر ساقلىشى توغرىسىدا ئۆتۈكەن بېگىنىڭ ئېغىزىدىن بايان بېرىشتەك بەدىئىي يول بىلەن مۇنداق قاراشلارنى ئالغا سۈرىدۇ:

«قىزىل تىل بېشىڭغا دۈشمەن بولىدۇ، ئادەمنىڭ ئېغىزى بىر ئۆڭكۈر. ئۇنىڭدىن ئوتمۇ چىقىدۇ، سۇمۇ ئاقىدۇ. ئەگەر ئوت چىقسا بېشىڭ كېتىدۇ. ئۆزەڭنىمۇ قوشۇپ ھەممىنى كۆيدۈرسەن. ئەگەر راۋان سۇ ئاقسا تەرەپ-تەرەپتىن چېچەك ئۈنىدۇ، شۇڭا سىر ساقلا.»

بۇ يەردە شۇنداق بىر نۇقتىنى ئالاھىدە ئىزاھلاپ ئۆتۈش ھاجەتكى، «قۇتادغۇبىلىك» نى ئوسمانلى تۈرك تىلىغا تەرجىمە قىلغان دوكتۇر رىشىت رەھمەتى ئارات، يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ پۈتۈكچىنىڭ سىر ساقلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى چۈشەنچىسىگە «سىر كاتىپ» دەپ نام بەرگەن ۋە داستاننىڭ 4146-بېيىتىدىكى«بىتىكچى ئىلىمغا»نى «سىر كاتىپ»دەپ تەرجىمە قىلغان. رىشات كەنچمۇ رىشىت رەھمەتى ئاراتنىڭ بۇنداق ئىلمىي پوزىتسىيىسىنى قۇۋۋەتلەپ:

«يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ قەيتىدىن قارىغاندا، بۇ بىزچىمۇ جايىدا ئېلىنغان بىر ئىبارىدۇر. مۇنداق بولغاندا مەملۇكلەردىن، ئوسمانلارغىچە داۋام قىلغان «سىر كاتىپ» مەنبەسىنىڭ قاراخانىلاردىن بېرى داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر ئىدارە ئەنئەنىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولىدۇ»[1] دەپ يازىدۇ.

رىشىت رەھمەتى ئارات ۋە رىشات كەنچىلەرنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى يەنە تۈرك تەتقىقاتچىلىرىدىن نىزامى ئارۇز ھەم ئەنۋەر ھەسەنلەرمۇ توغرا تاپىدۇ.

نىزامى ئارۇز مۇھەممەد ئابدۇھەئەلكاتىپ ئىسىملىك بىرسىنىڭ ھارۇن بۇغراخاننىڭ «دەبىر» نى بولغانلىقىنى كۆرسەتسە، ئەنۋەر ھەسەن «دەبىر»نىڭ مەنىسىنى شۇ دەۋردە ھۆكۈمدارنىڭ شەخسي

خەتلىرىنى يازىدىغان ۋە ئوقۇپ بېرىدىغان كاتىپقا بېرىلگەن ئۇنۋان دەپ ھېسابلايدۇ.

ئەمما، بۇ يەردە رىشت رەھمىتى ھارات ياسىغان «سىركاتىپ» ئاتالغۇسى بىلەن قەدىمدىن ئۇيغۇر تىلى لۇغەت فوندىدىغا مەنسۇپ بولۇپ كېلىۋاتقان «سىر كاتىپ» ئىبارىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇمكى، «سىر كاتىپ»، «سەرمۇنشى» دېگەنلەر «باش كاتىپ» ياكى «دىۋان بەگ» دېگەنلىك بولۇپ، بۇنىڭدىن باشقا، دانىشمەنلەر ھېكايەتلىرى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىدىمۇ «سىر كاتىپ»قا ئائىت مۇھىم چۈشەنچىلەر بار.

«قۇتادغۇبىلىك» نىڭ پۈتۈكچىلەر سەھىپىسىدىكى يەنە بىر سالماقلىق مەزمۇن، تۆۋەندىكى بىر كۇپلېت شېئىر بۇ نوقتىنى ئېنىق ۋە ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ:

يامۇلىنىڭ داتىڭى، يېزىلماقتىدى،
ھەيدەرخان نامىدىن بىر پارچە تىلخەت.
ئۆي ئىچى جىملىقتا چۆككەن شۇ قەدەر،
سىر كاتىپ قەلىمى يوغىلار پەقەت. [1]

پۈتۈكچىنىڭ بىلىملىك بولۇشى ھەم پۈتۈكنىڭ (يېزىقنىڭ) ئەھمىيىتى ئۈستىدە بارىدۇ. ئالىم بۇ ھەقتىكى بايانلىرىدا پۈتۈك بىلەن پۈتۈكچىنىڭ كامالىتىنى- بۇلارنىڭ ئۆز- ئارا بىردەكلىكى ئاساسىدا بولىدۇ دەپ قارايدۇ. پەقەت پۈتۈك ئارقىلىقلا ئىلغار ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ۋە ھازىرنىڭ تېرادىگىيە بىلەن كومېدىيىلىرى، قىسمەت ۋە تەلپۈنۈشلىرى ئومۇمەن تۈرلۈك

[1] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇبىلىك» 4046-، 4047-، 4048-، 4064-، 4065-، 4135-، 4146-، 2930-، 2931- بېيىتلار.

تۈمەن ھادىسىلىرىدىن تەپەككۇر دۇردانىلىرىنى قالدۇرۇپ، ئۇنى ئەۋلادلارغا يوللاپ بېرىدۇ. يەنە پۈتۈك ئارقىلىقلا كېلەچەكنىڭ چۆچەكتەك گۈزەل غايىۋى مەنزىرىسىنى سىزىپ بەرگىلى بولىدۇ. ئەگەر، پۈتۈك (يېزىق) بولمىغان بولسا، دۇنيانىڭ ئەھمىيەتلىك بۈگۈنىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايلا قالماستىن، بەلكى ھازىر ئۆتۈپ كەتكەن بىر دەقىقە ۋاقىتمۇ ئادىمزاتنىڭ يېزىقسىز، تارىخسىز زۇلمەت دەۋرىنىڭ داۋامى بولغان بولاتتى.

يېزىق يارىتىلدى، دۇنيا يورىيدۇ. ھەربىر دەۋرنىڭ پۈتۈكچىلىرى (كەڭ مەنىدە ئالىملىرى، ھېكىملىرى...) ئۆتمۈش ۋە ھازىرنىڭ ھەممە ياخشى گەپلىرىنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالمىسۇن ئۈچۈن، يېزىقتا قالدۇردى. شۇڭا، پۈتۈكچى بىلىملىك بولۇشى، پۈتكەن پۈتۈكى ئوقۇغانسىرى كۆڭۈل خىلۋەتلىرىنى نۇرلاندۇرۇشى لازىم ئىدى.

ئالىمچە بولغاندا، پۈتۈكنىڭ نەپىس، چىرايلىق بولۇشى، ئۇنىڭ مەنىۋى يۈكسەكلىكىنىڭ يېرىم ھەقىقىتى بولۇپ ھېسابلىناتتى. داستاندا، بۇ خىل مەزمۇنلار مۇنۇ بېيىتلار ئارقىلىق مۇنداق

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئىپادىلىنىدۇ:

2695 بالاغەت بىلەن خەت ئەگەر تەك يۈرەر،
بۇ خەتنىڭ تىلى ياخشى بىر تىل بولۇر.

2698 ئەگەرچە پۈتۈكچى پۈتمىسە بىتىك،
نىچۈك بىلگەي ئەردىڭ بۇ ھىكمەت بىلىك!

2701 كىشى ئەلدىن- ئەلگە ئەۋەتۇر خەۋەر،
يازۇ بولمىسا سۆز نىچۈك سۆزلىنەر؟

داستاندىكى مەخسۇس پۈتۈكچىگە بېغىشلانغان سەھىپىنىڭ ئۈچىنچى بىر مەزمۇنى، ئۇلۇغ پەيلاسوپنىڭ قەلەم ۋە ئەلەم كۆرۈشى ھەققىدىكى ئۆتكۈر ۋە چوڭقۇر چۈشەنچىلىرىدە مەركەزلىك ئىپادىلىنىدۇ.

بىز بۇ بايانلار ئارقىلىق قەدىمكى پايانسىز ۋە مۇڭلۇق ئوتتۇرا ئاسىيا دالالىرىنىڭ مەلۇم بىر تۆپۈلىكىدە، ئات ئۈستىدە، نامەلۇم بىر ۋاقىتتا ئۇرۇش تاكتىكىسى تۈزۈۋاتقان بىر گورۇھ كىشىنىڭ ئوبرازىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلەيمىز.

چۈنكى، قەدىمكى ۋاقىتلاردىكى ئۇرۇشلارمۇ كوللىكتىپ ئەقىل پاراستىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، خان جەڭ بارگاھلىرىدا، ھەربىي يۈرۈشلەردە كۆپ ھاللاردا بىر ھېكىم (دانىشمەن)، بىر پۈتۈكچى (تارىخچى) ۋە بىر ھەربىي سەركەردە بىلەن بىرگە بولاتتى ياكى ئۇلارنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرەتتى. لېكىن، خانغا نىسبەتەن، يەنىلا ھېكىمنىڭ تەسىرى بىر قەدەر چوڭ بولاتتى. چۈنكى، بۇ دەۋر چۈشەنچىلىرىدە، ھەرقانداق قوشۇن ئۈچۈن ئۇرۇش نۇسرىتىدە ئالدى بىلەن ئاللاھنىڭ رەھمىتى، تەبىئەتنىڭ پۈرسىتى ۋە مۇشۇ ئاساستا ئۇستاتلىق ھەم ھىلىگەرلىك بىلەن تۈزۈلگەن ستراتېگىيە، شۇنداقلا خاننىڭ سالامەتلىكى ھەل قىلغۇچ رول ئوينايتتى. بۇ ئەھۋاللاردا، خان ئالدى بىلەن ھېكىمنىڭ مەسلىھەتىگە قارايتتى. ھېكىم تەبىئەتنىڭ تۈرلۈك ھادىسىلىرى ۋە ئۇنىڭ تەسىرى بىلەن بولىدىغان خاننىڭ سالامەتلىكى ھەم خاننىڭ چۈشەنچىسىگە قۇرئە- تەبىر ئېيتىش ئارقىلىق ئۇرۇش قىلىش- قىلماسلىقنى، قىسقىسى، بولغۇسى ئىشنىڭ ئىستىقبالىنى مۆلچەرلەيتتى. ئالدىنغان بولساق، قەدىمكى تۈركلەر «كەچقۇرۇن بۇلۇت قىزارسا، ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى»، «تاڭدا بۇلۇت قىزارسا، يامانلىقنىڭ ئالامىتى»[1] دەپ قارايتتى. «ئاي قوتانلىسا، يامغۇر ياغىدۇ»[2] دەپ قارايتتى[3]. ئەمما، يامغۇرنىڭ ئۆزى ئۈچۈن پايدىلىق ياكى پايدىسىز ئىكەنلىكى ئۇلارغا نىسبەتەن ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە بولاتتى. بۇ ئەھۋاللاردا، ھېكىم ئالدى بىلەن ئېغىز ئېچىشى كېرەك ئىدى،

ئۇرۇش قىلىش قارارلاشتۇرۇلسا، باتۇر سەركەردە شۇئان جەڭگە ئاتلىناتتى، بۇ جەريانلارنىڭ ھەممىسىدىن پەيتۇقچى تارىخ قالدۇراتتى.
ئۇلۇغ شائىر پەيتۇقچى بابىنىڭ مۇشۇ قۇرلىرى ئارقىلىق قەدىمكى زاماندىكى ئۇرۇشنىڭ ئەنە شۇنداق بىر تارىخىي مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرىدۇ ۋە بۇلار ئارقىلىق ئەلنى ئارزۇ- تىلەككە يەتكۈزۈپ جاھان سورىغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.
يۈسۈپ خاس ھاجىپ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرىنى قىلىچ بىلەن قەلەمدە ئىپستىپتىك يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈپ مەركەزلەشتۈرىدۇ ھەم بۇ ئىككى ئامىلنى بىر ئەلنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ھۆرلۈكىنىڭ كاپالىتى بولغان «مەملىكەتنى ئېلىش ۋە تۈزەش» ( 2714- بېيىت) نىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنىيىتى دەپ مۇقىملاشتۇرىدۇ.
يۇقۇرىقى پىكىرلىرىمىزنىڭ جانلىق دەلىلى سۈپىتىدە تۆۋەندىكى بېيىتلارنى ئەسلەش مۇمكىن:

2703 بۇ بەگلەر ئىشىگە يارامىلىق كىشى-
ئېرۇر ئۇ ئۈچ خىل، ئەي ئەل- يۇرت بېشى.

①②③ يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك» 4046-، 4047-، 4048-، 4064-، 4065-، 4135-، 4146-، 2930-، 2931- بېيىتلار.

2704 بىلىملىك، ئەقىللىق ھېكىمدۇر بىرى،
بىرى خەتچى، بەگنىڭ سۆزلىنەر سۆزى.

2705 ئۈچىنجى، جەسۇر ئەر، يېگىت تاغ يۈرەك،
يىغى، بۆرىلەرگە بۇ باتۇر كېرەك.

1715 قىلىچ قان تېمىتسا بېگى ئەل ئالار،
قەلەمدىن سىياھ تامسا ئالتۇن يىغار.

2716 جاھان تۈۋرۈكىدۇر مۇشۇ ئىككىسى،
كى مەيلى ئۆتمۈشتە، مەيلى كەلگۈسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، شائىر، يېتۈكچىگە مەيلى ئۆتمۈش ياكى كېلەچەكنىڭ ئۇلۇغ كىشلىرى قاتارىدا ئورۇن بېرىپ، ئۇنى يېڭى بىر تارىخ ياراتقۇچىلار قاتارىدا زور قىزغىنلىق بىلەن تەسۋىرلىگەن.

يۇقۇرىقىلاردىن باشقا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ «قۇتادغۇبىلىك»تىكى يېتۈكچى سەھىپىسىنىڭ ئاخىرىدا، يېتۈكچىنى بەگكە مېھرىبان، خىزمىتىگە سادىق، سالاپەتلىك، تاماگەر ۋە مال-دۇنياغا ھېرىس قىلمايدىغان، مەيگە بېرىلمەيدىغان، ياخشى خۇلقلۇق بولۇشقا چاقىرىدۇ.

قابىلىيەتلىك يېتۈكچى بىلەن ناتىق- ئەلچىنىڭ ئەلنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدىكى رولى ھەققىدە توختىلىپ، ئۇلارغا يۇقۇرى باھا بېرىدۇ. كۆپ ھاللاردىكى بەختسىزلىك ۋە مەغلۇبىيەت ئىچكى يېمىرىشتىن كېلىپ چىقىدىغان قاراخانىلاردەك بىر دۆلەتتە «ئەگەر ئەلچى، يېتۈكچى ناباپ بولسا، ئەلگە ئۇنىڭدىن كۆپ زىيان- زەخمەت تېگىدۇ. ئەگەر ئىبدىشچى ھەم ئاشچى خۇددى (بۇغراخانغا زەھەر بېرىلگەن) [1] دەك ھايات يولى- جانغا زىيان يېتىدۇ.» [2] بىگەن باياناتلىرى ئارقىلىق، مەزكۇر تۆت كىشىگە ئالاقىدار بەلگىلىمىلەرنى ئوردا ئىشلىرىغا ئاساسەن، قانۇن- نىزاملارنىڭ ئالاھىدىرەك بولۇشى لازىم دەپ قارايدۇ. شۇنداقلا بارلىق تەرەپلەردىن يېتۈكچىنىڭ ئىمان- ۋىجدانلىق بولۇشى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، يېتۈن داستان بويىچە، قاراخانىلاردا ئوردا ئەمەلدارلىرىدىن تەركىب تاپقان «ۋەزىرلەر كېڭىشى» [3] (تايانخۇ) دېگەنلەردىن بېتىكچى-

---

[1] [2] [3] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك» 4046-، 4047-، 4048-، 4064-، 4065-، 4135-، 4146-، 2930-، 2931- بېيىتلار.

ئىلىمغاغا ئائىت نەزىرىيە، قاراشلىرىنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ.

قاراخانىلار مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ تارقىلىشىدا يېتۈكچىلىك ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، يېتۈكچىلىك ئىشلىرى دىنىي ئېتىقادنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھالدا، نەققاشلىق بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ، تەسۋىرىي سەنئەتنىڭ گۈل- چىمەنلىرى ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

7- ئەسىردە، كۇفە شەھرىدە ئىلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ كۇفى خەت نۇسخىسىنى ئىجاد قىلغاندىن باشلاپ، «قۇرئان» ۋە ئىسلام تۈسىدىكى مەشھۇر كىتابلار بۇ خەت نۇسخىسى بىلەن يېزىلىدىغان ۋە كۆچۈرۈپ تارقىلىدىغان بولدى.

ئىسلامدا، ئادەم باشقا جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزىش مەنئىي قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن «قۇرئان» نى بېزەپ، سەنئەتلىك قىلىپ كۆچۈرۈش ۋە تارقىتىش- خۇداغا، رەسۇلۇللاھقا ھەم ئىسلامغا بولغان ئېتىقادنىڭ يۈكسەك، چوڭقۇر مەنىسى دەپ قارالدى. شۇڭا، ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا تارقالغاندىن ئېتىبارەن، ھۆكۈمرانلار ئادەمسىز، جانلىقسىز مەنزىرە، بېزەكلەر بىلەن نەقىشلەنگەن

ھەرخىل ھەجىمدىكى «قۇرئان» ۋە باشقا ئۇلۇغ كىتابلارنى بىر- بىرىگە تەۋەرۈكات سۈپىتىدە سوۋغا قىلىشتى. بۇنداق دىنىي، تارىخىي كۆرۈنۈش ئارقىسىدا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پايانسىز زېمىنىدا، سەلتەنەت يۈرگۈزگۈچى ھەرقانداق خاندانلىقلارنىڭ ئوردا- سارايلىرى، مەسچىت- خانقا، مەكتەپ- مەدرىسلىرى، مازايى- ماشايىق، تام- تورۈسلىرى قولى گۈل پۈتۈكچى- كاتىپلار تەرىپىدىن قۇرئان ئايەتلىرى بىلەن بېزىلىپ، كىشلەرنى ھەيران قالدۇرغان. ھەتتا بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، قاراخانىلار دەۋرىدىكى «نۇرغۇن ئالىم ۋە ئەدىبلەرنىڭ ياغاچقا نەقىش قىلىپ، قۇرئان ئايەتلىرىنى ئوقۇش ئۈچۈن، ئۇزاق ۋاقىت سەرپ قىلغانلىقى، ھەتتا بۇ خىل نەقىشلەرنىڭ سىرى نەقىش يەنى سىرلىق نەقىش دەپ ئاتالغانلىقى مەلۇم» [1]ۇر. بۇنىڭغا ماس ھالدا، قەدىمدىن ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، دىنىي ئاڭ بىلەن كېلىۋاتقان «كىتاب كۆچۈرۈش ساۋابلىق ئىش» دېگەن ئەنئەنىمۇ قاراخانىلاردىكى ئىسلام شارائىتىدا ئوخشاشلا ئۇلۇغلاندى.

دېمەك، بۇنداق تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈش ئوتتۇرا ئاسىيادا، جۈملىدىن قاراخانىلاردا مەدەنىيەت تارقىتىدىغان نەشرىياتچىلار- پۈتۈكچى (كاتىپ)، ئەدىبلەرنىڭ يۈزلەپ بارلىققا كېلىشىگە تۈرتكە بولدى.

بۇلاردىن باشقا، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا، نامى مەشھۇر شەخسلەر ئەدىب ۋە مۇتەپەككۇر بولۇپلا قالماي، ئۇلار يەنە ئالدى بىلەن بىرەر ئۇلۇغ زاتنىڭ نامىغا ئاتاپ، ئۆز ئەسەرلىرىنى راۋان قىلىپ كۆچۈرۈپ تارقىتىدىغان تالانتلىق پۈتۈكچىلەردىن بولغان ئىدى. شۇڭا، قاراخانىيلار دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن ئۇلۇغ ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈپ تارقاتقان ئۇلۇغ كاتىپلارنىڭ

[1]ەنۋەر بايتۇر: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى»، 1991- يىل، مىللەتلەر نەشرىياتى، 651-، 701- بەتلەر.

نام- شەرىپى توغرىسىدا قىسقىچە توختىلىش ئەھمىيەتلىك ئىشتۇر.

مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» مەلۇم مەزگىل باغدادتىكى ئەرەب خەلىپىسىنىڭ ئوردا كۈتۈپخانىسىدا ساقلانغاندىن كېيىن، قولدىن- قولغا ئۆتۈپ كۆچۈرۈپ تارقىتىلغان. ھازىر تۈركىيىنىڭ ئىستانبول كۈتۈپخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان ۋە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن بىردىن- بىر نۇسخىسى ئىراننىڭ (ساۋە) دېگەن جايىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ۋە كېيىن دەمەشىقتە ياشىغان ئۇلۇغ كاتىپ مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەبلفەتھى كۆچۈرۈپ قالدۇرغان.

بۇ ئۇلۇغ كاتىپنىڭ بايانىچە، بۇ ئەسەرنى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئۆز قول يازمىسىدىن بىۋاستە كۆچۈرگەن. بۇ نوقتىنى ئۇنىڭ «بۇ كىتابنى ئەسلى نۇسخىسىدىن يۆتكەپ بولغان كۈن 664- يىلى شەۋۋالنىڭ 27- كۈنى يەكشەنبە ئىدى» دېگەن بايانلىرى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مۇھەممەد ئىبنى ئەبۇ بەكرى كۆچۈرگەن ئەسەرلەرنىڭ بۇ يىگانە نۇسخىسى، ئەسەر يېزىلىپ 190 يىلدىن كېيىن، يەنى مىلادى 1266- يىلى 1- ئاۋغۇستتا كۆچۈرۈلۈپ تاماملانغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۇسۇپ خاس هاجىپنىڭ مەشھۇر ئەسرى «قۇتادغۇبىلىك» مىلادى 1069-، 1070- يىللىرى قاراخانىلار خانلىقىنىڭ پايتەختى قەشقەردە يېزىلغان. ئەسەرنىڭ دەۋرىمىزگە ئۈچ خىل نۇسخىسى يېتىپ كەلگەن بولۇپ، 1- نۇسخىسىنى (ۋېنا نۇسخىسى) تۆمۈرىيلەر نەسلىدىن بولغان شاھرۇھ زامانىسىدا يەنى 1339-، 1440- يىللىرىدا ھىرات شەھرىدە ياشاپ ئۆتكەن ھەسەن قارا سايىل شەمس ئىسىملىك مەشھۇر كاتىپ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈپ قالدۇرغان.

ئەسەرنىڭ ئەسلى نۇسخىسى يوقالغان ياكى تېپىلمىغان بولۇپ، ھەسەن قارا سايىل شەمس كۆچۈرگەن 1- نۇسخا ئەسەرنىڭ يېزىلغان ۋاقتىدىن ئۈچ ئەسىر كېيىن كۆچۈرۈپ قالدۇرۇلغان.

داستاننىڭ ۋېنا نۇسخىسىنى كاتىپ ھەسەن قارا سايىل شەمسىنىڭ كۆچۈرگەنلىكى «قۇتادغۇبىلىك» نەزمى تەرجىمىسىنىڭ كىرىش سۆز قىسمىدا ئېنىق يېزىلغان بولسىمۇ، لېكىن يەنە بەزىلەر بۇ نۇسخىنى شۇ يىللاردا ھىرات شەھرىدە «مىراجنامە» نى كۆچۈرۈپ تارقاتقان مەشھۇر كاتىپلاردىن مەنسۇر باخشى بىلەن مەلىك باخشىلارنىڭ كۆچۈرۈلگەنلىكىنىمۇ قەيت قىلىدۇ.

«ئەتەبەتۇلھەقايىق» نىڭمۇ ھازىرغىچە ئۈچ خىل قول يازما نۇسخىسى ساقلانغان.

بىرىنچى نۇسخىسى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (ئا نۇسخا) بولۇپ، بۇ 1444- يىلى زەينۇل ئابىدىن، سۇلتان بەخت ۋە ھۈسەيىن قاتارلىق مەشھۇر كاتىپلار سەمەرقەندتە كۆچۈرۈپ تارقاتقان. داستاننىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن ئەرەب يېزىقىدا قۇرمۇ- قۇر پاراللېل قىلىپ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىسى (ب نۇسخا) بولۇپ، بۇ 1480- يىلى تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھرىدە ئابدۇرازاق باخشى دېگەن مەشھۇر كاتىپ كۆچۈرۈپ تارقاتقان.

ئۈچىنچى نۇسخىسى يالغۇز ئەرەب يېزىقىدا كۆچۈرۈلگەن (س نۇسخا) بولۇپ، بۇنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتى ۋە كاتىپى ئېنىق ئەمەس. ئەمما، ئەسەرنىڭ بۇ نۇسخىسىمۇ تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھرىدە ساقلانغان. يۇقارقىلاردىن باشقا، قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، پۈتۈكچىلىك ئىلمى بويىچە تۈركىي خەلقلەر ئىچىدىن بىر گورۇھ كاتىپ، مۇتەپەككۇرلار يېتىشىپ چىقتى. بۇلارنىڭ ئەڭ مەشھۇرى 13- ئەسىردىكى «قىبلەتۇل- كۇتتاب (كاتىبلار قىبلەسى)» دېگەن يۈكسەك شەرەپكە سازاۋەر بولغان ياقۇپ مۇئتەسىمدۇر. تۈركىي زاتىدىن بولغان بۇ مەشھۇر كاتىپ ئاباسىيلاردىن مۇئتەسىمنىڭ دوستى بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان ۋە نەچچە خىل خەت شەكىللىرىنىڭ ئوخشاشلا پىر- ئۇستازى سانالغانلىقى ئۈچۈن «ئەقلامى سىتتە» (ئالتە قەلەم) دەپ شۆھرەتلەنگەن.

كاتىپلىق- خەتتاتلىق رىسالىلىرىدە «ئەساتىس ئەئى سەبئىئ» (يەتتە ئۇستاز) دەپ تىلغا ئېلىنىدىغان مەشھۇر خەتتات، كاتىپلاردىن: ئارغۇنى كامىل، ئابدۇللا سەيرافى، يەھيا سوپى، مۇبارەك شاھى سويۇفى (سۇيۇتى)، مۇبارەك شاھى كۇتۇپ ۋە شەيخ ئەھمەد سۇھرەۋەردىلەر ئەنە شۇ ياقۇت مۇئتەسىم خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىدۇر.

ئومۇمەن، «پۈتۈك- ئىلمىنىڭ يېرىم ھەقىقىتى» (مۇھەممەد پەيغەمبەر) بولۇپ، پۈتۈكچىلەر

ۋە يېتۈكچىلىك ئىلمىنىڭ ئۇيغۇر قاراخانىلار خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئورنى ۋە رولى چوڭقۇر. ئەگەر، بۇ ئىلىم ھەم ئۇنىڭ ئەھلىلىرى بولمىغان بولسا، قاراخانىلار دەۋردىكى ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنىڭ بۈگۈننى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايتتى.

شۇڭا، بۇ دەۋردىكى يېتۈكچىلىك ۋە يېتۈكچىلەر ئۈستىدە، يەنىمۇ چوڭقۇرراق ئىزدىنىش قەدىمكى خەت- چەك، ۋەسىقىلىرىمىزنى ئاساس قىلغان كىلاسسىك كاتىباتلىق ئىلمىمىز ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. [1]

## 4. چىڭگىزخان ۋە تېمۇرىلەر دەۋرىدىكى كاتىپلىق (خەتتاتلىق، يېتۈكچىلىك) ئىلمى ۋە كىتابەتچىلىك

ملادىي 1204-يىلى موڭغۇل سۇلالىسىنى قۇرغاندىن كېيىن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى موڭغۇللار ئۇيغۇرلاردىن قوبۇل قىلدى. موڭغۇللارنىڭ ئەسلىدە يېزىقى يوق ئىدى. ملادىي 1204-يىلى چىڭگىزخان ئالتاي تاغلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى نايمانلارنى يوقاتقان چاغدا، تايانخاننىڭ باش خەتچىسى، ئۇيغۇرلارنىڭ باش سەركەردىسى تاتاتۇڭانى تۇتقۇن قىلدى. چىڭگىزخان ئۇنى ئۆز قارارگاھىدا قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭ ھال – ئەھۋالىنى ھەم يېزىقنىڭ پايدىسى قاتارلىق مەسىلىلەرنى تەپسىلىي سوراپ بىلدى. چۈنكى مۇشۇ يىللارغىچە موڭغۇللارنىڭ تېخى يېزىقى

[1] قۇرسۇن قۇربان: «قاراخانىيلار دەۋرىدىكى يېتۈكچىلىك ۋە كىتابەت ئىلمى»ناملىق ماقالىسى، «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل – ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات» ئىلمىي ماقالىلەت توپلىمى، «شىنجاڭ داشۆ نەشرىياتى» 2001-يىلى 6-ئاي 1-نەشرى 1-بېسىلىشى 457-بەت

يوق ئىدى. نەتىجىدە چىڭگىزخان ئۇيغۇر يېزىقىنى دۆلەت يېزىقى قىلىپ بەلگىلەپ، ئۆزىنىڭ ئەۋلادى ھەم موڭغۇل ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشنى قارار قىلىپ، تاتاتۇڭاغا يارلىق چۈشۈردى. تاتاتۇڭا ئەنە شۇنىڭدىن باشلاپ «دۆلەت ئۇستازى» دېگەن شەرەپ ئۇنۋانىغا ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر يېزىقىنى تۇنجى قېتىم موڭغۇللارغا تارقاتتى. موڭغۇللارمۇ تۇنجى قېتىم يېزىققا ئىگە بولدى. چىڭگىزخان دەۋرىدە يولغا قويۇلغان قانۇن – تۈزۈم، جاساق ۋە چىڭگىزخاننىڭ سۆز، ئەمىر – پەرمانلىرى بايان قىلىنغان بىلىك» دەل ئەنە شۇ يېزىقتا يېزىپ قالدۇرۇلغان. كېيىنچە چىڭگىزخاننىڭ دەشتى قىپچاق، ماۋرەئۇننەھىر ھەم خۇراسان، ئەجەم رايونلىرىنى زورلۇق كۈچ بىلەن ئىگەللىگەن ئەۋلادلىرى، شۇنداقلا يۈەن سۇلالىسى ئەنە شۇ ئۇيغۇر يېزىقىنى ئىشلەتكەن ئىدى. ملادىي 1269-يىلى باسپا لاما قۇبلەيخاننىڭ پەرمانى بىلەن تېبەت يېزىقىغا ئاساسلانغان بىر خىل موڭغۇل يېزىقىنى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا ئىجاد قىلىپ چىقتى. بۇ يېزىق «باسپا يېزىقى» دەپ ئاتالدى. بۇ 42 ھەرپتىن تۈزۈلگەن بولۇپ، يۈەن سۇلالىسى ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، موڭغۇللار باسپا يېزىقىنىمۇ تاشلىدى. ملادىي 1307-يىلى جۇجى ئۇسىر ناملىق بىر ئالىم ئۇيغۇر يېزىقىغا ئاساسلانغان «ئۇيغۇرچە موڭغۇل يېزىقى» دېگەن بىر خىل يېزىقنى ئىجاد قىلدى. بۇ يېزىقتا موڭغۇللارنىڭ تىل ۋە گىراماتىكا جەھەتتىكى خۇسۇسىيىتى ئالاھىدە ئىپادىلەندى. شۇڭا موڭغۇللار بۇ يېزىقنى تا بۈگۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەۋرگىچە قوللىنىپ كەلمەكتە. «موغۇللارنىڭ مەخپىي تارىخىي» ناملىق ئەسەرمۇ دەل مۇشۇ يېزىقتا يېزىلغان. تەڭرىتاغ ئەتراپلىرى، ماۋرەئۇننەھىر، دەشتى قىپچاق رايونى، ئەجەم ۋە ئەرەب رايونلىرىغا بارغان موغۇللارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئاساسەن ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان بولدى. دىنىي ئېتىقاد جەھەتتىكى بۇ خىل ئۆزگىرىش موغۇل تارىخىنىڭ ئىجتىمائىي، ئىدىئولوگىيە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«غەربىي ۋە شەرقىي ئالتۇن ئوردا خانلىقى»نىڭ ئەدەبىي تىلىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئۇيغۇر تىلى ئەھمىيەتلىك تەسىر كۆرسىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئالتۇن ئوردا خان سارايلىرىدا كاتىپ بولغان، نايىپلىق ۋە باشقا مەنسەپلەر بىلەن تۇرۇۋاتقان ئۇيغۇرلار، ئۆز بىلىمى، تالانتى، ئىقتىدارى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىلمىنتلىرىنى ساقلاپ قالغان. ئۇلارنىڭ ئورگانلىرىدا ئىشلىتىدىغان تامغا، مۇكاپات ۋە يارلىقلارمۇ ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلىدىغان بولۇپ، ئالتۇن ئوردا خانلىقى بۇ ھالەتنى 16-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە ساقلاپ كەلگەن. مەسىلەن: چىڭگىزخان ۋە تېمۇرىلەر دەۋرىدە «تۆمۈر قۇتلۇق يارلىقلىرى» بىلەن «توختامىش يارلىقلىرى»نىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلغانلىقى ۋە تېمۇرىلەر دەۋرىدە تۈرك تىلىدا يېزىلغان ئىسلام مەزمۇندىكى كۆپلىگەن ئەسەرلەرنىڭ بۇيرۇقا ئاساسەن باخشىلار تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا قايتىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى. ھەتتا «قۇتاتغۇ بىلىك»نىڭ ۋىنا نۇسخىسىنىڭمۇ دەل مۇشۇ دەۋرىدە قايتىدىن كۆچۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى قاراشلار پىرانسۇزلارنىڭ رومانىدا تەسۋىرلەنگىنىدەك جانبەگنىڭ باتۇخانغا كاتىپ، مەسلىھەتچى ۋە دۆلەت ئۇستازى بولۇپ، «ئالتۇن ئوردا خانلىقى» (1227-يىلى قۇرۇلۇپ، 1380-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن)نى قۇرۇشقا زور كۈچ چىقارغانلىقىنى ۋە پۈتۈن ماۋرەئۇننەھىر ھەم ئالتۇن ئوردا خانلىقى دائىرىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللىنىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا زور تۆھپىلەرنى قوشقانلىقىنى 18-ئەسىردە يېزىلغان گارامۇس دارمىنىڭ «كۆك موغۇلدا كۆك بايراق» ناملىق رومانىنىڭ «جان بەگ» رومانىنىڭ يەنە بىر ۋارىيانتى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

1909-يىلى ئالتۇن ئوردا دۆلىتىنىڭ مەركەزلىرىدىن بولغان سارايچىق شەھەر خارابىسىدىن بىر كوزىدا «قۇتادغۇ بىلىك»كە تەقلىدەن يېزىلغان قەغەز پارچىلىرىنىڭ چىققانلىقى،بۇ قەغەز پارچىلىرىدىكى خەتلەرنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» داستانىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسقىسى ئىكەنلىكىدىن «قۇتاتغۇ بىلىك» داستانىنىڭ دۇنياغا كېلىپ، نەچچە ئەسىرلەرگىچە ئاسىيانىڭ كۆپ قىسىم جايلىرىغا، بولۇپمۇ چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ نەۋرىسى باتۇخان ھۆكۈم سۈرگەن ۋولگا دەريا بويلىرىغىمۇ جانبەگدەك دانىشمەن مەسلىھەتچى ۋە كاتىپ، ئۇستازلارنىڭ ۋاستىسى بىلەن كەڭ تارقىلىپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە پەلسەپىۋىي ئىدىيە تارىخىدا موھىم ئورۇننى ئىگەللىگەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ دەۋردە مىرزا ئەلشىر ناۋائىي ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ پارىس تىلىدىن زادى قېلىشمايدىغانلىقىنى ئىسپاتلاش مەقسىتىدە «مۇھاكىمەتۇل لۇغەتەيىن»

(ئىككى تىل توغرىسىدا مۇھاكىمە) ناملىق ئۇلۇغ ئەسەرنى يېزىپ، ئۆزىنى تىپ قىلغان ھالدا شەرق مەدەنىيەت ئويغىنىشىنىڭ 2-باسقۇچىنى ھەم ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ يەنەبىر قېتىم گۈللەنگەن ئالتۇن دەۋرىنى يارىتىشقا غايەت زور كۈچ سەرپ قىلدى.

ھەممىگە مەلۇمكى، قاراخانىيلار دائىرىسىدىكى غەربىي قىسىم ئۇيغۇرلار ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئەرەب تىلىنى بۇ رايۇننىڭ ئىلىم- پەن تىلى سۈپىتىدە قوللانغىنىغا ئوخشاش، موغۇلىستان خانلىقلىرى دەۋرىدە (چاغاتاي خانلىقىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە) ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ غەربىي ۋە جەنۇبىي قىسىملىرىدا ئىلىم - پەن ۋە ئەدەبىي تىل – پارس تىلى بولۇشقا باشلىدى.بولۇپمۇ ئىراندا قۇرۇلغان تۈركىي ئۇيغۇر خانلىق – سالجۇقلار دۆلىتى پارس تىلىنى رەسمىي دۆلەت تىلى ۋە ئەدەبىي تىل قىلىپ قوللانغاندىن كېيىن،بۇ تىلنىڭ تۈركىي ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئوخشاش قوللىنىشىغا ياكى ئۈستۈنلۈكىنى ئىگەللىشىگە چوڭ ئىمكانىيەت ياراتتى. بۇ ھالەت ئالدى بىلەن تېمۇرىلەر دۆلىتىنىڭ ھەر قايسى ئورۇنلىرىدا تېزلا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ «ئوردىلاردا كۈندىلىك ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئالاھىدە دىۋانلار تەسىس قىلىنىپ، دىۋانلارنىڭ مەسئۇل ئەمەلدارلىرى بۇرۇنقىدەك پۈتۈكچى، بىتىكچى، بىتكا» دەپ ئاتالماستىن، ئوخشاش مەنىدىكى ئاتالغۇ بىلەن «مىرزا» ياكى «مۇنشى» ئىبارىلىرى بىلەن ئاتىلىدىغان بولدى. ھەرقايسى دىۋانلاردا بىر قانچە ئون ياكى بىر قانچە يۈز مۇنشى، ياردەمچى مۇنشى، مىرزا، ياكى ياردەمچى مىرزىلار ئىشلەيدىغان بولدى.بۇنداق تارىخىي شارائىتتا تۈركىي ئۇيغۇر ئەدىبلىرى ئىچىدىن بىر قىسىم پارىسگۇيلار (پارس تىلى بىلەن يازىدىغانلار) چىقىپ، ئۆز ئانا تىلى ئۇيغۇر تىلىنى تاشلاپ، «پارس تىلى شېكەردەك»كە يۈزلىنىپ كەتتى. دەل مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە، ئاكادېمىك ئىززەت سۇلتاننىڭ يەركەن سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدىكى مەشھۇر ئۇيغۇر تارىخچىسى مىرزا ھەيدەرنىڭ «تارىخىي رەشىدىي» ناملىق كىتابىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ ئىسپاتلىغىنىدەك، ھىراتتا ئۇيغۇر باخشىسى (كاتىپى، ئۇستازى) غىياسىدىن كىچىك ئائىلىسىدە تۇغۇلغان ئەلىشىر ناۋائىي مەيدانغا چىقىپ، تۈركىي ئۇيغۇر تىلىنىڭ پارسى تىلىدىن ھېچ قېلىشمايدىغانلىقىنى نامايەن قىلدى.

دېمەك، تېمۇرىلەرنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە كاتىپلار نوقۇللا خەت كۆچۈرگۈچىلا ئەمەس،بەلكى قابىلىيەتلىك ئەدىب، مەدەنىيەت تارقاتقۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەتىۋارلاندى. بۇ دەۋردىكى 15-ەسىردىكى ھىراتنىڭ ئەدەبىيات ۋە شېئىرىيەت ئاسمىنىدا چاقنىغان يۇلتۇزلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بۇ يۇلتۇزلار ئىچىدە ئەلىشىر ناۋائىي ھەممىدىن يارقىن يۇلتۇز ئىدى. ئۇ ئۆز ئەسەرلىرىدە تۈركىي خەلقلەر مەدەنىيىتى ۋەئەدەبىيات – سەنئىتىنىڭ ھەممە ئۇتۇقلىرىنى مۇجەسسەملەپ، كېيىنكى دەۋرلەر ئەدەبىياتى ئۈچۈن غايە – ئېتىقاد تىكلەپ بەردى. شۇنىڭ ئۈچۈن چىڭگىزخان ۋە تېمۇرىلەردەۋرىدە ناۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ كىتابەت قىلىش ئىشى 20-ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىغىچە داۋاملىشىپ كەلدى ھەمدە ئۇيغۇر مەدرىس مائارىپىدا ناۋائىي ئەسەرلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

نوقتىلىق دەرس قىلىپ ئۆتۈش داۋاملىشىپ كەلدى. ناۋائىينىڭ ھەجىم جەھەتتىن ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان مۇنچىلىك كۆپ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن ئىمزاسى ئېنىق بولغان كاتىپلار ھازىرغىچە 500دىن ئاشىدۇ. بۇلارنىڭ بەزىلىرى ناۋائىي ئەسەرلىرىدىن بىر ياكى بىر نەچچىنى كۆچۈرگەن بولسا، پۈتۈن ئۆمرىنى ناۋائىي ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈش، كىتابەت قىلىشقا بېغىشلىغان كاتىپلارمۇ بار. ھەتتا ئەينى دەۋردىكى ھىراتتا پۈتۈن كاتىپلىق مەكتەپلىرى بويىچە مەخسۇس ناۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ نەفىس كىتابەتشۇناسلىقى بىلەن شۇغۇللانغان ئېقىملارنىڭمۇ بار بولغانلىقىمۇ مەلۇمدۇر.

سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرىدىن روزى قادىرى ئۆزىنىڭ «شىنجاڭدا ناۋائىيشۇناسلىق» ئەسىرىدە مۇنۇلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىدۇ: «16-ئەسىردىن باشلاپ شىنجاڭنىڭ قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ، كۇچا قاتارلىق شەھەرلىرىدىلا ئەمەس، بەلكى ئۆلكىنىڭ باشقا شەھەرلىرىدىمۇ ناۋائىشۇناسلىق ئىلمىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقىنى كۆرىمىز، ناۋائىي ۋاپاتىدىن ئىككى ئاي كېيىن كۇچا «ساق-ساق مەدرىسى»دە نىزامىدىن ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ‹چاھار دىۋان› ناملىق ئەسىر تولۇق نۇسخىسى بىلەن كۆچۈرلگەن»».

ئەلىشىر ناۋائىينىڭ ئەسەرلىرى 15-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن باشلاپ مەخسۇس خەتتات، كاتىپلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈشكە باشلىدى، گەرچە بۇ ۋاقىتتىكى خەتتاتلار ناۋائىينىڭ شەخسى كاتىپلىرىدىن بولغان ئابدۇلجەمىل كاتىپ (بۇ مەشھۇر كاتىپنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ئېنىق ئەمەس، ئەمما ھىراتتا 1505-1506-يىللىرى ۋاپات بولغانلىقى تەخمىنەن قىلىنىدۇ). ئۇ «ناۋائىينىڭ خەمسە»سىنى شائىر بىلەن بىرگە بىرمۇ - بىرئىشلەپ 1483-يىلدىن 1485-يىللىرىغىچە كۆچۈرۈپ چىقىدۇ، بۇ نۇسخا مەزكۇر ئەسەرنىڭ تۇنجى نادىر نۇسخىسى بولۇپ، ھازىر خەلقئارا «ناۋائىيشۇناسلىق»تا ئەڭ ئىشەنچلىك نۇسخا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ،

سۇلتان ئەلى مەشھەدى بۇ مەشھۇر كاتىپ 1932-يىلى مەشھەدتە تۇغۇلۇپ 1520-يىلى مەشھەدتە ۋاپات بولغان. ئۇ ناۋائىينىڭ شەخسى كاتىپلىرىدىن بىرى بولۇپ، نەستەئلىق خەت شەكلىنىڭ پىر ئۇستازى بولۇپ يېتىشكەن، خەتتاتلىقتا خاس مەكتەپ ياراتقان. شۇنىڭ ئۈچۈن خەتتاتلىق - پۈتۈكچىلىك تارىخىدا «قىبلەتۇل كۇتتاب» (كاتىپلار قىبلەگاھى)، «خەتتاتلار سۇلتانى» دېگەن يۈكسەك شەرەپ ئۇنۋانلارغا مۇيەسسەر بولغان.

سەنئەتكارلىقتا مەشھۇر رەسسام - شەرف رافائىلى بىھزاد، داڭلىق مۇزىكانت قۇلمۇھەممەدلەر بىلەن تەڭ شۆھرەت قازانغان. ئۇ ئۆمرىدە سۇلتان ھۈسەيىن بايقارا ۋە ناۋائىيلارنىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا كاتىپلىق ۋە بەدىئىي كىتابەت ئىشى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ بىر تەرەپتىن ھىرات خەتتاتلىق مەكتىپىگە رىياسەتچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن يۈرەك قانلىرىنى سەرىپ قىلىپ، ناۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ بىرىنجى قول يىگانە قوليازما نۇسخىسىنى كۆچۈرگەن، بۇ مەشھۇر كاتىپ كۆچۈرگەن نادىر قوليازمىلار بەدىئىي بېزەكنىڭ نەپىسلىكى ۋە غايەت مەنىۋى ئۈزۈۋقلىقى بىلەن ھۈسەيىن بايقارا ۋە ناۋائىيلار تەرىپىدىن باشقا ئۆلكە ۋە مەملىكەتلەرگە تەۋرۈك سوۋغاتلار سۈپىتىدە ئەۋەتىلگەن،

ئۇ كۆچۈرگەن ناۋائىينىڭ «خەمسە» داستانلار توپلىمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەسەرلىرىنىڭ تۈرلۈك نۇسخىلىرى روسىيە، ئۆزبېكىستان، تۈركىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكا قاتارلىق دۆلەتلەردە ساقلانماقتا.

دەرۋىش مۇھەممەد تاقىي ئۇ تەخمىنەن 15-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا تۇغۇلۇپ 16-ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە ياشىغان ھىرات خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى ۋە ناۋائىينىڭ شەخسى كاتىپىدۇر. ئۇ 1495-1500-يىللار ئوتتۇرسىدىكى قىسقىغىنە بەش يىل ۋاقتتا نەۋائىينىڭ پۈتۈن ئۆمرىدە ئۇيغۇر- تۈركىي تىل بىلەن يازغان 26 ئەسەردىن تەركىپ تاپقان تۆت دىۋانلىق («مەھبۇبۇل قۇلۇپ» دىن باشقا «خەزائىنۇل مەئانى»دىن ئىبارەت يىگانە كۇلىياتىنى قولدا كۆچۈرۈپ تاماملىغان. بۇ كۆچۈرگەن كۇللىياتىنىڭ قوليازمىسى ھازىر تۈركىيەدە ساقلانماقتا).

سۇلتان مەھمۇد نۇر 1470-يىلى تۇغۇلۇپ 1533-يىلى ۋاپات بولغان ھىراد خەتتاتلىق مەكتىۋىنىڭ مەشھۇر نامايەندىسى ۋە ناۋائىينىڭ شەخسى كاتىپىدۇر. [1]

قەشقەرنى مەركەز قىلغان قەشقەر خەتتاتلىق مەكتىپى قۇرۇلۇپ نەۋائىينىڭ ئەسەرلىرى ھەرخىل خەت نۇسخىدا چىرايلىق كۆچۈرلۇپ، پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا بىر قانچىلغان خەتتاتلىق ئىقملىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. 15-ئەسىردىن باشلاپ تاكى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر چاغاتاي تىلدا كۆچۈرۈلۈپ كىتاب ھالىتگە كەلتۈرۈلگەن مەنبەلەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى ناۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ نۇسخىلىرى ئىگەللىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ كىتابەتچىلىك، خەتتاتلىق بەدىئىي قول سەنئىتىنىڭ كېيىكى بەش ئەسىرلىك تەرەققىياتىنى بىلىشتە ناۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ قوليازمىلىرى يېتەكچى ۋە ھەل قىلغۇچ مەنبە بولۇپ ھىسابلىنىدۇ. ناۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ قوليازمىلىرى بەش ئەسىر داۋامىدا جاھاننىڭ ھەرقايسى يەرلىرىگە تارقالدى. ھازىرقى ۋاقتتا پەقەت سابىق سوۋىت ئىتتىپاقى تەۋەسىدىكى كۈتۈپخانىلاردىلا ناۋائىي ئەسەرلىرىنىڭ يۈز تومدىن ئارتۇق قوليازمىلىرى ساقلانماقتا. [2] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتۇنۇم رايۇنلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ھەر قايسى ئوبلاست، ۋىلايەت ۋە ناھىيە، شەھەرلىك قەدىمكى ئەرسەرلەر ئىشخانلىرىدا، كۈتۈپخانىلاردا، مۇزىيلاردا، ئارخىپ ئىدارىلىرىدا، ج خ ئىدارىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى كىتابلار ئىچىدە ناۋائىينىڭ ھەرخىل مەزمۇندىكى كىتابلىرىدىن 1000پارچىدىن ئارتۇق كىتاب ساقلانماقتا.

ئەلىشىر ناۋائىي ياشاپ پائالىيەت ئېلىپ بارغان ئافغانىستاننىڭ ھىرات شەھىرى چىڭگىزخان ۋە تىمۇرىلەر دەۋرىدە كىتاپ كۆچۈرۈپ ئىشلەپ چىقىرىدىغان زاۋۇتقا ئايلانغان ئىدى. كىتاب تۇپلەش ئۇستىلىرى ماھىرلىق بىلەن كىتاب تۇپلىسە، رەسساملار قىستۇرما مەنزىرىلەرنى سىزاتتى. بۇ يەردە كىتاب مۇقاۋىلىرىنى ياسايدىغان ۋە ئالتۇن ھەل بىرىدىغان سەنئەتكارلار، كىتاب نۇسخىلىرىنى ھەر تەرەپتىن باھالاپ بېكىتىدىغان مۇتەخەسسىسلەر، ئەسەر تىلىغا مەسئۇل تىلشۇناسلار ئىشلەيتتى. شۇڭا چىڭگىزخان ۋە تىمۇرىلەر دەۋرىدە ھىراتتا بېسىلغان كىتابلارنىڭ خەتلىرى سەنئەتلىك، تۇپلىنىشى پۇختا، ئىشلىنىشى سۇپەتلىك، مۇقاۋىلىرى ئىنتايىن كۆركەم بولغاچقا، بۇ ۋاقتتا كىتابەت قىلىنغان كىتابلار ھازىرمۇ كىتابەتچىلىك سەنئىتى جەھەتتە ئۆزىنىڭ قىممىتىنى ساقلاپ كەلمەكتە، بۇلاردىن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرىسى
www.uyghurkitap.com

كۆرۈلىشقا بولدۇكى تىمۇرىلەر ھاكىمىيتى ( 1370-1506)نىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە خوراسان، ماۋەرائۇننەھىرلەر مەدەنىيەت ئوچىقىغا ئايلانغان، بۇ يەر ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەدەنىيەت مەركەزلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان بولۇپ، مەشھۇر تۈرك مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى نەفس، كۆركەم، كۇللىيات ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ تارقىتىلاتتى. مەسىلەن: «قۇتادغۇ بىلىك» مۇشۇ دەۋرلەردە ھىراتتا ھەسەن قارا ساھىل شەمس ۋە مىلىك باخشى، مەنسۇر باخشىلار تەرىپىدىن نۇسخا-نۇسخىلاپ كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلدى. دىمەك چىڭگىزخان ۋە ئۇنىڭ ئىلىكخانلىرىنىڭ قەلەم بىلەن دۆلەتنى مۇستەھكەملەپ، يېزىق مەدەنىيتى ئارقىلىق ئەلنى ئىدارە قىلىشىدا ئۇيغۇرلاردىن كىلىپ چىققان باخشى (كاتىپ)، مۇتەپەككۇرلارنىڭ تۆھپىسى ناھايتى زور بولغان. كاتىپ، ئەدىپلەر بۇ دەۋردە نەشرىياتچىلىق رولىنى ئويناپ

1ھۇرسۇن كەلپىن: «چىڭگىزخان ۋە تىمۇرىيلەردە كاتىپلىق، كىتابەت ئىلمى، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى 1995-يىلى 1-ئاينىڭ26-كۈنىدىكى سانى

2ھەسئەت سۇلايمان: «ئەلشىر ناۋائىينى ئىزدەپ»، «قۇمۇل ئەدەبىياتى» 2000-يىلى 3-سان 38-بەت

مەدەنىيەت تارقاتقۇچى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، تەشۋىقاتچىلىق رولىنى ئويىنغان.

## 5. سەئىدىيە خاندانلىقى ۋە خوجىلار دەۋردىكى پۈتۈكچىلىك (كاتىپلىق، خەتتاتلىق ئىلمى ۋە كىتابەتچىلىك.

### 1) سەئىدىيە خاندانلىقى دەۋرىدىكى پۈتۈكچىلىك (كاتىپلىق، خەتتاتلىق) ئىلمى ۋە كىتابەتچىلىك.

يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ( 1514-1680- ھۆكۈم سۈرگەن) ئۇيغۇر ئەدەبىيات - سەنئىتىنىڭ ئۈچىنچى قېتىملىق «ئالتۇن دەۋرى»نى يارىتىشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن تارىخىمىز بېتىدىن شۆھرەتلىك ئورۇن ئالدى. بۇ دەۋر - سەئىدىخان ۋە مىرزا ھەيدەر كوراگانى قاتارلىق مەشھۇر ئەربابلارنى يېتىشتۈردى.

سۇلتان سەئىدىخان «ئۇيغۇر خەتتاتلىقىدا ئەڭ گۈزەل دەپ ئاتالغان «نەسخ- تەئلىق» خەت شەكلىدە يېتىلگەن خەتتات» ئىدى، «مىرزا ھەيدەر كوراگانى بولسا خەتتاتلىقتا ھەممىنى بېسىپ چۈشەتتى» («يەكەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 238- بەت). ئۇنىڭ «تارىخى رەشىدى» ناملىق مەشھۇر ئەسىرى ئەينى ۋاقىتتا ۋە كېيىنكى دەۋرلەردە ئونلىغان كاتىپلار تەرىپىدىن كۆچۈرۈلۈپ تارقىتىلدى. ئۇنىڭ ئالتۇن ھەل بېرىپ ئىشلەنگەن نۇسخىلىرى جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا، كېيىن شەرقشۇناسلارنىڭ تەرجىملىرى ئارقىلىق دۇنياغا تارقالدى.

سەئىدىيە خانلىقىنىڭ ئابدۇرەشىدخان دەۋرى پۈتۈن - خانلىقنىڭ مەدەنىي ھاياتى ئىنتايىن جانلانغان مەزگىل بولۇپ، بۇنداق ئىللىق مەنىۋى مۇھىتنىڭ بەرپا بولۇشىدا خاسىيەتلىك قەلىمى بىلەن كىتاب ئىشلەپ تارقىتىدىغان يۈزلىگەن نەشرىياتچىلار- كاتىپلار مۇھىم رول ئوينىدى.

ئابدۇرەشىدخاننىڭ قەشقەردە «خاقانىيە مەدرىسى» نى يەكەندە «دۆلەت كۇتۇپخانا» قاتارلىق مەدەنىيەت ئوچاقلىرىنى پەربا قىلىشى ئەنە شۇنداق گۈللەنگەن مەنىۋى مۇھىتنىڭ نەتىجىسى بولدى. بولۇپمۇ، خانلىق مەركىزى يەكەندە «دىۋانخانا» (خانلىق كاتىباتخانا) قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىن ئالىي بىلىم يۇرتى ۋە تەتقىقات ئورنى سۈپىتىدە پايدىلىنىلدى. «دىۋانخانا»دا خانلىقنىڭ باش يازغۇچىسى، ئالىم ۋە شائىر شاھ سەئىد قاتارلىق ئونلىغان كاتىپ- ئەدىبلەر ئىشلەيتتى. مەزكۇر «دىۋانخانا» دۆلەتنىڭ ئىچكى- تاشقى ھۆججەت ھەم خەت- ئالاقىلىرىگە مەسئۇل مەركىزىي ئورگىنى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى شۇ زامانغىچە بولغان ئۇيغۇر ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ، ئوتتۇرا شەرق ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىدىغان، كۆچۈرۈپ ساقلايدىغان، تارقىتىدىغان ئىلىم باغچىسىغا ئايلاندى.

ئىلمىي نۇسخە (خەتتاتلىق) يەكەن خانلىقى مائارىپىنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ، «ئەينى زاماندا خەتتاتلىق سەنئىتىنى بىلمىگەن كىشىلەر تولۇق بىلىملىك ھېسابلانمايتتى، شۇنىڭ ئۈچۈن، خەتتاتلىق ئىلمى خانلىق مەدرىسىنىڭ ئاساسىي دەرسلىرى قاتارىدا ئۆگىتىلەتتى» («ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىن ئوچېرىكلار»، 23- بەت). بۇ ھال خانلىق دائىرىسىدە بۇ ئىلىمنىڭ كەسپىلىشىشى ۋە تېخىمۇ كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ ئاقارتىلىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

بۇلاردىن باشقا مىرزا ھەيدەر كوراگانى «تارىخى رەشىدى» دە نەقىل كەلتۈرۈپ ئېيتقاندەك، ئابدۇرەشىدخاننىڭ «خۇش نەۋىس» (خەتتات) بولۇشى ۋە مۆجىزىنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىييۇن» دا بايان قىلغىنىدەك «مەلىكە ئامانىسا خېنىمنىڭ خەتتاتلىقتا ئۇستاد گۈل ... خېتىنىڭ ھۆسنى قىزنىڭ ھۆسنى بىلەن بەھس قىلار...» لىقى ۋە ئۇ يازغان «شۇرۇھۇل قۇلۇب» (قەلبلەر شەرھى) كەبى... خەتتاتلىق توغرىسىدا مەنىلىك كىتابنىڭ ئازلىقى»دەك بايانلاردىن مەلۇمكى، سەئىدىيە خانلىقىدىكى كاتىپلىق- كىتابەت ئىلمىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىدا ۋە پۈتكۈل جەمئىيەتتىكى يېزىقچىلىق، ئالاقە ئىشلىرىنىڭ مۇتلەق ھۆسنىخەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىشىدەك ئىلمىي، ئىجتىمائىي كەيپىياتنىڭ يارىتىلىشىدا خانۇ- خانىشلارنىڭ خەتتاتلىق ماھىرلىقى بويىچە ئۈلگە تىكلەپ بەرگەنلىكىمۇ مۇھىم سەۋەب بولدى.

دېمەك، ئىلىمگە بولغان بۇنداق ياخشى شارائىت ئۇيغۇر يەكەن خانلىقىدا تاغ- تاغ قولىيازمىلار ھەم تەرجىمە ئەسەرلىرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە كەڭرى ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. جۈملىدىن ئاتايى، لۇتفى ۋە ناۋائىلارنىڭ ئەشئار دىۋانلىرى شۇ چاغدا جىددىي رەتلىنىۋاتقان « 12 مۇقام» نىڭ تېكىست تەلىپى بويىچە تېخىمۇ كۆپ ۋە سەنئەتلىك قىلىپ كۆچۈرۈپ تارقىتىلدى.

گەرچە 17- ئەسىرنىڭ 80- يىللىرىدىن كېيىن، يەكەن خانلىقى ئاپپاق خوجا تەسىرى تۈپەيلىدىن يېمىرىلگەن، ئاپپاق خوجا كىتابلارنى كۆيدۈرۈپ، مەرىپەت شاملىرىنى ئۆچۈرۈپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە جەمئىيىتىنى «جاھالەت» تە تۇنجۇقتۇرۇۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، لېكىن گۈللەنگەن سەئىدىيە خانلىقىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى تەسىرىنى يوقىتالمىدى. مەدەنىيەتنىڭ بىر قانىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سۈپىتىدە كاتىپلىق- كىتابەت ئىلمى ئاستىرتتىن راۋاجلاندى ۋە مۇھىم رول ئوينىدى. بۇ دەۋرنىڭ ناۋائىنىڭ دوستى مىرخۇندىنىڭ «تارىخى رەزەتۇسسەفا» ناملىق ئەسىرى 1737- يىلى مىرزا پازىل كىچىك ساقى دېگەن كىشى تەرىپىدىن پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىنىپ، «تارىخى خاۋەندىشاھ» دېگەن نام بىلەن كۆچۈرۈپ تارقىتىلدى. مىرخالدىن كاتىپ موللا كىچىك يەركەندىمۇ مەخسۇس كاتىپلىق- كىتابەت ئىشى بىلەن شۇغۇللاندى ۋە قىممەتلىك ئەسەرلەرنى يازدى. مۇھەممەد سادىق (قەشقەرى؟) مۇ 1736- يىلى ناۋايىنىڭ «مەجالىسۇن نەفائىس» ناملىق ئەسىرىنى كۆچۈرۈپ تارقاتتى. بۇلاردىن باشقا، قەشقەر خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بولغان كاتىپ ئەزىز كىچىك 1747- يىلى قۇمۇلدا «خەمسە» نىڭ تۆت داستانىنى («پەرھاد- شىرىن» چۈشۈپ قالغان) كۆچۈرۈپ تاماملىدى. ئۇششاق ۋە چىرايلىق نەستەئلىق خېتى بىلەن كۆچۈرۈلگەن بۇ قول يازما نەپىس كىتابەتشۇناسلىقنىڭ ئەھمىيەتلىك ئۈلگىسى ھېسابىدا قارىلىپ، ھازىر ئۆزبېكىستاندا ساقلانماقتا. ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، بۇ دەۋردە ئۆمەر باقى ۋە ئالىم موللا سىدىق يەركەندىلەر ناۋائى داستانلىرىنى نەسرلەشتۈرۈپ چىقتى ھەم تاش باسمىدا ئىشلەپ تارقاتتى. تاش باسما كىتابلىرىنىڭ خەت جەھەتتىن چىرايلىق ۋە سۈپەتلىك نەشر قىلىنىشى ئالدى بىلەن كاتىپلارغا باغلىق ئىدى، ئەگەر كاتىپ- خەتتاتلار مەتىننى نەپىس خەت بىلەن كۆچۈرسە، ئەسەرلەرنىڭ تاش باسمىسىمۇ كۆركەم چىقاتتى- دە، بۇنداق ئەسەرلەرنى كىشلەر ھەم كىتاب سودىگەرلىرى تالىشىپ سېتىۋالاتتى. ئەسەرلەرمۇ جەمئىيەتكە تېز تارقىلاتتى. دەل مۇشۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆمەر باقى ئەسەرلىرىنى تاشكەنتتە تاش باسمىدا نەچچە قېتىملاپ بېسىش ئۈچۈن، ئۇيغۇر شائىرى خىسلەتنىڭ خەتتاتلىق جەھەتتىكى تۆھپىسى پەۋقۇلئاددە زور بولدى. ئومۇمەن، سەئىدىيىلەر زامانىدا پۈتۈكچىلىك- رىسالىچىلىك، كىتابپۇرۇشلۇق (كاتىپلىق، خەتتاتلىق، كىتابەتچىلىك) قاتارلىق ئەنئەنۋى، مىللىي، مەدەنىي ئىجتىمائىي سەنئەتلەر بىلەن بىرلىشىپ، خەلقىمىزنىڭ تارىخىي، ئەدەبىياتى، قىسقىسى، مەدەنىيىتىگە ئائىت كۆپلىگەن قىممەتلىك ئەسەرلەرنىڭ زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلىشىگە تۆرتكە بولدى. 18- ئەسىرنىڭ دەسلىپىدىن ئېتىبارەن، ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يېڭى بىر دەۋرگە كىردى. ئەدەبىياتىمىزدا، خەلقىمىزنىڭ ئەمەلىي تەقدىرىگە كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىجتىمائىي ھاياتقا يېقىنلىشىدىغان رېئالىزملىق نۇر چاقنىدى. بىراق، بۇ دەۋر ئەدەبىياتىمۇ ئاۋۋالقى دەۋر ئەدەبىياتى بىلەن ئۆزىنى تولۇقلىشى، ئەدىبلەر بولسا، قەدىمكى دۇنيادىن كېلىۋاتقان شىپالىق بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئىچىپ، تەشنالىقنى قاندۇرۇشى لازىم ئىدى. بۇ تەشنالىقنى يەنىلا مەدەنىيەتنىڭ ئاكتىپ جارچىلىرى بولغان كاتىپلىق- كىتابەت ئىلمى سەنئىتىنىڭ نامسىز پىداكارلىرى ئورۇنلىدى.

بۇ دەۋردىكى كاتىپلىق- كىتابەت مەدەنىيىتى- ئاساسەن، قەشقەر خەتتاتلىق مەكتىپىنى مەركەز قىلىپ، ئەلشىر ناۋائى ئەسەرلىرىنى تەكرار- تەكرار كۆچۈرۈپ تارقىتىش ۋە كىتابەت قىلىش بىلەن تاكاموللىشىپ باردى. بولۇپمۇ، 1830- يىللىرى، قەشقەر ھۆكۈمرانى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگ

قول ئاستىدا بەش كىشىلىك كاتىبات ئىشخانىسىنىڭ (دىۋانخانا) تەسىس قىلىنىشى، بۇ ئىلىمنىڭ جانلىنىشىنى يەنە بىر قېتىم تارىخى ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. بۇ مەزگىللەردە ناۋائى ۋە باشقا مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرگەن ياكى كىتابەت قىلغان كاتىپ، خەتتاتلار نەچچە يۈزگە يەتكەن. «ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ قول يازمىلار ئىنىستىتۇتى» 60- يىللاردا، ناۋائى خاتىرە مۇزېيى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭدىكى قولىيازما ۋە قەدىمكى ئەسەرلەر 15مىڭدىن ئاشىدىكەن، بۇنىڭ ئىچىدە ناۋائى ئەسەرلىرى 175 پارچە تۈرلۈك قولىيازمىدىن ئىبارەت. بۇلار شائىرنىڭ 24 ئەسىرىنىڭ 254 نۇسخىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يۇقۇرىقى ئەسەرلەرنى كىتاب قىلغان ياكى كۆچۈرۈپ تارقاتقان كاتىپلار ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن قولىيازمىنىڭ ئاستىغا ئىنىق ئىمزاسىنى قويغان«قەشقەرى» تەخەللۇسلۇق كاتىپ. ئەدىبلەردىن ھازىرچە بىر نەچچىسىلا مەلۇمدۇر. ئۇلار ئىلگىرى- كېيىن بولۇپ، 1822-، 1831-، 1833-، 1857-، 1868- يىللىرى ناۋائىنىڭ «خەمسە» قاتارلىق تۈرلۈك ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ، كىتابەت قىلىپ تارقاتقان كاتىپ موللا تۇرسۇن قەشقەرى، كاتىپ موللا ئىلمۇدىن قەشقەرى، كاتىپ ئابدۇل قادىر قەشقەرى، موللا توختى قەشقەرى، موللا مۇقەررەبشاھ جايتاشى ۋە مۇھەممەد سادىق قەشقەرى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

بۇلاردىن 19- ئەسىر قەشقەر خەتتاتلىق مەكتىپىنىڭ ئەڭ مەشھۇر نامايەندىسى، زوھۇرىددىن ھېكىم بەگنىڭ باش مىرزىسى، ناۋائىدىن كېيىن ئەدەبىيات تارىخىمىزدا داستانچىلىقنىڭ يەنە بىر دەۋرىنى ياراتقۇچى مەشھۇر شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى ھەققىدە توختاش ئارتۇق ئەمەستۇر.

ئابدۇرېھىم نىزارى 1776-1850- يىللار ئارىلىقىدا قەشقەردە ياشاپ ئۆتكەن. «شائىر مەدرىستە ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدىلا شېئىر يېزىشنى مەشىق قىلىش بىلەن بىرگە، خەتتاتلىق ماھارىتىنىمۇ ئىگەللەشكە باشلىغان. قەشقەر خانلىق مەدرىسىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئاساسەن خەتتاتلىق بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ، ئۇزاق يىللارغىچە كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خەت- ئەسەرلەرنى يېزىپ بېرىش شۇنىڭدەك، ئىلمىي، ئەدەبىي، تارىخىي ئەسەرلەردىن نۇسخا كۆچۈرۈش بىلەن ياكى شۇ كىتابلارغا ئېھتىياجى بار كىشىلەرنىڭ بۇيرۇتمىلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرىش بىلەن ھايات كەچۈرگەن.» شۇنىڭدەك «نىزارىنىڭ خەتتاتلىق دەۋرى، ئاساسەن بۈيۈك ئۇستاز نەۋائىنىڭ مىراسلىرىنى تەكرار- تەكرار كۆچۈرۈش، ئۆزىنىڭ قەلەم قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، تالانتىنى تاۋلاش ۋە كامالەت چوققىسىغا كۆتۈرۈلۈش دەۋرى بولغان. نەۋائىنىڭ بىباھا دۇردانىلىرى نىزارى ئۈچۈن، تۈگىمەس ئىلھام مەنبەسى بولۇپ، ئۇنى ئىجادىيەتنىڭ داغدام يولىغا باشلىغان. »

(«شىنجاڭ ئەدەبىيات- سەنئىتى» 1957- يىللىق 6- سان، «بۇلاق» 1991- يىللىق 4- سان).

«ئۆمۈر مەنزىلىنىڭ 60 يىلىنى ئۆتكۈزۈش، ئىجادىيەت ۋە خەتتاتلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن يوقسۇل شائىرنىڭ ھۆسن خەت قابىلىيىتى ۋە ئىستىداتى قەشقەرنىڭ ئەينى دەۋردىكى ھۆكۈمرانى زوھۇرىددىن ھېكىمبەگنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ 1830- يىلى 60 يېشىدا زوھورىددىن ھېكىمبەگ تەرىپىدىن باش مىرزىلىققا تەيىنلەنگەن. نەتىجىدە، شائىر باشلىق بەش

كىشىلىك دىۋانخانا قۇرۇلغان. بۇ ئىشقا قويۇلغان ئىمىر ھۆسەيىن سەبۇرى، تۇردىن نازىم (غەرىبي)، نەۋرۇز ئاخۇن زىيائى (بەزى ماتېرىياللاردا ئۇلارنىڭ ئىچىدە رەھمان ئاخۇنۇم كاتىپ، ئىسپەندىيار ئاخۇنۇم كاتىپلارمۇ بار دېيىلىدۇ- ئا) قاتارلىق كاتىپلارمۇ زامانىسىنىڭ بىلىملىك ئەدىبلىرى بولغاچقا، ئابدۇرەھىم نىزارى ئۇلار بىلەن دوستلۇق ۋە ھەمكارلىق ئورنىتىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن، جاپالىق ئەمگەك سىڭدۈرگەن. شائىر ھېكىمبەگ مەھكىمىسىدە ئون يىلغا يېقىن كاتىپلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.» («ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى» 184- بەت).

نىزارى ھېكىمبەگ ھىمايىسىگە ئۆتكەندىن كېيىن، خۇددى ناۋائىدەك «ئەتراپىغا شائىر، تارىخچى، ئالىم، خەتتات، نەققاش، رەسسام ۋە باشقا سەنئەتكارلارنى توپلاپ» («بۇلاق» 1991- يىللىق 4- سان)، بۇ ئارقىلىق قەدىمكى قول يازمىلارنى كۆچۈرۈپ كىتابەت قىلىش، ئۇلارنى يەنە خەلق ئىچىگە تارقىتىش بىلەن ئىزچىل شۇغۇللانغان. خۇسۇسەن، ئۆزى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ 36766 مىسرا شېئىردىن تەركىب تاپقان «غەرىبلەر ھىكايىتى» ناملىق زور كۇللىياتىنى 1841-، 1844-يىللىرى ئارلىقىدا ئۆز قولى بىلەن كۆچۈرۈپ كىتابەت قىلغان. يەنە شۇنىمۇ ئىزاھلاش زۆرۈركى، نىزارى «غەرىپلەر ھېكايىتى»نى كىتابەت قىلىشتىن ئىلگىرى، يەنى 1820- يىللاردىن كېيىن، ناۋائى ئەسەرلىرىدىنمۇ بىر كوللىيات تۈزگەن بولۇپ، ئۇ، قەشقەردە قەشقەر ئۇسلۇبىدا تۈزۈلگەن» («ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1992- يىللىق 2- سان). «بۇ ئەسەر نەۋائى ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشتا بولسۇن، ياكى ئەسەر تۈزۈلگەن دەۋردىكى قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت- ئەدەبىيات ئەھۋالىنى ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشتا بولسۇن، مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.» (يۇقۇرىقى ژورنال) بولغان. بىراق، كۇللىياتتىكى:

هەر كەسى ئىن كىتابى مىنكەرى،
خەتى ئابدۇرەھىم كاشغەرى.

(تەرجىمىسى: ھەركىم بۇ كىتابقا قارىسا، ئابدۇرەھىم قەشقەرىنىڭ خېتىنى كۆرىستىدۇ.)

دېگەن پارىچە ئىزاھاتتا، ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ بۇ كوللىياتنى كىتابەت قىلغانلىقى ئەسكەرتىلگەن بولسىمۇ، يەنە بەزىلەر ئاساس كۆرسەتمەيلا «بۇ يەردىكى ئابدۇرەھىم قەشقەرى ئابدۇرەھىم نىزارى ئەمەس» دەپمۇ قارايدۇ. بىز كۇللىياتتىكى ئۇشبۇ نەق پاكىتقا ئاساسەن، بۇنى ئابدۇرەھىم نىزارى كۆچۈرۈپ، كىتابەت قىلغان دەپ قارايمىز ۋە «ئىككى دىباچە» (نەقىشلەر بىلەن بېزەلگەن مۇقەددىمە)، «غەزائىنۇل مەئانى» نىڭ تۆت دىۋانى، «مەجالىسۇن نەفائىس»، «لىسانۇت تەيىر»، «مەھبۇبۇل قۇلۇپ»، «خەمسە» داستانى، «مۇنشەئات»، «خەمسەتۇل مۇتەھەييىرىن»، «ئەربەئىن» ۋە «ۋەقفىيە» دىن ئىبارەت 18 پارچە ئەسەر كىرگۈزۈلگەن. «ئەينى زاماندىكى قەشقەر خەتتاتلىقى ۋە نەققاشلىقىنىڭ يۇقۇرى سەۋىيىسىنى ئەكىس ئەتتۈرۈپ بەرگەنلىكى، ئەدەبىي ئەسەرلا

ئەمەس، بەلكى بىر گۈزەل- سەنئەت نەمۇنىسى سۈپىتىدە دىققەتكە سازاۋەر» (يۇقىرىقى ژورنال) بولغان بۇ بەھەيۋەت دىۋاننى نىزارىنىڭ ئاجايىپ تۆھپىسى دەپ سۆيۈنۈش ئىچىدە تىلغا ئالىمىز.

قىسقىسى، ئابدۇرەھىم نىزارى ئۇلۇغ شائىر بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ماھىر خەتتات، بىر ئۆمۈر جاپالىق ئىشلەپ، ھەرپلەر مارجىنىدىن كىتابلار خەزىنىسىنى ياراتقۇچى نەشرىياتلىق رولىنى ئوينىغان سەنئەتكار. 1838-يىلى زوھۇردىن ھېكىمبەگ ئۆزى يازغان «نەۋائىنىڭ (خەمسە)سى مۇشۇ دەۋردىلا پەقەت قەشقەر شەھىرىدىكى ئۇيغۇر كاتىپلىرى تەرىپىدىن بەش يۈز نۇسخىدىن ئارتۇق كۆچۈرۈپ تارقىتىلدى.» («بۇلاق» 1991- يىللىق 4- سان) دېگەن خاتىرە بايان ئارقىلىق، ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەرنى مەركەز قىلغان كاتىپلىق- كىتابەت ئىلمى سەنئىتىمىزنىڭ نەقەدەر راۋاجلانغانلىقىنى كۆرستىپ بەرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، بىز ئۇنىڭ بۇ ئۇچۇردىن شۇ دەۋر كاتىپلىق- كىتابەت ئىلمى مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى ھېكىمبەگ مىرزىسى ئابدۇرەھىم نىزارىنىڭ سىجىللاتىسىز (كۆچۈرۈپ چىقىرىشتىن ئايرىپ) تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز.

**(2) خوجىلار دەۋرىدىكى پۈتۈكچىلىك( كاتىپلىق، خەتتاتلىق) ئىلمى ۋە كىتابەتچىلىك.**

19-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن كېيىن، شىنجاڭنىڭ ۋەزىيىتىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولدى. خۇسۇسەن، ئالتە شەھەر مۇھەممەد ياقۇپ بەگ، بەدۆلەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بولدى. بۇ ۋاقىتلاردىمۇ كاتىبلىق- كىتابەت ئىلمى ئىشلىرىمىز ئەنئەنە سۈپىتىدە يەنىلا داۋام ئەتتى. ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتى ئۈستىدە بىۋاستە ۋە قىممەتلىك خاتىرىلەر قالدۇرغان داڭلىق تارىخچى مۇللا مۇسا سايرامى (1836-1917) مەشھۇر ئەسىرى «تارىخىي ھەمىدى» دە مەخسۇس سەھىپە ئاجرىتىپ، شۇ زامان مىرزىلىرى ۋە بەدۆلەت دىۋان بەگلىرى ھەققىدە مۇنداق يازغان ئىدى: «بۈزرۈك خان تۆرەم جانابىي ئالىي (ياقۇببەگ) دەسلەپ كەلگەن چاغدا، موللا ياقۇپ مىرزا بېشى دېگەن ئادەم ئۇنىڭ بىلەن بىللە كەلگەن ئىدى. ئۇ ئەقىل- پاراسەتتە تەڭداشسىز، مۇنشى- خەتتاتلىقتا ئوخششى يوق ئىدى. ئۇ ئۈچ يىل مىقدارى مىرزىلىق قىلدى، كېيىن مىرزا باراتنى مىرزا بېشى قىلدى. لېكىن، ئۇ ئىش ئېلىپ بارالمىدى. ئاندىن موللا ئوسماننى مىرزا بېشى قىلدى، ئۇمۇ راۋاج تاپالمىدى. ئاقىۋەت، كاشغەرلىك ھاجى ئەئلەم ئاخۇننىڭ ئوغلى مۇھەممەدىن مەخدۇمنى مىرزا بېشى قىلدى، ئۇنىڭ مەشھۇر ئىسمى مىرزا فەرسۇخ ئىدى. چۈنكى، ئۇ كاشغەردىن تۇرپانغىچە بولغان يولنى فەرسۇخ قىلىپ (ئۆلچەپ) تاش توختۇتۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇ ناھايىتى ھۇشيار، تەجرىبىلىك، قاۋۇل، زىرەك، تېز قەلەم ۋە مۇنشىلىقتا (خەتتاتلىقتا) رىسالىلەر يازغان، ھەممە ئىلىمدە دانا ھەم ھەممىگە ماقۇل كىشى ئىدى، 7 خىل تىل بىلەتتى، ئالتە تائىپىنىڭ خېتىنى يازاتتى ۋە ئوقۇيتتى، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بۇخارالىق موللا كامىل مىرزا، توسۇق كامالىدىن مىرزا، موللا بارات مىرزا، ئەۋلىيا مىرزا قاتارلىقلار بار ئىدى. كېيىن، مەرغىنانلىق زەينۇلئابىدىن دېگەن كىشىمۇ كاشغەرگە كەلدى... كۆپ مىرزىلار بار ئىدى... مەزكۇر كىتابنى يازغۇچى مەنكى كەمىنە موللا مۇسا ئىبنى موللا ئەيسا خوجا سايرامىمۇ مەزكۇر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

زاكاتچىننىڭ (ئاقسۇغا زاكاتچى بولغان مىرزا بابابەك ھسارىنى دىمەكچى- ئا) خىزمىتىدە يەتتە يىل ئىشلەپ، (مىرزىلىق قىلىپ- ئا) ئۆمرۈمنى ئۆتكۈزدۈم. («تارىخى ھەمىدى» 576-، 579- بەتلەر).

تارىخچى، ئالىم ئۆز سەھىپىلىرىنى داۋام قىلىپ، كاتىپ- مىرزىلارنىڭ پۈتكۈل ياقۇببەگ ھاكىمىيىتى ۋە خەلقلەر ئىجتىمائىي ھاياتىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدىكى ئورنى ھەم رولى ھەققىدە تارىخى خاراكتېرلىك خۇلاسە چىقىرىپ: «ئۇ مەملىكەتدارلىق ئىشلىرىنى ھەل قىلىش، قىيىن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، ئەمەلدارلار تەيىنلەش ۋە قالدۇرۇش قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە دىندار، ھۇشيار مىرزىلارنى خۇددى ۋەزىرلەرنىڭ ئورنىدا كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتى بىلەن بىر تەرەپ قىلاتتى. ئەمەلدارلىق، دۆلەتخىۋاھلىق، پۇقراپەرۋەرلىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنىلا ئۇلارنىڭ پىكرى بويىچە ئىجرا قىلاتتى. يۇرتلارنىڭ بارلىق كىرىم- چىقىملىرى، ئۇمەرائىلار، لەشكەرلەر سانى، ئات- ياراقلارنىڭ ھېسابى، خەزىنە، ئىشخانا، ئاشخانىلارنىڭ خىراجىتى قاتارلىق ئىشلار مىرزىلارنىڭ باشقۇرۇشىغا بېرىلگەن ئىدى. ھۆكۈمەتدارلىق ئىشلىرىنى ئاساسەن مىرزىلار بىر تەرەپ قىلىپ، ئاندىن جانابى خوجىلارغا مەلۇم قىلاتتى. ئەرزچىلەر ھەم ئەلچىلەرنىڭ ئىشلىرىمۇ مىرزا بېشىلار ئارقىلىق ھەل قىلىناتتى. جانابى خوجىلارنىڭ ھوقۇقىدىن قالسا مىرزا بېشىلارنىڭ ھوقۇقى، ئىززەت ۋە ھۆرمىتى ھەممىدىن چوڭ ئىدى» (يۇقۇرىقى كىتاب، 576- بەت) دەپ يازغانىدى. ئەمەلىيەتتە، موللا مۇسا سايرامى بۇنداق بايانلىرى بىلەن «ئەسرارى كاتىپلار» (كاتىپلارنىڭ ھىكمەتلىرى) ئارقىلىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشتىن ئىبارەت ئۇسۇلنىڭ ئۇزاق قەدىمكى دۇنيادىن داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان «تۈركىي- ئۇيغۇر ئىدارە ئەنئەنىسى ئىكەنلىكى» («قاراخانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى»، 341- بەت) دىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تارىخىي جەھەتتىن يەكۈنلەپ بەردى. دېمەك، بىرىنچى، بۇ دەۋرلەردە سوپىزىمنىڭ سوپىستىك يازغۇچىلىرىدىن ھاپىز شىرازى، ئىبراھىم ئەدھەم، مەنسۇر ھەللاجى، ئابدۇراخمان جامىي، بابا رەھىم مەشرەپ، ئەھمەد يەسەۋىي قاتارلىق سوپىستىك شائىرلارنىڭ كىتابلىرى كاتىپلار تەرىپىدىن كۆپەرەك كۆچۈرۈلۈپ كىتابەت قىلىندى. ئىككىنچى، شۇ سەۋەبتىن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى ۋە ھەر دەرىجىلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم كىتابلار خوجىلار دەۋرىدە كىتابەت قىلىنغان كىتابلاردۇر.

موللا مۇسا سايرامىدىن كېيىن كىلاسسىك شائىر، خەتتاتلىق ئىلمى نەزەرىيىچىسى ئەھمىدى (1907 -1941) ۋە يىرىك ۋەقەشۇناس، كاتىپلىق- كىتابەت ئىلمى سەنئىتىنىڭ تارىخچىسى ھەم نەزەرىيىچىسى مەھمۇد ئىسلام ( 1940-1970) لار مىڭ يىللار داۋام قىلىپ كەلگەن چاغاتاي ئۇيغۇر ئۇسلۇبىدىكى مەزكۇر ئىلىم ئەمەلىيىتىدىن يەكۈن چىقىرىپ، زامانىمىز كاتىپلىق- كىتابەت ئىشلىرى ھەققىدە يېڭىچە ئەخلاقىي، ئىستىلىي مىزان ھەم يېتەكچى خاراكتېرلىك نەزەرىيىلەرنى بەرپا قىلدى.

بۇ ھەقتىكى سەھىپىمىزدىن شۇنداق ئومۇمىي خۇلاسە چىقىرىمىزكى، كاتىپلىق- كىتابەت ئىلمى سەنئىتىمىز ھەرقايسى دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىي ۋە ئەدەبىي ھاياتنىڭ

تەقەززاسى سۈپىتىدە بارلىققا كەلگەن، تېخمۇ ئېنىق ئېيتقاندا، ئۇنىڭ يېلتىزى خەلقىمىزنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدىكى دىنىي، پەلسەپۋى ئېڭى ھەم ئەخلاقىي قاراشلىرىنىڭ چوڭقۇرلىقىغا كۆمۈلگەن... چۈنكى، تارىختا قاسىيى دىنغا ئېتىقاد قىلمايلى ئەدىبلىرىمىز ۋە خەلقىمىز شۇ دىنىنىڭ سادىق مۇرىدى ھەم ئاكتىپ جارچىلىرىغا ئايلانغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە: «كىتاب كۆچۈرۈش، ئۇنى يەنە كۆچۈرۈپ يېڭىلاپ تۇرۇش، نۇسخا كۆچۈرۈپ تارقىتىش- سۈننەت، ئۇبدان ساقلاپ ئەۋلادقا مىراس قالدۇرۇش- قەرز بولۇپ ھېسابلانغان... » (توختى چوڭنىڭ بۇ ھەقتىكى رىسالىسىدىن)، (توختى چوڭ- قاغىلىقنىڭ كۆل دېگەن يېرىدە ياشىغان. ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى رىسالىنى ساقلىغان ياكى ئۆزى يازغانلىقى نامەلۇم). ئەكسىچە، «پۈتۈكى، پۈتۈكچىسى ۋە پۈتكەنلىرى بولمىغان خەلق ۋە مىللەت ھاياتلىق ماكانىدىن ئايرىلىپ ۋەتەنسىزلەشكەن، ئىمان- ئېتىقادىنى يوقۇتۇپ دىنسىزلاشقان، تارىخىنى يوقۇتۇپ خورلانغان، كېلىچىكىنى كۆرەلمەي، مەھكۇم بولغان تەتۈر پەلەكلەر دەپ قارالغان» (مەھمۇد ئىسلام: «ئۇنىڭدىن- بۇنىڭدىن» نىڭ «بەلەن كىتابلار» قىسمىدىن، بۇ ئىككى رىسالە كىتابپۇرۇشلارنىڭ قولىدا ھازىرغىچە ساقلانماقتا). شۇنداق بولغاچقا، يېراق شامان دىنىدىن ئىسلامغىچە ياخشى كىتابلارنى كۆچۈرۈپ تارقىتىش- كۆچۈرگۈچىنىڭ ئېڭىدا قىلمىش- ئەتمىشلىرىگە تۆۋە ئىستىغبار ئېيتىشنىڭ، ھەر ئىككىلا دۇنيادا نىجاتلىق تېپىشنىڭ ھەم « بۇ ئىشنىڭ ساۋابىنى (كۆچۈرۈشنى ساۋابى دېمەكچى-ئا) خان ۋە ئۇنىڭ جەمەتىگە، ئۆز ئاتا- ئانا، ئۇرۇق- تۇققان، بالا- چاقىلىرىغا بېغىشلايدىغانلىقىنى» (مايترى سىمىت» 7- بەت) ئارقىلىق ئۆزىدىن يامان روھلارنى قوغلاپ، ساۋابلىق تېپىشنىڭ بىردىن- بىر يولى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن. نەتىجىدە، بۇنداق ئىجتىمائىي قىزغىنلىق مەدەنىيىتىمىز ئۈچۈن ئاكتىپ تەسىر كۆرسىتىپ، كاتىپلىق- كىتابەت ئىلمى ئىشلىرىمىزنىڭ مۇستەقىل پەن بولۇپ شەكىللىنىشى ھەم ئاجايىپ ئۇتۇقلارغا ئېرىشىشىدە مۇھىم رول ئوينىغان. بۇنىڭ جانلىق دەلىلى سۈپىتىدە شۇنى ئىزاھلاش ھاجەتكى « 1957- يىلى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايۇنلۇق مۇزېيدىكى مۇتەخەسسىسلەر يەكەن شەھرىدىكى قولىيازمىلارنى رويىخەتكە ئالغاندا، خەلقنىڭ قولىدا 30 مىڭ پارچىغا يېقىن ھەرخىل ھەجىمدىكى قولىيازمىلارنىڭ ساقلىنىۋاتقانلىقى، بۇلاردىن 150 پارچىسىنىڭ ناۋائى ئەسەرلىرى ئىكەنلىكى مەلۇم بولغان» («بۇلاق» 1991- يىللىق 4- سان). يەكەندىن ئىبارەت بىر شەھەردە 30 مىڭ پارچىغا يېقىن قەدىمكى كىتاب- قولىيازمىنىڭ ساقلانغىلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتتىن پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە مەدەنىيەت تارىخىمىزغا دائىر يۈزمىڭ پارچە ئەتراپىدىكى كىتاب- قولىيازمىنىڭ بارلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلىش تامامەن ئەقىلگە مۇۋاپىقتۇر.

قىسقىسى، ھەتتا «ئۇ (قۇرئان ئايەتلىرى) ھۆرمەتلىك، ياخشى (پەرىشتىلەردىن بولغان) پۈتۈكچىلەرنىڭ قولىدا» («قۇرئان كەرىم»، 80- سۈرەدىن) «پۈتۈك ئىلمىنىڭ يېرىم ھەقىقتى» بولغاچقا، «شۇ سائادەت ئەسىر ۋە دۆلەت يار زامانىدا، ھۇشيار مىرزىلارنىڭ خۇش ئىنشا قەلەملىرىنىڭ سۆزلەرنى تەرتىپكە سېلىش ھەم تېزىش ئۇسلۇبى، گويا مىرزا ئابدۇلقادىر بىدىلى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەرھەمەتنىڭ خەت ھەم سۆز ئۇسلۇبىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەربىر سەھىپىسىدىن گۈل يۈزلۈك بىر مەھبۇب، ھەربىر چېكىتىدىن بىز سۆزلۈك لەئلە پەيدا بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارغا گويا بىر باغى جاھاندەك بىلىنىپ، سەير- تاماشا قىلىپ كۆرگۈچىلەرنىڭ كۆزلىرىگە روشەن نۇر، كۆڭۈللىرىگە ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىق ئاتا قىلاتتى، بۇ تەدرىجىي مىرزا ساھىب ۋە دەپتەرچىلەرنىڭ (كىتاب- رىسالىلەرنى كۆچۈرۈپ تارقاتقۇچىلار-ئا) خۇش قەلەملىرىدىن چىققان گۈزەل ۋە شېرىن سۆزلەرنىڭ ھەربىر ھەرپى بولسا پۇقرالارنىڭ مول مەئىشەتى ھەم پاراۋانلىقىغا سەۋەب بولاتتى. ئۇنىڭ ھەربىر چېكىتى بولسا، كۆڭۈللەرنىڭ تەشۋىشلىرىنى ئورنىغا چۈشۈرۈپ، خاتىرجەملىكنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب بولاتتى» («تارىخى ھەمىدى» 581- بەت). لېكىن، شۇ زامان بۇ تەۋەرۈك ئەسەر ۋە قولىيازمىلارنىڭ ئەسلىسىنى «تېزىتىش»، «ئۆزگەرتىش»، «تولۇقلاش» ھەم «چۈشۈرۈپ قويۇش» تەك زور سەۋەنلىكلەرگە يول قويغان نادان كاتىپ، خەتتاتلاردىنمۇ خالىي ئەمەس ئىدى. شۇڭا، پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىمىزدىكى خۇسۇسەن، يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ۋە خوجىلار دەۋرى كېيىنكى دەۋرلەردىكى كاتىپلىق- كىتابەت ئىلمىمىز ئۇستىدە چوڭقۇرراق ئىزدىنىش، قەدىمكى مەدەنىيىتىمىزنى بۇ گۈلگە ئۇلاشتا، تاماسىز بەدەل بەرگەن ئەشۇ ئەجدادلارغا ئەدەبىيات تارىخىمىزدىن تېگىشلىك ئورۇن بېرىپ، ئۇلار ھەققىدە سۆزلەش ۋە ئۇلارنى ئەسلەش بىزنىڭ بۇرچىمىزدۇر. ①

**6.چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى پۈتۈكچىلىك (كاتىپلىق، خەتتاتلىق) ئىلمى ۋە كىتابەتچىلىك.**

ئۇيغۇر پۈتۈكچىلىك ئىلمى – ئۇزاق تارىخى تەرەققىيات جەريانىدا پەيدا بولۇش، تەرەققى قىلىش ۋە مۇكەممەللىشىش باسقۇچلىرىنى بېسىپ ئۆتۈپ، دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەرلەرنىڭ بىرىگە ئايلاندى، سەنئەتلىك پۈتۈكچىلەرماھىرلىق بىلەن كىتاب لايىھەلەپ ۋە بېزەپ، ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشى - كىتابەتچىلىك تەرەققىيات تارىخىدا تەسىرى غايەت زور بولغان گۈللىنىش دەۋرلىرىنى بەرپا قىلىپ، ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتىدىغان مەشھۇر ئەربابلارنى، يازغۇچى، شائىرلارنى، ماتېماتىكلارنى، ئاسترونوملارنى مەيدانغا كەلتۈردى. ئۇلاردىن كۇمراجىۋا، تونيۇقۇق، فارابى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرى، ئەھمەد يۈكنەكى، ئابدۇرېھىم نىزارى، تەجەللى قاتارلىق مۇتەپپەككۇر، ئالىم، يازغۇچى، شائىرلار پەلسەپىۋىلىككە ئىگە بولغان، خەلقچىللىقى يۇقىرى، دۇنياغا تەسىرى كۈچلۈك بولغان «مايترى سىمىت»، «قۇتادغۇ بىلىك»، «تۈركى تىللار دىۋانى»، «ئەتەبەتۇل ھەقايىق»، «خەمسە ناۋائى»، «خەزائىنۇل مەئانى»، «تارىخى رەشىدى»، «زەللى دىۋانى»، «دىۋان ئەرشى»، «نىزارى داستانلىرى»، «غەزەلىيات»، «نۇزۇگۇم»، «بەرق تەجەللى-سەبەق مۇجەللى» قاتارلىق ئەسەرلىرى بىلەن بۇ دەۋردىكى ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى باسقۇچقا كۆتۈردى، بۇ شاۋكەتلىك كىتابلاردىن «قۇتادغۇ بىلىك» بىلەن «تۈركى تىللار دىۋانى» يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە مەھمۇد قەشقەرى ۋەكىللىكىدىكى 11-ئەسىر ئۇيغۇر پۈتۈكچىلىك ۋە كىتابەتچىلىك دەۋرىنىڭ مەھسۇلى بولسا، «خەمسە ناۋائى» بىلەن «خەزائىنۇل مەئانى»، «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى

15-ئەسىر گۈللىنىش دەۋرىنىڭ مەھسۇلى ئىدى، «نىزارى داستانلىرى» بولسا 19-ئەسىر گۈللىنىش دەۋرىنىڭ مەھسۇلىدۇر، ئابدۇرەھىم نىزارى ۋەكىللىكىدىكى بۇ مەدەنىيەت ۋە ئەدەبىيات گۈللىنىش دەۋرىنىڭ بارلىققا كېلىشىنى

[1] ھۆرسۇن كەلپىن: «سەئىدىيە خاندانلىقى ۋە كېيىنكى دەۋرلەر كاتىپلىق ۋە كىتابەت ئىلمى» ناملىق ماقالىسى، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىلمى ژورنىلى» 1998-يىلى 3-سان 60-بەت

1830-يىلى قەشقەرگە ھاكىم بەگ بولغان زوھۇرىدىن ھېكىم بەگدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ.

زوھۇرىدىن 19-ئەسىردە ياشاپ، بىر تەرەپتىن ئوردا ئىشلىرىنى باشقۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆز زامانىسىدىكى مەدەنىيەت ئەربابلىرى، ئالىم، يازغۇچى، شائىرلارنى ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتلەردىن قوللاپ، قەشقەرنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، گۈللىنىش مەنزىرىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن بولسا، ئەڭ مۇھىمى قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئابدۇرەھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن زىيائى قاتارلىق مەشھۇر شائىرلار بىلەن بىرلىكتە نۇرغۇن لىرىك ۋە سيۇژىتلىق شېئىرلارنى ئىجاد قىلىپ، بۇ شېئىرلاردىن تۈزۈلگەن كىتابى بىلەن 19-ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىنى بەرپا قىلىشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.

زوھۇرىدىن نەسەپ جەھەتتىن، تۇرپاندىكى ئىمىن ۋاڭ مۇنارىنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان ئىمىن خوجىنىڭ چوڭ ئوغلى نۇرمۇھەممەد بەگنىڭ چوڭ ئوغلى. نۇرمۇھەممەد بەگ زوھۇرىدىن كىچىك چېغىدىلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، چوڭ دادىسى ئىمىن خوجىنىڭ ئوردىسىدا چوڭ بولغان. ئۇ ئوردا موللىسىدا ئوقۇپ ساۋادىنى چىقارغان، ئۇ كىچىكىدىلا ناھايىتى زېرەك، تىرىشچان بولغاچقا، داۋاملىق ئۆگىنىپ، ئەتراپلىق بىلىم ئالغان. دىنىي كىتابلاردىن باشقا، ئۇيغۇر تىلىنى پىششىق ئىگىلەپ، نەۋائى قاتارلىق مۇتەپەككۇر شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ، پارسچە ئۆگىنىپ، پارس شائىرلىرىنىڭ ئەسەرلىرى بىلەن تونۇشۇپ چىققان، ئۇنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىك خاھىشى ئەنە شۇنداق باشلانغان، كېيىن بىر نەۋرە ئاكىسى مۇھەممەت سېيىت بىلەن قەشقەرگە بېرىپ، ئوردا ئىشلىرىغا ياردەملەشكەن. 1827-يىلىدىكى قەشقەر خەلق قوزغىلىڭىدىن كېيىن ئوتتۇرا ئاسىياغا چىقىپ، سەمەرقەند، بۇخارا، تاشكەنت، ئالمۇتا قاتارلىق شەھەرلەرنى ئايلىنىپ چۆچەككە قايتىپ كەلگەن، شۇندىن ئېتىبارەن قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغان.

زوھۇرىدىن قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن، بۇرۇنقى تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەپ، ئوردىغا يۇرت مۆتىۋەرلىرىنى، مەدەنىيەت ئەربابلىرىنى، ئالىم، يازغۇچى، شائىرلارنى توپلاپ، ئۇلارنى ئۆزگە مەسلىھەتچى قىلغان. ئۇلاردىن كۆپلەپ پىكىر ئېلىپ، يۇرتنى قانداق باشقۇرۇش، خەلقە پايدىلىق ئىشلارنى قىلىپ بېرىش، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنى گۈللەندۈرۈش قاتارلىق چوڭ ئىشلارنى قىلىپ بېرىش جەھەتتە ئۇلاردىن پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى ئالغان. ئۇ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن ۋاقىتلاردا زور ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئېتىز-ئېرىق، سۇ قۇرۇلۇشى، ئورمان بەرپا قىلىش، شەھەر قۇرۇلۇشى، مەدرىس-مەكتەپلەرنى رېمونت قىلىش، يېڭىدىن سېلىش، قەدىمىي جايلارنىڭ نامىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، زامانىسىدىكى تەسىرى چوڭ بولغان ئاتاغلىق ئالىم، يازغۇچىلارنى ئوردىغا تەكلىپ قىلىپ، تۈرلۈك مەزمۇنلاردا ھەرخىل كىتابلارنى يازدۇرۇپ، خەلقنىڭ مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنى تەربىيىلەش جەھەتتە كۆپلىگەن ئەمەلىي ئىشلارنى قىلىپ بەرگەن. بولۇپمۇ زوھۇردىن ئۆزى تەشەببۇس قىلىپ، ئۆزى تەشكىللىگەن «كاتىبات ئىشخانىسى»نىڭ 19-ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىدە بەرپا قىلىشتا رولى ئالاھىدە زور بولغان. زوھۇردىن بۇ «كاتىبات ئىشخانىسى»غا ئاتاقلىق ئالىم، شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنى مەسئۇل قىلىپ تەيىنلەپ، ئابدۇرېھىم نىزارىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن نورۇز ئاخۇن زىيائى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى قاتارلىق شائىر، خەتتاتلارنى قوبۇل قىلىپ، بۇلارنى ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن قوللاپ، پائال ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا شارائىت ھازىرلاپ بەرگەن. ئۇ ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق ئالىم، يازغۇچىلارنى ئوردىنىڭ خەت-ئالاقە ئىشلىرىنى بېجىرىشكە قويغا. ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر يازغۇچى، شائىرلىرىنىڭ مۇنەۋۋەر كىتابلىرىنى توپلاش، كۆچۈرۈپ كۆپەيتىپ، خەلققە تارقىتىش، ساقلاش، قىزغىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، كىتاب يېزىپ، 19-ئەسىر ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ئەھمىيەتلىك ئورتاق ئىشلىرى ئۈچۈن يېقىندىن مەدەت ۋە ئىلھام بەرگەن.

ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىغا زور ئىشتىياق باغلىغان زوھۇردىن «كاتىبات ئىشخانىسى»نى قۇرغاندىن كېيىن قارىماققا ئوردىنىڭ خەت-ئالاقە ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىشنى مەخسەت قىلغاندەك قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشخانىنىڭ ئاساسى خىزمىتىنى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يۈكسەلدۈرۈش ۋە ئۇنى بېيىتىپ گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا قاراتقان. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئالدى بىلەن بۇ ئىشخانىدىكى ئابدۇرېھىم نىزارى، نورۇز ئاخۇن زىيائى، تۇردۇش ئاخۇن غېرىبى، ئىمىر ھۇسەيىن سەبۇرى قاتارلىق ئالىم، شائىرلارنىڭ تۇرمۇش ئىشلىرىنى ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇرغان، ئۇلارنى يەر، سۇ، ئۆي قاتارلىقلار بىلەن تەمىنلەپ، تۇرمۇش جەھەتتىن خاتىرجەم قىلغان، ئۇلارنىڭ بەختەرلىكىنى قوغدىغان. ئاندىن ئۆزىنىڭ شېئىر ئىجادىيىتىگە كىرىشكەن، ئەلشىر نەۋائىنى «پىر، ئۇستاز» تۇتقان. زوھۇردىن ئابدۇرېھىم نىزارى قاتارلىق شائىرلارنى ئەلشىر ناۋائى قاتارلىق مۇتەپپەككۇرلار، شائىرلارنىڭ كىتابلىرىنى يىغىش ۋە بۇ كىتابلارنى ساقلاش خىزمىتىگە قويغان. «ھەيراتۇل ئەبرار»، «پەرھاد-شىرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «سەببەئى سەييار»، «سەددى ئىسكەندەر»دىن ئىبارەت بەش كىتابنى، يەنى «خەمسە نەۋائى»نى، «تۆت دىۋان»نى جەملەنگەن ھەم كىتابەت قىلىنغان. لىرىك شېئىرى كىتاب «خەزائىنۇل مەئانى»، نەزەرىيىۋى خاراكتېرگە ئىگە يىرىك ئەسەر «مەھبۇبۇل قۇلۇب»، پەلسەپىۋى مەسەللىك داستانى «لىسانوتتەيىر»، «مەجالىسۇن نەفائىس»لارنى كۆچۈرۈپ كۆپەيتىپ، ئاۋام خەلقنىڭ مەنىۋى

جەھەتتىكى تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا زور كۈچ چىقارغان. زوھۇرىدىن يەنە قەشقەردە كۆپ مەبلەغ سېلىپ مەخسۇس بىر خەتتاتلار مەكتىپى تەسىس قىلغانلىقى مەلۇم، بۇ مەكتەپتە نەۋائىنىڭ ئەسەرلىرىنى كۆچۈرۈپ، مەخسۇس «نەۋائى كۇللىياتى»نى تۈزۈپ چىققان. 19-ئەسىر قەشقەر ئۇسلۇبىغا خاس بۇ يىرىك كىتابنىڭ قوليازمىسى ھازىر تاشكەنتتىكى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە ساقلانغان بولۇپ، ئاخىرىغا «ئابدۇرېھىم ئىبنى مۇھەممەد پازىل كاشغەرى» دەپ ئىمزا قويۇلغان. بۇ ئالىم، شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن بىر كىشىمۇ، بۇنى يەنىمۇ تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، زوھۇرىدىننىڭ مۇتەپپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىنىڭ يىرىك كىتابلىرىنى نىزارى قاتارلىقلارغا كۆچۈرگۈزۈپ، ساقلىشى 19-ئەسىرىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئويناپلا قالماستىن،بەلكى يەنە ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىزچىللىقىنى ساقلاپ قېلىشتا مۇھىم رول ئوينىدى ھەم گۈللەنگەن يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ شەكىللىنىشىگە ئاساس سالدى.

زوھۇرىدىن بۇندىن باشقا يەنە شەرق كلاسسىك شائىرلىرىنىڭ مەشھۇر ئەسەرلىرىنى توپلاپ، ئۇلارنى كۆچۈرۈپ كۆپەيتىش خىزمىتىگىمۇ ئالاھىدە ئېتىبار بەرگەنلىكى مەلۇم. ئۇ ئۆز شېئىرلىرىدا تىلغا ئالغان پەرىدىدىن ئەتتار، خىسراۋ دېھلەۋى، سەئىدى، فىردەۋسى، نىزامى گەنجۋى قاتارلىق شائىرلارنىڭ كىتاللىرىنى توپلاپ، ساقلاشقا ئەھمىيەت بېرىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىشىگە خېلى زور تەسىر كۆرسەتكەن.

زوھۇرىدىن تەشكىلىگەن «كاتىبات ئىشخانىسى»دىكى تالانتلىق شائىرلارنىڭ زوھۇرىدىن بەگ يارىتىپ بەرگەن شارائىتتىن پايدىلىنىپ، قىزغىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، يىرىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرۇشى ۋە بۇ ئۇلۇغ ئىشقا زوھۇرىدىن ئۆزىنىڭمۇ قىزغىن ئىشتىراك قىلىشى 19-ئەسىردىكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتتى.

ئالىم ۋە تالانتلىق شائىر ئابدۇرېھىم نىزارى زوھۇرىدىن ھاكىمنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئىلھام بېرىشى ئارقىسىدا، ئۆز تالانتىنى تولۇق نامايەن قىلىپ، «مۇقەددىمە»، «پەرھاد-شىرىن»، «لەيلى-مەجنۇن»، «مەھزۇن-گۈلنىسا»، «رابىئە-سەئىدىن»دىن تەشكىل تاپقان يىرىك ئەسىرى «نىزارى داستانلىرى»نى «دەھرون نەجاد» ناملىق پەندى -نەسىھەت خاراكتېردىكى پەلسەپۋى كىتابىنى، «ھېكايەتى غېرىپ»، «مۇخەممەسلەر»، «دىيارى ئىمام» قاتارلىق يىرىك ئەسەرلىرىنى يېزىپ چىققان، نۇرۇز ئاخۇن زىيائى بىلەن بىرلىكتە «چاھار دىۋان» داستانىنى يازغان. نۇرۇز ئاخۇن زىيائى «مەسئۇد دىلئارا»، «ۋامۇق-ئوزرا»، «مەھزىنول ۋاھىزىن» ئەسەرلىرىنى نىزارى بىلەن «چاھاردەرۋىش»، «ياۋاتوشقان»، «مۈشۈك بىلەن چاشقان»دىن ئىبارەت يىرىك ئەسەرلەرنى يازغان. تۇردۇش ئاخۇن غېرىبىي «غەزەللەر»، «بەھرام گور»، «كىتابى غېرىپ» قاتارلىق كىتابلارنى،ئىمىر ھۈسەيىن سەبۇرى «دىۋان سەبۇرى»، «ماقالات»، «بەھرىلئىنساب»، «ناۋائىنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى

توغرىسىدا» قاتارلىق ئەسەر، ئىلمىي ماقالىلەرنى يازغان. زوھۇرىدىن ئۆزى بولسا، «دىۋان زوھۇرى» شېئىرلار توپلىمىنى تۈزۈپ چىققان.

خۇلاسە قىلغاندا، زوھۇرىدىن 19-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرىدا، قەشقەرگە ھاكىمبەگ بولغاندىن كېيىن، بىر فېئودال بەگدىن مەرىپەتپەرۋەر بەگ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆز زامانىسىدىكى مۇتەپەككۇر، شائىر، ئالىملارنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بىر تەرەپتىن «كاتىبات ئىشخانىسى» نامى بىلەن ئۇلارنى ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىن بىۋاستە قوللاپ، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ مىراسلىرىنى توپلاپ، كۆچۈرۈپ تارقىتىپ، خەلقىنىڭ مەنىۋى تەلەپلىرىنى قاندۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن نىزارى قاتارلىق شائىرلارنىڭ مەشھۇر يىرىك ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلىشىغا يېقىندىن مەدەت ۋە ئىلھام بەرگەن. نەتىجىدە 19-ئەسىر ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماستىن، يەنە يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئەلشىر ناۋائىدىن كېيىنكى ئابدۇرېھىم نىزارى ۋەكىللىكىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ گۈللىنىش دەۋرىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتىغا كەڭ يول ئېچىشتا تارىخى خاراكتېرلىك مۇھىم تۆھپە قوشقان. ⌂

[1] ئەشرەپ ئابدۇللا: «زوھۇرىدىن ۋە ئۇنىڭ 19-ئەسىر كىتابچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىق ژورنىلى» 1997-يىلى 3- 4-سان 1-بەتتىن 4-بەتكىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 7-باب ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىكىدە تامغا (نىشان) مەدەنىيىتى

## 1. تامغا (نىشان) توغرىسىدا قىسقىچە چۈشەنچە

«تامغا» سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى «بەلگە، نىشان» دېگەندىن ئىبارەت. «تامغا» ناھايىتى ئۇزاق تارىختىقا ئىگە. ئۇ تارىختا خىلمۇخىل رول ئويناپ كەلگەن. تامغا ئەينى زاماندا بىر قەبىلىنىڭ بەلگىسى بولغان. بۇ خىل بەلگىلەر ئورخۇن ئابىدىلىرىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا «تامغا» يېزىقىنىڭ ئىجاد قىلىنىشىدا ئاساس بولغان.

تۈركىي خەلقلەر، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى شەھەر ھاياتىغا كۆچۈشتىن ئىلگىرى، ئۇزاق مۇددەت چارۋىچىلىق ھاياتىنى باشتىن كەچۈرگەن. شۇڭا ھەر بىر شەخسنىڭ ئۆزىگە تەۋە چارۋىلىرى بولاتتى. چارۋىلار بىر – بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە، ئوڭاي تونۇۋېلىشى ئۈچۈن ئۆز چارۋىلىرىغا ئوخشاشمىغان بەلگە – نىشان قويۇش ئېھتىياجى تۇغۇلغان ئىدى. شۇنىڭ بىلەن «تامغا» پەيدا بولغان. 981-، 984-يىللىرى تۇرپان ۋە بېشبالىقنى ساياھەت قىلغان ئەلچى ۋاڭ يەندى يېزىپ قالدۇرغان ساياھەت خاتىرىسىدە بېشبالىقنىڭ چارۋىچىلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، «ئاتلارنىڭ ئايرىم – ئايرىم رەڭ، جىنس بويىچە توپلارغا ئايرىلغانلىقىنى، ھەر كىم ئۆز ئاتلىرىغا شەكلى بىر – بىرىگە ئوخشىمايدىغان تامغىلارنى باسقانلىقىنى، بۇ ئاتلار بىر – بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە، تامغىغا قاراپ تونۇۋالىدىغانلىقى»نى ئالاھىدە يازىدۇ.

مەھمۇد كاشغەرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» ( 1-توم 77-بەتتە)دا «ئوغۇز» دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرگەندە، «ئوغۇزلار تۈركمەنلەردۇر، ئۇلار 22 ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللىرىغا باسىدىغان تامغىسى بار، ئۇلار بىر – بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ» دەپ يازىدۇ ھەمدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا 22 ئۇرۇقنىڭ تامغىسىنى بىر – بىرلەپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ.

ئەبەلغازى باھادىرخان ئۆزىنىڭ «شەجەرەئىي تەرەكىمە» _تۈركمەنلەر تارىخى) دېگەن ئەسىرىدە ئوغۇزخاننىڭ 24 نەۋرىسى بولغانلىقىنى، ھەر بىر نەۋرىسىنىڭ ئىسمىنىڭ مەنىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ بىر – بىرىگە ئوخشىمايدىغان تامغىلىرىنىڭ بولغانلىقىنى يازغاندىن كېيىن، تامغىلارنىڭ شەكلىنى بىر – بىرلەپ كۆرسەتكەن.

«تامغا» ئومۇمەن ئات – كالا، قوي قاتارلىق ماللارغا بېسىلاتتى. بۇ خىل تامغا تۆمۈردىن ياسالغان بولۇپ، ئوتتا قىزىتىلىپ، ماللارنىڭ ئوڭ ياكى سول ساغرىسىغا بېسىلاتتى.

«بەلگە – نىشان»نىڭ «ئەن» دەپ ئاتىلىدىغان يەنە بىر تۈرىمۇ بار. «ئەن» قوي، ئۆچكە قاتارلىق ئۇششاق ماللار ئۈچۈن قوللىنىلاتتى. شەخسلەرنىڭ ماللىرى يوقۇلۇپ كەتسە ياكى بىر – بىرىگە ئارىلىشىپ كەتسە، ئەنە شۇ ئەنگە قاراپ تونۇۋالاتتى. «تامغا» كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە، گۇۋاھ، ئىسپات سۈپىتىدە ھاكىمىيەت ئورۇنلىرىدا ۋە شەخسلەردە قوللىنىلىشقا باشلىغان. بۇ خىل

«تامغا»لار ئالتۇن، كۈمۈش،مىس قاتارلىق مېتاللاردىن، قاشتېشى، سۆڭەك ۋە ياغاچ قاتارلىقلاردىن ياسىلاتتى. «تامغا» ھاكىمىيەت ئورگانلىرىنىڭ ھوقۇق ـ ئىمتىيازىنىڭ بەلگىسى ئىدى. ھاكىمىيەت ئورگانلىرىدا ھازىرقى زامانغا ئوخشاش تامغا تۇتىدىغان مەخسۇس ئادەملەر بولاتتى. ئەگەر ھاكىمىيەتتە بىر ئۆزگىرىش يۈز بەرسە، ئۆزگىرىش قىلغۇچى ئالدى بىلەن ھاكىمىيەتنىڭ تامغىسىنى قولغا چۈشۈرۈشنى ئويلايتتى. ھاكىمىيەتتە ئۆزگىرىش قىلغۇچى تامغىنى قولغا چۈشۈرىۋالسا، بۇرۇنقى ھاكىمىيەت مەغلۇپ بولغان بولۇپ ھېسابلىناتتى. مەسىلەن: چىڭگىزخانغا كاتىپ بولغان تاتاتۇڭا ئەسلىدە نايمان ھۆكۈمدارى تايانخاننىڭ تامغا تۇتقۇچىسى ئىدى. تايانخان چىڭگىزخان تەرىپىدىن مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، تاتاتۇڭا تايانخاننىڭ ئالتۇن تامغىسىنى ئېلىپ چىڭگىزخانغا ئەل بولغان. بۇ خىل ئۇسۇل ھازىرمۇ داۋاملىشىپ كەلمەكتە. مەسىلەن: كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش تارماقلىرى كۆندە ئىستېمال قىلىدىغان قوي، كالا گۆشلىرىگە ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ گۆشلىرىگە تامغا باسىدۇ. بۇ يېپىشكە تەستىقلانغانلىقىنىڭ ئىسپاتى بولسا، تۈرلۈك يوللانمىلار ۋە ھۆججەت ـ ئالاقىلەردىمۇ تامغا بېسىلىپ ماگدۇرلىنىۋاتىدۇ. كونا جەمئىيەتتە دىن ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان مەزگىللەردە قازى، قۇززات، قازى ئەئلەم ۋە مۇپتىلاردىن تەركىپ تاپقان «قازىخانا» (سوت مەھكىمىسى) بولاتتى. بۇ مەھكىمە ئالاھىدە ھوقۇق ـ ئىمتىيازغا ئىگە بولۇپ، بۇلارنىڭ كۈمۈشتىن ياسالغان مۆھۈرلىرى بولاتتى. ئۇلار مەھكىمە شەرئىي تەرىپىدىن چىقىرىلغان ھۆكۈم، پەتىۋالارغا ۋە باشقا ئېلىم ـ بېرىم قاتارلىقلارغا مۆھۈرنى باسقاندىن سىرت، كۆچۈرۈلۈپ كىتابەت قىلىنغان قەدىمكى كىتابلارغا شۇ قازى، قۇززاتلارنىڭ مۆھۈر ـ تامغىسىنى بېسىپ، شۇ كىتابنىڭ قانۇنلۇق ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئەھۋاللار خىلى كۆپ ئۇچرايدۇ. شۇنداقلا كاتىپ، مىرزا، باخشى قاتارلىقلارنىڭمۇ مەخسۇس نىشان ـتامغىسى بولۇپ، قەدىمكى كىتابلارنىڭ بېشى ياكى ئاخىرىغا ئۆز تامغىسىنى بېسىپ، ئاپتورلۇق ھوقۇقىنى قوغداش ئېلىپ بارغانلىقىنى ئۇچرىتىمىز.[1]

دېمەك، قەدىمكى كىتابلاردا نىشان ـ تامغا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن.

## 2• ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىكىدە مەدەنىيىتىدە تامغا ۋە نىشان مەدەنىيىتى

قولىيازمىلار، ۋەسىقىلەر، بىر قىسىم كىتابلارنىڭ ئاخىرىدا دائىم «نىشان» بىلەن «تامغا» ئارقىلىق ئىمزا قويۇش، تەستىقلاش، تەستىقلىتىشنى ئىپادىلەيدۇ. «تامغا» بولسا سودا سېتىق، پۇل، مال قەرز ئېلىش ۋەسىقىلىرىدە (ھۆججەتلەردە) ئىشلىتىلگەن.

تامغا ئىشلىتىش ـ ئۇيغۇرلار جەمئىيىتىنىڭ ئالاھىدە بىر تەرەققىيات باسقۇچىغا كىرگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان مەدەنىيەت ھادىسىسى. ئۇ ئەزەلدىن دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىياسىي،

[1] ئەمەت دەرۋىش، مۇنەۋۋەر ئابلىز: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا دائىم ئۇچرايدىغان ئاتالغۇلارغا ئىزاھات» ناملىق ئىككىنچى كىتاب، 24-بەت

ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ھەققىدىكى خەت ـ چەكلەردە، جۈملىدىن پادىشاھ ۋە

بەگلەرنىڭ تۇرالغۇ ئەمىر- پەرمانلىرىدا، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان يازما ھۆججەتلەردە ئىشلىتىلىپ، دۆلەت تەشكىلاتلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى قاتلاملىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ قانۇنى كاپالىتىدە موھىم رول ئوينىغان ئىدى.

ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئەجدادلىرىمىزنىڭ ناھايىتى ئۇزاق زامانلاردىن بىرى تامغا ئىشلىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرەلەيمىز. تارىخىي ماتېرىياللاردىن بىزگە مەلۇمكى، «تامغا- خاقان ۋە باشقىلارنىڭ تامغىسى» [1] نىڭ ئومۇمى نامى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا «مۆھۈر» [2] مۇ ئاتالغان. ئۇنىڭغا تامغا ئىشلەتكۈچىنىڭ ئىسمى، ئۇنۋانى ھەم مەرتىۋىسى قاتارلىقلار ئويۇلاتتى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ تامغا مەدەنىيىتىنىڭ ئىزلىرىنى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ شاھىدى- مەڭگۈتاش ئابىدىلىرىدىن، قەدىمكى كىتابلاردىن ئېنىق كۆرەلەيمىز. بولۇپمۇ ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ بىزگىچە ساقلىنىپ قالغان تاش پۈتۈك يادىكارلىقلىرى ئىچىدىكى ئەڭ بۇرۇنقىسى [3] ھېسابلىنىۋاتقان «تەس مەڭگۈ تېشى» دىكى تامغا شەكىللىرى بىزنى ئالاھىدە جەلىپ قىلىدۇ. «مەزكۇر پۈتۈكنىڭ ئاپتورى ۋە قەھرىمانىنىڭ ئىسمى تۇپەش ( تۇپەك؟) ئالىپ شول بولۇپ، ئىسىم يېنىغا يەنە ئىككى تامغا ئويۇلغان. تامغىلارنىڭ بىرسىنىڭ تۈزۈلۈشى سېلىنگا تېشىنىڭ ( شىنە ئۇسۇ تاش پۈتۈكىنىڭ ) چوققىسىدىكى تامغىلارنىڭ بىرىگە، يەنى ئۇيغۇر خاقانى ئەل ئەتمىش بىلگە قاغان ( 747-759) نىڭ ئۇرۇق بەلگىسىگە ئوخشايدۇ» [4] ئۇنىڭدىن باشقا ( تېرخىن مەڭگۈ تېشى) نىڭ تاشپاقا شەكىللىك ئۇلىغا ۋە موغۇن شىنە ئۇسۇ( يادىكارلىقنى تاپقۇچىنىڭ ئىسمى) يادىكارلىقىنىڭ تۆۋەنكى قىسمىنىڭ جەنۇبىي يېنىغا تامغا ئويۇلغان [5] بولۇپ، بۇ تامغىلار ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ خان بارگاھلىرىدا يېزىق ۋە بەلگە، ( تامغا) چۈشۈرۈلگەن تاش پۈتۈك يادىكارلىقلىرى ئورنىتىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئورخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ دۆلەت ئىشلىرىدا، تامغا- خانلىقىنىڭ قانۇنى شاھىدى سۈپىتىدە موھىم رول ئويناپلا قالماستىن، خانلىق مالىيە سودىسىنىڭ جان تومۇرى بولغان ( قامدۇ) دەپ ئاتىلىدىغان لاتا پۇلغىمۇ تامغا بېسىلاتتى [6] بىرەر كىشى قەبىلە باشلىقى بولسا، «قاغان تېگىشلىك مال- مۈلۈك بىلەن بىرگە، ئۇنىڭغا تامغا بېرەتتى» [7] ئۇنىڭدىن باشقا چارۋا- ماللارغىمۇ تامغا بېسىلغان بولۇپ، « تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى» دىكى « بۇ تۈرك بۇدۇن ئارا يارىقلىخ ياغىچ ياغىخ يەلتۇرمىدىم،

---

[1][2][3][4][5] «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى لۇغىتى» 383-، 393- بەتلەر.

[6][7] س. گ. كىلياشتورنى: «تەس مەڭگۈ تېشى»، « شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1985- يىل 1-سان.

تۆگۈنلىك ئاتىخ يۈگۈرتمىدىم. (تۈرك خەلقى ئىچىدە قورالىق دۈشمەنلەرنى ماڭدۇرمىدىم،

تامغىسى بار ئاتىلارنىڭ مىڭىشقا يول قويمىدىم) [1] دېگەن خاتىرلەر يۇقىرقى پىكىرلىرىمىزنى دەلىللەيدۇ.

ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە، ئۇيغۇر خاقانىنىڭ تامغىسىغا « ئىدىقۇت ئۇلۇغ ئۇيغۇر ئېلى» دېگەن خەت ئويۇلغانىدى [2] ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ ئومۇمي ئەھۋالىدىن خەۋەر بېرىدىغان يازما ماتېرىياللاردىن مەلۇم بولىشىچە، بۇ دەۋردىكى «تامغا» ( 坦哈) – «ئالتۇن تامغا» (俺吞坦哈) «كۆمۈش تامغا» ( 苦木坦哈) قاتارلىقلارغا بۆلۈنگەن بولۇپ، [3] ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقىدا ئىشلىتىلگەن تامغىلارنىڭ تۈرى تامغا ئىشلەتكۈچىنىڭ ئىجتىمائى ئورۇنىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. يەنى، يۇقىرى مەرتىۋىلىك خاقانىلار ( كۆمۈش تامغا) ئىشلەتكەن. بۇ ئەھۋاللار ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تارىخى خاتىرىسى- « ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ تۆھپە مەڭگۈ تېشى) دا تەپسىلى خاتىرلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ( بۇيانتۇ قاغان ھەدىيە قىلغان ئالتۇن تامغا بىلەن گاۋچاڭ ۋاڭ دېگەن نامنى ئېلىپ، بۇرۇنقى ئەجدادى بارچۇق ئارت تىگىنىدەكلا مەڭگۈگە ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا ئۇلاشتۇردى. يېڭى بەرگەن گاۋچاڭ ۋاڭ ئالتۇن تامغىنى ياد، سىرت ئەللەرگە يوللايدىغان بۇيرۇقلارغا ئىشلىتىلىپ، يەنە بىر ئاۋالقى ئالتۇن تامغىنى بولسا ئەتراپىدىكى ئۇيغۇرلارغا ئىشلەتكەن دەپ يارلىق چۈشتى [4] دەپ خاتىرلەنگەن. 217-، 218-قۇرلىرىدىكى «بارلىق پەسكەشلىك ۋە قالايمىقان ئىشلارنى تىنجىتىپ، دۇنيانى باشقۇرىدىغان باۋ ( گۆھەر) تامغىلارنى تۇتۇپ تۇرغاندا [5] دېگەن سۆزلەردە، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقىدا تامغىنىڭ ئەمىر- پەرمانلارنىڭ قانۇنى كاپالىتىدە ئوينىغان رولى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن. بۇ دەۋردىكى مىڭئۆي بېزەكلىك بۇددا غارلىرىدىن تېپىلغان ئوت- سامان ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدارلارنىڭ تامغىسىنىڭ بېسىلغانلىقى [6] ۋە تۇرپاندىن تېپىلغان «ئىجتىمائى ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر) گە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ تامغىسى (نىشان) نىڭ بېسىلغانلىقىنى [7] تامغىنىڭ ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ دۆلەت تۈزۈلمىسىدە ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقىدىكىگە ئوخشاشلا ناھايىتى موھىم رول ئوينىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

قاراخانىلار دەۋرىگە كەلگەندە، ئۇيغۇرلارنىڭ تامغا مەدەنىيىتى ئۇرخۇن ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى تامغا مەدەنىيىتى ئاساسىدا راۋاجلىنىپ تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. چۈنكى، «قاراخانىلار ھەربىي، مەمۇرىي ۋە دىنىي ئىشلارنى بېجىرىشتە، تامغا بېسىش تۈزۈمىنى قاتتىق ئىجرا قىلاتتى» [8] شۇنداقلا «قاراخانىلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئاغزاكى ئەمرلىرى، بۇيرۇق ۋە

---

[1][2][3] س. گ. كىلياشتورنى: «تەس مەڭگۈ تېشى»، « شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى»1985- يىل 1-سان.

[4][5][6][7] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى» 88-،183-،183-،81- بەتلەر.

[8] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك».

پەرمانلىرى ( يارلىق) دەپ ئاتىلاتتى. بۇ يارلىقلار بىلەن خەتلەرنىڭ ھەممىسى ھۆكۈمدارلارنىڭ «

www.uyghurkitap.com

تامغىسى» بىلەن مۆھۈرلىنەتتى»[1] شۇڭا، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر، شائىر يۈسۈپ خاس ھاجىپ كۈن تۇغدى ئېلىكنىڭ زاھىد ئۇدغۇرمىشقا خەت ئەۋەتكەنلىكى ھەققىدە:«تۈرۈپ خەتنى باغلاپ مۆھۈرلەپ ئۇ خان، سۇنۇپ بەردى، ئۆگدۈلمىش ئالدى شۇئان»[2] « قولغا ئالدى ئۇ خەتنى تامغىلاپ، سۇنۇپ بەردى ئۆگدۈلمىش ئالدى ئۇلاپ»[3] دەپ يېزىپ ، بۇ خەتلەرگە ئاۋۋال تامغا بېسىلغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن يۆگەپ باغلىغانلىقىنى بايان قىلغان.

قارا خانلار دەۋرىدە ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىغا ئوخشاش ئەمەلدارلىق ۋەزىپىسى بېرىلگەن كىشىلەرگە مال- مۈلۈكلەر بېرىلگەندىن باشقا، ئەڭ موھىمى « تامغا» بېرىلەتتى. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ كۈنتۇغدى ئېلىك ئايتولدىغا ۋەزىرلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەندە « ۋەزىرلىك ئۇنۋانى ۋە تامغا ئاڭا- تۇغ، ناغرا ھەم ساۋۇت بەردى يانا»[4] دېگەن سۆزلىرى ھەم ئايتولدى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئوغلى ئۆگدۈلمىشكە ۋەزىرلىك ۋەزىپىسى بېرىلگەندە: « بېرىپ تامغا، ئۇنۋان، قوشۇن، ئات ۋە تون، تولا ياخشى كۆردى، بەخت بولدى يۈتۈن»[5] دېگەن سۆزلىرى يۇقىرىقى قارىشىمىزنى ئىسپاتلايدۇ.

قاراخانىلاردا يەنە پادىشاھلارغا خاس يېمەك- ئىچمەكلەرگىمۇ تامغا بېسىلاتتى. مەھمۇد قەشقىرى « تامغالىق» دېگەن سۆزنى ئىزاھلىغاندا، « بىر كىشىلىك يېمەك، ئەسلى تامغىلىق بولۇپ، تامغا ئۇرۇلغان دېگەنلىك بولىدۇ،خاقانلار ئۇرىقلىرىنى ۋە ئۆزلىرىگە مەخسۇس تەييارلانغان يېمەكلىكلەرنى تامغىلىتاتتى. بۇلاردا بىر كىشىگە يەتكۈدەك يېمەك- ئىچمەك بولاتتى. خاقاندىن باشقا كىشى ئىشلەتمەيدۇ، دەپ ئۈستىگە تامغا ئۇرۇلاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن « تامغالىق، سۆزى ھەر بىر كىچىك ئۇرىق ۋە يېمەكنىڭ نامى بولۇپ قالغان»[6] دەپ كۆرسەتسە، يۈسۈپ خاس ھاجىپ ئىچىملىك باشقۇرغۇچىنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە توختىلىپ:« كۆرۈپ مەينى قولىلە ياسسۇن ئۆزى، بېسىپ تامغا تۇتسۇن ساقلىسۇن ئۆزى»[7] دەپ يازىدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ھەر بىر ئىشنى ئەستايىدىل ۋە ئەتراپلىق ئويلاپ قىلىدىغان « قارا خانلار مۇشۇنداق قىلىش بىلەن خاقانلارنىڭ زەھەرلىنىپ قېلىشىغا ۋە باشقا ئىشلارغا قارشى تەدبىر قوللانغاندى.»[8]

قاراخانىيلار ئۇرخۇن ئۇيغۇر خاندانلىقىدىكى ئات، چارۋا- ماللارغا تامغا بېسىش ئەنئەنىسىنىمۇ ساقلاپ قالغان بولۇپ، مەھمۇد قەشقەرى ئوغۇز تۈركلىرى ھەققىدە توختالغاندا، «ئۇلار 22 ئۇرۇق بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئايرىم- ئايرىم بەلگىسى ۋە ماللارغا باسىدىغان تامغىسى بار. ئۇلار بىر- بىرىنىڭ مېلىنى شۇ تامغىلارغا قاراپ تونۇيدۇ» دەپ مەلۇمات بېرىدۇ، ھەمدە قىنىق،

[1] [2] [3] [4] [5] يۈسۈپ خاس ھاجىپ: «قۇتادغۇ بىلىك».

[6] [7] [8] مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم 553-، 546-،77-، 78-، 603-، 540-بەتلەر

قايىخ، بايۇندۇر، ئىۋا، سالغۇر، ئافشار، بەگتىلى، يوگدۈر، بايات، يازغىر، ئەيمۇ، قارابۆلۈك، ئالقابۆلۈك، ئىگدىز، ئۈرەگىر، تۇتىرقا، ئۇلايۇندلۇغ، تۈگەر، پەچەنەك، چۇۋۇلدار، چەبنى قاتارلىق

يىگرمە بىر ئۇرۇق ( يىگرمە ئىككىنچىسى چارۇقلۇغ بولۇپ، بۇلارنىڭ تامغىسىنىڭ نامەلۇم ئىكەنلىكىنى ئىزاھلانغان) چارۋا- ماللىرىغا باسىدىغان تامغا شەكىللىرىنى بىر- بىرلەپ كۆرسىتىدۇ. [1]

ئۇيغۇرلارنىڭ تامغا مەدەنىيىتىگە ئائىت ماتېرىياللار گەرچە ناھايىتى ئاز بولسىمۇ، ئەمما قولىمىزدىكى ئاشۇ ئازغىنە پاكىتلىق ماتېرىياللارنى ئىنچىكىلەپ تەھلىل قىلغاندا، مەدەنىيەت تارىخىدىكى تامغىلارنى تامغا ئىشلەتكۈچىنىڭ ئىجتىمائى ئورنى ۋە تامغىنىڭ ئىشلىتىش ئورنىغا قاراپ تۆۋەندىكىدەك بەش تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ:

بىرىنچى: « تۇغراغ» ( ئىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر ماتېرىياللاردىكى « ئالتۇن تامغا »بىلەن باراۋەر)، بۇنىڭ مەنىسى « خاقاننىڭ مۆھۈرى ( تامغىسى)، خان يارلىقى» [2] دېگەندىن ئىبارەت. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتىكى، « تۇغراغ» (« ئالتۇن تامغا») خاقانلار ئىشلىتىلىدىغان تامغا بولۇپ، دۆلەتنىڭ چوڭ- چوڭ ئىشلىرىغا مۇناسىۋەتلىك خەت- چەكلەر، خاقاننىڭ شەخسىي مەكتۇبلىرى ھەم خاس نەرسىلىرى (تامغالىق)، شۇنىڭدەك تۈرلۈك ئەمىر- پەرمانلىرىغا بېسىلىپ، بىر خىل ئىشەنچىلىك قانۇنىي ۋاستە سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان.

ئىككىنچى: «تامغا» ( ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقىغا دائىر ماتىرىياللاردىكى « كۆمۈش تامغا» بىلەن باراۋەر. بۇنى خاقاندىن تۆۋەن ھەر دەرىجىلىك ۋەزىرلەر ۋە ئەمەلدارلار ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەرمانلىرى «بۇيرۇق» دەپ ئاتىلاتتى. [3] بۇ خىل تامغىنى ۋەزىر ۋە ئەمەلدارلار ئۆزلىرىدىن تۆۋەن دەرىجىلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرگە يازما « بۇيرۇق» بەرگەندە ھەم ئىشلىگەن خىزمىتىدىن خاقانغا ۋە باشقا ئۆزىدىن يۇقىرى باشقا ئۆزىدىن يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇن ۋە شەخسلەرگە ماتېرىيال يوللىغاندا، جۈملىدىن، ئۆز دائىرىسىدىكى كىرىم- چىقىم، شەخسىي خەت- ئالاقە قاتارلىق ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي ھۆججەتلەرنى پېتكەندە ئىشلەتكەن.

ئۈچىنچى: « مۆھۈر»، بۇ ھوقۇقى زور بولغان قازىلار ئىشلىتىدىغان بىر خىل تامغا [4] بۇنى دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلىرىغا مەسئۇل ھەر دەرىجىلىك قازى، مۇپتى ۋە ئەلەمئاخۇنلار شەرئەت خىزمىتىگە ئائىت ئەمىر- پەرمان، خەت- ئالاقە ۋە باشقا خەت- چەكلەرگە ئىشلەتكەن بولۇپ، ئۇ شەرئەت مەھكىمىسى خىزمىتىنىڭ قانۇنى كاپالىتىدە موھىم رول ئوينىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ

---

[1] مەھمۇد قەشقىرى: «تۈركىي تىللار دىۋانى» 1-توم 553-، 546-،77-، 78-، 603-، 540-بەتلەر

[2][3] «ئىدىقۇت مەھكىمىسى سۆزلۈكى» 65- بەت.

[4] قوچۇ ئىدىقۇت ئۇيغۇر تۆھپە مەڭگۈ تېشى»، « شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» 1985- يىل 1- سان.

قەدىمكى كىتابلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئاخىرىغا قازىلارنىڭ تامغىسى ( مۆھۈرى) باستۇرۇلۇپ، كىتابنىڭ توغرىلىقىنى ئىپاتلايدىغان ئەھۋاللار ئۇچرايدۇ.

تۆتىنچى: «نىشان»، بۇنىڭ مەنىسى: « تامغا، ئىمزا، بەلگە» [1] دېگەندىن ئىبارەت. بۇنى

جەمئىيەتنىڭ تۈۋەن قاتلىمىدىكى ئاۋام خەلق ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىنىڭ قانۇنى كاپالىتىدە موھىم رول ئوينىغان. مەسلەن: تۇرپاندىن تېپىلغان «ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ھۆججەتلەر» گە، جۈملىدىن « كۆنجۈت قەرز ئېلىش ھۆججىتى»، « يەر ئىجارە ئېلىش ھۆججىتى» ۋە «ئۈزۈم قەرز ئېلىش ھۆججىتى» قاتارلىق قەدىمكى ئۇيغۇر ئەمگەكچىلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك خەت- چەكلەرگە ھۆججەت بەرگۈچىلەر ۋە گۇۋاھلارنىڭ « نىشان»ى بېسىلغان. [2]

بەشىنچى: «تۆكۈن» ( مەڭگۈ تاش تېكىستلىرىدە « تۆگۈن») بۇنىڭ مەنىسى «داغ» [3] دېگەندىن ئىبارەت. « داغ- ئات ۋە باشقا ماللارغا باسىدىغان تامغا» [4] بولۇپ، ئۇيغۇر تارىخىنىڭ ھەر قايسى دەۋرلىرىدە چارۋا- ماللارغا، جۈملىدىن ئاتلارغا « تۆكۈن» بېسىلاتتى. « تارىختا بۇنداق ئاتلار( ئىنال ئات)» دېيىلەتتى. [5]

قىسقىسى، ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ موھىم تەركىبى قىسمى بولغان تامغا مەدەنىيىتى- ئۇزاق تارىخقا ۋە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر جەمئىيىتىنىڭ ھەر قايسى تارىخي دەۋرلىرىدە، ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان ھەم باشقا مىللەتلەر مەدەنىيىتىگىمۇ بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن ئالاھىدە مەدەنىيەت ھادىسىدۇر. ئۇنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتلىرىدا ۋە ئىقتىسادىي ھەم ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا شۇ قەدەر كەڭ ئىشلىتىلىشى، ئەينى دەۋردىكى ئەجدادلىرىمىزنىڭ مۇكەممەل قانۇنى ئاڭ ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي ھاياتىنى تېخىمۇ ئوبرازلىق ئەكىس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

ئومۇمەن، تامغا (نىشان)نىڭ ئۇيغۇر ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدىكى رولى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، قەدىمكى كىتابلارنىڭ ئاخىرىدا، ئوتتۇرىدا ياكى بېشىدا شۇ كىتابنى مۇقاۋىلاپ تامغا بېسىلىدىغان ئەھۋاللار ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ، شۇ كىتابنىڭ ئاپتورىنىڭ قانۇنلۇق كىتابەت قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

---

[1,2] قۇربان ۋەلىنىڭ «تۇرپاندىن تېپىلغان يەەن سۇلالىسى دەۋرىدىكى 5 پارچە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەمۇرىي ھۆججەت» دېگەن ماقالىسىگە كىرگۈزۈلگەن 1-،2-،3- ھۆججەتلەرگە يازغۇچىنىڭ تامغىسى بېسىلغان.« شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1982- يىلى 3- سان.

[3,4] «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» 351- بەت.

[5] مىشات گەنج: « قارا خانىيلارنىڭ دۆلەت تەشكىلاتى» 338--،227-228- بېيىتلار.

## 8-باب ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىكىنىڭ تۈرلىرى، قەدىمكى كىتاب شەكىللىرى ۋە قەدىمكى كىتابلارنى كىتاب قىلىش ئۇسۇللىرى

### 1. قەدىمكى كىتابەتچىلىكىنىڭ تۈرلىرى ۋە قەدىمكى كىتاب شەكىللىرى

ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى- قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىجتىمائىي ئىگىلىكىنىڭ سانائەتلىششىنىڭ نەتىجىسى بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى- دەۋر جەھەتتىن ئەڭ قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ غەربىي رايون، دەشت ئاتا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاپ، پائالىيەت ئېلىپ بارغان قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز تەرىپىدىن يارىتىلغان، ئۇزۇن، تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى باشتىن كۆچۈرگەن، كۆپ خىل مەدەنىيەت، ئاملىلىرى بىلەن تويۇنغان، ھەرخىل دىنلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ئۇنۋېرساللىقتا ئىگە مۇكەممەل مەدەنىيەت خەزىنىسى بولۇپ،

(1)قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى- ئەڭ قەدىمكى دەۋرىدىن باشلاپ، (يەنى دىن ئۇقتىسىدىن ئېيتقاندا) قەدىمكى تەبىئەت، تەڭرى ئېتىقادچىلىقى دەۋرىدىكى قەدىمكى كىتابەتچىلىك. مەسىلەن: «ئوغۇزنامە»

(2) بۇددىزىم دەۋرىدىكى قەدىمكى كىتابەتچىلىك.

مەسىلەن:«چاشتانى ئىلىگ بىگ»، «مايتىرى سىمىت»، «ئالتۇن يارۇق».

(3)شامانىزىم دەۋردىكى كىتابەتچىلىك

مەسىلەن: «ئىككى تىگىنىنىڭ ھېكايىسى»

(4)مانى دىنىي ئېتىقادچىلىقى دەۋردىكى كىتابەتچىلىك. مەسىلەن: ئىرىق بىتىگ.

(5)خىرىستىئان دىنىنىڭ، نىستۇرىيان مەزھىپىگە ئېتىقاد قىلىش دەۋردىكى كىتابەتچىلىك. مەسىلەن: «ئىرىم – جىرىم» ۋە «پىرخۇنلۇق».

(6)ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغان دەۋرىدىكى قەدىمكى كىتابەتچىلىك دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

مەسىلەن: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك».

(7) ئۇيغۇرلار تارىختا قۇرغان ھەر قايسى خانلىقلار دەۋرىدىكى كىتابەتچىلىك دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

مەسىلەن: قوچۇ ئىدىقۇت خانلىقى دەۋرىدىكى كىتابەتچىلىك، قاراخانىلار خانلىقى دەۋرىدىكى كىتابەتچىلىك، چىڭگىزخان ۋە تېمۇرىيلەر دەۋرىدىكى كىتابەتچىلىك، سەئىدىيە خاندانلىقى ۋە خوجىلار دەۋرىدىكى كىتابەتچىلىك، چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى كىتابەتچىلىك دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(8) ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئىشلەتكەن يېزىش قۇراللىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورېكتى
www.uyghurkitap.com

ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن: تىرە، ياغاچ، تاختا، تارشا، يىزىش قۇرالى قىلىنغان قەدىمكى كىتابلار ۋە قەغەز يىزىش قۇرالى قىلىنغان كىتابلار دەپ چوڭ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

(9) ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە، ئىشلەتكەن تىل-يېزىق نۇقتىسىدىن تۈرك، رونىك يېزىقى دەۋرىدىكى كىتابەتچىلىك، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى دەۋرىدىكى كىتابەتچىلىك، خاقانىيە ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى كىتابەتچىلىك، ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى كىتابەتچىلىك، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى دەۋرىدىكى كىتابەتچىلىك، هازىرقى زاماندىكى كىتابەتچىلىك دىگەن تۈرلەرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇقىسمدا بىز ئاساسلىقى تارىخي مەنبەلەردە، يېزىق هالىتىدە تىلغائىلىنغان، قەدىمكى ئۇيغۇركىتاب شەكىللىرى ۋە قەدىمكى كىتابلارنى كىتاب قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختالغاندىن سىرىت، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان دەۋردىن باشلاپ، تاكى 1949-يىلى10-ئاينىڭ1-كۈنىگىچەبولغان، ئۇيغۇرقەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ كىتاب شەكىللىرى ۋە قەدىمكى كىتابلارنى كىتاب قىلىش ئۇسۇللىرى توغرىسىدا قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتىمىز. ۋەسىقە-هۆججەتلەرنىڭ شەكلى مۇقۇم بولمىغاچقابۇھەقتەتوختالمايمىز.

(1) تارشا كىتاب شەكىللىرى.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىردىن 3-ئەسىرگىچە بولغان زامانلاردا (تېخى قەغەز ئومۇملاشمىغان چاغلاردا) ياغاچلار تاراچلىنىپ، 60 – 25 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتا، 3 سانتىمېتىر كەڭلىكتە نىپىز راسلىنىپ، يانلىرىدىن مۇۋاپىق مىقداردا تۆشۈكلەر ئېچەلىپ، يىپ بىلەن بىر – بىرىگە چېتىلىپ، ئۇنىڭغا يارلىق، پەرمان، قانۇن ۋە مۇقەددەس كىتابلار پۈتۈلگەن. مۇنداق تارشا بىتىكلەر تارىم بويلىرىدىن كۆپلەپ تېپىلغان.

(2) غەربتىكى بۇرۇنقى كىتاب شەكلى.

بۇ ئوتتۇرا ئەسىردە پەيدا بولغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار قەغەز ئىجاد قىلىشتىن بۇرۇن قوي، ئۆچكە تېرىلىرىدىن تېرە قەغەزلەرنى ئىشلىگەن. مۇنداق تېرە قەغەزلەرنى مەلۇم چوڭلۇقتا قېسىپ، قاتلاپ سەككىز ۋاراق هاسىل قىلغان. ئاندىن ئۇنىڭغا تېگىشلىك بىتىكلەرنى (دىنىي ئەقىدىلەر، قانۇن – پەرمان، تېبابەت بىلىملىرىنى) كاتىپلار يېزىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى تەرەپتىن تاختا ئىچىگە ئېلىپ، مەھكەم قىسىپ، شىرازلانغان.

(3) تاش ئويما كىتاب، ئالتۇن ۋاراق كىتاب، پولات ۋاراق كىتاب، مىس ۋاراق كىتاب، سېغىز لاي تاختا كىتاب ئىجاد قىلىپ، خەت يېزىپ كەلگەن. مەسىلەن: سىرلانكىدا ئالتۇن ۋاراق كىتاب، بىرازىلىيىدە پولات ۋااق كىتاب، بۇلغارىيىدە مىس ۋاراق كىتاب، مىسۇپۇتامىيىدە سېغىز لاي تاختا كىتابلار ۋۇجۇتقا كەلگەن. بۇلار قەغەز ۋە مىخ مەتبە كەشپ قىلىنىشتىن ئىلگىرىكى كىتاب شەكىللىرىدۇر.

(4) غەربچە كىتاب شەكلى.

ئۇيغۇرلارنىڭ بۇخىلدىكى كىتابلىرىنىڭ كىتاب شەكلى-غەربىي ئاسىيا تەۋەسىدە، كېيىنكى

دەۋرلەردە كۆپرەك تېپىلغانلىقى ئۈچۈن، قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ شۇخىل كىتابلىرىمۇ غەربچە كىتاب شەكلى دەپ ئاتاش ئىلىم ساھاسىدە مەۋجۇد.

بۇخىل كىتاب شەكلىدە، كىتاب ـ قەغەزنى قاتلانغان يېرىدىن مىخلىنىدۇ ھەم تۈپلىنىدۇ. يېزىق گورزىنتال (تۈز) يېزىلىدۇ. ۋېرتىكال (تىك) يېزىلغانلىرى، تۈپلەش سىزىقىغا ماسلاشتۇرۇلىدۇ. بىرىنجى بەت كىتابنىڭ ئوڭ تەرىپىدىن ئېچىلىدۇ.

بۇخىل كىتاب شەكلىدىكى يېزىقلار ـ تۈرلۈك رونىك يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇريېزىقى، سوغدى يېزىقى، مانى يېزىقى ۋە بىراھمى يېزىقى بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىراھمى يېزىقى پەقەت كالىندارچىلىق ساھەسىدە ئىشلىتىلگەن. بۇخىل كىتاب شەكلى كۆپۈنچە مانى دىنىنىڭ (مىلادى3-ئەسىردە پارىسلاردىن «مانى» دېگەن كىشى بەرپاقىلغان)، (يورۇقلۇق بىلەن قاراڭغۇلۇقنىڭ تىركىشىشىدىن ئىبارەت دىني ئەقىدىچىلىكنى تەشەببۇس قىلغان دىن) مۇخلىسلىرى، نېستۇرىيان دىنىنىڭ (خىرىستىيان دىنىنىڭ ئاسىيادىكى بىرمەزھىپى) مۇخلىسلىرى ئىشلەتكەن ھەم قوللانغان. لېكىن، ئۇيغۇر بۇددىسلىرى بۇخىل كىتاب شەكلىنى كۆپ قوللانمىغان. بۇ خىل كىتاب شەكلى مانى مۇخلىسلىرى ئارىسىدا بىر قەدەر قەدىمىي، بۇ خىل كىتاب شەكلى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە كۆرۈلمەيدۇ. لېكىن، سوغدىلار بىلەن سۈرىيانلارئارىسىدا كەڭ ئىشلىتىلگەن.

بۇخىل غەربچە كىتابەت قىلىش مەدەنىيىتى، نېستۇرىيان دىنى ۋە مانى دىنى بىلەن بىللە ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغان. خەت يېزىلغان كىتاب بىتى سىېلغايتىلغان ۋە پارقىرىتىلغان. [1]

(5) يەنە بىر خىل غەربچە كىتاب شەكلى. بۇ خىل كىتاب شەكلىنىڭمۇ غەربچە كىتاب شەكلى دەپ ئاتىلىپ قىلىشى- غەربىي ئاسىيا رايونلىرىدا، كېيىنكى دەۋرلەردە مۇشۇ خىلدىكى كىتابلار كۆپرەك تېپىلغانلىقىدىن بولغان بولسا، يەنە بىر جەھەتتىن، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكلەرگە نىسبەتەن، ئۇيغۇرلار ياشىغان رايونلار «غەرب» «غەربى رايون» دەپ ئاتالغانلىقىدىن بولغان. [2]

بۇ خىلدىكى كىتابلارنىڭ غەربچە بىرىنچى خىلدىكى كىتابلارغا ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى: يېزىق ۋېرتىكال (تىك) يېزىلىپ، تۈپلەش سىزىقىغا پاراللىل قىلىنىدۇ. بىرىنچى بەت سول قول تەرەپتىن ئېچىلىدۇ، ئىشلىتىلگەن يېزىق قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى بولغان. ھۆسنىخەت نۇسخىسى بولسا، كېيىنكى دەۋرلەردە ھازىرقى ئۇيغۇرلارنىڭ تەئلىق خەت نۇسخىسى، خەنزۇ يېزىقىنىڭ «ساۋتى» (草体) غا ئوخشاش ئەركىنرەك يېزىلىدىغان خەت نۇسخىسى بولغان. بۇ خىل كىتاب شەكلىنى كېيىنكى دەۋرلەردە بۇددا مۇخلىسلىرى ياكى لاما دىنىي مۇخلىسلىرى ئىشلەتكەن.

مەسلەن: داڭلىق ئۇيغۇرشۇناس ف. ۋ. ك. نوللېر ئېلان قىلغان «ئىرىم- جىرىم»، «پىرخونلۇق» ۋە بېشى دۇڭخۇاڭنىڭ نوم، سوترا ساقلىنىدىغان ئۆڭكۈرلىرىدىن ئېلىپ كەتكەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى « ئىككى تېگىننىڭ ھىكايىسى» مۇشۇ خىل غەربچە كىتاب شەكلىدە پۈتۈلگەن.

---

[1][2] ھگمڭ شېمىن «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى» ماقالە، قەشقەر سفەن شۆيەن ئىلمىي ژورنىلى خەنزۇچە 2005- يىللىق3- سان، 22- بەتتىن 26- بەتكىچە.

www.uyghurkitap.com

(6) فوتئى كىتاب شەكلى:

بۇ خىل كىتاب شەكلى- قەدىمكى ھىندىستاننىڭ قولۇلە قېپى ئۈستىگە يېزىلىدىغان،ئۇزۇن ھەم تار كىتابەت شەكلىگە ئوخشايدىغان بولۇپ، كىتاب ياپراقچىلىرى « فېتىر » دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، بۇ نام قەدىمكى ھىندىستاندىكى پاتترا دەرىخىنىڭ ياپرىقىنىڭ نامىدىن كەلگەن. ھەر بىر ياپراقچىسىنىڭ يۇقۇرىقى ئالدىنقى يېرىم بىتىدە، فوتئى ياكى شوينا تۆشۈكى بولغان. ئۇنىڭ تەرەپكە يېزىلغان يېزىقتا (مەسلەن: براھمى يېزىقىدا)، شوينا تۆشۈكى ياپراقنىڭ سول يېرىم تەرپىدە بولغان. لېكىن، سول تەرەپتىن يېزىلغان يېزىقتىكى كىتابلاردا فوتئى بولسا، ئۇنىڭ يېرىم تەرپىدە بولغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يازما ماتېرىياللاردا، ئادەتتە شۇ شوينا تۆشۈكىنىڭ ئەتراپىغا ( چۆرىسىگە) دۈگىلەك سىزىلىپ، خەتتىن ئارلىقنى يىراقلاشتۇرۇش مەقسەد قىلىنغان. شوينا بىلەن فوتئىلار تۇتاشتۇرۇلۇپ، كىتابەت قىلىنغان. بۇ خىل كىتاب شەكلىنى قەدىمكى ھىندىلار دائىم پاتترا دەرىخىنىڭ ياكى ئاق قېيىن دەرىخىنىڭ ( قارا ياغاچ دەرىخىنىڭ ) تارشا، قوۋزاقلىرىدا ئىشلەپ چىققان. كېيىن تارىم ئويمانلىقىدىكى ئۇيغۇر بۇددىستلار تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن. تارىم ئويمانلىقىدىكى بۇددىستلارنىڭ تەسىرىدە كېيىن، ئۇيغۇر مانى دىنى مۇخلىسلىرى مانى يېزىقىدا ياكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن كىتاب قىلغان. يەنە بىر خىل كىتاب شەكلى- ئۇيغۇر نىستورىئان مۇخلىسلىرىنىڭ سۈريان ھەرپلىرى ( بۇ خىل ھەرپلەر بىلەن ئىنجىلنىڭ ئېستىران گىلو نۇسخىسى پۈتۈلگەن) بىلەن كىتاب پۈتكەن. لېكىن بەزىدە شوينا تۆشۈكلىرى يوق ھالەتتىكى كىتاب شەكىللىرىمۇ ئۇچرايدۇ. بەزى ئاز ساندىكى يازمىلار چوڭايتىلىپ، پاتتراچە كىتاب شەكلى قىلىنغان. بۇ بەلكىم قەغەزنى كىچىك شەكىلدە كېسىشكە كۆز قىيمىغانلىقتىن، يەنە بەلكىم قەدىمكى ھىندىستانچە كىتاب شەكلىنى ئۆز ئەينىچە ساقلاشتىن بولغان بولۇشى مومكىن. قەدىمكى خوتەن ئۇيغۇرلىرىنىڭ يازمىلىرى مۇشۇ خىل كىتاب شەكلىگە ئوخشاش يېزىلغان. بۇ خىل كىتاب شەكلى كېيىنچە يەنى تىبەتلەر، موڭغۇللار تەرىپىدىنمۇ قوللىنىلغان. ①

(7) ۋاراقچە (ياپراقچە) شەكلىدىكى كىتابلار: ۋاراقچە شەكلى ئەڭ بۇرۇن ھىندىستاندىكى تۈركىي مىللەتلەر ئارىسىدا پەيدا بولغان، قەدىمكى ھىندىستاندا بۇددا دىنى كىتابلىرى شۇ جايدا چىقىدىغان كوكۇس يوپۇرمىقىغا يېزىلغانلىقتىن، بۇ خىل شەكىلدىكى كىتابلار ياپراق شەكلى دەپ ئاتالغان. ياپراق شەكىللىك كىتاب- كوكۇس يوپۇرمىقىنىڭ ئۈستىگە بىر كىچىك تۆشۈك تېشىلىپ، يىپ ئۆتكۈزۈش يولى بىلەن بىر- بىرىگە چېتىپ، قويۇش ئارقىلىق تۈپلەنگەن. قەغەزگە يېزىلغان قەدىمكى كىتابلار مۇشۇ خىل ئۇسۇل بىلەن تۈپلەنگەن. 10-ئەسىردىن كېيىن، تۇرپان

---

① گېڭ شىمىن «قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى» ماقالە، قەشقەر سىفەن شۆيەن ئىلمىي ژورنىلى خەنزۇچە 2005- يىللىق3- سان، 22- بەتتىن 26- بەتكىچە.

ئويمانلىقىدا ياپراق شەكىللىك تۈپلەنگەن، بېسىلغان كىتابلارنىڭ بەتلىرى ئۇزۇنچاق بولۇپ،

ئۈستى ۋە ئاستى تەرەپلىرى تاختاي بىلەن قىسىپ قويۇلغان. بۇ دەۋرلەردە، قەغەز- مەتبۇئات ئىشلىرىدا كەڭ قوللىنىلغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر بۇددىسلىرى ئۆزلىرى ئېتقاد قىلىدىغان دىنىنىڭ كىتابلىرىنى مۇقەددەس، سەلتەنەتلىك قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە تورمەل خەت شەكلى قوللىنىغان. گەرچە شۇ زامانلاردا كىتابلارنىڭ ئۈستى تەرىپىگە يىپ ئۆتكۈزۈپ، بەتلەرنى بىر- بىرىگە چېتىپ قويۇشنىڭ ھاجىتى قالمىغان بولسىمۇ، تۇرپان ئۇيغۇرلىرى كىتاب بەتلىرىنىڭ ئوتتۇرسىغىلا تۆشۈكنىڭ سىزىقىنى چۈشۈرۈلگەن. مەسىلەن: گېرمانىيەنىڭ بېرلىندا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابلىرى ئەنە شۇ ئۇسۇل بىلەن تۈپلەنگەن.

(8) بوخچا (جىلتلىق) كىتاب شەكلى: بۇ خىل شەكىلدىكى كىتابلارنىڭ نۇسخىسى ئادەتتە چوڭراق بولىدۇ. يېزىقىمۇ تىل شەكلىدە يېزىلىدۇ. تۈپلەش يىپلىرىنىڭ تۆشۈكچىسى سول تەرەپتە بولىدۇ، بىرىنچى قۇرمۇ سول تەرەپتىن يېزىلىدۇ. بۇ خىل كىتابلار ئۇيغۇر بۇددا مۇخلىسلىرى تەرىپىدىن ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كېيىنچە موڭغۇللارنىڭ كىتاب يېزىش ئەنئەنىسگە ئايلىنىپ قالغان. مەسىلەن: چىڭ سۇلالىسى كاڭشىنىڭ 26- يىلى ( يەنى مىللادى 1687- يىلى) كۆچۈرۈلگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى « ئالتۇن يارۇق» مۇشۇ خىل كىتاب شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، بۇ خىل كىتابلار ئادەتتە يىپ بىلەن تۈپلەنمەستىن، ئېپىز ياغاچلار بىلەن مۇقاۋا قىلىنىپ، بىرىنچى بەت بىلەن ئەڭ ئاخىرقى بېتى مۇنتىزىم ھالەتتە باغلىنىپ، ئاندىن كىتابنىڭ سىرتى ئىلاستىكلىقى كۈچلۈك نەرسىلەر بىلەن ئورۇلۇپ، بوخچا ھالەتكە كەلتۈرۈلەتتى. شۇڭا، تارىختا بۇنى بوخچا (جىلىت) شەكىلدىكى كىتاب دەپ ئاتىغان.

(9) يۆگىمە قەغەز شەكىلدىكى كىتابەتچىلىك.

يۆگىمە قەغەز كىتابەتچىلىكى- قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىتابەتچىلىك شەكلىدۇر.

قەدىمكى دەۋرلەردە، قەغەز- ئاسان ئېرىشكىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار مەتبەئەچىلىكنى بىر قەدەر تېز تەرەققىي قىلدۇرغان بولغاچقا، قەغەزنىڭ باھاسىمۇ بىر قەدەر يۇقۇرى ئىدى. شۇڭا بۇددا نوملىرى ۋە باشقا يازما ھۆججەتلەرنىڭ قەغەزلىرىنىڭ ئىككىلا يۈزىگە خەت چۈشۈرۈلگەن. بەزىلىرىدە بولسا، ئىككىلا يۈزىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەزمۇنلار بولسا، بەزىدە بىر يۈزىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەزمۇنلار، يەنە بىر يۈزىگە خەنزۇچە مەزمۇنلار چۈشۈرۈلگەن. يۆگۈمە قەغەزنىڭ چوڭ- كىچىكلىكى سانسىكرىتچە يازما ماتېرىياللارنىڭ قەغەز ياپراقچىسىدەك بولۇپ، ۋەسىقىنىڭ، يازما ماتېرىياللارنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن، ئۇزۇن- قىسقىلىقى شىلىم ئارقىلىق چاپلىنىپ ھەل قىلىنغان. قەغەزگە يېزىلغان خەنزۇچە خەتلەر ۋېرتىكال (تىك) شەكىلدە ئوڭدىن سولغا يېزىلغان. قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەزمۇنلار بولسا، ئوخشاشلا ۋېرتىكال (تىك) شەكىلدە، لېكىن ئوڭدىن سولغا يېزىلغان. بۇددىزىم مەزمۇنىدىكى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى يۆگۈمە قەغەز كىتابەتچىلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنىڭ يېزىلىش شەكلى ئاشۇنداق بولغان. مانى دىنىي ماتېرىياللىرى ئۈچۈنمۇ، يۆگۈمە قەغەز كىتابەتچىلىكى ئىشلىتىلگەن بولۇپ، خەتنىڭ قۇرى ھەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ۋېرتىكال (تىك) ھەم گورىزونتال ھالەتتە بولغان. چۈنكى، دەسلەپكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى گورىزونتال ھالەتتىمۇ يېزىلغان.

يۆگىمە قەغەز كىتابەتچىلىكىدە، يۆگىمە قەغەز يۆگەلگەندە خەت ئىچىدە قالغان. سىرتىغا بولسا، كىتاب يازغان كىشىنىڭ ئىسمى، قەغەزنىڭ كېلىش مەنبەسى ھەققىدىكى ئەسكەرتمىسى ۋە خەتتاتنىڭ نام- شەرىپى، كىتابنى كۆچۈرگەن ۋاقتى ۋە بەزى كىتابنىڭ كىتاب بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك قىسقا بايانلىرى كىرگۈزۈلگەن. يۆگمە قەغەز كىتابەتچىلىكىدە، يۆگمە قەغەزنىڭ ئەڭ بېشى ۋە ئەڭ ئاخىرقى بېتىنىڭ گىرۋىكىگە ياغاچ، كالتە كالتەك چاپلانغان. بۇ، يۆگىمە قەغەزلىك كىتابنى ئاسان ئېچىش ۋە ئاسان يېپىش ئۈچۈن بولغان. بۇ خىل كىتابەتچىلىكنىڭ ئالامەتلىرى تېخى يېقىنقى زامانلارغىچە خان، بەگ، بېگاتلارنىڭ يارلىق چۈشۈرۈش ۋە ئەمر- مەرۇپ قىلىش ئىشلىرىدا ساقلانغان. بۇ قاراشلىرىمىزنى ئىسپاتلاشتا، تۇرپاندىن تېپىلغان خەنزۇچە باسما ئەسەرلەرنى، كىتابلارنى بىۋاستە كۆرگەن ئالىملارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، بۇ كىتابلارنىڭ، ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ بەتلىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ۋە ھەرپلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى جەھەتتە، ئوتتۇرا جوڭگو رايونىدا تېپىلغان سۇڭ سۇلالىسى مەزگىلىدىكى كىتابلارغا ئوپمۇئوخشاش ئىكەن. تۇرپاندىن تېپىلغان بۇ خەنزۇچە باسما ئەسەرلەر، بېسىلىش تېخنىكىسىنىڭ يۇقۇرىلىقى، ئوقۇشقا قۇلايلىق بولۇش جەھەتتە، سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە بېسىلغان باسما ئەسەرلەردىن نەچچە ھەسسە ئۈستۈن تۇرىدىكەن. تۈپلەش تېخنىكىسى جەھەتتە، غەربىي رايوندىكى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار شۇ مەزگىلدە ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن ئەڭ ئىلغار ئۇسۇلنى يەنى تۈرۈمەل خەت شەكلى، قاتلىما خەت شەكلى، ياپراق خەت شەكلى قاتارلىق ئۇسۇللار بىلەن كىتاب ۋە ماتېرىيال تۈپلىگەن.

(10) ھازىرقى زامان كىتابەتچىلىكىگە ئوخشايدىغان كوۋادىرات شەكىلدىكى قەدىمكى كىتاب شەكىللىرى

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى ۋە «خاقانىيە» يېزىقىنى قوبۇل قىلغان كېيىن، كىتابەتچىلىكتە ئەرەب ۋە پارسلارنىڭ كىتاب تۈزۈش ئۇسۇلى ۋە ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئۆزىنىڭ كىتابەتچىلىك ئۇسۇلى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كوۋادىرات شەكىللىك ۋە تىك تۆت بولۇڭ شەكىللىك كىتاب شەكلىنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، ھازىرقى زامان كىتابەتچىلىكى ئاشۇ قەدىمكى زامان كىتابەتچىلىكى ئاساسىدا مەيدانغا كېلىپ، ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كېلىۋاتىدۇ.

ھەرقانداق قەدىمكى كىتابنىڭ تېشىغا كىتاب ئىسمى يېزىلمايتتى. ئەكسىچە، ھەرقانداق پەننى ۋە دىنىي مەزمۇندىكى قەدىمكى كىتابنىڭ باش قىسمىغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېگەن جۈملىنى ئەرەب تىلى يېزىقىدا كۆركەم يازىدىغان بولغان. دەسلەپكى ۋاقىتلاردا قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك ساھەسىدە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىشى- باشقا ھەرقانداق دەۋرنىڭكىدىن پەرقلىق ئالاھىدىلىكى بولغان.

قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىكىدە، كىتابنىڭ فورماتى ھەرخىل بولۇپ، بەزى كىتابلار ئالىقانچىلىك،ئىلىپ يۇرۇشكە ئەپلىك بولۇپ، «يانچۇق كىتاب» دەپ ئاتالغان. بۇ كىتابلارنىڭ فورماتى 12×8 cm بولغان بولسا، بەزى قەدىمكى كىتابلار فورماتى جەھەتتىن ناھايىتى چوڭ ھەم قېلىن ھەم توم بولغان. مەسىلەن: ھازىرقى زاماندا نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ناملىق كىتابقا ئوخشاش فورماتى ناھايىتى چوڭ بولغان كىتابلارمۇ كىتابەت قىلىنغان. بەزى كىتابلارنىڭ فورماتى 38×25 cm بولغان بولسا، بەزى كىتابلارنىڭ فورماتى 17×12 cm بولغان. يەنە بەزى كىتابلارنىڭ فورماتى بولسا 27×16 cm بولۇپ، بۇ خىل فورماتتىكى كىتابلار بىر قەدەر كۆپ كىتاب قىلىنغان.

فورمات جەھەتتىن ناھايىتى چوڭ، ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى بىر قەدەر چوڭ ھەم توم، ھەم قېلىن كىتابلارغا، دىنىي مەزمۇندىكى «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف»، «سىيەر شەرىف»، «شەرھۇل ۋىقايە»، «مۇختەسەر ۋىقايە» دىگەن دىنىي مەزمۇنلار كىتاب قىلىنغاندىن سىرىت، بىرقىسىم قامۇس خاراكتېرلىك لۇغەتلەرنىڭ فورماتى ناھايىتى چوڭ بولغان. قىسقىسى، ھازىرقى زاماندىكىدەك 16كەسلەم، 32 كەسلەم، 8 كەسلەم ئۆلچەمدىكى كىتابلارمۇ ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ھازىرقى زاماندىكى كىتابەتچىلىك- قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ئاساسىدا تەدرىجي شەكىللەنگەن ۋە تەرەققىي قىلغان.

## 2. قەدىمكى كىتابلارنى كىتاب قىلىش ئۇسۇللىرى ۋە ئۇنىڭ ھازىرقى زامان كىتابەتچىلىك ئۇسۇلىدىن پەرقى ۋە ئەبجەد توغرىسىدا.

قەدىمكى كىتابلارغا، ھازىقى زامان كىتابلىرىدەك نەشر نۇسخىسى، نەشرھوقۇقى، بېتى، باسما تاۋاق، تىراجى، خەت سانى، كىتاب نومۇرى، نەشر قېتىم سانى، باسما قېتىم سانى يېزىلمايتتى ۋە تەستىق نومۇرى بولغان ئەمەس. بەلكى، شۇ ۋاقىتتىكى پادىشاھلارنىڭ، ۋەزىرلەرنىڭ، قازىلارنىڭ مۆھۈرى (تامغىسى) بېسىلاتتى.

1) قاتتىق مۇقاۋىلىق ۋە ئاددىي مۇقاۋىلىق نۇسخىسىدىكى قەدىمكى كىتابلارنى كىتاب قىلىش ئۇسۇللىرى.

(1)مۇقاۋا: مۇقاۋا كىتابنىڭ ۋاراقلىرىنى (بەتلىرىنى)ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ. مۇقاۋا خۇددى كىتابقا كەيدۈرۈلگەن كىيىم بولۇپ، كىتابلار مۇقاۋىسىدىن ئىبارەت ئۆزىنىڭ كىيىمى بىلەن كىتابقا گۈزەللىك بەخش ئېتەلەيدۇ. كىتاب مۇقاۋىسى- مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتى، مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتى، مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتى، مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتى ۋە كىتاب دۈمبىسى(تۈپى)نى ئۆزئىچىگە ئالىدۇ.

مۇقاۋا دىگىنىمىز يۇقارقى ھەرقايسى قىسىملارنىڭ ئومۇمىي نامى مۇقاۋا دەپ ئاتىلىدۇ.

(2)قاتتىق مۇقاۋىلىق نۇسخا: تورلاپ تىكىلىپ، كۆن – خۇرۇمدا، كاردون قەغەزدە مۇقاۋىلانغان كىتابلار قاتتىق مۇقاۋىلىق نۇسخا دېيىلىدىغان بولۇپ، بۇ خىل نۇسخا كىتاب

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

مۇقاۋىسىغا يېپىشتۇرۇلغان ۋە كىتاب دۈمبىسى (تۈپى)گە ئىشلىتىلگەن ماتېرىياللارغا قاراپ:
كىلېيۇنكىدا ئىشلەنگەن قاتتىق مۇقاۋىلىق نۇسخا ، مۇقاۋىسى قەغەزدە ئىشلەنگەن قاتتىق مۇقاۋىلىق
نۇسخا، دۈمبىسى رەختە ئىشلەنگەن (رەختە پاتلانغان) قاتتىق مۇقاۋىلىق كۆن – خۇرۇمدا تاشلانغان
قاتتىق مۇقاۋىلىق نۇسخا ۋە پولتۇنلەي قەغەزدە ئىشلەنگەن قاتتىق مۇقاۋىلىق نۇسخا دەپ ئايرىلىدۇ.
قەدىمكى بىر قىسىم كىتابلارنىڭ مۇقاۋىسى كىلېيۇنكىدا ئىشلەنگەن، پولتۇنلەي رەختە پاتلاپ
ئىشلەنگەن، مۇقاۋىسى قەغەزدە، دۈمبىسى رەختە ئىشلەنگەندىن باشقا، مۇقاۋا دۈمبىسى ( تۈپىگە
كۆن( تېرە) ئىشلىتىلگەن بولۇپ، كىتابنىڭ تاش مۇقاۋىسىغا كىتان ئىسمى يېزىلمىغان. كىتاب
ئىسمى، مەتبۇئات ئىسمى، كىتاب مۇئەللىپى كىتاب چىقىرىشقا خىراجەت چىقارغان كىشى، كىتابتا
بىغىشلانغان شەخسنىڭ نامى، شەرىپى- ئىچ مۇقاۋىسىغا ئاجايىپ گۈزەل ھۆسنىخەت ۋە مەنزىرە،
گۈل- گىياھلار بىلەن ئوراپ، بېزىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. كىتابنى بېزىگۈچى ئاجايىپ گۈزەل، كۆركەم
نەقىشلەر، ھەر خىل گۈل- گىياھلارنىڭ سىزىمنى ئىچ مۇقاۋىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھۆسنىخەت بىلەن
يېزىلغان كىتاب نامىنى ئوراپ تۇرغان ھالەتتە ناھايىتى نەفىس، كۆركەم ھالەتتە چىقىرىلغان.
مەسىلەن: كىتابتىكى قەدىمكى كىتاب ئۆرنەكلىرى بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.
ئىسلام دىنىدا ئادەم ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ سۈرئىتىنى سىزىش چەكلەنگەنلىكتىن، ئادەم،
ھايۋان ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ رەسىملىرى مەيلى ئىچ مۇقاۋىسىدا بولسۇن، ياكى ئىچ بەتلەردە بولسۇن
بىردەك كۆرۈنمەيدۇ. قەدىمكى كىتابلارنىڭ تاش مۇقاۋىسىنىڭ يەنىلا كۆركەم بولۇشى ئۈچۈن، (كۆن
ۋە تېرە، كارتون قەغەز بىلەن مۇقاۋىلانغان كىتابلار) نىڭ تاش مۇقاۋىسىنىڭ كۆركەملىكى ئۈچۈن،
تۆمۈر قەلەمچىلەر بىلەن ھەر خىل شەكىلدىكى يەنى بادام، ئانار، يۈرەك، مىرھاپ شەكىلدىكى
نەقىشلەر ئورۇلۇپ، پېتىنقى ھالەتتە چىقىرىلغاندىن باشقا، كىتابنىڭ تاش مۇقاۋىسى ھەر خىل سىرلار
بىلەن بېزەلگەن.
(3) ئاددى مۇقاۋىلىق نۇسخا:
كىتابنىڭ بەتلىرى سىم بىلەن مىخلاپ تىكىلگەن، يېپىسز ياكى بەتلەر بىر- بىرىگە
مۇندۇرۇپ تىكىلگەن، ئادەتتىكى قەغەزدە مۇقاۋىلانغان كىتابلار، ئاددى مۇقاۋىلىق نۇسخا دەپ
ئاتىلىدۇ. ئاددى مۇقاۋىلىق قەدىمكى كىتابنىڭ بەت سانى كۆپ، قېلىنراق، توم كىتابلار يېپتا
تورلاپ ياكى مىختا مىخلاپ تىكىلگەن. بەت سانى ئاز، نېپىزرەك كىتابلارنىڭ بەتلىرى بىر- بىرىگە
مىندۇرۇپ تىكىلگەن. قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىكىدە، ئاددى مۇقاۋىلىق نۇسخىدىكى كىتابلار
قاتتىق مۇقاۋىلىق كىتابلارغا قارىغاندا بىر قەدەر ئازبولغان ياكى ئازراق كىتابەت قىلىنغان.
(4)مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتى:
بۇ مۇقاۋىنىڭ سىرتىقى يۈزىگە قارىتىلغان بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىكىدە
مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىگە (مۇقاۋا تېشىغا) ھېچ نەرسە يېزىلمىغان. ھازىرقى زامان كىتابەتچىلىكىدە
بولسا، كىتاب يازغان ئاپتورنىڭ ئىسمى، تەرجىمان بىلەن كىتابنىڭ نامى، نەشر قىلغۇچى ئورۇننىڭ

نامى يېزىلىدۇ.

(5)مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى بېتى : بۇ مۇقاۋىنىڭ ئىچ تەرپى بولۇپ،قەدىمقى كىتابەتچىلىكتە بۇ بەت ئاساسەن ئاق قالدۇرۇلغان، هازىرقى زامان كىتابەتچىلىكىدە ئاق قالدۇرۇلغان.

(6) مۇقاۋىنىڭ ئۈچىنچى بېتى: قەدىمكى كىتابلاردا كىتاب ئىسمى، مەتبۇئات ئىسمى، كىتاب ئاپتورى، كىتاب چىقىرشقا خىراجەت چىقارغان كىشى، كىتاب بېغىشلانغان شەخسنىڭ نامى، شەرپى ئۈچىنچى بەتكە ئورۇنلاشتۇرىغان بولۇپ، بىر قىسىم قەدىمى كىتابلاردا ئاپتۇرنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان بولىدۇ. ئەكسىچە، شۇ كىتابقا خىراجەت چىقارغان كىشىنىڭ نامى يېزىلغان بولۇپ، بۇ بەتنى بېزەگۈچى سەنئەتكار ئاجايىپ گۈزەل، كۆركەم نەقىشلەر، ھەرخىل گۈل- گىياھلارنىڭ سىزمىسى ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھۆسن خەتلەرنى ۋە كىتاب نامى ئوراپ تۇرغان ھالەتتە ناھايىتى كۆركەم جىيەكلەر بىلەن بېزەپ، نەپىس كۆركەم ھالەتتە چىقارغان. بىر قىسىم قەدىمكى كىتابلاردا، ئاپتۇرنىڭ نامىنى ئەبجەد ھېسابى بويىچە مەزمۇننىڭ ئىچىگە كىرگۈزۈلگەن بولىدۇ.

(7) كىتاب دۈمبىسى: بۇ كىتابنىڭ تۈپلەپ مىخلانغان ياكى تورلاپ يىپ بىلەن تىكىلگەن ئورنى بولۇپ، مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتى بىلەن تۆتىنچى بېتىنىڭ تۇتاشقان جايى. ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىكىدە قىسمەت كىتابلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا، بۇ جايغا ھېچ نەرسە يېزىلمىغان. ھازىرقى زامان كىتابەتچىلىكىدە بولسا، بۇ ئورۇنغا (كىتاب دۈمبىسىگە ) كىتاب نامى، ئاپتورنىڭ ئىسمى، قىسىم، توم، نەشر قىلغۇچى ئورۇن يېزىلىدۇ (بەت سانى كۆپرەك كىتابلارغا) .

(8) مۇندەرىجە: مۇندەرىجە كىتابخانلارنىڭ ماقالە تەرتىۋى ۋە كىتاب ئورۇنلاشتۇرۇلغان ماقالە ئورنىنىڭ قايسى بەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقىنى بىلىۋېلىش ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرۇلغان كۆرسەتكۈچ بولۇپ، قەدىمكى قول يازمىلاردا مۇندەرىجە بولمىغاندىن سىرىت، يېقىنقى زاماندا كىتاب قىلىنغان قىسمەن قەدىمكى كىتابلاردا مۇندەرىجە بولغان.قەدىمكى كىتابلارنىڭ كۆپ قىسمىدا مۇندەرىجە بولمايدۇ.

(9) تېكىست: بۇ قەدىمكى كىتابنىڭ بىرىنچى ماقالىسىدىن باشلاپ ئاخىرىغىچە بولغان كىتابنىڭ ھەممە ماقالىسى ياكى ماقالىنىڭ مەزمۇننى تەشكىل قىلىدىغان بارلىق سۆز جۈملىلەرنى كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى كىتابەتچىلىكتە، ماقالىلارنى ئورۇنلاشتۇرۇشنى لايىھىلىگەندە، تېكىستنىڭ ھەجمى ئاساسىدا مۆلچەر قىلىنىدۇ. كىتابقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان جەدۋەل، گىرافا، لايىھەلەش ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، قەدىمكى كىتابەتچىلىكتە جەدۋەل، گىرافا لايىھىلەيدىغانلارنى «جەدۋەل كەش» دەپ ئاتايتتى. بۇلار گېئومېتىرىيىگە شۇنداق ماھىر بولۇپ، ئاجايىپ كۆركەم، مۇرەككەپ جەدۋەللەرنى لايىھىلەپ، كىتابلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ كىتابەت قىلغان.

(10) تۈزۈتۈش: كىتاب يېزىلىپ، كۆچۈرۈلۈپ ياكى بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن، خاتالىق، سەۋەنلىكتىن خالى بولماسلىقنى نەزەردە تۇتۇپ، ھەر قانداق بىر قەدىمكى كىتاب پۈتكەندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېيىن، كىتاب يازغۇچى زور مەسئۇلىيەت بىلەن، كىتابخانىلارغا، ئۆز كىتابىدىكى مەزمۇنلارنىڭ توغرا- خاتالىقىنى، كىتابنىڭ سۈپەت ئۆلچىمىنى، سەۋىيىسىنى تەستىقلىتىش ئۈچۈن، يەرلىك قازىلارنىڭ مۆھۈرىنى ئۇرغۇزىدۇ. هازىرقى زاماندا بولسا باش مۇھەررىر، مۇھەررىر، كوررېكتورلار كىتاب ماقالىسىنى ۋە ئومۇمىي مەزمۇنىنى قانۇنىيەتلىك تەكشۈرۈپ تۈزىتىدۇ، كىتاب «ئۈچ تەكشۈرۈش»تىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن كىتاب بولۇپ چىقىدۇ.

(11) بەت شەكلى: قەدىمكى كىتابلارنىڭ بەت شەكلى قەدىمكى كىتابنىڭ خاراكتېرىگە ئاساسەن سۈۋارى ياكى بەت ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈنگەن. شېئىرلار بولسا، بىر بەت گىرافا ئارقىلىق شېئىرى مىسرالارنىڭ ئۇزۇن قىسقىلىقىغا ئاساسەن، بويىغا ئىككىگە، توغرىسىغا ئىككىگە بۆلۈنۈپ، مۇساۋىيات تەرەپپىين (پاراللېل تۆت تەرەپلىك) شېئىرلارنى يازغاندەك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. هازىرقى زامان كىتابلىرىدا بولسا، بۇنداق بولمايدۇ.

(12) بەت يۈزى: بۇ كىتابنىڭ يۈزىنىڭ ئومومى يۈزىگە قارىتىلغان بولۇپ، بەت ئوتتۇرىسى ھەم بەت ئوتتۇرسىنىڭ توت ئەتراپىدىكى ئاق قالدۇرۇلغان خەتسىز بەت يۈزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بەت يۈزى ئارقىلىق بەت شەكىللىك ئومومى لايىھەسىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

قەدىمكى كىتابلارنىڭ هازىرقى زامان ئۇيغۇر كىتابەتچىلىكىگە ئوخشىمايدىغان ئەھۋالدا، كىتاب مەزمۇنىنى ھەر بىر بەتكە زىچ ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولۇپ، بەزى قەدىمكى كىتابلارنىڭ بەزى بەتلىرى بىرلا ئىستون، بەزى كىتابلارنىڭ بولسا، ئىككى ياكى ئۈچ ئىستون، شېئىرلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان بەت يۈزى بولسا، توت ئىستون قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان. قەدىمكى كىتابلارنىڭ هازىرقى زامان كىتابلارغا ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى، قەدىمكى كىتابلارغا ھاشىيە چىقىرىلىپ، كىتاب ئاپتورلىرى، كىتاب ھاشىيەسىگە، كىتاب مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك سۆز، جۈملە، ئابزاسلارنى ۋە بەزى شەرتلىك بەلگىلەرنى قوشۇپ يازغان. بەزى كىتابلاردا بولسا، قەدىمكى كىتابلارنىڭ ھاشىيەسىگە يەنە بىر كىتابنىڭ مەزمۇنىنى تىركەپ يازىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت.

(13) ۋاراق ( بەت): بۇ قەدىمكى كىتابلارنىڭ ھەر بىر ۋارىقى كۆزدە تۇتۇلغان بولۇپ، ھەر بىر ۋاراق ئالدى، كەينى (قول يازمىلار بۇنىڭ سىرتىدا) بولۇپ، ئىككى باسما يۈزىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ تاش باسما، مىخ مەتبەئە كىتابلىرىدا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. نېپىز قەغەز ئىشلىتىلگەن قولىيازمىلارنىڭ بىر يۈزىگىلا خەت يېزىلغان بولۇپ، كەينى يۈزى ئاق قالدۇرۇلغان بولىدۇ.

(14) بەت نومۇرى: بۇ ھەر بىر بەتكە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ماقالە، تېكىستلەرنىڭ ھەجمى بىلەن ماقالىنىڭ ئىلگىرى- كېيىنلىك تەرتىۋنى كۆزدە كۆرسىتىپ بېرىدىغان شەرتلىك بەلگە( سان) بولۇپ، هازىرقى زامان كىتابەتچىلىكىدە كىتابنىڭ كېسىلىش تەرتىپى يەنى ۋاراقلاپ ئاچىدىغان تەرەپكە قويۇلىدۇ. قەدىمكى كىتابەتچىلىكتە بولسا، بەتكە رەقەم سېلىش، ئەرەبچە رەقەم سېلىش ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. قەدىمكى كىتابلارغا ئەرەبچە بەت سېلىنمايى، دەسلەپكى بەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سۆزى ياكى جۈملىسى ئىككىنچى بەتكە ئۇلىنىپ، يېڭىدىن باشلانغان يېڭى

بەتنىڭ بىرىنچى قۇرىدا، دەسلەپكى بەتنىڭ ئاخىرىدىكى سۆز- جۈملىلىرى قايتا تەكرارلىنىش ئارقىلىق بەت نومۇرى ئورۇنلاشتۇرۇشتەك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەنگەن.

(15)تېنىش بەلگىلەر: قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ياكى سۇرىيان يېزىقىدا يېزىلغان نىستۇرىيان يازمىلىرىدا دائىم چېكىت ئىشلىتىلگەن. بۇ چېكىتلەر تۆرت، يانتۇ، چاسا شەكىللىك بولغان. بۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئۆز- ئارا قارمۇ- قارشى ئىككى چېكىت قىزىل سىزىقتا بويالغان. ھەرخىل يېزىقلاردا (تۈرۈك- رونىك يېزىقى، مانى يېزىقى، قەدىمكى ئۇيغۇرىيېزىقى) دا يېزىلغان مانى دىنلىرى يازمىلىرىدا تىنىش بەلگىلىرى بولۇپ، ھساپلانغان قارا چېكىتنىڭ ئەتراپى قىزىل چەمبىرەك بىلەن ئورالغان ياكى قوش قارا چېكىتنىڭ ئەتراپى 8 شەكلىدىكى قىزىل چەمبىرەككە ئېلىنغان. بۇ مۇتەخەسسىلەرنىڭ مانى دىني مەزمۇنىدىكى كىتابلارنى باشقا مەزمۇندىكى كىتابلاردىن پەرىقلەندۇرىلىشىدىكى ئاساسلىق تېنىش بەلگىسى بولۇپ قالغان. دەرۋەقە بۇ خىل تېنىش بەلگىسى پەقەت مانى دىنىدىكى كىتابەتچىلىكىدە ئۇچرايدىغان تىنىش بەلگىلىرى ئىككى قىيپاش چېكىت بولغان. سەل بىپەرۋالىق بىلەن يېزىلغان كىتاب ۋە يازما ماتىرىياللاردا بىر چېكىت ئىشلىتىلگەن. شېئىرلانىڭ قۇرلىرى ياكى بولمىسا كىتاب ئاخىرىدا كۆپ چېكىت ئىشلىتىلگەن. تۈرك- رونك يېزىقىدا يېزىلغان مانى دىنىنىڭ يازمىلىرىدا بولسا، مانى دىنىنىڭ كىتابەتچىلىكىنىڭ ئالاھىدە تىنىش بەلگىلىرىدىن باشقا، دائىم ئىككى چېكىتنى سۆز ۋە سۆز بىرىكمىسى ۋە ياكى مەزمۇننى پۈتۈنلەي ئاخىرلاشتۇرۇشنىڭ بەلگىسى قىلىنغان. دىمەك: قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىكىدە كىتابلارنى مەزمۇن ئالاھىدىلىكى، يېزىق ئالاھىدىلىكى قەغەز، سىياھ ئالاھىدىلىكىدىن پەرىقلەندۈرگەندىن باشقا، يۇقارقىدەك تىنىش بەلگىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن ئېنىق پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

10- ئەسىردىن كېيىن كىتاب قىلىنغان قەدىمكى كىتابلاردا، تىنىش بەلگىلەر، ھازىرقى زامان كىتابەتچىلىكىدەك قانۇنىيەتلىك قويۇلمىغان. كۆپرەك «نۇختە» دېيىلىپ، ھازىرقىدەك تولۇق ئاياقلاشقان ئوي- پىكىرنى ئىپادىلەيدىغان جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا چېكىت قويۇلغان. جۈملە بىلەن جۈملىنى ئايرىشتا خۇددى«قۇرئان كەرىم» دېكىدەك جۈملە ئايرىش بەلگىسى بولغان «چېچەكسىمان»،«غۇنچەسىمان» بەلگىلەر ئىشلىتىلگەن.

(16) بەت سانىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى، ئەڭ قەدىمكى زاماندا مۇنداق بولغان: تۈپلەنگەن قەدىمكى كىتابلار ۋە بەزى يۆگۈمە كىتاب بەتلىرىنىڭ ئۈستىگە گايىدا بەت نومۇرى سىلىنمىغان بىلەن باشقا كىتاب شەكىللىرىدە كىتاب پۈتكەندە بولسا، بەت نومۇرى ئەمەس بەلكى ۋاراق نومۇرى سېلىنغان. ئادەتتە، ۋاراق نومۇرىنىڭ بەلگىسى خەت يېزىلغان بەتنىڭ ئارقىسىدىكى تەرەپكە يېزىلغان. بەزىدە بولسا، باب سانىمۇ ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. باب سانى ئۇچۇن تەرتىپ سان ئىشلىتىلگەن بولسا، ۋاراق سانى ئۇچۇن ساناق سان ئىشلىتىلگەن.

مەسلەن: beşimc ülusyeti(بەشىنجى باب، يەتتىنچى ۋاراق)، ياكى.... yitiptr (ئالتە...يەتتىچى ۋاراق)، بەزىدە ۋاراق ئالدىغا كىتاب نامى يېزىلغان. مەسلەن: «ئابى تاكى» بۇددا

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

نومى مۇشۇنداق يېزىلغان... قاتلىما كىتاب شەكلىدە بۇنداق بولمىغان، بەت سانى- قاتلانغان ئورۇنغا چۈشكەن. كىتابەت قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ سەۋىيىسى، بولۇپمۇ تىل سەۋىيىسى- ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئۆز- ئارا تىلدىن باشقا، قەدىمكى خەنزۇتىلى ۋە قەدىمكى سانسكرىت تىلىنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، كىتابلارنىڭ ئارىسىغا بولۇپمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تارقىتىدىغان كىتابلارنىڭ بەت سانى ئۈچۈن، بەزىدە قەدىمكى خەنزۇچە يېزىقنى ئىشلەتكەن. بۇ نۇختا كېيىنكى دەۋردىكى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ ۋېرتىكال (تىك) يېزىلىدىغانلىقى بىلەن ئېنىقلاندى.

(17) تېتۇل، رامكا ۋە كۆنچەك گۈللىرى،

قەدىمكى كىتابەتچىلىكتە، رامكا گۈللىرىنىڭ ۋە تېتۇل گۈللىرىنىڭ ئۆزئالدىغا بىر يۈرۈش قېلىپى بولۇپ، قېلىپىنىڭ چوڭ- كىچىكلىك ئۆلچىمى بولغان، ئىشلەپ چىقىرىدىغان،(بىزەيدىغان) رامكا، تېتۇل گۈللىرىنىڭ چوڭ- كىچىكلىكىگە ئاساسەن، تۈرلۈك ھەرپ گەۋدىلىرىگە قويۇپ، چوڭ گۈل لازىم بولسا چوڭنى، كىچىكى لازىم بولسا، كىچىكنى قويۇپ ئىشلەتكەن. مەخسۇس قېلىپى بولغان رامكا گۈللىرىنىڭ كۆپۈنچىسىنىڭ ئۆزىنىڭ گۈل نۇسخىسى بويىچە بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدىغان، مىراب شەكلىنى ۋە تۈرلۈك گۈل شەكىللىرىنى ھاسىل قىلىدىغان رامكا گۈللىرى سەپلەنگەن بولۇپ، بۇنىڭدا تۈرلۈك رامكا ۋە نۇسخىلارنى ياساپ، ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىكىنى كۆركەم بىزەپ كەلگەن.

قەدىمكى ئۇيغۇرلار رامكا گۈللىرىنى ئۆز نۇسخىسى بويىچە، ھەرپ قۇتىلىرىغا تىزىپ قاچىلاپ، مەخسۇس ياسالغان جاھازىلاردا، رەتلىك ھالدا تىزىپ، زاپاس ساقلىغان. رامكا گۈللىرى بىلەن ماقالە ۋە سەرلەۋھەلەرنى رامكا ئىچىگە ئالغاندا، تېكىستنىڭ تۆت تەرىپىنى مۇۋاپىق قېلىنلىقتىكى ئىشپۇن بىلەن ئوراپ، ئاندىن كېيىن تاللىغان رامكا گۈللەرنى تىزىپ، بۇلۇڭلىرىغا شۇ نۇسخىدىكى گۈللەرنى بۆلۈپ ئىشلەتكەن.

مەسىلەن: كىتاپ ئاخىرىدىكى ئۆرنەككە قاراڭ.

كۆنچەك گۈللىرى: قەدىمكى ئۇيغۇرلار، كىتابلارنى بېزىگۈچىلەرنى «كونچەك» دەپ ئاتىغان بولۇپ، كۆنچەك گۈللىرى پۈتۈن گەۋدە ياكى ئايرىم ھالدا 3 ياكى 5 بۆلەككە بۆلۈپ قويۇلغان بولۇپ، رامكا گۈللىرى تۈردىكى بەت بېزەش ماتېرىياللىرىنىڭ ئومۇمىي نامى «كۆنچەك گۈللىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆنچەك گۈللىرى گۈل ئوتتۇرسى ۋە گۈل قاناتلىرىدىن تەركىب تاپقان بولغان.

كۆنچەك گۈللىرى- تۈرلۈك باسما بويۇملىرىدا بەت يۈزىنى بېزەش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەندىن باشقا، يەنە قەدىمكى كىتابلاردا ماقالىلارنى،تېكىستلەرنى بىر- بىرىدىن ئايرىش ئۈچۈنمۇ ئىشلەتكەن. بەزى قەدىمكى كىتابلاردا كىتابنىڭ ئاخىرىغا قويۇلۇپ، كىتاب مەزمۇنىنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرگەن. تۈرلۈك كۆركەم گۈل نۇسخىلىرى، نەقىشلەر ھەرخىل ئۆلچەملەردە سىلىنكىغا ئېلىنىپ، ماقالىنىڭ بېشى، بەت ئايىغى ۋە ماقالە ئاخىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىپ، بەت كۆركەملەشتۈرۈلگەن. بۇخىلدىكى گۈللەر كىتابنى، بەتنى زىننەتلەشكە ئىشلىتىلگەندىن باشقا، بەزى قەدىمكى كىتابلاردا

خەت، رەسىم ئاستىغا بىر قەۋەت گۈللۈك ئىز چىقىرىلىپ ئىشلىتىلگەن. مۇنداق تەگلىك گۈللەرنىڭ ھەرخىل، ھەرياڭزا نۇسخىلىرى بولغان.

مەسىلەن: كىتاب ئىچىدىكى قەدىمكى كىتاب ئۆرنەكلىرىگە قارالسۇن.

(18) قەدىمكى كىتابەتچىلىكتە يىل نامىنى ئىپادىلەش ئۇسۇلى: ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە يىل نامىنى ئىپادىلەشتە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كىتابەتچىلىكىدە يىل ناملار تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ئادىتى، ئۇسۇلى بويىچە 12مۆچەلنىڭ نامى، ئاي، يىل، كۈنلەر ياكى شۇلارغا قوشۇلۇپ، ئۇيغۇر خاقانلىرىنىڭ مەخسۇس يىل ناملىرى پۈتۈكلەرنىڭ بېشىغا يېزىلغان، ھەمدە بىر قىسىم يىل ناملارنى يەنى ئاپتورنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى، قەدىمكى كىتابنىڭ كىتاب بولغان ۋاقتى قاتارلىقلارنى ئەبجەد ھېسابى بويىچە يازىدىغان ئەھۋال كۆپرەك كۆرىلىدۇ.

(19) ئەبجەد توغرىسىدا

ئەبجەد ھەرپلەرنى سان بىلەن، شۇنداقلارنى سانلارنى ھەرپ بىلەن ئىپادىلەپ، مەلۇم ئوي — پىكىرنى ئىلگىرى سۈرۈش مۇددىئاسىدا نەزمى يارىتىدىغان بىرخىل شېئىرىي شەكىل بولۇپ، ئۇيغىر قەدىمكى كىتابەتچىلىكىدە خېلى ئىلگىرىكى زامانلاردىلا ئومۇملاشقان. ھازىرقى زاماندا پوچتا — تېلېگراف ئورۇنلىرى سانلارنى سان — سىفىرلار بىلەن ئىپادىلەپ، تېلېگراممىا ئالاقىسىدا پايدىلىنىۋاتقىنىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

ئەبجەدتە ھەر قايسى ھەرپلەرنىڭ ئۆزىگە تەئەللۇق بولغان ئۆزگەرمەس مۇقىم سانلىرى بولىدۇ. ئەشۇ ھەرپلەرگە بېرىلگەن سانلارنى ئۆز ئارا قوشۇش ئارقىلىق مەلۇم يىل سانىنى ياكى مەلۇم سانلىق مەلۇماتنى بىلگىلى بولسا، ساندا ئىپادىلەنگەن ھەرپلەرنى ئۆز ئارا قوشۇش ئارقىلىق مەلۇم مەنىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزنى قوراشتۇرۇپ شەكىللەندۈرگىلى بولىدۇ. ئەبجەد شەكلى تۈركىي ئۇيغۇر مىللىتىگە ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئەرەب يېزىقى ۋە چاغاتاي يېزىقىنى ئارىلاش قوللىنىۋاتقان دەۋرلەردە كىرىپ كەلگىنى ئۈچۈن، بۇ شەكىلنىڭ ئەسلى مەنبەسى ئەرەب يېزىقىدىكى ئەدەبىي فورمىدىن كەلگەن بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەب تىلى ۋە چاغاتاي تىلىدا يېزىلغان ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمىدا كىتابنىڭ كىتابەت بولغان ۋاقتى ئەبجەد ھېسابى بويىچە يېزىلغان. ھازىرقى زاماندا بىر قىسىم شائىرلار مۇۋەششەھ شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلارغا ئەبجەد ھېسابى بويىچە مەزمۇن كىرگۈزىدىغان ئەھۋاللار خېلى كۆپ ئۇچرايدۇ. قەدىمكى كىتابلاردىكى ئەبجەدتە ئاپتورنىڭ يۇرتىنىڭ ئىسمى، تۇغۇلغان ياكى ۋاپات بولغان ۋاقتى، تەخەللۇسى ياكى نامى، شۇ دىۋاننىڭ قاچان تۈزۈلگەنلىكى ياكى قاچان نەشر قىلىنغانلىقىنى كىتاب مەزمۇنىنىڭ مەلۇم يېرىگە شېئىرىي مىسرالار بىلەن، يەنى بەزىدە سان، بەزىدە ھەرپ بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن.

### 3. جۇڭگو كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى ۋە ئۇنىڭ تۈرلىرى

جۇڭگو كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلىدا — ئىلمىي ھالدا تۈرگە ئايرىش ئاساس قىلىنىپ، كىتاب — ماتېرىياللارنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالادىلىكىگە بىرلەشتۈرۈپ تۈرلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر ئانبىرى

ئايرىشتىن ئىبارەت ئۇسۇل قوللىنىلغان. ئۇنىڭدا كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئالاھىدىلىكى نەزەردە تۇتۇلۇپ، جۇڭگونىڭ ھازىرقى ھەم چەتئەللەرنىڭ قەدىمكى كىتاب ـ ماتېرىياللىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالالايدىغان، ھەم يېڭى پەن ـ تېخنىكا ۋە يېڭى شەيئىلەرنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدىغان ئالاھىدىلىك گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

جۇڭگو كۇتۇپخانىسىنىڭ كىتابلارنى تۈرگە ئايرىش ئۇسۇلى پەلسەپە، ئىجتىمائىي پەن، تەبىئىي پەن، سانائەت پەنلىرى، ئۇنىۋېرسال پەن قاتارلىق بەش سىستېمىغا بۆلۈنۈپ، بۇ سىستېمىلار 22 چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ.

1. **پەلسەپە:** ماركسىزىم، لېنىنىزىم،ماۋزېدوڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزىرىيىسى.

2. **ئىجتىمائىي پەن:** سىياسىي ــ قانۇن، ھەربىي ئىشلار، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىلىم ــ پەن، مائارىپ، تەنتەربىيە، تىل ــ يېزىق، ئەدەبىيات ــ سەنئەت، تارىخ، جۇغراپىيە قاتارلىق تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ.

3. **تەبىئىي پەن** : ماتېماتىكا، فىزىكا، خىمىيە، ئاسترونومىيە، يەر شارى ئىلمى، بىئولوگىيە، تېببىي دورىگەرلىك، گىگىنا، يېزا ئىگىلىك ئىلمى، سانائەت تېخنىكىسى، قاتناش ترانسپورت، ئاۋىئاتسىيە، ئالەمگە ئۇچۇش، مۇھىت ئىلمى، ئۇنىۋېرسال كىتابلار دېگەن تۈرلەرگە بۆلىنىدۇ.

4. **ئۇنىۋېرسال پەن.**

5. **سانائەت پەنلىرى.**

# 9-باب ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك تەرەققىياتىدىكى مەتبەئە مەدەنىيىتى

كىتاب كۆچۈرۈش ۋە تەرجىمە قىلىش قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئومۇمىي پائالىيىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قولدا كۆچۈرگەن كىتابلار تەرەپ –تەرەپتىن كېلىۋاتقان كىتابخۇمارلارنىڭ ئەمەلىي ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قومۇش قەلەم، ياغاچ قەلەم، پەي قەلەم بىلەن قولدا يېزىپ كىتاب كۆچۈرۈش بەكمۇ ئېغىر، جاپا – مۇشەققەتلىك ئەمگەك ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇرلار قولدا كىتاب يېزىش ۋە كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر، جاپا – مۇشەققەتلىك ئەمگەكنى يەڭگىللىتىش، ئىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئاشۇرۇش، ئاز ئىش سەرپىياتى بىلەن مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش يۈزىسىدىن ھەم ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، تېخىمۇ سۈپەتلىك، كۆركەم، كىتابلارنى بېسىپ تۈپلەپ چىقىرىش ئۈچۈن، مەبۇئاتچىلىق ۋە نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە ناھايىتى ئۇزۇن يىللار ئىزدەندى. ئاخىرى مىلادىيە 5-، 6-ئەسىرلەر ئاخىرىدا ياغاچ (ئويما) مەتبەئەنى، تاش مەتبەئەنى ۋە مىخ مەتبەنى ئەقىل – پاراستىگە تايىنىپ ئىجاد قىلىپ، نابۇر شەكىللىك كىتاب بېسىش ئۇسۇلى بويىچە، ئۆزى يازغان كىتابلارنى مەتبەدە كىتابەت قىلىپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى ۋە ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنى بېيىتىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرىلىتىش رولىنى ئوينىغان.

مەتبەئە - ئۇيغۇرلانىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنىڭ بىرى.

مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى ئەڭ بۇرۇن ئېلىمىزنىڭ قورغار رايونىدا ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا قوللىنىلغان بولۇپ، تۇرپان رايونى قەدىمكى مەتبەئەچىلىكنىڭ مۇھىم مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى.

ئىنسانىيەتنىڭ باسما تېخنىكىسى تۆت قېتىملىق چوڭ سەكرەپ ئىلگىرىلەش باسقۇچىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. بۇنىڭ بىرىنچىسى ئويما مەتبەئە باسقۇچى، ئىككىنچىسى مىخ مەتبەئە باسقۇچى، ئۈچىنچى تاش مەتبەئە باسقۇچى [1] تۆتىنچىسى لازىر نۇرى ئارقىلىق بېسىش تېخنىكىسى . بۇنىڭ ئىچىدە ئويما مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ باشلىنىشى خېلى بۇرۇنقى دەۋرگە توغرا كېلىدۇ، مىخ مەتبەئەچىلىك بولسا مىلادى 7-ئەسىردىن كېيىن بارلىققا كەلگەن.

### 1. ئويما مەتبەئە تېخنىكىسى

بۇ ياغاچ ئويما، ياغاچ تاختا مەتبەئە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭغا نەشپۈت، ئامۇت، چىلان دەرەخنىڭ ياغىچى ئاساسىي ماتېرىيال قىلىنغان بولۇپ، ئالدى بىلەن ياغاچنى رەندىلەپ، مۇۋاپىق

[1] ھېيۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1- قىسىم 1- كىتاب، 244- بەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985- يىلى نەشرى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قېلىنلىقتا تەييارلاپ، سەككىز فورماتلىق چوڭلۇقتا، يەنى ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىر، كەڭلىكى 25 سانتىمېتىر ئەتراپىدا تەييارلاپ، تاختاي قىلىپ تىلىپ، تاختاي يۈزىنىڭ سىلىق، پارقىراق ۋە يۇمشاق بولۇشى ئۈچۈن ئۈستىگە بىر قەۋەت شىلىم سۈركىلىدۇ. سۈزۈك نىپىز قەغەزگە چىرايلىق يېزىلغان خەتنى راسلانغان تاختايغا تەتۈر چاپلاپ، پىچاق بىلەن خەت ئورنى يونۇپ چىقىرىۋېتىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن تەييار بەت ھاسىل بولىدۇ. ئاندىن ئويۇپ تەييارلانغان بەت ئۈستىگە مەتبەئە مېيىنى سۈركەپ، قەغەزنى بەت ئۈستىگە يېيىپ، ئۈستىنى چوتكا بىلەن تەكشى بېسىپ، قەغەزنى ئاستا ئالغاندا، قەغەزنىڭ ئاپئاق يۈزىگە ئويۇلغان خەت ئىزنىسى بېسىلىپ چىقىدۇ. ئويما مەتبەئە ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە قوشقان موھىم تۆھپىلىرى بولۇپ، كېيىن ئىجاد قىلىنغان مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىغە ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

ئۇيغۇرلارنىڭ ئويما مەتبەئەچىلىكىنىڭ قاچان باشلانغانلىقىنى ئېنىق ئايرىپ بېرىدىغان ماتېرىياللار بولمىسىمۇ، لېكىن قورغارلىقلار قەدىمكى دەۋردىلا ئويما مەتبەئە بويۇملىرىنى ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقى توغرۇلۇق ماددىي بويۇملار ۋە يازما ھۆججەتلەر بار.

ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن باشلاپلا خانلىق تامغىلارنى ئىشلەتكەن. مىلادىنىڭ ئالدى- كەينىدىن باشلاپ قۇيما پۇل ئىشلەتكەن. مىلادىدىن بىر قانچە ئەسىر بۇرۇن يېزىق ئىشلەتكەن. مانا مۇشۇلاردا خەت، بەلگە، نىشان، سۈرەت، نەقش، تامغىلار شەكلى چۈشۈرۈلگەن. يەنى قەدىمكى قورغارلىقلار ياغاچ مېتال بويۇملار، سۆڭەك ۋە قاشتېشى قاتارلىقلارغا خەت- بەلگىلەرنى ئويۇپ چىقارغان. مۇشۇ ئويما- تامغىلار ياردىمى بىلەن قەغەز ۋە رەختلەرگە گۈل، نەقش، سۈرەت، خەتلەرنى چۈشۈرۈشكە ماھىر بولغان. قۇچۇلىقلار ئوتتۇرا ئەسىرنىڭ باشلىرىدىلا خەتلەرنى ياغاچ تاختىلارغا ئويۇپ كىتاب چىقىرىش ھۆنىرى بولغان كىتابەتچىلىكنى ئىگىلىگەن. ئۇلاردا كىتابنى كىسىلوكىيىلىك ئۇسۇلدا تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە بېسىپ چىقىراتتى: ئەڭ ئالدى بىلەن قاتتىق ياغاچلاردىن توغرا بۇرجەكلىك تاختايلار تەييارلىنىپ، ئۇلارنىڭ يۈزى تەكشى قىلىپ سىلىقلانغان ۋە بېسىش ئۈچۈن مەخسۇس يېزىپ تەييارلانغان خەتلەر ياكى سۈرەتلەر يېلىملىق ماددىلارنىڭ ياردىمى بىلەن سىلىقلىنىپ تەييارلانغان تاختىغا چۈشۈرۈلگەن. ئاندىن ئۇستا ئويمىكار ئۆتكۈر تۆمۈر ئەسۋاپلارنىڭ ياردىمى بىلەن ياغاچ تاختىدىكى خەت ياكى سىزىق يوق بوش ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئويۇپ تەييارلانغان تاختا ئايلانما چاقلىق مەخسۇس دەستىگاھلارغا جايلاشتۇرۇلغان. ئاندىن بۇ ئويۇلغان مەتىنلەرگە ۋە سۈرەتلەرگە بوياق سۈركەلگەن. بىر تاختىغا ئىككى بەت مەتىن ئويۇلغان. بېسىلىدىغان كىتابنىڭ بىر ۋارىقى بېسىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىككىنچى ۋاراق ئۈچۈن مەتىنلەر يېڭىباشتىن ئويۇلغان. مانا مۇشۇ تەرىقىدە كىتاب ۋە بەتلەر تەييارلانغان.

ئۇيغۇر كىسلوگرافىيىسىنى ئۈچ گۇرۇپپىغا بۆلۈشكە بولىدۇ: (1) مەتىنلەر؛ (2) مەتىن

ئارىلاش سۈرەتلەر؛ (3) سۈرەتلەر. كىسلوگرافىيىلىك ئۇسۇلدا بېسىلغان تېكىستلەر تۇرپان

ئويمانلىقنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن تېپىلغان. ھازىر بۇ مەتبەئە يادىكارلىقلىرىنى ئېلىمىزنىڭ ئارخېئولوگلىرى ۋە روسىيە، ئەنگىلىيە، فرانسىيە، ياپونىيە ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئارخېئولوگىيە خادىملىرى تاپقان بولۇپ، بۇ يادىكارلىقلارنىڭ بەزىلىرى خېلى قەدىمكى دەۋرگە مەنسۇپ. ئاۋرېل ستەيىن تۇرپاندىن ئويما مەتبەئە بىلەن بېسىلغان قەغەز ياپراقچىسىنى ئۇچراتقان. ئۇنىڭدىكى «قوچۇ 34- يىلى» نى مىلادى 594- يىلىغا توغرا كېلىدۇ، دەپ قارىغان. [2]

1902-، 1914- يىللىرى ياپونىيىنىڭ داگۇگۇاگرۇي ئېكسپېدىتسىيە ئۆمىكى دىيارىمىزدىن ئېلىپ كەتكەن مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرىنىڭ ئېلىمىزنىڭ شەرقىي شىمالدىكى لۈيشۈن مۇزېيىدا ساقلىنىپ قالغان قىسمىنىڭ ئىچىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى چۈشۈرۈلگەن يادىكارلىق بار بولۇپ، تەتقىقاتچىلار باشقا يادىكارلىقلاردىكى يىلنامىلىك مەلۇماتىغا قاراپ، ئۇنى مىلادى 190- يىللاردىكى يادىكارلىق دەپ ھېسابلاشتى. [3]قۇربان ۋەلى مۇشۇنىڭغا ئاساسلىنىپ مۇنداق دەيدۇ: «بىز لۈيشۈن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى كۆزدىن كەچۈرگەندە، شۇ زامانلاردا، يەنى مىلادى 7-ئەسىردە جۇڭگو رايونىدا (ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونى كۆزدە تۇتۇلغان. نەقىلچىدىن) ئويما مەتبەئە قوللىنىلغان زامانلاردا شىنجاڭدىمۇ ئاللىقاچان تېكىستلەرنى ياغاچقا ئويۇۋېلىپ ئاندىن قەغەزگە بېسىپ چىققان ياكى ھەرپلەرنى ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان ھەرپ تۈركۈملىرىنى تامغىغا ئويۇۋېلىپ، ئاندىن قايسى لازىم بولسا، شۇنى قول بىلەن قەغەزگە بېسىپ ئىشلەپ چىقىلغان كىتابلارنىڭ بولغانلىقىغا دائىر پاكىتلارنى كۆردۇق (بۇنداق تارىخىي ماتېرىياللار داگۇ گۇاگرۇينىڭ «غەربىي يۇرت خاتىرىسى» دېگەن يىرىك ئەسىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنغان، ماتېرىياللارنىڭ فوتو نۇسخىسىمۇ قوشۇپ بېرىلگەن) [4]بۇ دەۋرلەردە ئۇيغۇرلار مەتبەئەچىلىكىنىڭ كىسلوگرافىيىلىك ئۇسۇلىنى ئىگىلەپ، ئۇنى ئوكۇشلۇق رەۋىشتە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىللە كىتاب- پۈتۈكلەرنى ئايرىم- ئايرىم ئېلېمېنتلاردىن تەركىب تاپقان نابور شەكلىنى قوللىنىپ بېسىش، يەنى تېكىستلەرنى مەتبەئە ھەرپلىرىنى تىزىپ چىقىپ بېسىش ھۈنىرىگىمۇ مۇراجىئەت قىلىشقان.

نابۇر شەكىللىك كىتاب بېسىش ئۇسۇلى قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ( 850-1250) دەۋرىدە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان. بۇ دەۋردە بۇ كەشپىياتقا دائىر يازما ھۆججەتلەر ئېلىم دۇنياسىغا مەلۇم

---

[2] ئۈنىر ئىرزىن (سوۋېت ئىتتىپاقى) : «ئوتتۇرا ئەسىر مۆجىزىسى»، قازاقىستان «يازغۇچى» نەشرىياتى 1985- يىلى نەشرى.

[3] سەمەت دوگايلى: «قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتى توغرىسىدا قىسقىچە بايان»، «قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى» 1981- يىلى 2- سان، 6- بەت.

[4] قۇربان ۋەلى: «لۈشۈن موزېيىدا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، («بىزنىڭ تارىخى يېزىقلىرىمىز» شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996- يىلى نەشرى 200- بەت)

ئەمەس ئىدى. ئەمما، «قوچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەتبەئە ئىشلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ پۈتكۈل مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق سەھىپە بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغا كەلگەندە، ئاندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىشىلەرنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى قوزغىدى. لېكىن، شۇ كەمگىچە مەيلى مۇشۇ مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرى ھاسىل بولغان سورۇنلاردا بولسۇن، مەيلى مۇكەممەل مەدەنىيەت بويۇملىرى بولسۇن، دىنىي كۆز قاراش ۋە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن تامامەن دېگۈدەك ۋەھشىيانە نابۇت قىلىنىۋېتىلگەنىدى. 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا، كىشىلەر تۇرپان ئويمانلىقىدىكى خارابىلىقلاردا قالايمىقان تاشلىنىۋېتىلگەن پارچە- پۇرات مەتبەئە بويۇملىرىنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقاندا ئۇنىڭ كۆپلىكىگە ھەيران قېلىشقان. مەسىلەن: ئىدىقۇت خارابىسىدىكى بىر بۇتخانىدا چېچىلىپ ياتقان قەغەزلەر ئادەمنىڭ تىزىغىچە كەلگەن. كېيىنكى يىللاردا تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مۇرتۇق دېگەن يېرىدىكى بىر بۇتخانىدىن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان زور بىر تۈركۈم ئويما باسما ئەسەرلەر تېپىلدى.[1]

قەدىمكى ئۇيغۇر ھەرپلىرى چۈشۈرۈلگەن نابۇر شەكىللىك باسما بويۇملىرىنىڭ يادىكارلىق سۈپىتىدە ئېلىم دۇنياسىغا مەلۇم بولۇشى يالغۇز شىنجاڭ ياكى ئېلىمىز مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مەتبەئەچىلىك مىقياسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندىمۇ كاتتا مۆجىزە ھېسابلىنىدۇ.

1914-، 1915- يىللىرى س. ئولدېنبورگ باشچىلىقىدىكى روسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرى تۇرپاندا ئارخېئولوگىيىلىك قېزىش ئېلىپ بېرىۋېتىپ، بېزەكلىكتىكى غارلاردىن بىرقانچە مىڭدىن ئارتۇق ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپلىرىنى تاپقان.[2]

يۇقۇرىقىلاردىن باشقا مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا فرانسىيىلىك پېللىئوت گەنسۇنىڭ دۇنخۇاڭدىكى (دەشت ئاتادىكى) موگاۋ غارىدىن ياغاچقا ئايرىم- ئايرىم ئويۇلغان چىلەك (تۇڭ)كە قاچىلانغان قەدىمكى ئۇيغۇرچە ھەرپ ئويۇلغان ياغاچ ئويما مەتبەئە ھەرپلىرىنى تاپقان. ئۇلارنىڭ سانى بىر نەچچە يۈز دانە بولۇپ، بۇ خىل ھەرپلەر قاتتىق ياغاچقا مەخسۇس تۆمۈر ئەسۋابلارنىڭ ياردىمى بىلەن ئىنتايىن پۇختا ئويۇلۇپ، نابۇرغا خاس قىلىنىپ، نەپىس ۋە تەكشى كېسىپ تەييارلانغان.

يۇقىرىدىكى ئەھۋاللار بۇ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ پەقەت كۆرۈنۈش ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئىشلىتىشكە ياراملىق قىلىش ئۈچۈن راسلانغانلىقىنى، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ پايدىلىنىلغانلىقىنى، ھەمدە مۇنداق ھەرپلەرنى تەييارلاش بۇرۇنمۇ تەجرىبىدىن ئۆتكەنلىكىنى،

[1] قۇربان ۋەلى: «لۈشۈن مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان شىنجاڭنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى»، («بىزنىڭ تارىخى يېزىقلىرىمىز» شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1996- يىلى نەشرى 200- بەت)

[2] «ئۇيغۇرلارنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 152- بەت، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1990- يىل نەشرى.

ئۇلارنىڭ بىرىنچى قېتىم ئىشلىتىلگەن ھەرپلەردىن ئەمەس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇر مەتبەئە ھەرپلىرى دۇنخۇاڭدا (دەشت ئاتادا) تەييارلانغانمۇ، تۇرپاندا تەييارلانغانمۇ، دېگەن مەسىلىگە تەتقىقاتچىلار «ياغاچتىن تەييارلانغان بۇ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ تۇرپاندىن كەلگەنلىكىنى سۆزسىزدۇر» دېيىشىدۇ.

ئۇيغۇر مەتبەئە بويۇملىرىنىڭ نابۇر شەكىللىك ياغاچ ئويما باسما نۇسخىسى ئەۋرىشكىسىنىڭ زامانىمىزغىچە ساقلىنىپ كېلىشى دۇنيا مەتبەئەتچىلىك تارىخىنى تەتقىق قىلغۇچىلارنىڭ يۈكسەك باھاسىغا سازاۋەر بولماقتا.

ئامېرىكىلىق كارتېر ( T·F·Carter) «جۇڭگونىڭ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى» دېگەن ئەسەردە: «دەسلەپكى ئويما مەتبەئە تېپىلغان يەر جۇڭگونىڭ شىنجاڭ ئۆلكىسى تۇرپان ۋادىسىدۇر»، «شىنجاڭدىكى تۇرپان پۈتۈنلەي 13 – 14-ئەسىرلەردە (ئېھتىمال ئۇنىڭدىنمۇ بۇرۇن) بۇددا دىنىدىكى كىتابلار بېسىلىدىغان بۈيۈك مەركەز ئىدى» دەپ يازغان. قازاقىستانلىق تارىخ پەنلىرىنىڭ كاندىداتى «ھازىرقى ئۇيغۇر نەشىر-ئەپكارچىلىقىنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە تەرەققىياتى» ناملىق رۇسچە كىتابىنىڭ مۇئەللىپى مۇنىرئېرزىنمۇ «بۇ خىل ھەرپلەر پۈتكۈل دۇنيادا تېپىلغان مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ئەڭ تۇنجىسىدۇر» دەپ يازسا، فىرانسىيە پادىشاھلىق ئاكادېمىيىسىنىڭ يېزىق ۋە بەدىئىي ئەدەبىيات تەتقىقاتچىسى ژوزېف دېگىن خەنزۇ تىلىدىكى كىتابلار ۋە شەرق قول يازمىلىرى ئاساسىدا يازغان بىر كىتابىدا مۇنداق دەپ تەكىتلىگەن: «ئۇيغۇرلار... پەن ۋە سەنئەتنى تەرەققىي ئەتكۈزدى، ئۇلار كىتاب بېسىش ئۈچۈن خەت ئويۇلغان ياغاچ تاختىلارنى بىرىنچى بولۇپ قوللاندى» ②

ئالىملارنىڭ بۇ خىل قاراشلىرى يېقىنقى يىللاردىن بېرى تېخىمۇ جانلىق پاكىتلار بىلەن تولۇقلىنىپ بارماقتا. مەسىلەن: 1990- يىلى 8- ئاينىڭ 2- كۈنى دۇنخۇاڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ب د ت مائارىپ، ئىلىم- پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى ئۇيۇشتۇرغان «يىپەك يولىنى تەكشۈرۈش بويىچە ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا، دۈنخۇاڭ مۇزېي تاپقان ئالتە تال ئۇيغۇرچە ياغاچ مەتبەئە ھەرپى دۇنيا بويىچە ئەڭ بۇرۇنقى مەتبەئە ھەرپى بولۇپ ھېسابلانغان. بۇ ئالتە تال ياغاچ مەتبەئە ھەرپى قاتتىق ياغاچتىن ئوخشمايدىغان كۋادرات شەكلىدە ھەرىدىلىپ، ئاندىن پىچاق بىلەن ئويۇپ ياسالغان. مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇنىڭ ۋاقتى تەخمىنەن 13-ئەسىرگە توغرا كېلىدىكەن.

① مۇنىرئىرزىنىنىڭ يۇقارقى ماقالىسىگە قاراڭ.

② «شىنجاڭ ئەدەبىياتى»، 1964- يىلى 3- سان، 88- بەت.

«تۇرپان رايونىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ياغاچ ھەرپىنىڭ تېپىلغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ پاكىت ياغاچ ھەرپ بىلەن كىتاب بېسىش ئۇسۇلىنىڭ قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى زېمىنىدىمۇ قوللىنىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ قوللىنىشى باسما مىقدارىنى كۆپەيتىش ۋە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنداقلا مەدەنىيەت (بولۇپمۇ بۇددا مەدەنىيىتى) ئالماشتۇرۇشقىمۇ ناھايىتى پايدىلىق ئىدى. 9-،12-ئەسىرگە ئائىت باسما بويۇملار ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى جەھەتتىكى ماددىي پاكىتلاردۇر. بۇ ئۇيغۇرلارنىڭ ياغاچ مىخ مەتبەئە

قوللانغانلىقىنى، مەتبەئەتچىلىك تېخنىكىسىنىڭ زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. بەزى ئالىملار مەتبەئەچىلىكنىڭ تارىخىنى قەدىمىيرەك دەۋر بىلەن باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. مەسىلەن: مۇنىرئىرزىن كىسىلوگرافىيىلىك تېكىستلەرنىڭ تۇرپان، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردىن تېپىلغانلىقىنى ئېتىبارغا ئالغاندا، شۇ چاغلاردا مەتبەئەتچىلىكنىڭ مەركىزىي قورغار بولغانلىقىنى ئىسپاتلىنىدۇ، دەپ كېلىپ، قارىشىنى مۇنداق تولۇقلايدۇ: «ئۇيغۇرلاردا كېسىلوگرافىيىلىك ۋە ياغاچتىن ياسالغان مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ قاچان پەيدا بولغانلىقى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق.

قەدىمىي ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىپ گۈللەنگەن دەۋرى 9- ۋە 10-ئەسىرلەرگە توغرا كېلىدىغانلىقىنى ئېتىبارغا ئالغاندا، كىتاب بېسىپ چىقىرىشنىڭ كىسلوگرافىيىلىك ئۇسۇلىنى 9-ئەسىردىن ئىلگىرى، ياغاچ ھەرپلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى 10-ئەسىردىن كېيىنكى ۋاقىتقا ياتقۇزۇشقا بولىدۇ.» [1]قوچو ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەتبەئەچىلىك ئىشلىرىنىڭ كۆلىمى- ھەر خىل تىللاردىكى باسما بۇيۇملارنىڭ بولغانلىقىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

تۇرپان ئويمانلىقىدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، تاڭغۇتچە، تىبەتچە، سانسكرتچە ئويما باسما ئەسەرلەر بۇنىڭغا دەلىل بولالايدۇ، ئەلۋەتتە. ئويما باسما ئىشلىرىغا ئىشلىتىلگەن يېزىقلار ئىچىدە ئۇيغۇر يېزىقى يەنىلا ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ. [2]تۈپلەش تېخنىكىسى جەھەتتە، قوچو ئۇيغۇرلىرى شۇ مەزگىلدە ۋۇجۇتقا كەلگەن ھەممە ئۇسۇلنى، ئېيتايلۇق، تۈرمەل شەكلى، قاتلىما شەكلى، ياپراق شەكلى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئىشلىتىلگەن. [3]ئۇيغۇرلارنىڭ ئىسلامىيەتنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، ئۇيغۇرلارنىڭ بۇددىزىم دەۋرىدىكى مەتبە تېخنىكىسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان بولسىمۇ، ئىسلامىيەتنىڭ ۋە ئەرەب، پارس تىلىغا ئىشتىياق باغلاش، ئۆگىنىش ھەم كۈندىلىك ئىستىمالدا بەلگىلىك مىقداردا ئەرەبىي، فارسىي سۆزلەرنى ئىشلىتىدىغان بولغانلىقى سەۋەبىدىن، مەتبەئە تېخنىكىسىدىكى ئاتالغۇلار ئەرەبىي، فارسىي ئاتالغۇ بولۇپ كەتكەچكە،

[1][2][3] مۇنىر ئىرزىن: (سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى) «ئوتتۇرا ئەسىر مۆجىزىسى» («پىرۋاز» قازاقىستان «يازغۇچى» نەشرىياتى 1985- يىلى نەشىرىعە قارالسۇن.

خۇددى ئۇيغۇرلاردا ئۇيغۇرلار ئەرەب، پارس مىللەتلىرى بىلەن باردى- كەلدى قىلغاندىن كېيىن، يەنى ئەرەب، پارس تىلىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن مەتبەئەنى ئىجاد قىلغاندەك تەسىر پەيدا بولۇپ قالغان. ھەرگىزمۇ ئۇنداق ئەمەس. ئۇيغۇر مەتبەئەچىلىكىدە، خەتتاتلار كىتابلارنى گۈزەل ھۆسنىخەت بىلەن باسمىغا تەييارلايدۇ. بۇنىڭدىن باشقا مەتبەئە كارخانىسى ئىچىدە خەتتاتلاردىن باشقا كەسپىي خىزمەتچىلەرمۇ، ئۇستىكارلارمۇ بار بولغان. شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلانىڭ كىتابى مۇزەھەپ (كىتابقا ئالتۇن ھەل بېرىپ نەقشلىگۈچى)، كىتابى مۇۋۋىر (كىتابقا رەسىم سىزغۇچى)، كىتابى قەلەمتۇراش (كىتاب خېتىنى قىرىپ ئوڭشىغۇچى) ۋە كىتابى جەدۋەلكەش (كىتابقا جەدۋەل سىزغۇچى، كىتابى شىرازىچ (كىتاب مۇقاۋىلاش، تۈپلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى) ۋە كىتابى ھاللكور(كىتابقا ھەل بەرگۈچى،

زىننەتلىگۈچى) جەھەتتىمۇ ۋايىغا يەتكەن پېشۋالار ئىكەنلىكى ھەققىدە مەلۇمات بىرلگەن، تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر خەتتاتلىرىمىز بىزگە خەتتاتلىقنىڭ نۇسخىلىرى، ئالاھىدىلىكى ۋە يېزىلىش قائىدە-قانۇنىيەتلىرى ھەققىدە نۇرغۇن ساۋاتلارنى قالدۇرغان. [1]

مىلادىيە 939-، 1006- يىللىرى ئاتاغلىق سەييا ۋاڭ يەندى ئۆزىنىڭ «ئاستانە خاتىرلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئىدىقۇتتا يېزىقنى كۆڭدۈلۈك ئېھتىياج ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى كىتابلارنى يېزىشقىمۇ ئىشلىتىدىكەن، ئۇ يەردە ھەرخىل تىللاردا يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنى كۆردۈم» دەپ يازغان. بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلاردا يېزىق تارىخى باشلانغاندىن كېيىن، مەكتەپ، مەدرىسە ئىشلىرىغا ئاساس سېلىنغانلىقنى كۆرۈش بىلەن بىرگە، نەشرىياتچىلىقىمۇ ئاساس سېلىنغانلىقنى كۆرىۋالغىلى بولىدۇ.

مىلادىيە 2- ئەسىردە، ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى تاشقا ئويۇلغان دىنىي مەكتۇپلەرنى، رىساللەرنى ئويما مەتبەئە ئارقىلىق بېسىپ چىققان. تاشقا ئويۇلغان دىنىي رىساللار (تاش رىسالە دەپ ئاتىلىدۇ)

6-ئەسىردە ھازىرقى چاقىلىق ناھىيىسىدىن بولغان بىشى ئىسملىك بىر راھىب تۇنجى قېتىم ياغاچتىن بىر تامغا ئويۇپ، ياغاچ مەتبەئەنى ئىجاد قىلغان.

ئومۇمەن: مەتبەئە تېخنىكىسى، قەغەز، مىلتىق دورىسى ۋە كومپاس قاتارلىق 4 چوڭ كەشپىياتنى قەدىمكى ئۇيغۇرلار كەشىپ قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى ئىلگىرلىتىش رولىنى ئوينىدى.

بىز ھازىر توختىلىۋاتقان ئۇيغۇر تارىخىدىكى بۇ مەزگىل، ئويما مەتبەئە باسقۇچى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىن 200 يىل بۇرۇنقى مەزگىل بولغانلىقتىن، قەدىمكى

---

[1] ھېيۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇر تارىخى»، 1- قىسىم 1- كىتاب، 247- بەت، بېيجىڭ مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985- يىلى نەشرى

ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە ئىشلىرى دېگىنىمىزدە، ئۇلارنىڭ ئويما مەتبەئە تېخنىكىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

7-8-ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلاردا ئويما باسما تېخنىكىسى راسا گۈللەنگەن بىر دەۋر بولدى. غەربىي رايوننىڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ بىپايان زېمىنىدا نۇرغۇن باسما مەركەزلىرى پەيدا بولدى. تۇرپان ئويمانلىقى شۇلارنىڭ بىرى ئىدى. مىلادى 755- يىلى يۈز بەرگەن ئۆكتۈلۈك سۆيگۈن توپىلىڭى ئوتتۇرا جۇڭگو رايوننىڭ سىياسىي تەگپۇگلۇقنى بۇزۇپ، ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. بۇ ئۇرۇشتا باسما مەتبەئە ئورۇنلىرىمۇ قاتتىق دەپسەندە قىلىندى. لېكىن، بۇ پاراكەندىچىلىكلەر تۇرپان ئويمانلىقىدىكى باسما ئىشلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايوندىكى ئورنىنى روشەن گەۋدىلەندۈردى ۋە كۈچەيتتى. چۈنكى، ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى باشتىن- ئاخىرى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خاندانلىقىغا تەسىر كۆرسىتەلمىگەن ئىدى. غەربىي رايون ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ مەتبەئە

www.uyghurkitap.com

ئىشلىرى، پۈتۈن ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق سەھىپە بولۇپ، 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرىغا كەلگەندە، ئاندىن مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى كىشىلەرنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى قوزغىدى. لېكىن، شۇ كەمگىچە مەيلى مۇشۇ مەدەنىيەت مۇۋەپپىقىيەتلىرى ھاسىل بولغان سورۇنلار بولسۇن، مەيلى مۇكەممەل مەدەنىيەت بويۇملىرى بولسۇن، دىنىي تەبرىقچىلىق ۋە ئۇرۇش پاراكەندىچىلىكى تۈپەيلىدىن، تامامەن دېگۈدەك ۋەيران قىلىنغان ئىدى. 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا كىشىلەر تۇرپان ئويمانلىقىدىكى خارابىلىقلاردا، قالايمىقان تاشلىنىپ كەتكەن پارچە- پۇرات مەتبەئە بويۇملىرىنى تۇنجى قېتىم ئۇچراتقاندا، ئۇنىڭ كۆپلۈكى كىشىنى ھەيران قالدۇرغان ئىدى.

## 2. تاش بەتبەئە تېخنىكىسى

بۇ تاش ئويما، تاش تاختا مەتبەئە دەپمۇ ئاتىلىدۇ. تاش مەتبەئە ئۇيغۇرلاردا قەدىمكى زاماندا ناھايىتى كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئۇ ئەڭ دەسلەپ بىرەر چوڭ ئىشنى خاتىرىلەش مەخسىتىدە تاشقا چېكىپ ئىشلەنگەن. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆزىنىڭ مەرىپەتلىك تۇرمۇشىنى يوغان مەرمەر تاشلارغا چېكىپ ئويۇپ خاتىرە قالدۇرغان. تاش مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ئىپادىسى ئەنە شۇ قەدىمكى زامانلاردا، كۆرىلىشكە باشلىغان. مەسىلەن، «تونيۇقۇق مەڭگۈ تېشى»، «بىلگە قاغان مەڭگۈ تېشى»، «كۆلتېگىن مەڭگۈ تېشى» قاتارلىقلار بۇنىڭ دەلىلىدۇر.

مىلادىيە 4-ئەسىرلەردە قەغەزنى تاش تاختايلار ئۈستىگە قويۇپ، كۆچۈرۈۋېلىش تېخنىكىسى بارلىققا كەلگەن. ئۇنى كۆچۈرۈشتە بىرەر پارچە پۇختا، چىدامىلىق قەغەز ھۆل قىلىنغاندىن كېيىن ئۇ تاش تاختا ئۈستىگە چاپلانغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەنە بىر قەۋەت لاتا قويۇلۇپ، ئاندىن ياغاچ توقماق بىلەن ئاستا- ئاستا ئۇرۇلغان، ئاندىن پىلتەكۈچ بىلەن سۈرتۈلگەن. بۇ ئىش ھالقىسى – ھۆل قەغەز تاش تاختىنىڭ ئويمان-يىرىقلىرىغا پىتىپ بولغىچە توقماق بىلەن ئۇرۇپ داۋاملاشتۇرۇلغان. قەغەز قۇرۇغاندىن كېيىن يۇمشاق چوتكا ياكى پىلتىگۈچ بىلەن قەغەز ئۈستىگە تەكشى قىلىپ ئۇيغۇرلار ئۆزى ئىجات قىلىپ ياسىغان قارا سىيا سۈرتۈلگەن (تاشقا چېكىلگەن ئويمان-ئىرىقچىلەرگە بولسا سىيا تەگمەيدۇ) شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قەغەزنى سويۇپ ئالسا تېگى قارا، خېتى ئاق كۆچۈرۈلمە نۇسخا پەيدا بولغان. بۇنىڭدا ئۇڭ يېزىلغان خەت ئوڭ پېتى چىقىرىۋېلىنغان.

تاش مەتبەئە تېخنىكىسى ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، نەچچە ئونلىغان ئەسىرلەر داۋامىدا ئۇيغۇرلارنىڭ خاتىرە، نەسەبنامە، ئەجداتلار ھەققىدە خاتىرىلەر قاتارلىق تاش ئابىدىلەرگە يېزىلغاندىن سىرت ئويما خەتلەر، تامغا ۋە تاش ئويما كۆچۈرۈلمىسى تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە خەتنى تەتۈر يېزىپ ئوڭ چىقىرىۋېلىش، ياكى خەتنى ئوڭ يېزىپ ئوڭ چىقىرىۋېلىش ئادىتىنىڭ ئاستا-ئاستا ئومۇملىشىشى - ئويما مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئىلھام بولغان. شۇنداقلا ھازىرقى زامان مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ئاساسى بولغان. مەسىلەن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا، ھەر دەرىجىلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ۋە كىتابخۇمار خەلقنىڭ قولىدا ئەتىۋارلىنىپ

ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى كىتابلارنىڭ بىر قىسمى تاش باسمىدا بېسىلغان.

### 3. مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى

ياغاچ مەتبەئە، تاش مەتبەئە ۋە تامغا شەكىللىك ياغاچ مەتبەئەلەر پەيدىن - پەي ئىسلاھ قىلىنىپ، بىڭگۈنكى قوغۇشۇن، قەلەي، سىرمىلەردىن تەييارلانغان مىخ مەتبەئەنى ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلدى. بۇ ئەينى ۋاقىتتىكى كىتاب بېسىش تېخنىكىسىنى ئاسانلاشتۇرۇپلا قالماي، بەلكى كېيىنكى دەۋرلەردە مەتبەئەچىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇش ئۈچۈنمۇ يول ئېچىپ بەرگەن.

مىخ مەتبەئە ئۇيغۇرلاردا 12-ئەسىردىن كېيىن مەيدانغا كەلگەن. يېقىنقى يىللاردىكى ئارخېئولوگىيىلىك بايقاشلار ۋە ئىلمىي تەتقىقاتلارنىڭ نەتىجىسى ئېلىمىزنىڭ سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ئەجدادىنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللانغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ھازىرغىچە ساقلىنىپ كەلگەن بۇنىڭدىن 800 يىلدەك بۇرۇنقى مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئائىت قىممەتلىك بۇيۇملار نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ بالدۇر كەشىپ قىلىنغان مېخ مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ پاكىتى بولۇپ، ئۇنىڭ غايەت زور ئىلمىي قىممىتى، مەدەنىي يادىكارلىق قىممىتى بار. بۇ، ئىلىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ دۇنيا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسىدۇر.

جۇڭگو تارىخ مەنبەلىرىدە «خۇيخۇ» دەپ ئاتالغان قەۋملەر بىڭگۈنكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەجدادى ئىدى. مىلادىي 9- ئەسىردىن 13- ئەسىرگىچە دۇنخۇاڭ، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئولتۇراقلاشقان ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ يەرلىك ھاكىمىيەتلىرىنى قۇرۇپ چىققان، ھەمدە پارلاق مەدەنىيەت يارىتىپ، مول تارىخى- مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قالدۇرغان. ئۇ مەزگىلدە ئۇيغۇرلار بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، مەلۇم مەزگىل مانى دىنىغىمۇ ئېتىقاد قىلغان ئىدى. دۇنخۇاڭ بىلەن تۇرپان شەرق، غەرب مەدەنىيىتى ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان مۇھىم تۈگۈنگە جايلاشقان. شۇڭا، ئۇيغۇرلار ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيىتى، ھىندىستان ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان ھەم تەدرىجىي يوسۇندا ئۇيغۇر بۇددىزىم مەدەنىيىتىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇددا نوملىرى، بۇددا شەرىئىتى، بۇددىزىم نەزەرىيىسىگە ئائىت ئاساسلىق كىلاسسىك ئەسەرلەر ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان.

1908-يىلى 2-ئايدا، پائۇل پېللىئوت باشچىلىقىدىكى فرانسىيىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيانى ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈش ئەترىتى دۇنخۇاڭدىكى بۇددا مىڭ ئۆيىگە كەلگەندە، نوم ساقلانغان غاردىن زور مىقداردىكى قىممەتلىك ھۆججەتلەر ۋە مەدەنىي يادىكارلىقلارنى قولغا چۈشۈرگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە موگاۋ غارىنىڭ شىمالىي رايون 181- غار (ھازىرقى نومۇرى 464- غار) دىن زور مىقداردىكى ئۇيغۇرچە، تاڭغۇتچە، تىبەتچە ۋەسىقىلەرنى شۇنىڭدەك ئىلىم ساھەسىدىكىلەر ئۆزۈندىن بېرى كۆڭۈل بۆلۈپ كەلگەن ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى بايقىغان. بۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى كېيىن پارىژدىكى گىمى ئاسىيا سەنئەت موزېيىدا ساقلانغان. شۇ قېتىم بايقالغان ئۇيغۇرچە

مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ئايرىم ئالىملار تەرىپىدىن خەۋەر قىلىنغاندىن باشقا، 90- يىلدىن بېرى، تېخىچە سىستېمىلىق ۋە ئومۇميۈزلۈك تەتقىق قىلىنماي كەلگەن. نەتىجىدە بۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى تارىخىدىكى موھىم ئورنىغا يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىلمىدى. ھەتتا بىر مەزگىل بۇ ئۇيغۇرچە ھەرپلەر يوقۇلۇپ كەتتى، دېگەن خاتا قاراش تارقىلىپ كەلگەن. بۇ ھەقتە ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئالىم جوسېف لى تۈزگەن «جۇڭگو پەن- تېخنىكا تارىخى» نىڭ 5- توم 1- كىتابىنىڭ «قەغەز ۋە مەتبەئە» دېگەن بابىدا: «يېقىنقى خەۋەرلەردە مەلۇم بولۇشىچە، ئاشۇ بىر قىسىم مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى تېپىشقا ئىمكان بولمىدى» دەپ يازغان.

ياسىن ھوشۇر ب د ت مائارىپ، پەن- مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ يىپەك يولى تەتقىقاتى بويىچە، خراياما ئوقۇش مۇكاپاتىغا ئېرىشكەندىن كېيىن، 1995- يىلى ئەنگلىيىگە دۇنخۇاڭدىن ئېلىپ كېتىلگەن ھۆججەتلەرنى تەتقىق قىلغىلى بارغاندا، ئالاھىدە پارىژغا كېلىپ، پارىژ گىمى ئاسىيا سەنئەت مۇزېيىدىن بۇنىڭدىن تەخمىنەن 800 يىل ئىلگىرىكى ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى تاپتى، ھەممە 960 تال ياغاچ ئويما مەتبەئە ھەرپىنى يوغان 5 ۋاراق شۆھنجى قەغىزگە بېسىپ، ئاشۇ ھەرپلەر ۋەكىللىك قىلىدىغان ئۇيغۇرچە يېزىق ۋە تىنىش بەلگىلەرنى قايتا ناھايىتى ئېنىق كۆرەلىدى.

بۇ ھەرپلەر قاپارتما شەكلىدە تەتۈر ئويۇلغان، مۇتلەق كۆپلىرىنىڭ كەڭلىكى ئوخشاشلا 1.3 سانتىمېتر، ئېگىزلىكى 2.2 سانتىمېتر بولۇپ، ئۇزۇن- قىسقىلىقى ئىپادىلەيدىغان بەلگىنىڭ چوڭ- كىچىكلىكىگە ئاساسەن بېكىتىلگەن. بۇ مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ ماترىياللىرى ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، مۇئەللىپ ئۇنى چىلان ياكى نەشپۈت دەرىخى ياغىچىدىن ياسالغان بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلدى. گەرچە نەچچە 100 يىللاپ تەبىئەتنىڭ ئۇپرىتىشىغا ئۇچرىغان بولسىمۇ، بۇ ھەرپلەرنى يەنىلا ناھايىتى ئوچۇق پەرق ئەتكىلى بولىدىكەن. ئاپتور بۇ ھەرپلەر بىلەن بېسىلغان خەتنى ئوقۇپ، تۈرگە ئايرىغاندىن كېيىن، ئاشۇ ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەنگەن يېزىق بەلگىلىرىنىڭ 6 خىلغا بۆلۈنىدىغانلىقىنى بايقىدى. (1) ھەرپىنى بىرلىك قىلغان مەتبەئە ھەرپلىرى ئەينى چاغدىكى ئۇيغۇر تىلى تاۋۇشلىرىنىڭ بارلىق فونىمالىرىنى ئىپادىلەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە تاۋۇشنى ئىپادىلەيدىغان بەلگىلەرنىڭ سۆزئالدى، سۆز ئوتتۇرىسى ۋە سۆز ئاخىرىدىن ئىبارەت (باش ھەرپ، ئوتتۇرا ھەرپ، ئاياغ ھەرپ) ئۈچ خىل شەكلى زور سالماقنى ئىگەللەيدىكەن؛ يەنە بىر قىسىملىرى سۆز مەنىسى ياكى گىراماتىكىلىق مەنىسى بولمىغان فونېتىكىلىق بىرىكمىلەر ئىكەن. (2) ئىككىدىن ئارتۇق بوغۇمدىن بىرىكتۈرۈلگەن بىرىكمە مەتبەئە ھەرپلىرى ئىچىدە سۆز تومۇرىنى (تاق سۆزنى) ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى ئىپادىلەيدىغانلىرىمۇ، سۆز ياسىغۇچى گىراماتىكىلىق قوشۇمچىلارمۇ بار ئىكەن.

(3) سۆزنى بىرلىك قىلغان مەتبەئە ھەرپلىرى ئاساسەن بۇددىزىمغا خاس ئىسىم- ئاتالغۇلاردىن ئىبارەت ئىكەن. (4) پېئىل تومۇرىنى بىرلىك قىلغان مەتبەئە ھەرپلىرى خىلى كۆپ سالماقنى ئىگەللەيدىكەن. (5) بەتتىكى ستون رامكا سىزىقىنى ئىپادىلەيدىغان مەتبەئە ھەرپلىرى بار ئىكەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە بىر ستون، قوش ستون رامكا سىزىقنى ئىپادىلەيدىغان ھەرپلەرمۇ بار ئىكەن.

(6) تېنىش بەلگىلىرىنى ئىپادىلەيدىغان مەتبەئە بەلگىلىرى ئىچىدە، تۆت چېكىتلىكلىرى، ئىككى چېكىتلىكلىرىمۇ بار ئىكەن. بۇنىڭدىن سىرت يەنە بەت ياسىغاندا بوش قالغان ئورۇننى توشقۇزىدىغان شىنا، شىپۇنلارمۇ بار ئىكەن. بۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە تاغۇتلار رايونىدىكى بىر مەتبەئە ھەرپى بىر مەنا (بىر بوغۇم) نى ئىپادىلەيدىغان خەتلەر ئاساسىدىكى مەتبەئە تېخنىكىسىنى ھەرپ، بوغۇم ۋە سۆزنى بىرلىك قىلغان ئارىلاشما تىپتىكى مەتبەئە تېخنىكىسىغا تەرەققىي قىلدۇرۇلغانلىقتۇر. بۇ مەتبەئە تېخنىكىسى ئۇيغۇر تىل- يېزىقىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ماسلاشقان ھالدا شەكىللەنگەن. مانا مۇشۇنداق غايەت زور ئىلگىرلەش دۇنيا مەتبەئە تېخنىكىسى تارىخىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىمۇ ناھايىتى زور. ھالبۇكى، بەزى ئالىملار بۇ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق تەتقىق قىلماي تۇرۇپلا خاتا يەكۈن چىقىرىشتى. ئامېرىكىلىق كاتىپ ئۆزىنىڭ زور تەسىر قوزغىغان «جۇڭگو مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ غەربكە تارقىلىشى» ناملىق كىتابىدا: «بەلكىم ئۇلار (خويخۇ- ئۇيغۇرلار) نىڭ ئەملىيەتتە ھەرپلىك مەتبەئە ھەرپلىرى بولغان بولىشى مۇمكىن، ئەمما بىزدە بۇ ھەقتىكى يازما پاكىتلار يوق، ھازىرغا قەدەر بىرەرمۇ ھەرپلىك مەتبەئەنىڭ ماددىي ئىسپاتى تېپىلغىنى يوق. دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان مەتبەئە ھەرپلىرى يەنىلا پۈتۈنلەي جۇڭگوچە مەتبەئەچىلىك ئۇسۇلى بويىچە ياسالغان بولۇپ، ھەرگىز ھەرپلىك مەتبەئە ئەمەس، بىر- بىرىگە بېرىكتۈرۈپ قويۇلغان سۆزلەردۇر» دەپ يازغان. شۇنىڭدىن كېيىن كاتىپنىڭ بۇ سۆزى دۇنيا ئىلىم ساھەسىدىكى نۇرغۇن ئەسەرلەردە نەقىل قىلىنىپ، كىشىلەردە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئاشۇ مەتبەئە ھەرپلىرى سۆز بىرلىك قىلىنغان، ئۇنىڭدا قىلچىمۇ ھەرپ بىرلىك قىلىنمىغان دەيدىغان ناھايىتى خاتا ئۇقۇم پەيدا قىلغان.

تىلشۇناسلارنىڭ كىلاسسىفىكاتسىيىسى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇيغۇرلار ئەجدادى بولغان خويخۇلار تىلى ئالتاي تىلى سىستېمىسى تۈرك تىلى ئائىلىسىنىڭ مۇھىم بىر تارمىقى بولۇپ، يىپىشقاق تىللار تىپىغا مەنسۇپ، ئۇ تىلنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە، سۆز تومۇرىنىڭ ئاخىرىغا مۇئەييەن تەرتىپ بويىچە ئوخشىمىغان گىراماتىكىلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلار ئۇلىنىدۇ، ھەربىر سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە ئوخشىمىغان سۆز- مەنا ياكى گىراماتىكىلىق مۇناسىۋەتلەرنى بىلدۈرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، خويخۇ تىلىدىكى جۈملىلەردە بىر سۆز ئوخشاشمىغان گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلىگەندە، ئاشۇ سۆز تومۇرىنىڭ ئاخىرىغا ئوخشاشمىغان سۆز ياسىغۇچى ئۇلانغان بولىدۇ. ئۇيغۇر تىل- يېزىقىدىكى مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ياسىغاندا، خەنزۇچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ياكى تاغۇتچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ئۇسلۇبى بويىچە بىر خەت (بىر سۆز) بىر مەنىنى بىلدۈرىدىغان قىلىپ ياسالسا، ئوخشاشمىغان گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەش ئۈچۈن، نۇرغۇنلىغان گىراماتىلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭمۇ مەتبەئە ھەرپلىرى بولىشى كېرەك ئىدى، يەنى ھەربىر سۆز ئۈچۈن نۇرغۇنلىغان ئوخشاشمىغان گىراماتىكىلىق سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنىڭ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ياساشقا توغرا كېلەتتى. بۇ مىخ مەتبەئەچىلىك ھۆددىسىدىن چىقماق ناھايىتى

قىيىن بولغان بىر ئىشى ئىدى. ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇرلار بۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالىغان. شۇ چاغلاردا مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى ئەپچىللىك بىلەن قوللىنىش ئۈچۈن، ئەقىللىق ئۇيغۇر ئۇستىلىرى مۇستەقىل ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى سۆز تومۇرى ۋە سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى بىر- بىرلەپ ئايرىپ چىققاندىن كېيىن، ئازراق مەتبەئە ھەرپىدىمۇ نۇرغۇنلىغان گىراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى مەتبەئەچىلىكتە ئىپادىلەپ ئىشلەتكىلى بولىدىغانلىقىنى تېپىپ چىققان. شۇنىڭ بىلەن، باشقا تىللاردىمۇ مەتبەئە ھەرپلىرىنىڭ قوللىنىش مەسىلىسى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلىنغان. ئۇيغۇرلار يەنە دائىم ئىشلىتىلمەيدىغان سۆز ۋە گىراماتىكىلىق مەنە بەرگۈچى سۆز قوشۇمچىلىرىنى مەتبەئە ئىپادىلەش ئۈچۈن، يالغۇز ھەرپلىك مەتبەئە ھەرپلىرىنىمۇ ياساپ، ھەرقانداق سۆز، جۈملىلەرنى بېسىش مەسىلىسىنى ناھايىتى ئوڭۇشلۇق ھەل قىلغان.

خەۋەر قىلىنىشىچە، دۇنخۇاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى تەتقىقات ئورنى يېقىنقى يىللاردا، دۇنخۇاڭ موگاۋ غارىنىڭ شىمالىدىكى غاردىن نەچچە ئونلىغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپىنى بايقىغان. بۇ، فرانسىيىلىكلەر ئېلىپ كەتكەن مەتبەئە ھەرپلىرى بىلەن بىر تۈردىكى مەتبەئە ھەرپلىرى ئىكەن. بۇ بايقاش نەتىجىسىدە دۇنخۇاڭدىن تېپىلغان ئۇيغۇرچە ياغاچ مىخ مەتبەئە ھەرپىنىڭ سانى 1000غا يەتكەن.

دۇنخۇاڭدىن بايقالغان ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى 12-ئەسىرنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدىن بۇرۇن ياسالغان بولىشى، ئەڭ كېچىككەندىمۇ 13- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ياسالغان بولىشى مۇمكىن. چۈنكى، 13- ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا، دۇنخۇاڭ رايونىدىكى ئۇيغۇرلار زاۋاللىققا يۈزلەنگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ سىياسىي، مەدەنىيەت، دىنىي پائالىيەت ئەھۋالى ئۇ جايلاردا مىخ مەتبەئە ھەرپلىرىنى ياساشقا ۋە ئۇيغۇرچە بۇددا نوملىرىنى بېسىپ تارقىتىشقا يار بەرمەيتتى، بۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ھازىر دۇنيادا ساقلىنىۋاتقان ئەڭ دەسلەپكى مىخ مەتبەئە ماتېرىيالىدۇر.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە، ياپونىيە تەكشۈرۈش ئەترەتلىرى تۇرپاندىكى ئىدىقۇت خارابىسى، سىنگىم ئېغىزىدىكى بۇددا ئىبادەتخانىسى خارابىسىدىن ئۇيغۇرچە نۇرغۇن باسما بويۇملارنى تاپقان، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان.

تاڭغۇتچە ۋە ئۇيغۇرچە ئەڭ بالدۇرقى مىخ مەتبەئەگە ئائىت ماددىي پاكىتنىڭ بايقىلىشى، ئىلىمىز، شۇنداقلا دۇنيا مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسى تارىخىدىمۇ ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ ۋە مۇھىم تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە.

1) بۇ ماتېرىياللار بىزنى ئەڭ دەسلەپكى مىخ مەتبەئەگە دائىر ماددىي پاكىت بىلەن تەمىن ئەتتى. سۇڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بى شېڭنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغانلىقى جۇڭگو تارىخ مەنبەلىرىدە يازما ماتېرىيال تەرىقىسىدە خاتىرلەنگەن بولسىمۇ، شۇ دەۋردىن قالغان

مەتبەئە تېخنىكىسىغا ئائىت ماددىي ئىسپات بولمىغانلىقتىن، چەتئەللەردىكى بەزى ئالىملار جۇڭگونىڭ تۇنجى قېتىم مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغانلىقىدىن گۇمانلىنىپ كەلگەن ئىدى. ھەتتا بۇ كەشپىياتنى «تارىختا بولمىغان ئىش، رىۋايەت» دەپ قاراپ كەلگەن ئىدى. تاگخۇتچە ۋە ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ۋە مەتبەئە بويۇملىرىنىڭ بايقىلىشى، بىزنى مەتبەئە كەشىپ قىلىنىپ، ئۇزاق ئۆتمەي مەتبەئەدە بېسىلىپ چىققان بويۇملارنى ۋە مەتبەئە ھەرپلىرىنى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. يەنى، نۆۋەتتە دۇنيادىكى ئەڭ بالدۇرقى مەتبەئە بويۇمىنى كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئەڭ بالدۇرقى مەتبەئە تېخنىكىسى تارىخىغا بولغان گۇمان ۋە مۇجمەل قاراشلار ئايدىڭلىشىپ، ئېلىمىزنىڭ دۇنيادا تۇنجى بولۇپ مەتبەئە تېخنىكىسىنى كەشىپ قىلغانلىق ئورنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى.

2) ئېلىمىزنىڭ ئەڭ دەسلەپكى مىخ مەتبەئەنى قوللىنىش دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ئېلىمىزنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىدا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى قوللىنىلىپ ئۇزاق ئۆتمەي غەربىي قىسىم رايونىدىكى تاگخۇت ۋە ئۇيغۇرلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونىنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسى تەسىردە ئارقا- ئارقىدىن مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنى قوللانغان. تاگخۇت خانلىقىنىڭ جۇڭشىڭ ۋىلايىتى (ھازىرقى نىڭشىيا- خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركىزىي يىنچۈەن شەھىرى) ئەتراپىدا، لىياڭجۇ (ھازىر گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ ۋۇۋېي شەھىرى) ، قاراسۇ قەلئەسى (خېيشۈيچېڭ)، تۇرپان قاتارلىق رايونلاردىن ئاز سانلىق مىللەتلەر يېزىقىدىكى مىخ مەتبەئە بويۇملىرى تېپىلدى. بۇنىڭدىن ئەينى زاماندا مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ناھايىتى كەڭ قوللىنىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

3) ئېلىمىزدە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭمۇ بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭمۇ مەتبەئە تېخنىكىسىغا ناھايىتى زور تۆھپىلەرنىڭ قوشقانلىقى ئىسپاتلاندى. تاگخۇت ۋە ئۇيغۇر رايونلىرى قەدىمكى زاماندا ئاز سانلىق مىللەتلەر ياشىغان، مەدەنىي تەرەققىي قىلغان رايونلار ئىدى. يەرلىك مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ماھىر بولۇپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ مۇنەۋۋەر مەدەنىيەتلىرىنىمۇ قوبۇل قىلغاندى. ئۇيغۇرلار چاپا شەكىللىك خەت (خەنزۇچە خەت) مەتبەئە تېخنىكىسىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىسلاھ قىلىپ، ئۆز تىل- يېزىقىغا ماس كېلىدىغان مەتبەئە تېخنىكىسىنى ياراتقان. بۇ، ئەمەلىيەتتە ھەرپلىك يېزىق تېخنىكىسىنىڭ تۇنجى ئۈلگىسىنى ياراتقانلىق ھېسابلىنىدۇ.

4) مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىنى ماددىي ئىسپات بىلەن تەمىنلىدى. بى شېڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىنى 11- ئەسىردە كەشىپ قىلغان. ياۋرۇپادا بولسا مىخ مەتبەئە تېخنىكىسى 15- ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا قوللىنىلغان. بۇ ئىككى رايوننىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللىنىش جەھەتتىكى زامان پەرقى ناھايىتى ئۇزۇن، شۇنداقلا بۇ ئىككى رايوننىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى ناھايىتى يىراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇچە مەتبەئە ھەرپلىرى چاپا شەكىللىك مەتبەئە ھەرپى، ياۋرۇپالىقلارنىڭ مەتبەئەسى ھەرپلىك مەتبەئەدۇر. ئىلگىرىكى ياۋرۇپا ئالىملىرى ئىلمىزدە كەشىپ قىلىنغان مەتبەئە

www.uyghurkitap.com

تېخنىكىسىنىڭ ياۋروپا مەتبەئە تېخنىكىسىغا تەسىر كۆرسەتكەنلىكىنى ئىنكار قىلىشاتتى. ئىلىمىز ئالىملىرى ۋە ياۋروپادىكى جۇڭگو مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ ياۋروپا مەتبەئە تېخنىكىسىغا تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدىغان ئالىملار جۇڭگودا كەشىپ قىلىنغان مەتبەئەچىلىك تېخنىكىسىنىڭ قانداقلارچە غەربكە تارقىلىپ، ياۋروپاغا يەتكۈزۈلگەنلىكىگە ئىنكار قىلغۇچى ئالىملارنى قايىل قىلالىغۇدەك جاۋاپ تاپالمايتتى. تاگغۇتچە، بولۇپمۇ ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ۋە مەتبەئە بويۇملىرى بايقالغاندىن كېيىن، قوللىنىش جەھەتتىكى زامان بوشلۇقىنى ئىككى ئەسىرلىك غەربكە تارقىلىش ئۆتكۈنچى مەزگىلى بىلەن تولۇقلىدى؛ ماكان جەھەتتە بولسا، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن غەربىي يۆنىلىش بويىچە 2000 كىلومېتىردىن ئارتۇق يىراقلىقتا تارقالغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. ئۇيغۇرچە مىخ مەتبەئە ھەرپلىرى ئىلىمىز مەتبەئە ئىدىيىسى ۋە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىدىكى ۋاستىچى تىپ. چۈنكى، ئۇيغۇرچە مەتبەئە ھەرپلىرى غەربنىڭ ھەرپلىك مەتبەئە، ھەرپى پىرىنسىپىنى شەكىللەندۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن، موڭغۇللارنىڭ گۈللىنىشى 13-ئەسىردىن 14-ئەسىرگىچە ئىلىمىزنىڭ غەرب بىلەن بولغان تۈرلۈك ئالاقىسىنىڭ كۆپىيىشىگە بىۋاستە تۈرتكە بولغان. بۇ ئىلىمىز مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ غەربكە تارقىلىشىنى ناھايىتى مۇھىم ئىمكانىيەت بىلەن تەمىنلىدى. تاگغۇتلار بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىنى قوللانغانلىقى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغانلىقى، قىممەتلىك مىخ مەتبەئە بويۇملىرىنىڭ ساقلىنىپ قالغانلىقى- ئىلىمىز ھەتتا دۇنيا مەتبەئەچىلىكىگە قوشۇلغان ئىنتايىن تۆھپە بولۇپ، مىخ مەتبەئەچىلىك تارىخىدا تولىمۇ مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

دېمەك، مەتبەئە ۋە نەشرىياتچىلىق- ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت غەزىنىسىگە قوشقان ئەڭ ئۇلۇغ تۆھپىسى ۋە بۈيۈك كەشپىياتىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قەدىمكى ئاتا- بوۋىلىرىمىزنىڭ يۈكسەك ئەقىل- پاراستى ۋە ئىجادچانلىقىدىن دېرەك بەرگۈچى پارلاق نامايەندىدۇر.

تۇرپان ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا تارقالغان- كىتاب كۆچۈرۈش ۋە تەرجىمە قىلىش ساۋابلىق ئىش دەيدىغان دىنىي ئەقىدىچىلىك تەسىرى بىلەن تۇرپان ئۇيغۇرلىرىدا دىنىنىڭ ۋە دىنىي پائالىيەتنىڭ كەڭرى قانات يېيىپ، بۇددا دىنىنى تارقىتىدىغان ۋە تەشۋىق قىلىدىغان خەلقئارالىق مەركەزلەرنىڭ بىرىگە ئايلىنىپ قېلىشىغا سەۋەب بولدى. كىتاب كۆچۈرۈش ۋە تەرجىمە قىلىش تۇرپان خەلقىنىڭ ئومۇمىي پائالىيىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ قولدا كۆچۈرۈلگەن كىتابلار تەرەپ- تەرەپتىن كېلىۋاتقان بۇددىستلارنىڭ ۋە بۇددا دىنىغا ئىشەنگۈچىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، قومۇش قەلەم بىلەن قولدا كىتاب كۆچۈرۈش بەكمۇ ئېغىر، جاپا- مۇشەققەتلىك ئەمگەك ئىدى. قەدىمكى ئۇيغۇر خەلقى قولدا كىتاب كۆچۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ ئېغىر، جاپا- مۇشەققەتلىك ئەمگەكتىن قۇتۇلۇش ۋە ئىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئېشىلتىپ، باشقىلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش يۈزىسىدىن، كۆپ ئاسانلىق ۋە يەڭگىللىك تۇغدۇرىدىغان مەتبۇئاتچىلىق ۋە نەشرىياتچىلىق ساھەسىدە كۆپ ئىزدەندى. ئاخىرى 5-، 6-ئەسىرلەر ئاخىرىدا ياغاچ مەتبەئەنى ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلدى. «تارىخ ئوقۇتۇشى» نىڭ 1-جىلد 4-سانىغا بېسىلغان فۇيۈخۇەننىڭ

«ئەڭ بالدۇرقى جۇڭگونىڭ مەتبەئە بويۇمى» دېگەن ماقالىسىدا: 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ رايونىغا كەلگەن ئەنگىلىيىلىك ئارخېئولوگ ئا. ستەيىن تۇرپاندىن مەتبەئە بىلەن بېسىلغان بىر قىسىم قەغەز پارچىلىرىنى تاپقان. ئۇنىڭ بىرىدە «ئىدىقۇت 34- يىلى... ئائىلىدە غالجىر ئىت بار، ئۆتكۈچىلەر ئېھتىيات قىلىشى لازىم» دېگەن سۆزلەر يېزىلغان، تارىخچىلار ئىدىقۇتنىڭ 34- يىلىنى مىلادىنىڭ 594- يىلىغا توغرا كېلىدۇ دەپ قارايدۇ. مانا بۇ پاكىت، ئۇيغۇرلاردا مەتبەئەنىڭ 6- ئەسىردىن بۇرۇن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىجاد قىلغان بۇ مەتبەئە زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تەرەققىي قىلىپ مۇكەممەللەشكەن. 13-، 14- ئەسىرگە كەلگەندە، ئۇ ياغاچ مەتبەئەدىن مىخ مەتبەئەگە ئۆزگىرىپ، ئېلىپبەلىك يېزىقا مۇۋاپىقلاشقان. فرانسىيىلىك ئالىم فىللوت دۇنخۇاڭ مىڭ ئۆيدىن ئېگىزلىكى، قېلىنلىقى، توغرىسى باراۋەر ھەرىلەنگەن، قاتتىق ياغاچتىن ياسالغان نەپىس مىخ مەتبەئە ھەرپىدىن بىرنەچچە 100 دانە تاپقان. بۇنى ئالىملار مىلادى 1300- يىللارنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە جۇڭگو ئارخېئولوگىيە ئۆمىگى يېقىندا، تۇرپاندا قېزىش، تەكشۈرۈش ئارقىلىق قەدىمكى دەۋرگە ئائىت مىخ مەتبەئەدە بېسىلغان بىر قىسىم ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلارنى تاپقان. بۇ كىتابلارنىڭ خەت، باسما شەكلى ئېنىق، ئوچۇق، سۈپەتلىك بولۇپ، تۈپلىنىش شەكلى جەھەتتە، ھىندىلارنىڭ كىتاب تۈپلەش، مۇقاۋىلاش، تېكىستنىڭ يۇقۇرى قىسمىغا تۆشۈك ئېچىپ، يىپقا ئۆتكۈزۈش ئۇسۇلى بىلەن تۈپلەنگەن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇدەۋردىكى مەتبەئە ۋە نەشرىياتچىلىق جەھەتتىكى تەرەققىيات سەۋىيىسى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنكى، ئۇلار ئۆزلىرى ئىجاد قىلغان ياغاچ، مىخ مەتبەئە ۋە تاش مەتبەئە ئارقىلىق، ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتابلارنى نەشر قىلىپ، ئۆز دىنى ۋە مەدەنىي ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى ئۆز ئەقىدىسى بويىچە، ھىندىچە، خەنزۇچە، تاڭغۇتچە، زاڭزۇچە ۋە باشقا يېزىقتىكى مەتبەئەلەرنىمۇ ياساپ، بۇددا مەزمۇنىدىكى كىتابلارنى باشقا مىللەت تىللىرىدىمۇ تەرجىمە قىلىپ، نەشر قىلىپ، باشقا مىللەتلەرنىڭ بۇددا دىنى ۋە بۇددا مەدەنىيىتىگە بولغان ئېھتىياجىنىمۇ تەمىن ئەتكەن. دۇنخۇاڭ، تۇرپان، توخسۇن قاتارلىق جايلاردا ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشكە قارىغاندا، بۇ جايدىكى مەخپىي تاش كىمىرلەردە ئۆز ئەينى بويىچە رەتلىك، تەرتىپلىك ھالەتتە ساقلىنىپ قالغان بۇددا دىنى ۋە بۇددا مەدەنىيىتىگە ئائىت يادىكارلىقلاردا بولسۇن، مەيلى بۇتخانا خارابىلىرىنى قازغاندا چىققان بىرنەچچە ئون سانتىمېتىر قېلىنلىقتىكى بىر- بىرىگە چاپلىشىپ، يەملىشىپ كەتكەن پارچە- پارچە يىرتىق ھالەتتىكى قەغەز پارچىلىرىدا خاتىرلەنگەن بۇددا دىنى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت يادىكارلىقلاردا بولسۇن، ھەممىسىدە ئۇيغۇر تۈركىي يېزىقىدا، سانسكرىت يېزىقىدا، خەنزۇ يېزىقىدا، سۈرىيە يېزىقىدا مەتبەئەدە بېسىلغان ۋە قولدا كۆچۈرۈلگەن قول يازمىلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى- دۇنيادا تېخى مەتبەئە ئىجاد بولمىغان قەدىمكى زامانلاردا، مەتبەئەنى تۇنجى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قىتىم كەشپ قىلىپ، ئۇ ئارقىلىق مەتبەئەچىلىك ۋە نەشرىياتچىلىقنى زور تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرۈش بىلەن بىرگە، ئۇنى پۈتۈن دۇنياغا تارقاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئىسلام دىنىنىڭ 11-، 13-ئەسىرلەردە قاراخانىلارغا تەۋە بولغان زېمىنلىرىدىن ھالقىپ، بۇددا مەزھىپىدىكى شەرق ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىغا يېتىپ بېرىشى ۋە كەڭ تارقىلىشى، ئومۇملىششى، ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە ۋە نەشرىياتچىلىقنى، مەدەنىيەت ئاساسلىرىنى ۋەيرانچىلىققا ئۇچراتتى. ئىبادەتخانىلار چېقىلىپ، راھىبلار، بۇددىسلار ئۆلتۈرۈلدى،بۇددا مەزمۇنىدىكى كىتابلار يىرتىلىپ، ئوتتا كۆيدۈرۈلدى. ھەتتا، مەتبەئە ھەرپلىرى ۋە جازىلارچېقىپ تاشلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ دەۋردە ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى ئۇيغۇر يېزىقى ئىسلام دىنىنىڭ دىن تارقاتقۇچىلىرىنىڭ قەدىمى يەتكەنلىكى جايغا سىڭىپ كىرىپ ئۆزلىشىۋاتقان بولغاچقا، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ رولى بۇرۇنقىدەك كۈچلۈك بولماي، ئۇ بارا- بارا ئىستىمالدىن قالدى. مۇشۇنداق شارائىتتا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى مەتبەئەنى يەنە ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئىمكانىيىتى قالمىدى. شۇنداق قىلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە ۋە نەشرىياتچىلىق تېخنىكىسىنى ئۆگىنىپ، ئۇنىڭدىن پايدىلانغان باشقا ئەللەر خەلقلىرى كېيىنكى ۋاقىتتا، مەتبەئەنى ئۆز يېزىقىغا ماسلاشتۇرۇپ قوللۇنۇپ، مەدەنىيەتتە زور تەرەققىياتقا ئېرىشتى. مەتبەئەنى ئىجاد قىلىپ، ئۇنى خېلى يۇقۇرى سەۋىيىگە يەتكۈزگەن ئۇيغۇر خەلقى- ئىسلام دىنىنىڭ توسقۇنلۇقى تۈپەيلىدىن، ئۆز مەتبەئە تېخنىكىسىنى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىققا مۇۋاپىقلاشتۇرماي، بۇرۇنقىدەك كىتابنى قولدا كۆچۈرىدىغان قالاق ھالەتكە چۈشۈپ قالدى. مانا بۇ ئۇيغۇرلاردىكى مەتبەئە ۋە نەشرىياتچىلىقنىڭ يىراق ئۆتمۈش تارىخىدۇر. ol

## 4. ئۇيغۇرلارنىڭ جۇڭخۇا مىنگو (1912- 1949) دەۋرىدىكى تاش مەتبەئە، نەشرىياتچىلىق ۋە كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى

قەدىمكى ئۇيغۇرلار دۇنيادا تېخى مەتبەئە ئىجات بولمىغان ئەشۇ زامانلاردا ئويما مەتبەئە، مىخ مەتبەئە، تاش مەتبەئەنى تۇنجى قېتىم ئىجات قىلىپ، ئۇنى مەدەنىيەت ئەلچىسى سۈپىتىدە دۇنياغا تارقىتىپ، دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىنى ئىلگىرىلىتىش رولىنى ئوينىغان بولسىمۇ، بىراق ئىسلام دىنىنىڭ تارقىلىشى قاراخانىيلارغا تەۋە زېمىنلاردىن ھالقىپ ئۆتۈپ، بۇددا دىنىغا ئىتىقات قىلىپ، بۇددا مەزمۇنىدىكى ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنى يارىتىپ، دۇنيانى ھاڭ – تاڭ قالدۇرغان قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئارىسىغا ئىسلام دىنىنى كېڭەيتكۈچىلىرى بولغان ئىسلام ئاچقۇچىلىرى تەرىپىدىن ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت ياراتقان ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن، ئۇلاردىكى مەتبەئە، نەشرىياتچىلىق، ئاسارە-ئەتىقە، مەدەنى يادىكارلىقلار ھەممە شۇ دەۋر مەدەنىيىتىدىن قىممەتلىك ئۇچۇر بەرگۈچى قىممەتلىك قوليازمىلار كۆيدۈرۈلدى، بۇددا راھىپلىرى ئۆلتۈرۈلدى. ئىبادەت قىلىدىغان بۇتخانىلار چېقىلىش بىلەن بىرگە، مەتبەئە نەشرىياتچىلىقمۇ ئېغىر دەرىجىدە ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ ئىشلىتىلىشتىن توختاپ، قوچو ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى تەۋەسىدىكى ئۇيغۇرلار «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف» ۋە بىر قىسىم ئەدەبىي

كىتابلارنى تاشكەنت، ئۆزبېكىستان، قازان، يېڭى دېھلى قاتارلىق دۆلەتلەردە كىتابەت قىلىپ، شۇ ۋاقىتتىكى دىنى ئېھتىياجنى ۋە ئىلىم – پەنگە بولغان ئېھتىياجنى بىرئاز بولسىمۇ قاندۇرۇپ كەلدى. مانا مۇشۇنداق شارائىت  ئاستىدا نادانلىق، بىخۇتلۇق، قالاقلىق، قاشاغلىق ئاسارىتىدە ئىڭراپ تۇرغان ئۇيغۇر جەمئىيىتىنى ئىلىم – پەن، مائارىپ ئارقىلىق يېڭىلاشنى ئويلىغان ئۇيغۇر ئىلغار زىيالىيلىرى 1890-يىللاردا باۋۇدۇنباي، مەھەممەتئىلى توختىھاجى (تەۋپىق)، ئابدۇقادىر ئابدۇلۋارىس قەشقەرى ۋە نۇر ھاجى قاتارلىق تەرەققى پەرۋەر زىيالىيلار مىللەتنى تەربىيەلەش ئۈچۈن «ئىكساق ھۈسەينىيە مەكتىۋى»نى قۇرۇپ چىقىپ، نۇرغۇن زىيالىيلارنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەتلەردە تەربىيەلەپ چىقتى. ھەمدە ئاكا- ئۇكا مۇساباي ئوغۇللىرى 1890-يىللىرى چەتئەلدىن

1ياسىن ھوشۇر: «ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلىنىڭ 1998-يىلى 4-سان 29-بەت

تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىسى بىر قەدەر يۇقىرى بولغان «مەتبەئەئىي خۇرشىت، مەتەللى نۇرى» (قۇياش مەنبەسى، نۇر مەنبەسى ناملىق تاش مەتبەئەنى كىرگۈزدى ۋە ئۇنى شۇ دەۋرنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇرى، شائىرلىرىدىن ھۈسەيىنخان تەجەللى بىلەن قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ ئىشلىتىشىگە بېرىپ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقىغا ئاساس سالدى. بۇ مەتبەدە ئاتاقلىق شائىر، تېۋىپ، نەشرىياتچى تەجەللى (1850-1930)نىڭ «بەرقى تەجەللى – سەبىقە مۇجەللى» ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمىنى 1897-يىلى نەشر قىلىپ 1000نۇسخا بېسىپ تارقاتتى، بۇ توپلامغا شائىرنىڭ ئۇيغۇرچە، ئەرەبچە، پارسچە يازغان 17پارچە قەسىدە، 32پارچە مۇسەددەس، 15پارچە ھەرخىل تېمىلاردىكى ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن. شائىرنىڭ بۇ توپلىمى ئەينى چاغدىكى شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەدرىس مەكتەپلىرىدە تىل ئەدەبىيات دەرسلىكى قىلىپ قوللىنىلغان. تەجەللى پارسچە يازغان بىر قەسىدىسىدە : «ھەبىب ئەجەم مازىرى» ۋە ئۇنىڭ يېنىغا تەسىس قىلىنغان «ھۈسەينىيە مەكتىۋى»نىڭ قۇرۇلغانلىقىنى ھەمدە بۇ ئىككى ئورۇننىڭ قۇرۇلۇشىغا خىراجەت چىقارغان مۇساباي ئوغۇللىرى ھۈسەيىن ھاجى ۋە باۋۇدۇن بايلارنى ئىنتايىن يۈكسەك بەدىئىي تىل بىلەن مەدھىيىلىگەن.

20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئۇيغۇر نەشرىياتچىلىقى ساھەسىدىكى تۆھپىسى بىلەن، خەلق ئارىسىدا زور تەسىر پەيدا قىلغان  مەدەنىيەت ئەلچىسىنىڭ بىرى قۇتلۇق ھاجى شەۋقىدۇر (1876-1937) . ئۇ قەشقەردىكى خانلىق مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، بىلىم تەھسىل قىلغان. كېيىن مىسىر، تۈركىيە، بۇخارا قاتارلىق دۆلەتلەردىكى ئالى بىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇپ ئەرەپ، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگەللىگەن ھەمدە تۈركىيەدە مۇستاپا كامال باشچىلىقىدىكى ئىسلاھاتچىلىق ھەركىتىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن باۋۇدۇن باينىڭ تەكلىۋى بىلەن «مەتبەئى خۇرشىت، مەتەللى نۇرى»مەتبەئەسىدە مۇھەررىرلىك قىلىپ، شۇ دەۋر كىتابەتچىلىكى ۋە ژۇرنالچىلىقى ئۈچۈن

تېگىشلىك تۆھپە قوشتى. 1910-يىلى قۇتلۇق ھاجى شەۋقى «ئاڭ گېزىتى»نى چىقاردى. مەتبەئە ۋە نەشرىياتچىلىقنىڭ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنىنى تونۇپ يەتكەن قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1933-يىلى 7-ئايدا «ئەركىن ھايات گېزىتى»نى نەشر قىلدى. 1934-يىلى 8-ئاينىڭ 23-كۈنىدىن باشلاپ «يېڭى ھايات گېزىتى»گە ئۆزگەرتىلدى. بۇ گېزىتتە تۈرلۈك مەزمۇندىكى ئەسەرلەرنى ئېلان قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مەرىپەتپەرۋەرلىك ئىدىيىسىنى، جاھالەتكە قارشى كۈچلۈك ئىسيانىنى، ئادالەت ھەققانىيەتكە بولغان تەشنالىقىنى ئىپادىلىدى.

ئۇلۇغ ئالىم ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقىرى (1862-1924)نىڭ تۆھپىسى ئىنتايىن زور بولۇپ، ئۇ مەدرىس مائارىپىنى ئىسلاھ قىلىش، ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئوقۇتۇش پىروگراممىسىنى ئۆزگەرتىش تەلىۋىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بىر قىسىم زۆرۈر بولغان دەرسلىك ماتېرىياللارنى تۈزۈپ چىقتى. مەسىلەن «بىدايىتۇ سەرپ» (باشلانغۇچ مورفولوگىيە)، «ئىلمى نەھۋى» (سىنتاكسىس) دىن ئىبارەت ئىككى پارچە كىتاۋنى قەشقەرنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىرىدىن ۋەلىخان بىلەن نورۇز ھاجىمنىڭ مەبلەغ سېلىشى بىلەن قازان شەھىرىدە «مىللەت مەتبەئەسى»دە ئۆز خىراجىتى بىلەن باستۇرۇپ كىتابەت قىلدى. 1910-يىلى «مىپتاھۇل ئەدىب» (ئەدەبىيات ئاچقۇچى) ناملىق كىتابىنى تاشكەنت «غۇلامىيە»مەتبەئەسىدە نەشر قىلدۇرغاندىن سىرت، مەدرىس مەكتەپلەردە ھېساب دەرسلىكى بولماسلىقتەك قىيىنچىلىقنى ھەل قىلىش ئۈچۈن «تەخسىلۇل ھېساب» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىقتى. ئۇنىڭدىن باشقا «ئىلمى تەجۋىد» (قىرائەت)، «ئاقايىت جەۋھەرىيە» (ئەقىدىلەر جەۋھەرلىرى)، «پاساھىئۇل ئەتپال» (ياش ـئۆسمۈرلەرگە نەسھەت)، «نەسەھەتى ئامما» (ئاممىغا نەسھەت) قاتارلىق ئەسەرلەرنى (كىتابلارنى) ئابدۇقادىر بىننى ئابدۇلۋارىس قەشقىرى ئۆزى يېزىپ «مەتبەئە خۇرشت»، «مەتەللى نۇرى» مەتبەئەسىدە باستۇرۇپ، كىتابەت قىلىپ، ئۇيغۇر مەدرىس مائارىپىنىڭ دەرسلىك قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى.

ئاتاغلىق پېداگوك، مائارىپ شۇناس تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئوقۇتۇش تەجرىبىسىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان «ئۇسسۇل تەدرىس» ناملىق پېداگوگىكا رىسالىسى «مەتبەئى خۇرشت»، «مەتەللى نۇرى» مەتبەئەسىدە بېسىلىپ، كىتابەت بولۇپ «ھەبىب زادە دارىلمۇئەللىمىن»مەكتىۋىدە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلدى. بۇ مەتبەئەدە يەنە 1928-يىلى« ئېلىم جىغراپىيا» (دۇنيا جۇغراپىيىسى) دەرسلىك كىتابى نەشر قىلىنىپ «ھۈسەيىنىيە مەكتىۋى»دە ۋە ھەر قايسى مەدرىس مەكتەپلىرىدە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلدى. بۇ كىتاب قاتتىق مۇقاۋىلىق، 205بەتلىك كىتاب بولۇپ، ئۇنىڭ باش قىسمىغا جۇغراپىيىلىك ئاتالغۇلارغا ئىزاھات بېرىلگەندىن باشقا ئاسىيا، ياۋرۇپا، ئافرىقا، ئاۋسترالىيە، جەنۇبى ئامرىكا، شىمالى ئامرىكا قاتارلىق دۆلەت ۋە قىتئەلەردىكى 89دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، يەر مەيدانى، ئېگىز تاغ – چوققىلىرى، ئاراللىرى ،جۇغراپىيىلىك ئورنى، 1928-يىلنىڭ بېشىدىكى نوپۇسى، پايتەختى، شەھەرلىرى، ئىقلىمى، دېڭىز ـكۆللىرى، تاغ-دەريالىرى، كان ـبايلىقلىرى، ياشايدىغان مىللەتلىرى، ئىشلەپچىقىرىلىدىغان زىرائەتلىرى، ھۈنەر-كەسپلىرى جەدۋەللەشتۈرۈپ

تونۇشتۇرۇلغاندىن باشقا، بۇ كىتابقا يەنە 46 پارچە فوتۇ سۈرەت كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، سۈرەتلەرنىڭ ئىنىقلىق دەرىجىسى ناھايىتى يۇقىرى. بۇ كىتابتا يەنە ۋەتىنىمىز جۇڭگونىڭ جۈملىدىن شىنجاڭنىڭ جۇغراپىيىلىك ئەھۋالى، ئىچكى ئۆلكىلەردىكى چوڭراق بولغان 36 شەھەرنىڭ، شىنجاڭدىكى 41 شەھەر (ناھىيە)نىڭ 1928-يىلى، يىل بېشىدىكى نوپۇسى جەدۋەللەشتۈرۈلگەن. ئومۇمەن شىنجاڭدا يېقىنقى زامان نەشرىياتچىلىق، مەتبەئەچىلىك ۋە كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى 20-ئەسىر كىرىشى بىلەنلا پەيدا بولغان. 1910-يىلى قەشقەردە يېڭىسارلىق نۇرھاجى «مەتبەئى نۇر»ناملىق تاش مەتبەئەنى قۇرغان بولسا، 1920-يىلى غۇلجا كۈرەدىمۇ «تاش مەتبەئە» قۇرۇلغان. 1920-يىلى قەشقەر يېڭىشەلىك مۇھەممەتخان تاھىراخۇن خەلپىتىم دىگەن كىشى يەنە مىخ مەتبەئەنى ئىجات قىلغان. بۇ مەتبەئەنىڭ ھەرپلىرى كەسمە شەكىلدە ياغاچتىن ئويۇلغان، ھەرپ شەكلى قوغۇشۇن ھەرپلەرگە قارىغاندا قوپالراق بولسىمۇ سۈپەت جەھەتتە خەتلىرى كۆركەم ۋە ياخشى ئىدى. بۇ مەتبەئە دىيارىمىزنىڭ خوشنا دۆلەتلەر بىلەن ئالاقە سۇسلاشقان ۋاقىتلاردا مەدرىس مەكتەپلىرىنىڭ دەرسلىك كىتابلىرىنى بېسىش، تالىپلار ئۈچۈن تۈرلۈك ماتېرىياللارنى تەييارلاش ئېھتىياجىدىن چىققان. 1905-يىلى شۋېد دىن تارقاتقۇچىلىرى تەرىپىدىن قوغۇشۇن مەتبەئە قەشقەرگە كەلتۈرۈلۈپ، شۇ ۋاقىتتىكى خرىستىئان دىنىنىڭ تەرغىباتلىرىنى تەشۋىق قىلىش رولىنى ئوينىغان. 1937-يىلى شىنجاڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قوغۇشۇن مەتبەئە كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، ئەينى دەۋردىكى «ئالتە شەھەرنىڭ روزنامىسى» دىگەن گېزىت چىقارغان. شىۋتلارنىڭ مەتبەئەسى قول بىلەن ئايلاندۇرىلىدىغان مەتبەئە بولۇپ، ئۇ چوڭ-كىچىك مەتبەئە دەپ ئايرىلغان. چوڭ مەتبەئەدە گېزىت باسقىلى بولسا، كىچىك مەتبەئەدە تالۇن باسقىلى بولاتتى. ئۇنىڭ ھەرپلىرى ئەرەپ يېزىقى ئاساسىدا ئۆزگەرتىلگەن چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى ئىدى. بۇ دەۋردە يەنە مەمتىلى توختى ھاجى (تەۋپىق)، تۇرسۇن ئەپەندى ۋە نۇرغۇن شائىرلارنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى ئىنتايىن چىرايلىق ۋە كۆركەم ھۆسنىخەت بىلەن يازىدىغانلىقى مەلۇم. بۇ دەۋردە يەنە راھىلە بۈۋى موللام ئاچام (1860- 1917) ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساسچىسى ئۇستا خەتتات ھەم تۇنجى ئايال ئوقۇتقۇچى راھىيە خانىم ئۆز دەۋرىنىڭ ئۇستا خەتتاتلىرى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان. ئۇ 22 ياش ۋاقتىدا كۆچۈرۈپ چىققان «قۇرئان» ئۇيغۇر خەتتاتلىقىنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە تاكى ھازىرغىچە ئۈستۈن ئاتۇش يېزىسى، ئىكساق كەنتىدىكى نەۋرىسى ئامىنە غۇپۇرنىڭ قولىدا ساقلانماقتا. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدىكى نەشرىياتچىلىق، مەتبەئەچىلىك، خەتتاتلىق ۋە كىتابەتچىلىك ئىشلىرى ئالاھىدە تەرەققى قىلغان بولۇپ، «مەتبەئى خۇرشت، مەتەلل نۇرى» مەتبەئەسى ۋە «ئاڭ گېزىتى» يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدا ئالاھىدە مۇھىم ئورۇننى تۇتىدۇ. [1]

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۇرسۇن ئابدۇلجان: «ھۆسەينىيە روھى – تەكلىماكاندىكى ئويغىنىش» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2000-يىلى 9-ئاي 1-نەشرى 1-بېسىلىشى 171-بەت

# 10-باب ئۇيغۇرلارنىڭ كۈتۈپخانىچىلىق مەدەنىيىتى

## 1. ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب ساقلاش ئادىتى ۋە كۈتۈپخانىچىلىق

ئۇيغۇر خەلقى- مول مەدەنىيەت بايلىقلىرىنى يارىتىپلا قالماستىن ئىلغار بولغان پەرزەنت تەربىيىسى ئەنئەنىسىنىمۇ بارلىققا كەلتۈرگەن، تارىختا دۇنياغا مەشھۇر دۆلەت ئەربابلىرى، سىياسىئونلا، مەدەنىيەت پېشۋالىرى، بۈيۈك ئالىملار ۋە تەڭداشسىز قەھرىمانلارنى تەۋەللۇت قىلىپ، دۇنيا مەدەنىيەت مۇنبىرىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى جارى قىلدۇرغان. مانا مۇشۇ ئالىم، ئەدىب، يازغۇچى، شائىرلار، ماتېماتىكلار، ئاسترونوملار، تەقۋىمچىلەر (كالىندارچىلىق)، نىڭ شەجەرىسىنى ۋاراقلايدىغان بولساق ئاتا- ئانا تەربىيىسىنىڭ ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتەلەيمىز. «ھازىر ئالىملارنىڭ تەكرار تەتقىقاتىدا ئىسپاتلىنىشىچە بىر كىشىنىڭ ئىگەللىگەن بىلىمىنىڭ 5%-10%تى مەكتەپتە ئىگەللەنسە، 90-95%تى خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن ئۆزلۈكسىز ئۆگىنىش ئارقىلىق قولغا كېلىدىكەن». شۇڭا قەدىمكى ئۇيغۇرلار ئۆز پەرزەنتىنى ئەقىل-پاراسەتلىك قىلىپ تەربىيىلەش ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئائىلە تەربىيىسىنى كۈچەيتىش بىلەن بىرگە، پەرزەنتلەرنىڭ ساۋادىنى ئۆزلىرى چىقىرىپ ياكى موللىلارغا ئاپىرىپ بىرىپ، مەدرىس مەكتەپلەردە ساۋادىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، «قۇرئان كەرىم»، «سىيەر شەرىف»، «ھەدىس شەرىف» ۋە تۈرلۈك مەزمۇندىكى ئەدەبىي كىتابلارنى قىممەت باھادا سېتىۋېلىپ ياكى بىر نەچچە تۇياق قوي، كالا بىلەن ئالماشتۇرۇپ ئېلىپ، ياكى سېتىۋېلىپ پەرزەنتلىرىنى ئائىلە تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ كىتاب ئارقىلىق تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ كىتابلارنى ئاتا-ئانامنىڭ دادىسىدىن قالغان، بوۋامنىڭ بوۋىسىدىن قالغان دەپ ناھايىتى ئەزىزلەپ، قەدىرلەپ شۇ ئائىلىنىڭ قىممەتلىك مەدەنى يادىكارلىقى سۈپىتىدە ئۆينىڭ مېھمانخانىسىنىڭ تۆرىدىكى تاكچىغا ياكى كىتاب جازىسىغا ئەتىۋارلاپ تىزىپ، ئەزىزلەپ ساقلىغاندىن باشقا، ئۆز پەرزەنتىگە ئوقۇۋاتقان كىتابىنىڭ مەزمۇنى، خاراكتېرىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئەتىگەن ۋە كەچقۇرۇن ۋاقىتلاردىكى بوش ۋاقىتلارنى مەھكەم تۇتۇپ، پەرزەنتلىرىگە قىسسە، چۆچەك، رىۋايەت، ھېكايە، تېپىشماق سۆزلەپ بېرىپ، ئۆز پەرزەنتلىرىنى قەيسەر، باتۇر، ئەقىل-پاراسەتلىك قىلىپ تەربىيىلەشكە ئەزەلدىنلا ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ھەر يىلى نەۋرۇز بايراملىرىدا ۋە رامىزان ئايلىرىدا پەرزەنتلىرىگە كىتاب ئېلىپ بېرىپ، ياكى بۇ ۋاقىتتا نەشريات، مەتبۇئات بولمىغاچقا خەتتاتلارغا مەزمۇنى مول، پەرزەنت تەربىيىلەشتە قاراتمىلىقى كۈچلۈك بولغان قەدىمكى كىتابلارنى بىر نەچچە تاغار بۇغداي ياكى قوناق بېرىش بەدىلىگە كۆچۈرگۈزۈپ، بۇ كىتاب ئارقىلىق پەرزەنتلىرىنى تەربىيىلەشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. نەتىجىدە ھەر يىلى نەۋرۇز بايرىمى ۋە رامىزان ئايلىرىدا سېتىۋالغان بۇ كىتابلار ئاستا-ئاستا توپلىنىپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە كىتابخانىسىنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن، 1860-يىلىدىكى تارىخى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، غۇلجا شەھىرىدىكى ئابدۇل مۇتائالى خەلپەمنىڭلا ئۆيىدە 10مىڭ پارچىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئارتۇق كىتاب ساقلانغان. جۇڭخۇا مىنگو دەۋرىدە مەرىپەتپەرۋەر سودىگەر مۇسا بايوپلار ئىلىدە شەخسى كۈتۈپخانا ئاچقان.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىتاب ساقلاش ئادىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، كىتابنى ئۆزىدىنمۇ ئەزىز كۆرۈپ كەلگەن. ئۇيغۇرلار كىتابنى تاھارەتسىز تۇتمايتتى ھەم بىتەرەت تۇرۇپ كىتابقا قارىمايتتى. كىتابنى ئۆز بېشىدىن ئېگىز جايغا قويۇپ ساقلىغاندىن باشقا، كىتاب تىزىلغان تەرەپكە پۇت ئۇزىتىپ ياتمايتتى. دىمەك ئۇيغۇرلاردا كۈتۈپخانىنىڭ مەيدانغا كېلىشى ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ پارلاق مەدەنىيەت يارىتىشىدا كۈتۈپخانىچىلىق بولۇپمۇ ئائىلە كۈتۈپخانىچىلىقى مۇھىم ئورۇننى ئىگەللەيدۇ.

كۈتۈپخانا ئىلمى كۈتۈپخانا ئىشلىرىنىڭ پەيدا بولۇش، راۋاجلىنىش، تەشكىللىنىش شەكلى ۋە ئۇنىڭ خىزمەت قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا كۈتۈپخانىچىلىق ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خاندانلىقى دەۋرىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان. مەسىلەن، مىلادى 939-، 1006-يىللىرى ئاتاغلىق سەيياھ ۋاڭ يەندى ئۆزىنىڭ ئاستانە خاتىرىلىرى دىگەن ئەسىرىدە «ئىدىقۇتتا ھەر خىل تىللاردا يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنى كۆردۈم»دەپ يازغان. ۋاڭ يەندى كۆرگەن بۇ نۇرغۇن كىتابلار بۇددىسلارنىڭ ئۆيىدە ۋە بۇتخانىلاردا يىغىپ ساقلىنىپ، ئۇيغۇر بۇددا مەدەنىيىتىنىڭ ۋە كۈتۈپخانىچىلىقىنىڭ نەمۇنىسىنى ياراتقان.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن مۇسۇلمان بولغانلارنى تەربىيلەش مەقسىتىدە قۇرۇلغان ئەڭ ئالى بىلىم يۇرتى «مەدرىس»لەردە كۈتۈپخانا تەسىس قىلىنغان. بۇنى مەدرىسلەردە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇر ئوقۇغۇچىلار دەرسكە بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇغان. شىنجاڭدا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا قۇرۇلغان مەدرىسلەرنىڭ يېنىغا سېلىنغان كۈتۈپخانىلاردا كىتاب زاپىسى ناھايىتى زور بولغان. كىتاب ئارقىلىق ئادەم تەربىيلەش رولى ناھايىتى چوڭقۇر بولغان. ئىسلام ئۇسلۇبىدا سېلىنغان مەسچىتلەرنىڭ يېنىغىمۇ زور كۆلەمدىكى كۈتۈپخانىلار ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ بالدۇرراق نامازغا كەلگەن كىشىلەرگە كەڭ دائىرىدە ئېچىۋېتىلىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ كىتابقا، بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. مەسىلەن، غۇلجىدىكى بەيتۇللا مەسچىت، نۇراخۇن ئاقساقال مەسچىتى، تاختىيۇن مەھەللىسى مەسچىتى ۋە سۇ دەرۋازا مەسچىتلىرىنىڭ ھەر بىرىدىمۇ 5مىڭ، 6مىڭ پارچىدىن ئارتۇق ھەر خىل مەزمۇندىكى كىتاب زاپىسى بولغان.

ئىسلام ئۇسلۇبى بويىچە مازار (گۈمبەز) ياساش ئۇيغۇرلاردا ئەۋج ئېلىپ، چوڭ-چوڭ مازارلارنىڭ يېنىغا كۈتۈپخانا تەسىس قىلىنغان ياكى مازارلارنىڭ گۈمبىزىنىڭ ئىچىگە كىتاب تىزىپ قويۇش ئارقىلىق ئاتا-ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە زىيارەتكە كەلگەن تاۋاپكارلارنىڭ كىتاب ئوقۇپ، تۆبە ئىستىغفار ئېيتىپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتىدە ياخشى ئىش، ياخشى ئەمەللەرنى قىلىشقا دەۋەت قىلىنغان. مەسىلەن، قەشقەر ئوپالدىكى ھەزرىتى موللام مازىرى (مەھمۇد كاشغەرى)، يۈسۈپ قادىرخان مازىرى، يۈسۈپخاس ھاجىپ مازىرى، ئاپاق خوجا مازىرى ۋە ئاقسۇدىكى قىرمىش ئاتا

مازارلىرىنىڭ قەبرىلىرى ئىچىدە، گۈمبەزنىڭ تاكچىلىرىدا نۇرغۇن كىتابلار بار بولغان.

مەرىپەتپەرۋەر سودىگەر مۇسابايوپلار ئىلىدىكى توققۇز مەھچىت، تۆت خۇسۇسى مەكتەپكە زور مىقداردا كىتاب ئېلىپ بەرگەن ۋە خۇسۇسى كۇتۇپخانا ئاچقان. 1870-يىلى باۋۇدۇن مۇسابايوپلار ئىلى بەيتۇللا مەسچىت يېنىدا ئاچقان تۆت سىنىپلىق پەننى مەكتەپ ۋە ئىلى «ھۈسەينىيە مەكتەپ»دىن باشلاپ، ئىلى، تارباغاتاي، ئالتاي قاتارلىق جايلاردا قۇرۇلغان دىنى، پەننى مەكتەپلەردە بولۇپمۇ 173 ئوتتۇرا-باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھەم جايلاردىكى ئۇيغۇر ئويۇشمىلىرى ئويۇشتۇرغان مەدەنىيەت يۇرتلىرىدا 300دىن كۆپرەك كۇتۇپخانىلار بولغان. بۇ كۇتۇپخانىلارنىڭ چوڭلىرىدا پەننى ۋە دىنى مەزمۇندىكى كىتاب بولۇپ، نەچچە 10مىڭ پارچە كىتاب ساقلانغان. 1947-يىلى ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئىلى ۋىلايەتلىك ياشلار ئىتتىپاقى قورۇسىدا كۇتۇپخانا قۇرۇلغان. بۇ كۇتۇپخانىغا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان 3000پارچە كىتاب قويۇلغان.

غۇلجا، چۆچەك قاتارلىق ئىككى ۋىلايەتتە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ كىتابخانىسى 1947-يىللاردا قۇرۇلغان بولۇپ، بۇلارنىڭ قارمىقىدا كۇتۇپخانا بولغان. بۇلاردىكى كىتاب ۋە گېزىت-ژۇرناللار 100مىڭ پارچىدىن ئاشقان.

قەشقەر، تۇرپان، كۇچار، ئىلى، خوتەن ۋە بالاساغۇن قاتارلىق چوڭ شەھەرلەردە ۋە شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر، ناھىيىلىرىدە ھەر دەرىجىلىك مەدرىسلەر ئومۇملۇشۇپ قۇرۇلۇپ، بۇ مەدرىسلەر ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ ئالى بىلىم يۇرتى بولغىنى ئۈچۈن، مەدرىسلەرنىڭ يېنىغا ھەر دەرىجىلىك كۇتۇپخانىلار قۇرۇلۇپ، مەدرىسلەردە ئوقۇدىيدىغان تالىپلارنىڭ بىلىمگە بولغان تەشنالىقىنى قاندۇرۇپ كەلگەن. مەسىلەن، 10-ئەسىرنىڭ ئىككىنچى يېرىمىدىن 11-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە، قەشقەردە قۇرۇلغان «مەدرىسەئى ساچىئە» (بىلىم نۇرلىرىنى ساچقۇچى ساچىئە مەدرىسى)، «مەدرىسەئى ھامىدىيە»، «مەدرىسەئى مەھمۇدىيە»ۋە «قەشقەر خانلىق مەدرىسى» ۋە ئاقسۇ كۇچادىكى «ساق — ساق مەدرىسى»، ئىلىدىكى «بەيتۇللا مەدرىسى»لەرنىڭ ئىچىدە كۇتۇپخانا بولۇپ، دىنى مەزمۇندىكى ۋە پەننى مەزمۇندىكى كىتابلار ناھايىتى كۆپ ئىدى. بۇ كۇتۇپخانىلار ۋە بۇ كۇتۇپخانىدىكى ھەر خىل مەزمۇنلاردىكى كىتابلار مەھمۇت كاشغەرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەخمەد يۈكنەكى، موللا مۇسا سايرامى، ھۈسەيىنخان تەجەللىدەك يېتۈك ئالىملارنى تەربىيىلەشتە رولى ناھايىتى چوڭ بولغان. بۇ كۇتۇپخانىلارنىڭ كىتاب جۇغلانمىسى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، 1957-يىلىغىچە كىتاب ساقلاپ كەلگەن. 1966-يىلى باشلانغان ئاتالمىش مەدەنىيەت ئىنقىلابىي مەزگىلىدە بۇ كۇتۇپخانىلار چېقىۋېتىلىپ، كىتابلار بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچرىغاندىن سىرت، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك كىتابلار كۆيدۈرۈۋېتىلگەن. [1]

---

[1] شېرىپ خۇشتار: «ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي دەۋرىدىكى كۇتۇپخانىچىلىق ۋە ژۇرنالچىلىق»، «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىق» ژورنىلى -يىللىق -سان -بەت.

كۇتۇپخانىچىلىقنىڭ مەيدانغا كېلىشى ۋە راۋاجلىنىشى، ئىنسانىيەت تارىخىي تەرەققىيات ئېقىمى بويىچە مەيدانغا كەلگەن ۋە راۋاجلانغان. ھازىرغىچە كۇتۇپخانىچىلىق ئۈچ تارىخىي باسقۇچنى

www.uyghurkitap.com

بېشىدىن كۆچۈردى.

## 2. قەدىمكى دەۋردىكى كۇتۇپخانىچىلىق

(1) تۇنجى قېتىملىق كۇتۇپخانىلارنىڭ مەيدانغا كېلىشى

قەدىمكى زامانلاردا خەت ھىروغلۇپ(تەسۋىرىي خەت) يېزىق شەكىللىرىدىن ئاستا- ئاستا ھەرپ ئاساسىغا كۆچۈپ، كىتابلار يېزىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن ، ئالىم، دانا كىشىلەر ۋە ئوردا ئەمەلدارلىرى شەخسىي كىتاب يىغىشقا باشلىغان. كېيىن تەرەققىي قىلىپ كىتابخانا بىنا قىلىپ مەخسۇس جوغلانمىلىرىنى يىغقان ۋە يىغدۇرغان.

مەلۇم بىر كىشى ۋاپات بولۇپ كەتسە، مەرھۇم بىلەن بىرگە ۋەسىيەتنامە، ۋەسىقە كىتابلارنىمۇ بىللە كۆمىدىغان دەۋرلەرمۇ، كىتابلارنى يادلىتىدىغان، كۆچۈرتكۈزىدىغان، يىغىدىغان دەۋرلەرمۇ بولغان. بۇ دەۋلەرنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۇرۇشكە بولىدۇ.

«جانلىق كۇتۇپخانىچىلىق دەۋرى» مىلادىدىن ئىلگىرى يۇنانلىقلار ئادەملەرگە «ئىلئادا ئودىسا»، «ئىلىيىدا» قاتارلىق كىتابلارنى؛ ئىسرائىللار ۋە بابىل، ئاسۇرىيەلىكلەر، ئىبرانى تىلىدىكى «تەۋرات»، « ئىنجىل»، «زەبۇر» قاتارلىق كىتابلارنى؛ ئەرەب، پارس ۋە تۈركلەر بولسا،« قۇرئان» «مۇسھەب»، «ھەدىس» ۋە « نوم» لارنى ياد ئالدۇرۇغان. ئۇندىن باشقا، ئىنسانلار ئارىسىدىكى خەۋەرچىلىك ئىشلىرىدا پوچتا بولمىغاچ، خەۋەرچىلەر تاپشۇرۇلغان گەپلەرنى ئۇنتۇپ قالماسلىق ئۈچۈن يادقا دەپ ماڭىدىغان ئىشلارمۇ بولغان. ھەتتا، بۈگۈنكى ئېسكىموسلارغا ئوخشاش خەتلەرنى يېپ تۈگۈنى، ياغاچ پۈتىقى قاتارلىقلار بىلەنمۇ بىلدۇرىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولغان. ئۇنىڭدىن سىرت، كىتاب ۋە يازمىلاردىكى ھەممە نەرسىلەرنى بىرلا ۋاقىتتا تەڭلا بىلىپ كەتكىلى بولمىغانلىقتىن، ئەشۇ خىل يازمىلاردىكى مەزمۇنلارنى بىر قەدەر چۈشەنگەن كىشلەردىن سوراپ ئۇگىنىدىغان ۋە شۇ ئاساستا بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولىدىغان ۋاقىتلارمۇ بولغان. يۇقۇرىقىلار ئىنسانىيەتنىڭ جانلىق كۇتۇپخانىچىلىق دەۋرى ياكى كۇتۇپخانىچىلىقنىڭ جانلىق دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ.

(2) قەبرە- (گۆرۇستانلىق) كۇتۇپخانىچىلىقى: قابىل، ھابىلنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىنلا ئادەم باللىرى ئارىسىدا قىرغىنچىلىق، ئۇرۇش- تالاش يۈز بېرىشكە باشلىدى. غالىبلار مەغلۇبلارنى بوزەك ئېتىپ، ئۇنىڭ يەر-زېمىن، ئۆي-ماكان، خوتۇن- قىزلىرىنى ۋە مال- مۈلۈكلىرىنى بۇلىغاندىن تاشقىرى، تەئەللۇقاتلىرىغا ئوت قويۇپ، خالىغانچە ۋەيران قىلىدىغان زالىم ھەرىكەتلەر يۈز بەرگەنلىكتىن، ئىنسانلار ئارىسىدا خاتىرجەمرەك ۋە تېنىچراق جاي دەپ، كىتاب، ۋەسىقە، توختام، ھۆججەت، خەت- چەك ۋە مال- دۇنيالىرىنى قەبرىستانلىقلاردا ساقلاپ كۆڭلى ئەمىن تېپىشقاندىن كېيىن، قەبرىستانلىق كۇتۇپخانىلىرى بارلىققا كەلدى.

مىسىردىكى دۇنياغا مەشھۇر خوفۇ پىرامىداسىدىن تارتىپ ئاقسۇدىكى « قىرمىش ئاتام » مازىرى ، قەشقەر ئوپالدىكى «ھەزرىتى موللام» مازىرى، «يۈسۈپ قادىرخان غازى پادىشاھى» مازىرى « يۈسۈپ خاس ھاجىپ»،قەشقەر يېڭىشەھەردىكى « سىيىت ئەلى ئارسلانخان» مازارلىرىدىكى

( يېڭسار ئودامدا) « كىتاب ساندۇقلىرى» ۋە قەبرىلەر ئىچىدە، تاكچىلاردا ساقلانغان كىتاب، خەت- چەك، ۋە ۋەسىقىلەر قەبرىستانلىق كۇتۇپخانىچىلىقىنىڭ ئەمەلىي مىسالىدۇر.

(3) كىتابلارنى ئۆزگەرتىش دەۋرى: دۇنيا ئوتتۇرا ئەسىر دەۋرىگە قەدەم قويغاندا، كىشىلەر ئارىسىدا قەدىمكى كىتابلارنى ئۆز راھى بويىچە ئۆزگەرتىدىغان«ھاۋارىيۇيۇنچىلار»(ئىسلاھاتچىلار)، «بىدئەتچىلەر» (كونىلىقنى تىرىلدۈرگۈچىلەر) چىقىپ كىتابنىڭ ئەسلى تېكىستلىرىنى تۈرلۈك ئۇسۇللار بىلەن قىرىپ، ئۆزگە ياقمىغان مەزمۇنلارنى چىقىرىۋېتىدىغان ئىشلار مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. شۇڭا، كىشىلەردە كىتابلارغا گۇمانىي قاراش پەيدا بولىدىغان ئەھۋاللار شەكىللەندى.

پىرئەۋىن دەۋرىگە كەلگەندە، ئىسكەندەرىيىدە يۇقىرقى ئەھۋاللارنى تۈگىتىش ئۈچۈن ناھايىتى زور كۇتۇپخانا تەسىس قىلىپ، مىسىر تەۋەسىدىكى كىتاب، خەت يېزىلغان تېرە، تاختىلارنى توپلىغان ھالدا بىر كۇتۇپخانا ۋە كۇتۇپخانىچىلىق كەسپى ئۇيۇشتۇرۇلغان. شۇنىڭدىن كېيىن «پىرگام (كىچىك ئاسىيا) شەھرى كۇتۇپخانىسى» زور قەدەملەر بىلەن ئىلگىرلەپ كەتكەن. پىرئاۋىنلار تىخى قەغەز ئىشلىيەلمىگەندە پىرگاملىقلار بىزدىن قەغەز ئىشلەشنى ئۆگىنىپ، پابرۇس (نىل ۋادىسى ئۆسۈملۈكى)، قوي، ئۆچكە تېرىلىرىدىن قەغەز ئىشلەشنى يولغا قويغان. ئۇلارنىڭ ئىشلىگەن تېرە قەغەزلىرى بىر ياڭاق شاكىلىغا سىققىدەك دەرىجىدە سۈپەتلىك بولسىمۇ، سانى چەكلىك ئىدى.

مىلادىيە 704- يىلى ئەرەبلەر سەمەرقەندنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن، ھەممىدىن بۇرۇن قەغەز ياساش تېخنىكىسىنى غەربىي يۇرتدىكى ئۇيغۇرلاردىن ئۆگۈنۈپ، ئۇنى تېز ئىگەللەشكە تىرىشىپ، ئۇنى سەمەرقەندتىن دەرھال ئەندەلى، سىلىتسىيە، سىبىرىيىلەرگە يۆتكەپ، زور تىپتىكى قەغەز كارخانىلىرىنى قۇرغان. ئۇلار چوڭ تاختىلىق باغداد قەغىزىدىن تارتىپ، كەپتەر بىلەن ئەۋەتىلىدىغان ئاخبارات ۋە خەت قەغىزىنىمۇ ئىشلىيەلەيدىغان دەرىجىگە يەتتى.

قەدىمكى دەۋرلەردە كىتابلار ئىنتايىن ئاز بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلار ئۇلارنى قەدىرلەپ ۋە ئۇزاق مۇددەت ساقلاشنى مەخسەت قىلىپ، ئالتۇن ۋاراقلارغا كۆچۈرىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. يېقىندا سىرلانكىدا بىر بۇتخانا تېمى ئاستىدىن مىلادى 5- ئەسىردە يېزىلىپ، 15 ئەسىر توپا ئاستىدا كۆمۈلگەن 14 ئالتۇن بەتكە يېزىلغان بىر كىتاب تېپىلغان، ئۇ ھېچقانداق تەسىرگە ئۇچرىمىغان. ئۇندىن باشقا يەمەن جۇمھۇرىيىتى، سىنا مەسچىدى تورۇسىدىن تۆتىنچى خەلىپە ئەلى بىننى ئەبۇ تالىپ دەۋرىدە يېزىلغان «قۇرئان» نۇسخىسىمۇ تېپىلغان. ئۇمۇ ھېچقانداق زەخمىگە ئۇچرىماي ئۆز پېتىچە ساقلانغان.

كىتابلار قەدىمكى دەۋردە تولىمۇ ئەتىۋارلىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوغرىلىنىشتىن ئېھتىيات قىلىپ، شىرەگە زەنجىر بىلەن باغلىنىپ ساقلىناتتى. پارىژ مىدىتسىنا كۇتۇپخانىسىدا بۇ ئەھۋال تاكى 1770- يىلغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. ئىتالىيە ئارخېئولوگى سىيئۇن مافقى يېقىندا ۋەيرۇن خارابىسىدىن ۋەيرۇن كۇتۇپخانا ئامبىرىنى تاپتى. بۇ نەتىجىدىن يەنە نۇرغۇنلىغان يېڭىلىقلار بايقىلىشى مۇمكىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۈيۈك سەئىدىيە سەلتەنىتىنىڭ بىرىنچى ۋارىسى سۇلتان ئابدۇرەشىدخان قەشقەردە ۋالىيلىق ئىشىنى بېجىرىۋاتقان ئوغلى سوپى سۇلتانغا «... پەرزەندى چەمەنزارىم: بۇزرۇكۋارغا سۇتۇق بۇغراخان غازى پادىشاھىم، باھادىر ئىسلام، پەزىلەتلىك ئالىم يۈسۈپ خاس ھاجىپلارنىڭ مەقبەرە گۇرۇستانىنى تەمىر ئەيلەپ، كىتابلار يازدۇرۇپ، ۋەخپى قىلىپ، نامى ئەزىزىمدىن سەلتەنەتىمىزنىڭ ئىقبالىنى فۇزۇن ئەيلىگەيسىز....» دەپ نامە يېزىپ، ئۇنىڭغا تەۋسىيە قىلغان.

يۇقىرىقى دەلىل ۋە پاكىتلار قەدىمكى كۇتۇپخانا ۋە كۇتۇپخانىچىلىقنىڭ بېسىپ ئۆتكەن يوللىرى ۋە ئۇنىڭ ئەمەلىي نەتىجىلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە بولسىمۇ يورۇتۇپ بېرەلەيدۇ.

كېيىنكى دەۋرلەرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ بۇرژۇئا ئىنقىلابى دەۋرىگە كەلگەندە، كۇتۇپخانا ۋە كۇتۇپخانىچىلىق بىر قەدەر تەرەققىي قىلىپ، بۇرژۇئا ئىنقىلابىنىڭ تەسىرى بىلەن كۇتۇپخانا جەمئىيەتكە ئېچىۋېتىلدى. بۇ دەۋردە بۇرژۇئا ئالىملىرى ۋە جاھانگىرلار دۇنيانىڭ ھەممە يەرلىرىگە قاتراپ، ئومۇمىيۈزلۈك قىدىرىپ تەكشۈرۈشكە باشلىدى. بۇ جەھەتتە ئۇلارنىڭ كۆزى قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشىكىنىڭ بىر تارمىقى بولغان قەدىمكى قورغار رايونىغا نوقتىلىق تىكىلدى.

1902- يىلى ئاۋغۇستتا، ياپونىيىلىك داگو گۇاڭروي بەش كىشىلىك ئۆمەك بولۇپ تەشكىللىنىپ، روسىيىدىن ئۆتۈپ، ئۈلۈغچات ئارقىلىق قەشقەرگە كېلىپ، بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، يەكەن ئارقىلىق تاشقورغانغا بېرىپ، ئۇ يەرنى غەيرى مەخسەت بىلەن قىدىرىشقا باشلىدى. ئۇلار يەنە 1906- يىلى تورپاندىن تارتىپ خوتەن ۋە تەكلىماكانلارنى تەكشۈرۈپ، ياپونىيە ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىدىن جودەۋەنچاۋ- سىبوك رۇك سىلاڭلار بىلەن قەشقەردە ئۇچرىشىپ، نۇرغۇنلىغان قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلارنى بۇلاڭ- تالاڭ قىلىپ ئېلىپ كېتىشتى.

داگوگۇاڭرۇينىڭ ئۈن يىلدەك تەكشۈرۈشىدە 7733- پارچە قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلىرىمىز تالاپەتكە ئۇچرىدى. (بۇنىڭ 4380 پارچىسى خەنزۇ يېزىقىدا، 973 پارچىسى ئۇيغۇر يېزىقىدا، 445 پارچىسى ھىندى ۋە تاڭغۇتچە، 530 پارچىسى ھەرخىل كۆرۈنۈشتىكى تام سۈرەتلىرىدىن ئىبارەت). بۇ قىممەتلىك مەدەنىي يادىكارلىقلار ھازىرغىچە لوڭكو ئۇنىۋېرسىتېتىدا ساقلانماقتا. داگوگۇاڭروي بۇ مەدەنىي يادىكارلىقلاردىن پايدىلىنىپ، «غەرپ ئەللىرى مەدەنىيىتى ئۈستىدە تەتقىقات» دېگەن بەش توملۇق ئەسەرنى دۇنياغا ئېلان قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالىدى.

1890- يىلى ئەنگىلىيىلىك شاۋۋې بوۋىر قەشقەردە ۋەزىيە ئۆتەۋاتقاندا، كۇچادىن تېپىلغان قەدىمكى كىتاب خەۋىرىنى ئاڭلاپ دەرھال ئۇيەرگە يېتىپ بېرىپ، سانسكرىت يېزىقىدا 4- ئەسىردە قېيىن دەرىخىنىڭ قوۋزىقىغا يېزىلغان قەدىمكى قولىيازما كىتابنى قولغا چۈشۈرۈپ، دەرھال كالكۇتتىغا يۆتكەپ كەتكەن. 1892- يىللىرى فرانسىيە ئېكسپېدىتسىيىچىسى دوترۋگىل خوتەندىن قېيىن قوۋزىقىغا قارۇشتى يېزىقىدا يېزىلغان قەدىمكى قولىيازمىنى پارچىغا ئېلىپ كەتكەن.

1907-،1908- يىللىرى شۋېت ئالىمى بىلۇت كۇچا سۇ بېشى كونا شەھەر خارابىسىدىن قەدىمكى كۇتۇپخانىنى تېپىپ، كۇچا قەدىمكى تىلىدا يېزىلغان كىتاب، ھۆججەت، سالنامە ۋە

ۋەسقىلەرنى، 1908- يىلى دۇنخۇاڭ كۆتۈپخانىسىدىن ئون نەچچە پارچە قىممەتلىك كىتابلارنى ئېلىپ كېتىپ، «توخار ئېلى توغرىسىدا» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ دۇنياغا ئېلان قىلغان.

بۇلاردىن باشقا يەنە بۇ يۇرتقا كۆزى چۈشكەن دوكتۇر ئاۋرېل ستەيىن(ئايدىن تۆرە) ھىندىستان ئارقىلىق 1906- يىلى بىرىنچى قېتىم، 1908- يىللىرى 2- قېتىم كېلىپ، خوتەندە قىدىرىپ تەكشۈرۈش بىلەن بولىۋاتقاندا، دۇنخۇاڭ يەرئاستى كۆتۈپخانىسى تېپىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇ يەرگە بېرىپ، 24 ساندۇق قەدىمكى كىتاب، 5 ساندۇق رەسىم ۋە ھەيكەل قاتارلىق 10 مىڭ پارچىغا يېقىن قىممەتلىك بويۇملارنى قولغا چۈشۈرىۋالغان. 1913-، ۋە 1916- يىللىرى 3- قېتىم يەنە كېلىپ خوتەن، مىرەنلەرنى تەكشۈرۈپ يەنە بىر قىسىم نەرسىلەرگە ئىگەن بولغان. 1930- يىلى ستەيىن 4- قېتىملىق قىدىرىش سەپىرىنى لوپنۇرغا يۆتكىگەن. ئۇ لوپنۇردا ئىگەن بولغان نەرسىلەرنى كارۋان سالتاڭ قاسىم دېگەن كىشىنىڭ ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ قويۇشى بىلەن لوندونغا قايتىپ ئېلىپ كەتكەن ماتېرىياللىرى ئاساسىدا «قەدىمكى خوتەن»، «غەربىي يۇرت ئارخىلوگىيە خاتىرىسى»، «ئاسىيانىڭ ئىچكى جايلىرى»، «جۇڭگو ھىندىستان ئارىسىدا» قاتارلىق ئەسەرلەرنى يېزىپ شۆھرەتكە ئېرىشكەن.

يۇقۇرىقىدەك قانۇنسىز قىدىرىپ تەكشۈرۈش ئارقىلىق بىر مىللەتنىڭ مەدەنىي مىراسلىرىغا خالىغانچە بۇزغۇنچىلىق قىلىش ھەركىتى ئۆز مىللىتىنىڭ ھەقلىق ۋارىسلىرى بولغان مەرىپەت ئىگىلىرى ۋە مەرىپەتنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى قوزغاپ، ئۇلارنىڭ قارشىلىشىغا ئۇچرىغان. موللا سىدىق قەشقىرى، ئابدىقادىر قازى كالان، باھاۋىدىن مەخسۇم، ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق ۋەتەنپەرۋەر ئالىملار خەلقنى ئويغىتىپ، بۇ مەدەنىي مىراسلارنىڭ ھەقلىق ۋارىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۇلارغا قارشىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، چەتئەللىك قىدىرىپ تەكشۈرگۈچىلەر بۇ زېمىنغا قايتا ئاياغ بېسىشقا جۈرئەت قىلالمىغان.

يىپەك يولىنىڭ مۇھىم تۈگۈنى قەدىمكى شەھەر قەشقەردە 10- ئەسىردە «مەدرىسەئى ساچىيە»، «مەدرىسەئى ھامىدىيە» نامىدىكى ئىلىم يۇرتلىرى بار بولۇپ، بۇلاردىن «مەدرىسەئى ھامىدىيە» قەشقەرنىڭ شەرقىدىكى «دۆلەت باغ» دېگەن يېزىنىڭ «بارگاھ» كەنتىگە ئورۇنلاشقان بولۇپ، ئۇنىڭ دۆلەت باغ دەپ ئاتالغان پادىشاھلىق ئوردىسىدىكى باغنىڭ غەربىگە. تۈمەن دەريا ساھىلىغا «سائادەت كۆتۈپخانىسى» دېگەن بىر كۆتۈپخانىنىڭ ئورۇنلاشقانلىقى قەدىمكى يەر- نام تەزكىرىسى ۋە ۋەسىقىلەردە قەيت قىلىنغان.

بۇ كۆتۈپخانىدىمۇ نۇرغۇنلىغان ئالىملارنىڭ نادىر ئەسەرلىرى جەملەنگەن بولسىمۇ، خىزىر خوجا دەۋرىدىكى توپىلاڭدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەن.

### 3. يېقىنقى دەۋردىكى كۆتۈپخانىچىلىق

ئۇيغۇر كۆتۈپخانىچىلىقى (كىتاب ساقلاش، كىتابخانىلارنىڭ ئوقۇشىغا ئارىيەت بېرىش) كەسپى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. بۇنىڭدىن خېلى بۇرۇنلا يەنى 1260- يىللاردا چاغىتاي ئۇلۇسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

باشبۇغى مەسئۇد، قىتالار تەرىپىدىن ۋەيران قىلىۋېتىلگەن «ساچىيە» بىلىم يۇرتىنىڭ ئورنىغا «مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىنى ياسىغاندا يېنىغا «سائادەت» كۇتۇپخانىسىنىمۇ ياساپ، نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئەسەرلەرنى يىغىپ ساقلىتىپ، «مەسئۇدىيە» بىلىم يۇرتىنىڭ تالىپلىرىنىڭ ئوقۇشىغا، پايدىلىنىشىغا قۇلايلىق ياراتقان.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدا، ئومۇمەن قەشقەردە قۇرۇلغانلىكى مەدرىسلەردە، كۇتۇپخانا تەسىس قىلىپ كىتاب- ماتېرىيال يىغىپ ساقلاپ، تالىپلارنىڭ ئوقۇشىنى تەمىنلەيتتى.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ 30- يىللىرىنىڭ بېشىدا، يېڭىچە مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا ئەگىشىپ، قەشقەردە ھەرقايسى جايلاردا كۇتۇپخانىلار بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. 1936- يىلى، قەشقەر ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى ئەنجان كوچىسىدا «مىللەتلەر كۇتۇپخانىسى» ئېچىپ، مۇھەممەد خاننى باشقۇرۇشقا مەسئۇل قىلغان ئىدى. كۇتۇپخانىدا ساقلانغان كىتابلاردىن سوۋېت ئىتتىپاقىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە، تاتارچە يېزىقتىكى كىتابلار بار ئىدى. 1940- يىلى «قەشقەر خەلق كۇلۇبى» پۈتۈپ ئىشلىتىلىشكە باشلىغاندىن كېيىن، ئىچىدە خېلى يوروق، ئازادە كىتاب ئامبىرى ۋە قىرائەتخانا تەسىس قىلىنغانىدى. كۇتۇپخانا ھەردائىم جەمئىيەتكە ئېچىلاتتى. باشقۇرۇشتا ئابدۇسالام مەسئۇل بولغان ئىدى. كېيىن يەنە خەلق مائارىپ يۇرتى قۇرۇلۇپ، ئىچىدە قىرائەتخانىمۇ تەسىس قىلىنىپ، جەمئىيەتكە ئېچىۋېتىلگەن. گەرچە ئازادلىقتىن بۇرۇن، قەشقەردە يۇقۇرىقى كۇتۇپخانىلار بولغان بولسىمۇ، لېكىن نەشرىيات ئىشلىرى تەرەققىي قىلمىغاچقا، كىتاب چىقىرىش تولىمۇ چەكلىك ئىدى، ساقلانغان كىتاب ۋە ساقلاش ئەسلىھەلىرىمۇ ئىنتايىن قالاق بولغانىدى.

ئۆزىنى ئىمپېراتور دەپ ئاتاشقا پۈتكۈل ئاۋامغا بۇيرۇق چۈشۈرگەن داۋگاڭنىڭ قەشقەرگە قويغان ھاكىمى لۈكچۈنلۈك زوردۇن ھىكىم بەگمۇ كاتىپى ئابدۇرېھىم نىزارى، نۇرزاخۇن كاتىپ قاتارلىقلارنى ھەركەتكە كەلتۈرۈپ، توققۇز يۇرتتىكى ئەھلى خەتتاتلارنى ئوردىغا يىغىپ، ئوپالنىڭ دوغلات دېگەن يېرىدىكى بەش مولۇق باغقا ئۇلارنى پاراۋان تۇرمۇش بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، شائىر ئابدۇرېھىم نىزارىنى باش قىلىپ، «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» (ياخشىلار ئەخلاقى) قاتارلىق ئەسەرلەرنى يازدۇرۇپ، ئۇنىڭغا خەنزۇ، مانجۇ ۋە ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا يېزىلغان تامغىسىنى يېزىپ، شەھەر ۋە سەھرالاردىكى مەدرىس، مازار، مەكتەپلەرگە «ۋەخپەئام» دېگەن نام بىلەن تارقاتقان. ھازىر بۇ كىتابلارنىڭ بىر قىسمى قەشقەر شەھەرلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتىدۇ. 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن تارتىپ، قەشقەر شەھرىدىكى 20 دىن ئارتۇق «مەدرىسە» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان ئىنىستىتۇتلارنىڭ ھەممىسىدە كۇتۇپخانىلار بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ «تالىپ» دەپ ئاتالغان ئەينى دەۋر ئوقۇغۇچىلىرى پايدىلىناتتى. 1932- يىلى قەشقەر ئەنجان رەستىسىدە «مىللەت كۇتۇپخانىسى»، 1938- يىلى خەلق كۇلۇبىدا «ئۇيغۇر ئۇيۇشما كۇتۇپخانىسى»، «مىنجاۋگەن كۇتۇپخانىسى»، 1950- يىلى قەشقەر شەھرىدە «خەلق كۇتۇپخانىسى»، «دوستلۇق كۇتۇپخانىسى»، «باللار كۇتۇپخانىسى» قاتارلىق كۇتۇپخانىلار قۇرۇلۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ھەقسىز ئېچىۋېتىلگەن ئىدى.

دېمەك، يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىكىگە ماس ھالدا، ئۇيغۇر كۆتۈپخانىچىلىقىمۇ تەرەققىي قىلغان بولۇپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن زور مىقداردىكى قەدىمكى كىتابلار مۇشۇ مەنىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاشۇ ماس ھالدا تەرەققىي قىلغان قەدىمكى ئۇيغۇر كۆتۈپخانىچىلىقىنىڭ مەھسۇلاتلىرىدۇر.

## 4. كۆتۈپخانىنىڭ تۈرى

قەدىمكى ئۇيغۇر كۆتۈپخانىچىلىقىنى بولۇپمۇ ئىسلامىيەتتىن كېيىنكى ئۇيغۇر كۆتۈپخانىچىلىقىنى بىز (1) مازار كۆتۈپخانىچىلىقى؛ (2) مەدرىس كۆتۈپخانىچىلىقى؛ (3) مەسچىد، خانىقا كۆتۈپخانىچىلىقى؛ (4) ئائىلە كۆتۈپخانىچىلىقى دېگەندەك تۆت تۈرگە ئايرىيمىز:

(1) مازار كۆتۈپخانىچىلىقىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەب بولغان ئامىللار: كىشلەر كېسەلگە ئىرىم- جىرىم قىلغاندا، ئەجداد روھىغا دۇئا- تىلاۋەت قىلغاندا، ئارزۇسىدىكى بىرەر ئىشنى ئاللاھتىن تىلىگەندە، دائىم مازايى- ماشايىخلارغا چىقىدىغانلىقى ئۈچۈن، دائىم يېنىدا دۇئا- تىلاۋەت قىلىشتىكى كىتابلارنى ئېلىپ يۈرۈشنى ئەپسىز كۆرۈپ، مازايى- ماشايىخلارنىڭ خانىلىرىغا «قۇرئان كەرىم»، «سىيەرشەرىف»، «ھەدىس شەرىف» ۋە تۈرلۈك ئەۋلىيا- ئەنبىيالارنىڭ قىسسەلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن كىتابلارنى قويۇپ قويغاندىن كېيىن، دائىم يىغىلغان بۇ كىتابلار جۇغلانمىسى ئۇيغۇر مازا كۆتۈپخانىچىلىقىنى شەكىللەندۈرگەن. بەزى ئۆلىما ۋە ئەللامىلەر ئۆزى ئۇلۇغلايدىغان مازايى- ماشايخلارغا، ئۆزى يازغان كىتابلارنىمۇ «ۋەخپە ئام» قىلىپ، مازار كۆتۈپخانىچىلىقىنى دەۋرىگە لايىق يۇسۇندا تەرەققىي قىلدۇرغان. مەسىلەن: 1830- يىللىردا قەشقەرنىڭ داڭلىق ئۆلىمالىرىدىن ئابدۇرېھىم نىزارى، تۇردىشاخۇن غەرىبىي، نۇرروزاخۇن زىيائى، موللا ئىۋەز كەشغەرى، موللا غوجىلاق قاتارلىقلارنىڭ شاھىدلىقىدا، مۇھەممەد سادىق كەشغەرى يازغان «مەسنەۋى شەرىف» نى ئەينى دەۋردە مەھمۇد كاشغەرى مازارىغا مەڭگۈلۈك «مۇتلەق»، « ۋەخپە ئام» قىلغان.

«زەپەر نامىنىڭ» ئاپتورى موللا شاكىر ئۆز ئەسرىنى ئۈچتۇرپان دىيارىدىكى « قىرمىش ئاتام» مازىرىغا ۋەخپە قىلغان.

مازايى ماشايىخ كۆتۈپخانىچىلىقىدا، كىشلەرنىڭ دۇئا- تىلاۋەت قىلىشى ئۈچۈن يىغىلغان كىتابلار، يازغۇچىلارنىڭ « مۇتلەق ۋەخپە ئام» قىلغان كىتابلىرىدىن باشقا كىشلەر تەرپىدىن ئۇلۇغلانغان شۇ مازارنىڭ «تەزكىرىسى» يېزىلغان كىتابلارمۇ مازاردا مازار كۇتۇپخاناچىلىقىنىڭ مەزمۇن دائىرىسى بەلگىلەنگەن. مەسىلەن: جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكدىمىيىسىنىڭ قەدىمكى كىتابلار فوندىدا ساقلىنىۋاتقان ئەبەيدۇللا قەشقىرىنىڭ چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يازغان «ھەزرىتى ماللام تەزكىرىسى» ناملىق كىتاب 1950- يىللارغىچە قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە ئوپال يېزىسىدىكى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ كونا خام خىشلىق مازىرىنىڭ بىر خانەلىق كۆتۈپخانىسىدا ساقلانغان بولۇپ، 1950- يىلى ش ئۇ ئا ر مەدەنىيەت نازارىتىنىڭ نازىرى يۈسۈپ بەگ مۇخلسۇف، ئەخمەد زىيائى، ئابلىمىت روزى قاتارلىقلار قەشقەرگە قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش، رەتلەش كاتولىگىنى ئىشلەشكە

كەلگەندە مازار كۈتۈپخانىسىدىن ئېلىپ، مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپشۇرغان.

(2) مەدرىس كۈتۈپخانىچىلىقى:

قەشقەر شەھرىدىكى خانلىق مەدرىسى، ساچىيە مەدرىسى، ئەلاخان تۆرەم مەدرىسى (ھازىرقى ئۆستەڭبويى كوچا باشقارما خىزمەت بىناسىنىڭ ئورنىدا)، كەنجازا مەدرىسى (ھازىرقى قەشقەر شەھرى ئۆستەڭبويى 4- پەيچۇسى ئورنىدا)، قەشقەر يېڭىشەھەر ئاراباغدىكى ئەمەد خەلپەم مەدرىسى (ھازىرقى يېڭىشەھەر ئارباغ ناچۇق كەنتىدە) ۋە خانىقانىڭ غەربىي جەنۇپ تەرىپىدە ئابدۇشكۇر ھاجىم قورۇسى- مەسچىتى، قەشقەر كونا شەھەر ناھىيە ئوپالدىكى مەخمۇدىيە مەدرىسى، قەشقەر قوغان يېزا، ئاپاق غوجا مەقبەرىسىنىڭ غەربىي شەربەت كۆلىنىڭ شىمالىغا جايلاشقان «شەربەت كۆل مەدرىسى»، قەشقەر بەشكىرەم بەشتوغراق كەنتىگە جايلاشقان بۇۋى مەريەم خېنىم مەدرىسى قاتارلىق مەدرىسلەردە زور مىقداردىكى كىتابلار مەدرىس تالىپلىرىنى ئوقۇتۇش، تەربىيلەش ئۈچۈن ساقلانغان. مەسىلەن: ئەرەب تىلى گىراماتىكىسىنى چۈشەندۈرىدىغان «كافىيە»، «سوفى ئاللا يار»، « ئەمىر ناۋايى»، « ئىلمىي مەنتىق»، « ئىلمىي نوجۇم»، « ئىلمىي ھەندەسە» «يازوباش»...قاتارلىق كىتابلار ساقلانغان. مەسىلەن: دۇنياغا مەشھۇر تىلشۇناسلىق ئەسىرى «سۇرراھ» ناملىق لۇغەت 9-،10-11- ئەسىردە قەشقەر ساجىئە مەدرىستە ساقلانغان بولۇپ، جامال قارشى مەزكۇر لۇغەتكە، مۇشۇ كۈتۈپخانىدا ئىگە بولۇپ، «شەرھى» يازغان.

دىيارىمىزنىڭ مەدرىس كۈتۈپخانىچىلىقى- 1957- يىلىغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان.

(3) مەسچىد، خانىقا كۈتۈپخانىچىلىقى: دىيارىمىزدا ئىسلام دىنى كەڭ تارقالغاندىن كېيىن، مەسچىدلەرنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن، مەسچىدلەردە دىنىي كىتابلارنى ساقلايدىغان كۈتۈپخانىلار قۇرۇلغان.

ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر مەسچىد قۇرۇلۇشىنىڭ قۇرۇلمىسىدا، مەسچىد دائىرىسى چوقۇم خانىقا، كايۋان، پىشايۋان، كۈتۈپخانا، ھويلا، كۆل، مونستەھپىخانا، ھاجەتخانا، مەسچىدكە ۋەخبە قۇرۇلۇشلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ ئەسلىھەلەرنىڭ تولۇق ياكى كەم بولۇشى مەسچىد جامائەتىنىڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولىشىغا باغلىق بولىدۇ. نىسبەتەن ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشىراق بولغان مەسچىدلەردە « قۇرئان كەرىم» « ھەدىس شەرىف» تىن باشقا زور مىقداردا باشقا كىتابلار ساقلانغان بولىدۇ. ئۇنىڭدىن سىرىت مەسچىدلەردە ۋەخپىلەرنى خاتىرلەش، رامىزان ئېيىدا ئۆشرە زاكات ۋا ئىسقات ئىشلىرىنى، ئۆلۈم- يىتىم ئىشلىرىنى بىر ياقلىق قىلىش ئۈچۈن، مەخسۇس دەپتەر تۇتۇلغان بولۇپ، مۇناسىۋەتلىك ماتىرىياللارنىڭ جۇغلىنىشىمۇ، مەسچىد كۈتۈپخاناچىلىقىنىڭ مەزمۇننى بېيىتقان. خانىقا كۈتۈپخانىچىلىقىدا، 14-15- ئەسىرلەردە دىيارىمىزغا سوپىئىزىم تەرىقىنىڭ نەقشىبەندە سۇلۇكىنىڭ تارقىلىشى، ئۇلارنىڭ ۋەكىللىك ئادەملىرىدىن ئەخمەد كاسانى، قۇتبىدىن ئەلا غوجام قاتارلىقلارنىڭ ئىراق، ئىران، مەۋرەئۇننەھىردىن كىلىپ، سوپىئىزىم تەرىقىتىنى تارقىتىشى بىلەن ھەر بىر مەسچىد بار يەرنىڭ يېنىدا بىردىن خانىقا قۇرۇلۇپ، خانىقالاردا «ھۆكمەت» ئوقۇش ئۈچۈن، سوپىلارنىڭ تەسەۋۋۇپ مەزمۇنىدىكى ئەسەرلىرى ساقلانغان.

بۇ ئۇيغۇرلاردا خانقا كۇتۇپخانچىلىقىنى شەكىللەندۇرگەن.

قەدىمكى قەشقەرنىڭ «تاھاخان غوجام» خانقاسى، يەكەندىكى تۇرسۇنخان غوجام خانقاسى، قەشقەر ئەۋرىشمكا كوچىسىدىكى موللا ئىسلامئاخۇن خانقاسى، يېڭىشەھەر ناھىيە ئارال يېزىسىدىكى نەجمىدىن مىرزام خانقاسى، يېڭىشەھەر ناھىيە ئاراباغ ناچۇقتىكى ئەھمەد خەلپەم خانقاسى، يېڭىسار ناھىيە ئۇردام ھوجرىلىرى، يېڭىسار ناھىيە مەدرىس كۆلبشى خانقاسى......قۇتبىدىن ئەلا غوجام خانقاسى...... قاتارلىق خانقالاردا سوپىئىزىمنىڭ سوپىئىستىك يازغۇچىلاردىن، ھاپىز شىرازى، ئىبراھىم ئەدھەم، مەنسۇر ھەللاجى، ئابدىراخمان جامى، مەشرەپ قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھىكمەت ئوقۇش- كىتابخانلىق قىلىش ئۈچۈن كىتابلار ساقلانغان.

(4) ئائىلە كۇتۇپخانچىلىقى: ئائىلە كۇتۇپخاناچىلىق، ئائىلە مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە تاكامموللاشقانلىقىنىڭ مەھسۇلى. فىدرىخ ئىنگىلىز ئۆزىنىڭ « كارىل ماركىسنىڭ قەبرىسى ئالدىدا سۆزلەنگەن نوتۇق» ناملىق ئەسرىدە: « ئادەم ئالدى بىلەن يېيىشى، كىيىنىشى، تۇرار جاي ئىشلىرىنى ھەل قىلىشى، ئۇنىڭدىن ئىشخانىدا ئاندىن، ئىلىم- مەرىپەت، ئەدەبىيات- سەنئەت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ» دەپ قەيت قىلغان.

داڭلىق پسىخوئولوگ ماسلوھومۇ ئۆزىنىڭ «ئېھتىياج قاتلىمى نەزەرىيەسى» دە ئىنسانىنىڭ فىزوئولوگىيىلىك ئېھتىياجىنى ( مەسلەن: تاماق يېيىش، ساقلىقنى ساقلاش..... قاتارلىقلار) پىرامىدا شەكىللىك سىخمىسىدا ئەڭ تۆۋەن قاتلىمنى، بىلىم ئېلىش ئېھتىياجى مۇشۇ سىخمىدا يۇقۇرى قاتلامنى ئىگەللەيدۇ» دەپ كۆرسەتكەن.

ئائىلە تۇرمۇشىدا، ئائىلە ئەزالىرىنىڭ يېيىش، كىيىنىش ئېھتىياجى قاندۇرۇلغاندىن كېيىنلا ئاندىن بىلىم ئىگەللەش ئېھتىياجى كېلىپ چىقىدۇ. بىلىم ئىگەللەش ئېھتىياجى ئائىلە ئەزالىرىنىڭ تەبئىي يوسۇندا، بىلىمنىڭ ئەڭ مىكروتېپتا مۇجەسسەملىنىشى ۋا يىغىنچاقلىنىشى بولغان كىتابقا مۇراجەت قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئەۋۋەلكى ئىجتىمائىي تۈپى بولغان ئائىلە ئەزالىرىنىڭ بىلىم ئىگەللەش كېيىنكى ئىجتىمائىي تۈپى بولغان جەمئىيەت، ئىدارە- ئورگانلاردىكى ئىش تەخسىماتىغا بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھاللىق ئائىلىلىرىدە، زور مىقداردا كىتاب جۇغلانمىسى ساقلانغان. مەسلەن: 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان قەشقەر يېڭىشەھەر قۇمۇشئېرىق كەنتىدىكى توختى موللا ھاجىم مەدرىسى ۋە ئائىلىسىدە ئەرەبچە، ئوردوچە، تۈركچە، چاغاتايچە، پارسچە كىتابلار ساقلانغانلىقتىن، ئۆز پەرزەنتلىرىدىن ئەھمەد زىيائى، مۇھەممەدخان پەيزىدەك ئالىملار يېتىشىپ چىققان. ئۇ ئاچقان مەدرسلەردە بولسا، مۇھەممەدان تاھىر ئاخۇندەك خەتتاتلار يېتىشىپ چىققان. بۇنىڭدىن سىرت، قەشقەرنىڭ داڭلىق قازىلىرىدىن موللاخۇن قازى كالان ھاجىم، ئىمىر ھۈسەيىن قازى ھاجىم، ئابدۇقادىر قازى كالان، ئەبۇلقاسىمئاخۇن قازى كالان (ئۇنىڭ ئۆيىدىن 1960- يىلى چوڭ- كىچىك 1000 پارچە كىتاب چىققان)، يۈسۈۋاجىم قەشقىرى

ئائىلىلەردە ئائىلە كۇتۇپخانىلىرى بولغان. 1947-يىلىدىكى مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا، غۇلجا شەھىرىدىكى ئابدۇل مۇتائالى خەلپەمنىڭ ئۆيىدىن 10مىڭ پارچىدىن ئارتۇق كىتاب چىققان.

## 11-باب ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن مەزمۇن

بىرىنچى: ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئەكس ئەتكەن مەزمۇن ناھايىتى يىراق قەدىمكى دەۋردىن باشلانغان، ئۇنىڭ تەرەققىيات جەريانى ئىزچىللىققا ئىگە.

ئەجدادلار ئىپتىدائىي جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدىن باشلاپ، گۈزەل، يارقىن، بەدىئىي ئەسەرلەرنى يارىتىشقا باشلىغان. بۇ خىل گۈزەل بەدىئىي ئەسەرلەر بىر تەرەپتىن ئېغىز ئەدەبىياتى شەكلى بىلەن، يەنە بىر تەرەپتىن قىياتاش سىزمىلىرى (رەسىملىرى) شەكلى بىلەن تارقالغان. دىيارىمىزدىكى قىياتاش سىزمىلىرىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئەمگەك پائالىيىتىدىن بىلىۋالالايمىزكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەت باسقۇچىدا، جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزالىرى ئەمگەكچى ئىدى. ئۇ چاغدا تېخى يېزىق بارلىققا كەلمىگەن. لېكىن، تىل ئەدەبىيات سەنئىتى ئاللىقاچان بارلىققا كەلگەن ئىدى. «ياۋايىلىقنىڭ تۆۋەن باسقۇچىدىلا ئىنسانلارنىڭ ئېسىل خۇسۇسىيىتى تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى... تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولىدۇكى، ئىنسانلار تەرەققىياتىنى مۇشۇنچە دەرىجىدە تەرەققىي قىلدۇرغان ئىقتىدارىنىڭ رولى بىلەن چۆچەك، لەتىپە، رىۋايەت قاتارلىق خاتىرلەنمىگەن سىياھ، قەلەم، سەنئەت، يېزىق، نەقىش، يازما ئەدەبىياتمۇ شۇ چاغدىن باشلاپ بارلىققا كېلىشكە باشلىغان. دېگەن مەزمۇننى قاتساق، بىزنىڭ كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىمىزنىڭ مەزمۇنىنىڭ باشلانمىسى تېخىمۇ روشەن بولىدۇ. بۇ ئىپتىدائىي مەدەنىيەت پۈتۈنلەي ساددا مەدەنىيەت بولۇپ، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ بارلىق ئەزاسى ياراتقان، ئۇ ئومۇمىي خەلق خاراكتېرگە ئىگە. كېيىنكى يازغۇچىلارنىڭ يېزىق ئەدەبىياتى ۋە خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئورتاق مەنبەسى، شۇنداقلا شۇ چاغدىكى جەمئىيەتنىڭ بىردىنبىر ئەدەبىياتى ئىدى. ئىپتىدائىي ئەدەبىيات يالغۇز ئاغزاكىلىق جەھەتتىلا خەلق ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ بالدۇرقى ئەنئەنىسىنى بەرپا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىجادىيىتىگە مەنسۇپ بولۇشتەك بۇ تۈپ خاراكتېر جەھەتتىمۇ سىنىپىي جەمئىيەتتىكى خەلق ئەدەبىياتى بىلەن بىردەك بولۇپ، ئۇ ئەڭ دەسلەپكى خەلق ئەدەبىياتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەسىلەن: قىيا تاش سىزمىلىرى مەدەنىيىتى- يىرىم يازما ئەدەبىيات خۇسۇسىيىتىگە ئىگەن بولۇپ، ئالتاي تاغلىرى، تەڭرىتاغلىرى، قۇرۇم ۋە قاراقۇرۇم تاغلىرى، ئورقۇن- يېنسەي (ئېنەساي) دەريا ۋادىلىرىدىكى ۋە چوغاي (يىگشەن) تاغلىرى قىيالىرىغا، جىلغىلىرىغا ئىنسانلارنىڭ قەدىمكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش مەنزىرلىرى، يەنى ئوۋچىلىق، چارۋىچىلىق، جەڭگى- جېدەللەر، ھەرىكەت- قىلىقلار، كىيىنىش ئادەتلىرى، تۈنۈش (چوقۇنۇش) ئادەت- يوسۇنلىرى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەن رەسىملەر تۈركۈم- تۈركۈملەپ سىزىلدى، ئويۇلدى، ياسالدى. مانا بۇلار ئەڭ دەسلەپ بارلىققا كەلگەن رەسىملىك ئەسەرلەر ياكى قىياتاش ئەسەرلىرى ئىدى. بۇ قىيا تاش رەسىم كۆرۈنۈشلىرىدىكى بىر مۇنچە ئادەتلەر، مەسىلەن، ھايۋان ئېتىقادچىلىقى، ئاسمان جىسىملىرى (ئاساسلىقى قۇياش) ئېتىقادچىلىقى، جىنسىي ئەزالارغا چوقۇنۇش قاتارلىقلار ئاغزاكى ئەدەبىيات ۋە يازما ئەدەبىيات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەسەرلىرىدە مۇئەييەن سەۋىيىدە تەسىرىنى ساقلاپ قالدى. «ئوغۇزنامە»، «توڭا ئالىپ ئەر»، «بۆرە تۇتىمى ئەپسانىلىرى»، «دەرەخ تۇتىمى ئەپسانىلىرى»، «ئاسمان جىسىملىرى ئەپسانىلىرى»، «ئۇماي ئەپسانىسى»، «قۇلباغ ئەپسانىسى» قاتارلىقلار كېيىنرەك قەلەمگە ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بارلىققا كەلگەن دەۋرى بەكمۇ قەدىمكى دەۋرلەرگە، جۈملىدىن مىلادىيىدىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرىكى دەۋرلەرگە توغرا كېلىدۇ. بۇ خىل ئاغزاكى ئەدەبىيات ۋە قىيا تاش رەسىملىرى ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى يازما ئەدەبىياتنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە شەكىللىنىشىنى سۈرۈشتە قىلىشتا، ئۇنىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، خاسلىقى قاتارلىق تەرەپلەرنى ئۆگىنىشتە موھىم ماتېرىيال بولالايدۇ.

قىيا تاش رەسىملىرى بىلەن ئەپسانىلەرنىڭ مۇئەييەن ئالاقىسىنىڭ بارلىقىنى ئىنسانشۇناسلار خېلى ئىلگىرىلا بايقىغان ۋە ئىلمىي كۆز قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەنە شۇنداق قاراشقا ئاساسەن فىرانسىيىلىك ئىنسانشۇناس لېۋىستىرائوسىن: «قىيا تاش رەسىملىرىنىڭ خىيالىي، تەرتىپسىز، قالايمىقان ھالىتى ئارقىسىدا ئەپسانىۋى تۈيغۇ بىلەن تويۇنغان تەرتىپ بار... ئەپسانە بىلەن قىيا تاش رەسىملىرى ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئوخشىمىغان نوقتىلاردا ئىپتىدائىي تەپەككۇرنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە قانۇنىيىتىنى ئىپادىلىگەن... گەرچە ھەربىر رەسىم بىلەن ھەربىر ئەپسانى ھېكايىسى ئوتتۇرىسىدا قېلىپلىق (گىراماتىكا) مەۋجۇت بولمىسىمۇ، قايسى رەسىمنىڭ قايسى ئەپسانە ھېكايىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈش مۇمكىن بولمىسىمۇ، قىيا تاش رەسىملىرىنى ئەپسانە ھېكايىلىرىنىڭ ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى دەپ بىلىمىز» دەپ يازىدۇ.

دىيارىمىزدىكى، جۈملىدىن تۇرپان ۋە تارىم ئويمانلىقى ۋادىسىدىكى مىڭئۆي تام سىزمىلىرىدا ئىپادە قىلىنغان ھايات كۆرۈنۈشلىرى ئومۇمىي (ماكرو) جەھەتتە بۇددىزىم ئىدىيىسى تەرغىباتى ئۈچۈن سىزىلغان، بۇددا ئېتىقادچىلىرىنىڭ ھەرىكەت پائالىيەتلىرىنى ئىپادە قىلغان دېيىلسىمۇ، لېكىن بىر مۇنچە ئالىملار، بۇ تاش غار تام رەسىملىرىدە قەدىمكى ئىنسانلار ئەنئەنىۋى قىيا تاش سىزمىچىلىقىدىكى كۆرۈنۈش ئالامەتلىرى، مىللىي ۋە مەھەللىۋىي تۇرمۇش مەنزىرىسى، ھەرىكەت ۋە پىسخىك ئالاھىدىلىكى ھەمىشە ئۆز ئەكسىنى تېپىپ تۇرغان، دەپ قاراشماقتا. بۇنىڭغا قارىغاندا، شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئىپتىدائىي جەمئىيەتتە ياشىغان قەدىمكى ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ساپ بولغان ئىپتىدائىي قىيا تاش سىزمىچىلىقىنى سىنىپىي جەمئىيەتكە قەدەم قويغاندىن كېيىن، تەدرىجىي يوسۇندا يېڭىلاپ بارغان ھەم قوشنا خەلقلەر مەدەنىيىتى، دىنىنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلىپ، مەزمۇنىنى زور دەرىجىدە تولۇقلىغان. مىڭئۆي تام رەسىملىرىدە قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭمۇ ئىپادە قىلىنىپ تۇرغانلىقى، ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ ئىزچىللىقىنى ئىسپاتلاپ كۆرسىتىشكە پايدىسى بار. يۇقىرىدا تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىپتىدائىي قىيا تاش سىزمىلىرى، ئەپسانە- رىۋايەت، ئېپوسلار ۋە مىڭئۆي تام رەسىملىرى كۆرۈنۈشلىرىنى ئەدەبىيات تەرەققىياتىنىڭ باشلىنىش مەنبەلىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ دېيىشكە بولىدۇ.

تارىم ۋادىسىدا يېزىقنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە يازما ھۆججەتلەرنىڭ بارلىققا كېلىشىمۇ مۇھىم بىر

هادىسە ھېسابلىنىدۇ. تارىم ۋادىسىدا يېزىق 2000 يىللىق تارىخقا ئىگە.

بۇ يەردە قارۇشتى يېزىقى، كۇسەن- ئاگنى يېزىقى، ئۇدۇن يېزىقى، خەنزۇ يېزىقى قاتارلىق نەچچە خىل يېزىق ئىشلىتىلگەن. بۇ يېزىقلاردا يارىتىلغان يېزىق ۋەسىقىلىرىمۇ قوشنا خەلقلەرنىڭ دىنىي دەستۇرلىرى ۋە ئەدەبىي ئەسەرلىرىنىڭ تەرجىمىسى بولغانىنىڭ سىرتىدا، يەرلىك خەلقلەرنىڭ تۇرمۇشىغا دائىر مەزمۇنلارمۇ بار. تەرجىمە ئەسەرلەر دىيارىمىزنىڭ قەدىمكى زامان كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىگە زور تەسىر كۆرسەتكەن ۋە يازما ئەدەبىياتنىڭ ۋە تىل تەرەققىياتى، تەرجىمەشۇناسلىقنىڭ شەكىللىنىشىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينىغان.

مىلادىيە 5- ئەسىردىن 9- ئەسىرگىچە بولغان ئۇزۇن بىر تەرەققىيات جەريانىدا، تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى قوۋملار ئەدەبىي ئىجادىيەتتە گۈللىنىش دەۋرىگە كىردى، ئۇدۇن، سۇلى، كۇسەن، ئاگنى، قۇچۇ قاتارلىق جايلاردىن بۇددا سىگا، كوماراجىۋا، ۋىيسا كۈيچى، سىكسانادا، خۇيلىن قاتارلىق داڭلىق بۇددا تەرجىمانلىرى، شەرھشۇناسلىرى ۋە ئەدىبلەر يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار ئۆز شۆھرىتىنى مەركىزىي جۇڭگو رايونىدا تېخىمۇ كەڭ يايغانىدى. ئۇدۇن خانلىقى دەۋرىدە ئۆتكەن ۋىساسىلا ئۇدۇن مەلىكىسى سىمىرا قىزى قاتارلىلار شېئىرىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. يۇقىرىقىلارنىڭ ئىجادىيىتى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە تەرجىمە ئەدەبىيات كاتېگورىيىسىدىن ھالقىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىتاب بىلەن ئېلىپ بارغان ئىجادىيەتلىرى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنى تېخىمۇ ئالغا سىلجىتقان.

مانى دىنى مۇھىتىدا يارىتىلغان داستان «خۇئاستۇ ئانفىت» (تۆۋە دۇئانامەسى) مىلادىيە 5-7- ئەسىر ئارىلىقىدا بوتۇرمىش تارقان تەرىپىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى بىلەن يېزىلغان دېگەن قاراشمۇ بار. ئورقۇن تۈركىي- ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە كىتاب ھالىتىدە يېزىلغان بۇ داستان ئۇيغۇر تىلى ۋە ئەدەبىياتىنىڭ دەسلەپكى يازما شەكلىنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەردى.

ئورقۇن ۋادىسىدىكى شىمالىي قۇملۇق (غوبى- گوبى) ئۇيغۇر قەبىلىلىرى مىلادىيىنىڭ ئالدى- كەينىدىن تا 9- ئەسىرگىچە بولغان بىر قانچە ئەسىر جەريانىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ساھەسىدە مۇئەييەن نەتىجە ياراتقاندىن باشقا، مىلادىيە 6- ئەسىرگە كەلگەندە يېزىق بەلگىلىرىنى تۇرمۇشقا تەدرىجىي تەتبىقلىدى ۋە ھۆججەتلەر، جۈملىدىن بەدىئىي ئەسەرلەرنى خاتىرىگە چۈشۈرۈشكە كىرىشتى. بۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ئاساستا ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىنى بېيىتقان. ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرى ئۇيغۇر تىلىنى ۋاستە قىلغان يازما ئەدەبىياتنىڭ يېڭى سەھىپىسىنى ئاچتى. تۇنيۇقۇق، كۆل- تېگىن، بىلگە قاغان مەڭگۈ تاشلىرى يازما ھالەتتە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن قەھرىمانلىق داستانلىرى بولۇپ سانىلىدۇ. بۇ تاش پۈتۈكلەر ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ماددىي ئاساسىي بولغان مەتبەئەنىڭ باشلانمىسى بولۇپ سانىلىدۇ.

قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى ۋە قاراخانىيلار خانلىقى دەۋرىدە شىمالىي قۇملۇق ئۇيغۇر قەبىلىلىرى ياراتقان ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغان يازما ئەدەبىيات بىلەن تارىم ۋادىسىدا تۇرغان

قوۋملار ياراتقان غەيرىي ئۇيغۇر تىلىدىكى يازما ئەدەبىيات تەدرىجىي يوسۇندا بىرلىشىپ ئۇيغۇر تىلىنى ئاساس قىلغان ئورتاق يازما ئەدەبىياتنىڭ «تەرەققىيات دەۋرى»نى بارلىققا كەلتۈردى. ئاپىرىنچور تېگىن، سىڭقۇ سېلى تۇتۇڭ، پىرتانىراكشىت قاتارلىقلار تۇرپان ۋە جىمسارنى مەدەنىيەت چەمبىرىكى قىلغان ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بولسا، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد كاشغەرى، ئەھمەد يۈكنەكى قاتارلىقلار قاراخانىيلار دەۋرى ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىللىرى سۈپىتىدە ھەركەت قىلدى. مىلادىيە 9- ئەسىردىن 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئۇزۇن تارىخ ئەدەبىياتىنىڭ ئىزچىل تەرەققىياتىنى ئاساسىي ئېقىمغا ئايلاندۇرۇشنىڭ يىلنامىلىق ئارقا كۆرۈنۈشى بولۇپ قالدى. ئۇيغۇرلار بىرلىككە كەلسۇن ياكى پارچىلانسۇن، دىيارىمىزنى مەركەزلەشسۇن ياكى قېرىنداش مىللەتلەر بىلەن قوشنا رايونلار، يەنى ئورتاق تۈزلەڭلىك- مەركىزىي جۇڭگو رايونى، يەتتەسۇ، پەرغانە، ماۋارەئۇننەھىر، خۇراسان رايونلىرىدا پائالىيەت بىلەن شۇغۇللانسۇن، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئۇدۇملۇق ئادەتنى تاشلاپ قويغان ئەمەس. جانىبەگ، سەيدۇللا، گۈمنامى، رابغۇزى، مەۋلانە لۇتفى، مەۋلانە سەككاكى، سەئىدىن كاشغەرى، نەۋائى، قىدىرى، ئايازى، ھىرقەتى، نەۋبەتى، زەلىلى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، نىزارى، موللا بىلال، موللا نىياز، ناقىس، تەجەللى قاتارلىق ئەدىبلەرنىڭ كىتابىدىكى مەزمۇنلار 1000 يىللىق ئەدەبىياتنىڭ تەرەققىياتىدا مۇھىم رول ئوينىغان. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرى كىتاب ئارقىلىق ئىدىيىۋى مەزمۇن ۋە بەدىئىي دىت يېقىندىن بىر- بىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، راۋاجلىنىپ كەلگەن، ئۆز جەمئىيىتىگە بەلگىلىك تەسىر كۆرسەتكەن.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى يالغۇز ئەرلەرنىڭلا قەلبىنى ئىزھار قىلغۇچى مەنىۋىي ۋاستە بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئاياللارنىڭمۇ نازۇك ۋە ئەۋرىشىم ھېس- تۇيغۇلىرىنى ئىپادىلەپ كەلگەن. سىلىغ تېگىن، شىياۋ گۈەنيىن، شىياۋسىسىپ، ئامانىساخان، زىلەيخا بېكەم، زۇلفىيە كاشغەرى، مۇتربان كاشغەرى، نازىگۇم قاتارلىقلار ئۆزلىرىنىڭ نەپىس ۋە جىلۋىدار شېئىرلىرى بىلەن ئۇيغۇر شېئىرىيىتىنى بېيىتتى.

ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ قوشۇنى ھەرساھە، ھەر تەبىقە ئادەملىرىدىن تەركىب تاپقان. ئۇلارنىڭ ئىچىدە خاقان، ۋەزىر، شاھزادە، ھەربىي قوماندان، بەگ، قازىلار، پۇقرالار يەنە مۇئەللىملەر، دېھقانلار، ئوۋچىلار، تېۋىپلار، تۆۋەن تەبىقە كىشىلەر، ئەما، ئاجىز بىقورۇلار، كاسىپلار ۋە باشقىلار بار.

ئىككىنچى، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىنى كىتاب قىلىپ، ھۆججەتلەشتۈرۈش ئەنئەنىسىنىڭ تەسىرى ئۇزۇن يىل ساقلانغان. مەسىلەن: گوركىي: «جاھان ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىدىن بىزگە مەلۇمكى، ھەرقانداق مىللەتنىڭ ئەدەبىياتى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن باشلىنىدۇ. چۈنكى، خەلق بارلىق ماددىي بايلىقنى ياراتقۇچىلار بولۇپلا قالماستىن، بەلكى روھىي بايلىقلارنىڭمۇ بىردىنبىر ۋە پۈتمەس- تۈگىمەس مەنبەسى، دەۋر جەھەتتىنمۇ، گۈزەللىك ۋە ئىجادىي دانالىق جەھەتتىنمۇ بىرىنچى پەيلاسوپ ۋە ھەممە بۈيۈك داستانلارنى، يەر يۈزىدىكى جىمىكى تراگېدىيىلەرنى، ئەڭ

مۇھىمى جاھان مەدەنىيىتى ياراتقۇچىدۇر.» دەپ يازغان.

ئاشۇ يازما ئەدەبىياتنىڭ باشلانمىسى بولغان خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتنىڭ يازما ئەدەبىياتقا ئايلىنىشىدا كىتاب ۋە كىتابەتچىلىك ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

قىيا تاش رەسىملىرى، ئىپتىدائىي ئاغزاكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، مىڭئۆي تام سىزمىلىرىدىكى ئوبراز ۋە پېرسوناژلار خەلق ئارىسىدا ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا يادلىنىپ، تەسىرىنى ساقلاپ، كېيىنكى يازما ئەدەبىياتقا كىرىپ، يېڭى قىياپەت بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئۆزىنىڭ سېھرىي كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ، كېيىنكى دەۋرلەرگىچە ئۆز تەسىرىنى ساقلاپ كەلگەن. مەسىلەن: ئۇماي ئىلاھىي ئوبرازى دەسلەپ ئاغزاكى ئەدەبىياتتىكى ئوبراز ئىدى. ئۇ ئورقۇن مەڭگۈ تاشلىرىدا ۋە «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» تىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ھازىرقى دەۋرىمىزدىمۇ خەلق ئارىسىدا تارقىلىپ يۈرگەن رىۋايەتلەردە خىسلەتلىك ۋە ئاق كۆڭۈل ئۇماي ئانىغا دائىر تەسۋىرلەر ئۇچرايدۇ. توڭا ئالپ ئەر- قەدىمكى ئەدەبىياتتىكى تەسىرلىك ئوبراز. ئۇ «قۇتادغۇبىلىك»، «دىۋانۇ لۇغەتت تۈرك» لەردە كۆرۈنەرلىك ئورۇندا سۆزلىنىپلا قالماستىن، بەلكى «تارىخى رەشىدى» ۋە نىزارى داستانلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنە بىر داڭلىق ئوبراز ئوغۇزخان بولسا تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلەردە، مەسىلەن: «ئوغۇزنامە»، «جامىئۇتتەۋارىخ»، «تارىخى رەشىدى» ۋە نىزارى داستانلىرىدىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. يەنە بىر داڭلىق ئوبراز ئوغۇزخان بولسا تېخىمۇ كۆپ ئەسەرلەردە، مەسىلەن، «ئوغۇزنامە»، «جامىئۇتتەۋارىخ»، «تارىخى شەجەرئى تۈرك»، «چىڭگىزنامە» ھەتتا «تارىخى ھەمىدى» قاتارلىق كىتابلاردىمۇ ئىزچىل تىلغا ئېلىنىپ كەلگەن. نۇر ئەپسانىسىنى سۆزلەيدىغان بولساق، بۇ تېخىمۇ قىزىق، نۇردىن پەرزەنت تۇغۇلىدىغانلىق توغرىسىدىكى ئەپسانە ئەسلىي «ئوغۇزنامە» ۋە «بۆگۈخان رىۋايەتلىرى» دە ئەدەبىيات شەكلى سۈپىتىدە تارقىلىشقا باشلىغان، ئۇ كېيىن «تەزكىرەئى بۇغراخان» دىن تارتىپ، «تارىخى ھەمىدى» گىچە بولغان ئۇزۇن يىللىق تارىخقا ئىزچىل يوسۇندا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن.

يۇقۇرقىلاردىن باشقا يەنە بىر مۇنچە ئوبرازلارنى سۆزلەشكە بولىدۇ. ئەتراپتىكى مىللەتلەرنىڭ ئېغىز ئەدەبىياتىغا مەنسۇپ ئەدەبىي ئەسەرلىرىمۇ ئۇيغۇر يازما ئەدەبىياتىنىڭ ئۇزۇن يىللىق خام ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە كىتاب ئىچىدە ئىشلىتىلىپ كېلىندى.

ئۈچىنچى، كۆپ خىل تىل- يېزىقتا ئىپادىلەنگەن.

بۈگۈنكى ئۇيغۇر مىللىتى ھەر خىل ئۇرۇق، قەبىلە، قوۋۇملارنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان. بۇ مىللىي گەۋدىگە قاتناشقان قوۋملار ئوخشىمىغان تىل، يېزىقلارنى ئىشلەتكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلىشىدىغان قوۋملارمۇ باشقا مىللەت تىل- يېزىقىنى ئىشلەتكەن. بەزىلەر دىيارىمىزدا تۇرۇپ قوش تىللىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان، بەزىلەر، قوشنا رايونلار ۋە مەركىزىي جۇڭگو رايونىغا بېرىپ، باشقا تىلدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. مەسىلەن: ئورقۇن مەڭگۇ تاشلىرىدىن « بۇغۇت مەڭگۇ تېشى» سوغدى تىل- يېزىقىدا يېزىلغان، « توققۇز ئۇيغۇر خانى مەڭگۇ تېشى» ئۇيغۇر تىلى، سوغدى تىلى ۋە خەنزۇچە تىلدا يېزىلغان. كوماراجىۋا، سەيدۇللا، گۈەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يۈنشى قاتارلىقلار ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ، خەنزۇتىلىدا ئىجادىيەت قىلغان. فارابى، مەھمۇد كەشغىرى ئەرەب ئەللىرگە بېرىپ، ئەرەپ تىلىدا ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان. نەۋائى، لۇتفى، مىرزا ھەيدەر، سەئىدى، ئەرشى قاتارلىقلار ھەم ئۇيغۇرتىلى ھەم پارس تىلى بىلەن ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان؛ ئوتتۇرا ئەسرلەردىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر ئاپتۇرلىرى ئەرەب ۋە پارس تىللىرىدا ئەسەر يېزىشنى داۋاملاشتۇرغان. شۇڭا ئېيتىمىزكى، ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى نوقۇل ئۇيغۇر تىل- يېزىقىنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغان ئەمەس، ئۇ ئۇيغۇر ئاپتۇرلىرىنىڭ باشقا تىللاردىكى ئىجادىي بەدىئىي ئەسەرلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

تۆتىنچى، كۆپ خىل ئىجادىيەت مىتودى قوللىنىلغان، ئەدەبىي ئېقىملار ھەر خىل بولغان.

ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ئارقىلىق مەيدانغا كەلگەن ئەسەرلەرنى تەكشۈرىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ رېئالىزىم، رومانتىزم، تەنقىدىي رېئالىزىم، سىمولىزىم قاتارلىق ئىجادىيەت مىتودلىرى بويىچە يېزىلغانلىقىنى بايقىيالايمىز. يەنە ئاپتۇرلارنىڭ كلاسسىكىزىم، گۇمانىزىم، مەرىپەتچىلىك قاتارلىق ئېقىملار تەرەپدارى بولۇپ ئىجادىيەت ئېلىپ بارغانلىقىغا دىققەت قىلماي ئۆتەلمەيمىز. بەزى ئەسەرلەردە نوقۇل بىرەر ئىجادىيەت مېتودىنى قوللىنىپ يېزىلغان، ئەمما ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كۆپچىلىك ئەسەرلەردە رېئالىزىم ۋە رومانتىزىملىق ئىجادىيەت مېتودلىرى ئارىلاش قوللىنىلغان. ئەمما بۇنىڭدا بىرى يېتەكچى مېتود بولغان، يەنە بەزى ئەسەرلەردە بۇ ئىككى مىتودقا تىمسال، رەمزىلىك مېتودىمۇ ئارىلىشىپ كەتكەن. لېكىن، رېئالىزىم باشتىن- ئاخىر ئاساسىي ئىجادىيەت مېتودى بولۇش رولىنى ساقلاپ كەلگەن.

بەشىنچى، كىتابەتچىلىكتىكى ئەنئەنىۋى مىللىي ئۇسلۇب، پەننىي ۋە بەدىئىي ئەدەبىيات سىستېمىسى يولىنى بويلاپ راۋاجلىنىشنى ئاساس قىلغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا دەسلەپ شېئرىيەت ۋە نەسرىي ئەسەرلەر بارلىققا كەلگەن، كېيىن دراماتورگىيە قوشۇلۇپ، ئەدەبىياتنىڭ بۇ ئۈچ تۈرى بىرلىكتە تەرەققىي قىلىپ، ئورتاق گۈللەنگەن. ئەسەرلەردىكى ئوبرازلار، جۈملىدىن پېرسوناژلاردا مىللىي خاراكتېر، مىللىي سالاپەت ۋە ئالاھىدىلىكنى كۆرسىتىشنى مۇھىم ئورۇنغا قويغان. شۇڭا، ئوغۇزخان، توڭا ئالپ ئەر، تونيۇقۇق، مويۇنچۇر، قاراخان ئۆگدۈلمىش، نەۋرۇز، پەرھاد، رابىيە، نوزۇگۇم قاتارلىق ئوبرازلار دەۋرلەر ئۆتكەنسېرى ئۆزىنىڭ يۇقۇرى بەدىئىي قىممىتىنى يوقاتماي ساقلاپ كەلمەكتە. بۇلاردىن باشقا ھەرخىل ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنىدىغان ئوۋچىلار، چوپانلار، دېھقانلار، كاسىپلار، سودىگەرلەر، دانىشمەنلەر، ئەقىللىق يېتىملەر، ئادىل شاھلار، پاراسەتلىك قىزلار، سادىق دوستلار ئوبرازىمۇ روشەن مىللىي خاراكتېرلەرنى ئۆز ئىچىگە يېغقان.

ئۇيغۇر ئەدىبلىرى تىپىك مۇھىت تەسۋىرى ئارقىلىق پېرسوژلارنىڭ مول، مۇرەككەپ ئىچكى دۇنياسى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى يورۇتۇپ بېرىشكە ماھىر ئىدى. ئۇلار پېرسوناژلارنىڭ مۇئەييەن مۇھىتتىكى ھېسسىيات ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىپ، ئالەمشۇمۇل، غايەت

زور ئۆزگىرىشلەرنى ئىپادىلەپ بېرىش ئارقىلىق پېرسوناژ ئوبرازىنى مۇكەممەل ھەم ئۆزگىرىشچان قىلىپ سۈرەتلەپ بېرەتتى. ئۇلار جەمئىيەتنىڭ قاراڭغۇ تەرىپىنى ئېچىپ بېرىپلا قالماي، باش قەھرىمانىنى خۇددى زۇلمەت كېچىدە بىر نۇرلۇق مەشئەلنى كۆتۈرگەندەك تېڭىرقاش ئىچىدە ئۈمىدىنى كۆرەلەيدىغان، ئوڭۇشسىزلىقتا ئۇچرىغاندا ئىشەنچىسىنى ئاشۇرالايدىغان قىلىپ تەسۋىرلەش ئارقىلىق، تۇرمۇشنىڭ تۆۋەن قاتلىمىدىكى يورۇق تەرەپلەرنى كۆرسىتىپ بەرگەن.

ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئادەملەر ئوبرازلىرىدىن باشقا تەبىئەتتىكى تۈرلۈك ھادىسە ۋە نەرسىلەرنىڭ ئوبرازىنى يارىتىش ۋە مەھەللىۋىلىككە مۇئەييەن دەرىجىدە ئېتىبار قىلغان. مەسىلەن: ئاسمان جىسىملىرىدىن كۈن، ئاي، يۇلتۇز ۋە نۇر؛ ئۇرۇش قوراللىرىدىن: ئوقيا، قىلىچ، نەيزە؛ زېمىندىكى شەيئىلەردىن: تاغ، دەريا، سۇ، يايلاق، بۇلاق، كۆل، تاش، ئورمان، گۈل- گىياھ، چېچەك، ئالما، پىستە؛ ھايۋانلاردىن: يەنى كېيىك، بۆرە، ئات، تۈلكە، شۇڭقار، قوي، بۇلبۇل (سۇندۇلاچ)؛ خىسلەتلىك سانلار: يەنى 360،40،18،9،7،3 قاتارلىقلار؛ ئادەملەرنىڭ تاشقى ۋە ئىچكى ئەزالىرىدىن يۈرەك، جىگەر، كۆز، قاش، كىرپىك، چاچ، خال ياكى قامىتى؛ پۇل- ئاقچىلاردىن: ئالتۇن، كۈمۈش، تىللا، سەدەپ، ئۈنچە، مەرۋايىت قاتارلىقلارمۇ ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ دەۋرىيلىك دائىملىق ئوبرازلىرى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى كۆپ سانلىق ئەسەرلەردە ئۇنىۋېرسال تۇرمۇش مەنزىرىسى كۆرسىتىلىدۇ. يەنى چوپانلىق تۇرمۇش، ئېكىنچىلىك تۇرمۇشى ۋە شەھەر تۇرمۇشى قاتارلىقلار. شۇڭا، بىر ئەسەرنى مەيلى چارۋىچىلار، مەيلى دېھقانلار، مەيلى كاسىپلار ياكى ئۆلىمالار، بەگ- قازىلار ئوقۇسۇن، ھەممىسى ئۆزىگە خاس مەنىۋى لەززەتكە ئېرىشەلەيدۇ. بۇنىڭغا «ئوغۇزنامە»، «قۇتادغۇبىلىك»، «پەرھاد- شېرىن»، «رابىيە ۋە سەئىدىن» قاتارلىقلارنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئەكس ئەتكەن ئىپادىلەش ئۇسۇلى، تەسۋىرلەش ۋاستىلىرى جەھەتتە بىر قاتار ئەنئەنىلەرنى شەكىللەندۈرگەن. مەسىلەن: ئەسەرلەرنىڭ باغلىنىشى، راۋاج ۋە تۈگەللىمىسىدە بىر خىل ئۇدۇملۇق ئادەت بار. ۋەقەلىك يۆنىلىشى كۆپ لىنىيىلىك تەرتىپ بويىچە قانات يايىدۇ. كۆپ چاغلاردا ۋەقەلىك دولقۇنسىمان راۋاجلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ ئىچكى تۇرمۇشى بىلەن تاشقى قىياپىتى ماسلاشتۇرۇپ تەسۋىرلىنىدۇ.

ئالتىنچى، ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇنىدا باشتىن- ئاخىر (ئاكتۇئال) ئىدىيىنى ئىپادىلەشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويغان، ئۇنىڭدا خەلقپەرۋەرلىك ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك خاھىشىنى ئۆرنەك قىلغان ھالدا، نۇرغۇن قىممەتلىك ئىدىيىلەر ئىپادىلەنگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بارلىق ئىلغارئامىللار تېگى- تەكتىدىن ئېيتقاندا، ۋەتەن، خەلقنى سۆيۈشكە، ئۇنىڭ ئۈچۈن پىداكار بولۇشقا ئۈندەپ كېلىنگەن. خەلقچىللىق ئىدىيىسىنىڭ روشەنلىكى خەلقنىڭ ھۆرلىكىنى تەلەپ قىلىش، ئادالەتكە ئىنتىلىش، يورۇقلۇق ئىزدەش قاتارلىقلارنى ئوبرازلىق ئىپادىلەشتە كۆرۈلىدۇ. بىرمۇنچە ئەسەرلەردە زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى، ھۆكۈمرانلارنىڭ ئىقتىدارسىزلىقى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

جەمئىيەتتىكى ناچار ئىللەتلەر پاش قىلىنغان. ئەمگەكچى خەلقنىڭ قارشىلىق كۆرسىتىش ئىدىيىسى مەدھىيىلەنگەن. ھەققانىيەتنىڭ رەزىللىك ئۈستىدىن غەلبە قىلىشى ئىپادىلەنگەن. ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئىجتىمائىي زىددىيەتلەر چوڭقۇر پاش قىلىنىپ، خەلق قارا كۈچلەرگە قارشى كۆرەشكە رىغبەتلەندۈرۈلگەن. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىدا «ئەدەبىيات بىلەن ئېزگۈلۈكنى ئىزھار قىلىش» تەكىتلىنەتتى. سىياسىيغا ۋە ئەخلاق ئىستىلىغا ئەھمىيەت بېرىلەتتى. «قۇتادغۇبىلىك» تە شېئىر ئارقىلىق ئارزۇ- ئارمان بايان قىلىنغان. قۇچۇ ئۇيغۇر خانلىقىدىن كېيىنكى شېئىرلارنىڭ بەزىلىرىدە قائىدە سۆزلەش، ئەخلاقنى تەرغىب قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان، شۇنداقلا ئەدەبىيات بىلەن ئېزگۈلۈكنى بىرلەشتۈرۈش ۋە ئېزگۈلۈكنى ئاساس قىلىش ئىدىيىسى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدىبلىرى ئەل- يۇرتنىڭ تەقدىرىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلگەن. يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قىلدىن نازاك تەپەككۇر يولى، قىلىچتىن ئۆتتىك تىل بىلەن سۆزلەر دېگىزىغا كىرىپ، نەپىس ۋە تېرەن سۆز ئۈنچە- گۆھەرلىرىنى قېزىپ يېزىلغان ئەسەر جاھانغا قاراپ، مەڭگۈلۈك يادىكار بولۇپ قالدۇ» ( 909، 61- بەتلەر) دېگەن ئىجادىيەت پرىنسىپى مۇشۇ خىل ئىدىيىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسىدۇر. ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ئىدىيىۋى مەزمۇنلىرى: قەھرىمانلىق، تەرەققىيپەرۋەرلىك، ئەل- يۇرت سۆيەرلىك، ئادالەت، چىن مۇھەببەت، ئەمگەك، ۋاپادارلىق، ياخشىلىق، راستچىللىق، مەردلىك قاتارلىق ئىدىيىلەرنى تەرغىب قىلىش، ئۇنىڭ قارشىسىدىكى قىلىقلارنى مەسخىرە قىلىشتىن ئىبارەت ئىدى، كېيىن يەنە مەرىپەتچىلىك، ھەققانىيەت، گۇمانىزىم، خەلقچىللىق ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك، تىنچلىقپەرۋەرلىك، ھۆرلۈك ئىدىيىلىرى قوشۇلدى.

ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ رومانتىك مەزمۇنلىرى ئىچىدە غايىۋى ئادىل پادىشاھ توغرىسىدىكى تېما ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ. مۇنداق غايىۋى جەمئىيەت ۋە غايىۋى پادىشاھ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدا ئىزچىل تەسۋىرلەنگەندىن تاشقىرى، قۇچۇ شېئىر- قوشاقلىرى، يۈسۈپ خاس ھاجىپ، ئەلشىر نەۋائىي، ھىرقەتى، ئاياز شىكەستە، زەلىلى، مۇھەممەد سادىق كاشغەرە، مۇھەممەد ئابدۇللا خاراباتى قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ نوقتىلىق گەۋدىلىنىدۇ.

يەتتىنچى، ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە شېئىرىيەت ئاساسىي ئېقىم بولۇپ كەلگەن، يەنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى ئومۇمەن شېئىرىيەتنى ئاساس قىلغان، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى مۇۋەپپەقىيەتنى ئاساسلىق ئەدەبىيات مۇۋەپپەقىيىتى قىلغان. شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدىكى ئىزچىللىق ئەنئەنە سىپتىدە زامانلاردىن بېرى داۋاملىشىپ كەلگەنىدى، شۇڭا شېئىرىيەت ئاساسلىق، ھەتتا بەزىدە بىردىنبىر ئەدەبىي شەكىل بولۇپ كەلگەنىدى. ئۇيغۇر ئەدەبىيات تارىخى ئاساسەن شېئىرىيەت تارىخى، شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە تاكامموللۇقنى ئىزدەش ۋە شېئىرغا كوللىكتىپ ئىشتىياق باغلاش تارىخى بولغان. بۇ ھال شېئىرىيەتنىڭ نەسرىي

ئەسەرلەرگە قارىغاندا ئىلگىرى كەتكەنلىكىنى، نەسرىي ئەسەرلەردە گۆدەكلىك ھالەت ساقلانغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۇيغۇرلارنىڭ شائىر مىللەت ( ياكى شېئىرىيەت مىللىتى) سۈپىتىدە موھىم ئورۇننى ئىگىلىگەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ.

شېئىرىيەت ئۇيغۇر مەنىۋى تەپەككۇرى ۋە ئىجتىمائىي كوللېكتىپى ئارىسىغا چوڭقۇر سىڭگەن. كەڭ ئەدەبىياتچىلار ۋە ئوقۇرمەنلەر شېئىرىيەتكە چوڭقۇر ئىخلاس باغلىغان. شېئىر كەڭ ئەمگەكچى خەلقنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ ، سەنئەتلىك تۇرمۇشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىغا ئايلانغان. مەكتەپ، مەدرىسلەردە دەرسلىك قىلىپ ئوقۇتۇلغان، مەرىكە- سورۇنلاردا دېكلاماتسىيە قىلىنغان توم- توم دىۋان، بایاز، كۇللىياتلار چىداملىق خەتتاتلار تەرىپىدىن ھۆسن خەت بىلەن كۆچۈرۈلۈپ كىتاب قىلىنىپ، قىممەتلىك مىراس سۈپىتىدە ساقلانغان؛ شېئىرلار « 12
مۇقام» ئاھاڭلىرىغا سېلىنىپ ئوقۇلغان. خەلق ئاممىسى شائىر ۋە شېئىرلارنى چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن قەدىرلىگەن. شېئىرىيەت ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ مۇنەۋۋەر ھەم گەۋدىلىك نامايەندىسى بولغاچقا، ئۇنىڭدا بىر مۇنچە ئالاھىدىلىكلەر شەكىللەنگەن، يەنى دىۋان- كۇللىيات تۈزۈش ئىنىق مەقسەت قىلىنغان. لىرىك غەزەللەردە ئاپتورلارنىڭ زامانغا بولغان قارشى ئوبرازلىق ھالدا ئىپادىلىگەن. داستانچىلىق بەدىئىي ماھارەتنىڭ يۇقۇرلىقىنى ئۆلچەيدىغان موھىم بەلگە دەپ قارالغان. ماۋزۇ تاللاشقا دىققەت قىلىنىپ، ئۆزگىچە ماۋزۇ قويۇش ئادەتكە ئايلاندۇرۇلغان، يەنى ئاساسەن ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە ماۋزۇ قويۇلغان، شېئىرلارنىڭ تېمىسى ئومومەن ئەخلاقنى تەرغىپ قىلىشقا مەركەزلەشتۇرۇلگەن؛ غايىۋى پادىشاھ، غايىۋى جەمئىيەت، غايىۋى يار ئوبرازىنى يارىتىش ئىدىيىۋى سىستېما بولۇپ شەكىللەنگەن.

شېئىرىي تارىخ يارىتىش، ئەدەبىي تەخەللۇس ئىشلىتىشكە خۇشتار بولۇش، ئاپتورلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالىنى شېئىرىي مىسرالىرىدا قىستۇرۇپ ئۆتۈش ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىدىكى ئەڭ موھىم ئالاھىدىلىك. شېئىرىيەت ساھەسىدە ئەدىبلەر، ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان يىللىرىنى ئىزچىل يوسۇندا شېئىرىي تارىخ شەكلىدە، يەنى ئەبجەد ھېسابى بويىچە يېزىپ قويغان. يەنى يىلنامە ئەسەرنىڭ بېشى ياكى ئاخىرى ۋە ياكى ئوتتۇرىلىرىدىكى شېئىرىي مىسرالارنىڭ بىر يېرىدە تېپىشماقتەك يوشۇرۇن ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ. بۇ يۇقۇرى بەدىئىي ماھارەت تەلەپ قىلىدىغان ئادەت ئىدى.

كىتابەتچىلىك ئىشلىرىغا قاتناشقان مۇئەللىپلەر ۋە خەتتات، شرازىچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئەدەبىي تەخەللۇس ئىشلەتكەن. ئۇلارنىڭ تەخەللۇسى ھەرخىل ھادىسە ۋە ۋەقەلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ھالدا بارلىققا كەلگەن. بۇلارنىڭ ئىچىدە كىنىدىك قىنى تۆكۈلگەن سۆيۈملۈك يۇرتى، ئۆزى تۇغۇلغان شەھەرنىڭ ئىسمىنى تەخەللۇس قىلغانلار ئەڭ كۆپ. بۇلاردىن باشقا، نۇر-يورۇقلۇققا تەلپۈنۈپ، شۇلارغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىش؛ ئەدىبنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى، ئارزۇ- غايىسى، خاراكتېرى قاتارلىقلارغا مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىش؛ ئەدىبنىڭ ھايات

سەرگۈزەشتىلىرى، بولۇپمۇ غېرىب، بىچارىلىق، ئازاب- ئوقۇبەتلىك، ئىشقى- ھىجران، مۇھەببەت پاجىئەلىرىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەرنى تەخەللۇس قىلىش قاتارلىق ئەھۋاللار بار. بۇلاردىن باشقا ئاددىي- ساددىلىق، كەمتەرلىكنى، ئېسىل خىسلەت، بەلەن خۇلق- مىجەزنى، كۈي- ئاھاڭلارنى ھەتتا ئۆز ئىسىملىرىنى تەخەللۇس قىلىپ قوللىنىلىدىغان ئەھۋاللارمۇ مەۋجۇت. ئومۇمەن، بىز تەخەللۇسلار ئارقىلىق قەدىمكى ئەدىبلەرنىڭ ھاياتىغا دائىر بەزى ئەھۋاللاردىن خەۋەردار بولالايمىز.

ھەرپىي ئوبراز يارىتىش، سۆز ئويۇنى كۆرسىتىش قەدىمكى كىتابەتچىلىكتىكى يەنە بىر ئالاھىدىلىك. ئاپتورلار ھەرپلەرنىڭ شەكىل ئالاھىدىلىكى، رەت تەرتىپى، ئوقۇلۇش تەلەپپۇزى قاتارلىقلارنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ، شېئىرلاردا ھەرپىي ئوبراز يارىتىشتەك بىر خىل ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. يەنە ھەرپلەر ئارقىلىق سۆز ئويۇنى كۆرسىتىش، مۇئەممما يەنى تېپىشماق شەكلىگە ئەھمىيەت بېرىلگەن. بۇ خىل ئادەت يۈسۈپ خاس ھاجىپتىن تارتىپ، تا تەجەللىگىچە داۋاملاشقان. ھەرپىي ئوبراز ياراتقاندا، بىرى، بىرەر ھەرپنىڭ يەككە ھالدىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئوبراز يارىتىش، يەنە بىرى، ئېلىپبە سىستېمىسىدىكى ھەرپلەرنىڭ تەرتىپلىك ئورنىغا ئاساسەن ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى قوللىنىلغان.

ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە بەدىئىيلىككە يۇقىرى تەلەپ قويۇلغان. ئۇنىڭ شەرتلىرى كۆپ جەھەتلەردە ئۆز ئىپادىسىنى كۆرسەتكەن. شائىرلار قاراتمىلىقى بولغان، ئىلغار ئىدىيىۋى خاھىشى كامالەتكە يەتكەن بەدىئىي شەكىل ئارقىلىق ئىپادىلەشكە تىرىشقان.

پىكىردىكى مەنە چوڭقۇرلۇقى، ۋەقەلىكتىكى ئاكتۇئاللىق، لىرىك ۋە ئېپىك ئوبرازلاردىكى خاسلىق ۋە تىپىكلىق، يېشىمدىكى مەقسەتدارلىق قاتارلىق جەھەتلەردە مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى ئاساسىدا ئىجادىي ۋە يۈرەكلىك پىكىر بايان قىلىنغان. مىللىي سالاپەت ۋە قىياپەتكە ئىگە جۇشقۇن خاراكتېرلەر يارىتىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنى ئەۋلادتىن- ئەۋلادقا ئىنسانىي گۈزەل- ئەخلاق ۋە كىشىلىك قارىشى ئاساسىدا تەربىيىلەشكە بىر ئۈلۈش ھەسسە قوشۇلغان.

قەدىمكى كىتابلاردا ئەسەرلەرنىڭ تىلىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەن. جۈملە تۈزۈلۈشى، ئەسەرنىڭ شەكىل قۇرۇلمىسى، ۋەزىن، تۇراق، رىتىم، قاپىيە شەكىللىرىگە كەڭ ئومۇملاشقان ۋە ئەدىبلەر ئورتاق ئېتىراپ قىلغان ئەدەبىي پرىنسىپ تۇراقلىق يوسۇندا ئىجابىي تەتبىقلانغان.

تەسۋىرىي ۋاستىلەر كۆپ خىل ۋە رەڭگارەڭ بولغان، قويۇق مىللىي ئۇسلۇب تىل، مەزمۇن ۋە شەكىلدىن باشقا تەسۋىرىي ۋاستىلەردە روشەن ھالدا ئۆز ئەكسىنى تاپقان. تەسۋىرىي ۋاستىلەرنىڭ رەڭدارلىقى ئەجدادلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىنى بەدىئىي يوسۇندا چۈشەندۈرۈپ، تۇرمۇش باي ھايات كارتىنىسى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ.

سەككىزىنچى، ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئۇنىۋېرسال پەنلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلگەن. ئەدەبىيات تارىخىدىكى ئاپتور- مۇئەللىپلەرنىڭ كۆپى دېگۈدەك ئېنسىكلوپېدىستىك شائىر- يازغۇچىلار ئىدى. مۇئەللىپلەر ئەينى چاغ شارائىتىدا دەۋرنىڭ

تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزەتكۈچىلەردىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىگىلىگەن بىلىمى نىسبەتەن مول، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولغاچقا، ئۆز ئەسەرلىرىدە جەمئىيەتنىڭ نۇرغۇن مەسىلىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن. تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي پەن تارماقلىرى، ئاسترونومىيە ۋە دىنىي، پەلسەپىۋى مەسىلىلەر ئۇتتۇرىغا قويۇلغان. تارىختا يارىتىلغان ئەدەبىي ئەسەرلەر مول مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، ئەجدادلارنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ ھەممە تارماقلىرىغا تۇتاشقان، ئۇ ماھىيەتتە ئىجتىمائىي ئىدىيە (ياكى پەلسەپە)، تارىخ، ئاسترونومىيە، تېبابەتچىلىك، فولكلور قاتارلىق پەنلەر بىلەن قويۇق ئالاقىسى بار. بۇ پەنلەرنى ئۆگىنىش زۆرۈرىيىتى ئەدەبىياتتىن ماتېرىيال ئېلىنىشىنى تەقەززا قىلىدۇ. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىق قىممىتى باشقا ساھەلەرگە قارىغاندا ئەھمىيەتلىكتۇر. ئۇيغۇرلار ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق جەمئىيەت ۋە فېئوداللىق جەمئىيەتلەرنى باشتىن كەچۈرگەن بولغاچقا، ئەدەبىي ئەسەرلەردە بۇ خىل ئىجتىمائىي تۇرمۇش قاتلام بويىچە ئەكس ئېتىپ ماڭغان. مەسىلەن: خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەپسانە- رىۋايەتلەردە ئۇيغۇر ئەجدادلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا دائىر تارىخى مەنزىرىلەر نامايەن قىلىنغان ھەمدە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئېتنىك مەنبەسى توغرىسىدىكى ساددا قاراشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئومۇمەن، ئۇيغۇر ئەپسانە- رىۋايەتلىرى ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. مەڭگۈ تاش ئەدەبىياتىدا بولسا، پەقەت خاقانلارنىڭ تۆھپىلىرىلا خاتىرلەنگەن بولماستىن، بەلكى مىللەتلەرنىڭ تارىخىغا دائىر بايانلار كونكرېت ھەم ئوبرازلىق بايان قىلىنغان. «تارىخى كاشغەر»، «تەزكىرەئى بۇغراخان، «تارىخى رەشىدى»، «تەزكىرەئى ئەزىزان»، «تارىخى ھەمىدى» قاتارلىقلاردا فېئودالىزىم جەمئىيىتى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھۆججەتلەردۇر .

قەدىمكى ئۇيغۇرلار ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردە ئوخشىمىغان رايونلاردا ياشاپ، ئىلگىرى- كېيىن ئىپتىدائىي دىن، شامان دىنى، مانى دىنى، نېستورىيان دىنى، زوروئاستىر دىنى، بۇددا دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارغا ئېتىقاد قىلغان. بۇلار مەلۇم دەرىجىدە ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئەكس ئەتمەي قالمىغان. ھەتتا بەزى ئەسەرلەر قويۇق دىنىي مەزمۇنغا ئىگە بولۇپ، بۇلار «دىنى ئەدەبىيات» دەپ ئاتىلىپ كېلىنگەن ئەھۋاللارمۇ بولدى. شۇ نەرسە روشەنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتى بارلىققا كېلىپ، شەكىللىنىشكە باشلىغاندىن كېيىنلا، ئۆرپ- ئادەت مەدەنىيىتى بىلەن دىنىي مەدەنىيەتنىڭ قارىمۇ- قارشىلىقى توختىغان ئەمەس. ئۇلار بىرلىكتە ئىلگىرلەپ، مەۋجۇتلۇقنى ساقلىغان. نوقۇل دىنىي مەزمۇنغا ئىگە ئەسەرلەردىن خەلقنىڭ ئەقىل- پاراستى، ئەخلاق ئادەتلىرى، ئىجتىمائىي ئوي- پىكىرلىرىنى بىلگىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئىجتىمائىي تەپەككۇر تارىخىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى مىللىي قاراشلىرىنى مەنبە، ئۆزەك قىلغان ھالدا، ئۆزلىرى ياشىغان جۇغراپىيىۋى ۋە ئىجتىمائىي مۇھىت تەسىرى بىلەن قوشنا رايون، خەلقلەر مەدەنىيەت ھادىسلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، غەربىي يۇرت- دۇنيانىڭ قەدىمكى زامان تارىخىدىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت رايونى بولغان مەركىزىي جۇڭگو

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەدەنىيەت رايونى، ھىندىستان مەدەنىيىتى، ئەرەب- پارس مەدەنىيىتى ۋە گرېك- رىم مەدەنىيىتى ئۆز- ئارا ئۇچراشقان رايون. شۇڭا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا، بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ ھەرخىل نىسبەتتىكى ئىزنالىرىنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ ساياھەت ئەدەبىياتى جەھەتتىكى ئەمگەكلىرىمۇ بەلگىلىك دەرىجىدە قىممىتى بار ئەسەرلەر ھېسابلىنىدۇ. يەنە دەۋرىدە ئۆتكەن ئۇيغۇر دىپلومات رابىيان ساۋما يازغان «رابىيان ساۋما ساياھەت خاتىرىسى» تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن بىر جۇڭگولۇقنىڭ غەرب دۇنياسى ھەققىدىكى تۇنجى ساياھەت خاتىرىسى دېگەن باھاغا ئېرىشكەن. يەنە بىر مۇنچە ئۇيغۇر شائىرلىرى ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى سەيلە- ساياھەت، يۇرت كېزىش بىلەن ئۆتكۈزۈپ، بۇ تۇرمۇشلىرىدىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچىلىرىنى شېئىرىي مىسرالىرى ئارقىلىق ئىپادىلىگەن.

توققۇزىنچى، قەدىمكى كىتابلاردا تەرجىمە ئەدەبىيات، تەقلىدىي ئەدەبىيات مىللىي ئەدەبىياتنى بېيىتىشتىكى ئايرىلماس ئىجادىيەت يولى بولۇپ كەلگەن. ئەجدادلار تەرجىمە ئەدەبىياتىغا ۋە تەقلىدىي ئەدەبىياتقا قەدىمدىن بېرى زور دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن. مىلادىيە 7-5 ئەسىرلەردە «خۇئاستۇئانىفت» قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا روياپقا چىققان. ھىندىستان ئېپوسى «رامايانا» قەدىمكى ئۇدۇن تىلى، ئاگنى (قارا شەھەر) تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «ئىزوپ مەسەللىرى»، «ئىنجىل»، «مايتىرى سىمىت»، «شۈەنزاڭنىڭ تەرجىمھالى» قاتارلىقلار قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان. «زەبەرنامە»، «قۇرئان كەرىم»، «مىڭ بىر كېچە»، «شاھنامە»، «كەلىلە ۋە دىمنە»، «قابۇسنامە»، «بوستان- گۈلىستان» قاتارلىقلارنى مەۋلانە لۇتفى، موللا خاموش ئاخۇن، ئابدۇللا مەخدۇم، موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرى قاتارلىقلار خېلى بۇرۇنلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان ئىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە «ئىزوپ مەسەللىرى»، «مايتىرى سىمىت»، «قۇرئان كەرىم»، «قابۇسنامە»، «مىڭ بىر كېچە»، «كەلىلە ۋە دەمنە»، «شاھنامە» قاتارلىقلارنىڭ قەدىمكى زاماندىلا ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى يالغۇز ئۇيغۇر تەرجىمە ئەدەبىياتى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل جۇڭگو تەرجىمە ئەدەبىياتى ئۈچۈن چوڭ ۋەقە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئاپتورلىرىنىڭ چەتئەل تىل سەۋىيىسىنىڭ يۇقۇرىلىقى، ئۆز دەۋرىدىكى سىياسىي ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسى ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ئۇيغۇر قەدىمكى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا «تەقلىدىي ئەدەبىيات» يارىتىشتەك بىر خىل ئېقىم شەكىللەنگەن. بۇ دېگەنلىك، باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدىكى ئەنئەنىۋى تېمىلارنى خام ماتېرىيال قىلىپ تاللىۋېلىپ، ئۇيغۇر تىلىنى ئىپادىلەش ۋاستىسى قىلغان ھالدا ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرىش دېگەنلىك. بۇنىڭغا لۇتفىنىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز» داستانى ۋە باشقا ئاپتورلارنىڭ بەزى مۇھەببەت داستانلىرىنى مىسال قىلىشقا بولىدۇ. بۇلارنىڭ بەزى داستانلىرىدىكى ئوبرازلار باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتىدىن ئېلىنغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا ئەمگەكچىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى يوق، دەپ ئېيتىشقا بولمايدۇ. مەيلى تەرجىمە ئەدەبىيات بولسۇن، مەيلى تەقلىدىي ئەدەبىيات بولسۇن، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇلار مىللىي ئەدەبىياتنى بېيىتىش

ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

ئونىنچى: ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئەكس ئەتكەن مەزمۇن شەرق- غەرب ئەللىرى مەدەنىيەت ئالاقىسىنى مەنىۋى ياقتىن كۆزىتىدىغان مۇھىم كۆزنەك. ئۇنىڭدا شەرق ۋە غەرب ئەللىرىنىڭ قىممەتلىك ئىدىيىسى مۇجەسسەملەنگەن. يەنى، ئۇنىڭدىن شەرق ۋە غەرب تېماتىكىسىنىڭ مەشھۇر ئۆلگىلىرىنى تېپىشقا بولىدۇ. ئەلشىر نەۋائىنىڭ « پەرھات ۋە شىرىن»، « سەددى ئىسكەندەر» ناملىق ئىككى داستانى بۇنىڭ تىپىك مىسالى. چىن خاقانىنىڭ ئوغلى شاھزادە پەرھاد، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ شەرققە يۈرىشىدە چىن شاھقا بەرگەن «جاھاننامە» (جاھان ئەينىكى)ئارقىلىق ئەرمەن مەلىكىسى شىرىننىڭ جامالىنى كۆرۈپ ئاشىق بولىدۇ. شەرقتىن غەربكە ۋىسال سەپىرى باشلىغان پەرھاد چىن خەلقىنىڭ ھۈنەر- ماھارىتى ۋە گرېك مۇتەپەككۇرى سوقراتنىڭ ئۆگەتكەن ھېكمىتى بىلەن قوراللىنىپ، شىرىننىڭ مۇھەببىتىگە نائىل بولىدۇ. نەۋائى « سەددى ئىسكەندەر» دە گرېك شاھزادىسى زۇلقەرنەيىننىڭ غەربتىن شەرققە يۈرۈش قىلغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئارىستوتېل پەيلەسوپىسى ۋە شەرق خەلقلىرىنىڭ داراغا قارشى كۆرەشتە ئۇنىڭغا ياردەم قىلغانلىقىغا تايىنىپ، ئۇنىڭغا شەرقتە ئادالەت ئورناتقانلىقىنى تەسۋىرلەيدۇ. نەۋائى گرېك پەيلەسوپىنىڭ ئىززەت- ھۆرمىتى تۈپەيلى تارىختىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىندىن تۈپتىن پەرقلىق بولغان غايىۋى پادىشاھ ئوبرازى ئارقىلىق شەرق ھاكىمۇتلەقلىقىنى مەسخىرە قىلىدۇ.چاغاتاي ئەدەبىياتىدىكى

« راھەتۇل قۇلۇب» (قەلب ھۇزۇرى) دا چىن مەلىكىسى بىلەن غەرب شاھزادىسى ئوبرازى يارىتىلغان. بەزى داستانلارنى ئىنتېرناتسىئونالىزىملىق ئىدىيىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بىر پارچە ئەينەك دېيىشمۇ بولىدۇ.مەسىلەن:بىر داستاندا چىنلىق پادىشاھ،شاھزادە،مەلىكە ئوبرازى، ھىندى پادىشاھى، شاھزادىسى، مەلىكىسى، ئىران، ئەرمەن، ئەدەن، باغدادلىق ھەرخىل، ھەر ياڭزا ئوبرازلار ئۇچرايدۇ. بۇلارنى، تېخىمۇ كونكرېتلاشتۇرساق، بۇ ئەسەرلەردە چىن خاقانى، خوتەن رەستىسى، خارەزم چۆللۈكى، ھىندى راھىبى،ئىران دەرۋىشى، ئەرمەن گۈزىلى ، ئەرەب ھەكىمى، ئېفىئوپىيە زەنگىسى، يۇنان سەركەردىسى، ساك قەھرىمانى، غەربىي يۇرت مەرگەنلىرى، تۈركىستان جاڭگىلىرىنىڭ ئارسلانلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، دۇنيادا مۇنداق قىياپەتلىك ئىككىنچى تەسۋىرىي تەپەككۈر مۆجىزاتىنى يەنە تېپىش تەس.

دېمەك، ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئەكس ئەتكەن مەزمۇن، خىلى قەدىمكى زامانلاردىلا ئېچىۋېتىلگەن بىر ئەدەبىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن دۇنياغا يۈزلەنگەن. ئەڭ قەدىمكى چاغلاردىلا ھىندىستاننىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتى، ئوتتۇرا قەدىمكى زامان ئەرەب ، پارس ئەدەبىياتى بىلەن ئۇچراشقان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئالتاي تىلى سىستېمىسىدىكى باشقا تىللىق خەلقلەرئەدەبىياتى ئارىسىدا، تۈركىي تىلى ئائىلىسىگە مەنسۇپ باشقا خەلقلەر ئەدەبىياتى بىلەن قويۇق ئالاقىسىنى ساقلاپ كەلگەن. ئېلىمىز جۇڭگونىڭ چېگرا رايونلىرى، قوشنا ئەللەر ۋە مىللەتلەر بىلەن بولغان ئەدەبىيات مۇناسىۋىتى جەھەتتە، جۇڭگو بىلەن چەتئەللەرنىڭ مەدەنىيەت ئالاقىسىدا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە تىپىك ۋەكىللىك خاراكتېرىگە ئىگە ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتى، قەدىمكى ئەدەبىياتىنىڭ، سەنئەتنىڭ تېما، ماتېرىيال، ئىدىيە ۋە باشقا شەكىل ئامىللىرى جەھەتتە «ھەم مىنىڭ، ھەم سىنىڭ» بولۇشتەك ھالەت بارلىققا كەلگەن. شۇنداق ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر تىلىدا يەرلىك، مەھەللە ياكى مىللىي ئالاھىدىلىك جۇلالىنىپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە خاس ئىدىيلەرمۇ ئەكس ئەتكەن.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ مەزمۇن ئالاھىدىلىكى ناھايىتى مول بولۇپ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ھەر تەرەپلىمە كۆرسىتىشكە ئىمكانىيەتلەر تولۇق. مەيلى ئىدىيۋىلىك جەھەتتىن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن بىر ئۈلگىلىك ئەدەبىيات بولۇشقا مۇناسىپ. شۇڭا، ئۇنى ئۆگىنىشكە، تەتقىق قىلىشقا، ئىلغار ئىدىيۋىي خاھىشىنى ھەم شەكىللىرىنى بەدىئىي ئىجادىيەتكە ۋە تۇرمۇشقا تەتبىق قىلىشقا، ئۈلگە قىلىشقا ئەرزىيدۇ. « ئۆتمۈشتىكىلەردىن ئۆگىنىپ، بۈگۈنكىگە تەتبىق قىلىش» ، « كونىلىرىدىن يېڭىلىرىنى يارىتىش» پىرىنسىپى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىگىمۇ ماس كېلىدۇ.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قۇللۇق دەۋر ۋە فېئودالىزىم جەمئىيىتى باسقۇچىدا بارلىققا كەلگەن. ئۇنىڭدا، كونا جەمئىيەتتە ياشىغان مېھنەتكەش خەلقنىڭ تۇرمۇش مەئىشەتلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش، ئۆز- ئۆزىنى روناق تاپقۇزۇش، يورۇقلۇققا ئىنتىلىش، ئىجتىمائىي قارا كۈچلەر بىلەن كۆرەش قىلىش، ھۆرلۈك ۋە ئەركىنلىكنى قولغا كەلتۈرۈش، ئەقىل- پاراسەت توپلاش جەھەتلەردىكى پائالىيەتلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، مەلۇم ساندا ئەزگۈچى سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى، كونا ۋە فېئوداللىق ئاسارەتنىڭ تەسىرى، چۈشكۈنلۈك خاھىشلىرى ئەكس ئېتىپ قالغان. بۇلار مەدەنىيەت مېغىزىنىڭ شاكاللىرى بولۇپ، ئەينى چاغدىكى تۇرمۇش تەپسىلاتلىرىنى ئۆگىنىشتە بىۋاستە ئەمەس بەلكى ۋاستىلىك يوسۇندىكى ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنى كېيىنكى كەلگەندە تاشلىۋېتىشكە ياكى ئەھمىيەتسىز نەرسە دەپ قاراشقا بولىدۇ.

# 12. ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكى

(1) تارىخي ئۇزۇن. (2) كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىگە سەرپ قىلىنغان ئىقتىساد زور. (3) ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئىشلىتىلگەن يېزىقلارنىڭ تۈرى كۆپ. (4) ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ كىتاب تۈپلەش ئۇسۇللىرى ھازىرقى زامانىنىڭكىدىن نەچچە ھەسسە ئىلغار، ئىشلەتكەن سايمانلار ھەرخىل. مەسىلەن: قەدىمكى زاماندا تۈپلەنگەن كىتابنى 100 قەۋەتلىك بىنادىن تاشلىۋەتسە، ھەرگىز چۇۋۇلۇپ كەتمەيدۇ. ئەكسىچە، ھازىرقى زاماندا تۈپلەنگەن كىتاب ئىككى مېترلىك كىتاب جازىسىدىن چۈشۈپ كەتسە، چۇۋۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ (5) قەدىمكى كىتابنىڭ كۆركەملىكى ئۈچۈن ئىشلەتكەن (قوللىنىلغان) ھۈنەر سەنئەت ۋە گۈزەل سەنئەتنىڭ تۈرى ۋە ژانىرى ھەرخىل. (6) ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىكىدە، كىتابنىڭ ۋە يازما ماتېرىياللارنىڭ ساقلىنىشى ۋە ئۇزاق دەۋرلەرگە يەتكۈزۈلۈشى ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئەسلىھەلەر، مۇھەسسەلەر، ماتېرىياللار ئۆز دەۋرى ئۈچۈنمۇ، ھازىرقى دەۋر ئۈچۈنمۇ نىسبەتەن ئىلغار ھەم مۇكەممەلدۇر. (7) ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى- تارىخي جەھەتتە قەدىمىيلىككە، خاراكتېرى جەھەتتە مول مىللىي ئالاھىدىلىككە، تەسىر جەھەتتە ئەبەدىيلىككە ئىگە. چۈنكى ئۇيغۇلار مىلادىيدىن بۇرۇنقى 3-ئەسىردىن بۇرۇنلا تەڭرى تاغ ۋادىللىرى، پامىر، قاراقۇرۇم تاغلىرى، تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشاپ ئەڭ بۇرۇن شەھەر (قەلئە) مەدەنىيىتى بەرپا قىلىپ، شەھەر مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىش بىلەن بىرگە قەغەز ياساش، مەتبەئە تېخنىكىسى، مىلتىق دورىسى ۋە كومپاسنى كەشىپ قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىنى ئىلگىرلىتىش رولىنى ئوينىغان مىللەت. ئارخولوگىيە تەتقىقاتچىلىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىلى 2000 مىڭ يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. يېزىق تۈرى 26 خىلغا يېتىدۇ. بۇ ئۈچ چوڭ يېزىق سىستېمىسىغا ئايرىلىدۇ.

بۇلار ئەرەم يېزىقى سىستېمىسى، بىراخما يېزىقى سىستېمىسى ۋە خۇاشىيا يېزىقى سىستېمىسىدىن ئىبارەت. بۇ سىستېمىغا كىرىدىغان ھەرخىل يېزىقلار بىلەن «ھام- سام» تىللىرى سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىللار، ھىندى ياۋروپا تىللىرى، (ھىندى ئىران تىللىرىمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) سىستېمىسىغا كىرىدىغان تىللار، خەنزۇ تىبەت تىللىرى سىستېمىسىغان كىرىدىغان تىللاردىكى قەدىمكى دىن، تارىخ، جۇغراپىيە، تىبابەت، تىل- ئەدەبىيات، پالچىلىق، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، باغۋەنچىلىك ۋە قانۇن مەزمۇنلىرى خاتىرلەنگەن مەزمۇنلار بار. [1]

**ئۇيغۇ قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى قايسى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟**

بىرىنچى: ئۇيغۇرلارنىڭ ئىگىلىكىنىڭ سانائەتلىشىشنىڭ نەتىجىسى.

ئىككىنچى: ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق ئىشلىتىش تارىخى ۋە ئىشلەتكەن يېزىقىنى سەنئەت

[1] شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلغان قۇربان ۋەلىنىڭ «بىزنىڭ تارىخى يېزىقلىرىمىز» ناملىق ئۇيغۇرچە كىتاب، 1986- يىلى نەشرى، 106- بەت.

دەرىجىسىگە كۆتۈرۈپ، گۈزەل سەنئەتنىڭ، ھۆسنخەت سەنئىتىنى بەرپا قىلىش ۋە ياد مىللەتلەر دىن قوبۇل قىلىش ئۆلگىسى.

ئۈچىنچى: ئۇيغۇرلارنىڭ كۆتۈپخانچىلىق تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

## 1. ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى

(1) ئىشلەتكەن تىل كۆپ،ئۇيغۇرلار ئۆز تىلىدا، ئوخشىمىغان دەۋرلەردە قەدىمدىن باشلاپ قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى، خاقانىيە ئۇيغۇرتىلى، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى، ھازىرقى ئۇيغۇر تىلى بىلەن كىتاب پۈتكەندىن باشقا، ئۆزى ياراتقان بىلىم بايلىقلىرىنى ياد، قوشنا مىللەت خەلقلىرىگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن، قەدىمدىن ھازىرغىچە، سانسكرىت(ئەنەتكەك)، ساك، تىبەت، قەدىمكى خەنزۇ، موڭخۇل، ئەرەب، پارس، ئوردۇ، ھىندى، سوغدى، پەھلەۋى (ئىران) تىل يېزىقلىرىدا، يېقىنقى دەۋرلەردە بولسا، قازاق، تاجىك، قىرغىز، ئۆزبەك، ئوسمانلى تۈركچىسى (تۈركىيە تۈركچىسى)، ئەزەربەيجان، روس، تاتار، ئىنگلىز، خەنزۇ تىللىرىدا ئەسەرلەرنى يازغان. مەسىلەن: ناتىۋانى 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرى 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان بولۇپ، چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى، ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىدا ئەسەر يازغاندىن باشقا، ئەزەربەيجان تىلىدىمۇ كىتاب يازغان. تانىۋانى بىلەن دەۋرداش ياشىغان ھۆسەيىنخان تەجەللىمۇ ئەرەب، پارس، چاغاتاي، ئوردو، ھىندى تىللىرىدا ئەسەر يازغاندىن باشقا، تۈركىيە تۈرك تىلىدىمۇ ئەسەر يېزىپ قالدۇرغان. مۇشۇ جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇيغۇلارنىڭ كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە ئىشلىتىلگەن تىل- ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنى، ھەرقايسى تارىخى دەۋرلەردە ئۇيغۇرلارنى سىرتقى دۇنيا بىلەن زىچ باغلاپ، ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنى خەلقئارا سەۋىيىگە يەتكۈزگەن ۋە باشقا ئەللەر قوشنا ئەل كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىگە ئىجابىي تەسىر كۆرسىتىشكە تۈرتكە بولغان.

## 2.ئۇيغۇرقەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ يېزىق ئالاھىدىلىكى.

يېزىق ئالاھىدىلىكى- ئالاھىدىلىك نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئىگىزلىك بولغىنى ۋە ئالاھىدە گەۋدىلىدىغىنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەرەب يېزىقىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىنكى «خاقانىيە ئۇيغۇر يېزىقى»، «چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقى» ۋە «ئەرەب يېزىقى» ئاساسىدىكى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ خەتتاتلىق سەنئىتىدە روشەن گەۋدىلىنىدىغان بولۇپ، بۇ دەۋردىكى يېزىقلار ناھايىتى كۆركەم ھالەتتە يېزىلغان. يەنى يېزىقنىڭ تىلنى خاتىرلەشتىن ئىبارەت ئىقتىدارىدىن ھالقىپ، كىشىلەرگە بەدىئىي زوق بېرىدىغان سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈشى قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ، يېزىقنىڭ ئەڭ موھىم ئالاھىدىلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ دەۋرلەردە بولۇپمۇ خاقانىيە يېزىقىدىن بۇيانقى ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى يېزىقنى ئىشلەتكەن كىتابەتچىلىك مەدەنىيىدە خەتتاتلىق ناھايىتى مول رول ئوينىغان. ئەدەبىي ئەسەرلەرنى يېزىپ كىتاب قىلىپ تەييارلاشتا، تەئلىق خەت نۇسخىسىنى ئىشلەتكەن بولسا، دىنى مەزمۇندىكى

كىتابلارنى ۋە باشقا پەننى مەزمۇندىكى كىتابلارنى يېزىپ تەييارلاش ۋە تاش مەتبەئەدە بېسىپ چىقىرىش ئۇچۇن، نەسخ، سۇلۇس خەت نۇسخىللىرى ئىشلىتىلگەن. مەسىلەن: 2005-يىلى 5-ئايدىن 2006-يىلى 5-ئايغىچە ئىشلەپ تولۇقلاش نىشانلانغان قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ قەدىمكى ئەسەرلىرىنى توپلاش، رەتلەش كاتولوگىنى ئىشلەش خىزمىتىدە قول تۇتۇپ ئىشلەنگەن «چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى» دىكى XGQ001/I2تىزىم نومۇرلۇق «ناۋايى غەزەللىرىدىن تاللانما » ناملىق قەدىمكى ئەسەر ھىجرىيە 1332 (مىلادىيە 1913-،1914- يىللىرى) تاش مەتبەئە بېسىلغان بولۇپ، شۇ دەۋردە تاش مەتبەئەدە نەشرگە تەرييارلاشتا تەئلىق خەت نۇسخىسى ئىشلىتىلگەن ئەدەبىي ئەسەردۇر. يەنى XGQ002/A4تىزىم نومۇرلۇق «زۇبدەتۇل ماسائىل ۋەلئەقائىد» ناملىق مۇھەممەد سادىق كاشغەرىنىڭ قول يازمىسى- دىنىي پەلسەپىۋى ئەسەر بولغىنى ئۈچۈن، رەيھانى خەت نۇسخىسى ئىشلىتىلگەن.

XGA160/I1تىزىم نومۇرلۇق «پەۋا ئىدۇز زىيائىيە (مول پايدىلەر) ناملىق كىتاب، ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى ھەققىدىكى نەزەرىيىۋى ئەسەر «كافىيە» نى شەرھىيلەش مەقسىتىدە يېزىلغان، ئەسەر ئۇيغۇرلار ئارىسىدا، مۇھەممەد زىل يەدەينى تەرىپىدىن ھىجرىيە 1243 -يىلى (مىلادىيە1827-،1828-) يىللىرى كۆچۈرۈلگەن قول يازما بولۇپ، پەننىي ئەسەر بولغىنى ئۈچۈن، يەنە كېلىپ ئەرەب تىلى يېزىقىدىكى ئەسەر بولغىنى ئۈچۈن، ئەرەبلەرنىڭ مىللىي خەت نۇسخىسى «سۇلۇس» خەت نۇسخىسىدا كۆچۈرۈلگەن.

يەنە XGA165/H1رەت نومۇرلۇق «زەرىرى» ناملىق ئەسەر 19 -ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئەبۇل ھەسەن ئەلى ھەمدىدىن قەلەمنەزەرى يازغان ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى ھەققىدىكى نەزىرىيىۋى ۋە پەننىي ئەسەر بولۇپ، ھىجرىيە 1334- (مىلادىيە 1915-،1916-)يىللىرى تاشكەنتتە سۇلۇس خەت نۇسخىسىدا خەتتاتلارنىڭ كۆچۈرۈپ تەييارلىشى بىلەن نەشردىن چىققان.

چاغاتاي ئۇيغۇرتىل- يېزىقىنىڭ ئاخرقى دەۋرى بولغان، 19-ئەسىرنىڭ ئاخرى 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا چاغاتاي ئۇيغۇرتىلى يېزىقىنى ئىشلىتىدىغان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاتار، ئۆزبەك خەلقلىرىدە مەتبەئەچىلىك نىسبەتەن تېز تەرەققىي قىلغانلىقى ئۈچۈن، بۇ دەۋردىكى كىتابەتچىلىكتە ئىلگىركىدەك ئەدەبىي ئەسەرلەرنى دېگۈدەك تەئلىق خەت نۇسخىسىدا كۆچۈرۈپ نەشرگە تەييارلاشقا خاتىمە بېرىلىشكە باشلاپ، ئەسەرلەر «نەسخ» خەت نۇسخىسى بويىچە باسمىدىن چىقىرىلغان.

مەسىلەن: XGA/155/4تىزىم نومۇرلۇق «ماقامەتۇ ھەرىرى» ناملىق ئەدەبىي ئەسەرنى ئىبنى ھەممام يازغان بولۇپ، 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا قازان شەھرىدە چاغتاي ئۇيغۇر يېزىقىنىڭ «سۇلۇس» خەت شەكلىدە بېسىپ چىقىرىلغان.

يۇقارقى كونكرەت مىساللاردىن بىز ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ يېزىق ئالاھىدىلىكىنى روشەن كۆرۈۋالالايمىز.

## 3. ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ كىتاب ئالاھىدىلىكى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنى ۋە «خاقانىيە يېزىقى»نى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، كىتابەتچىلىكتە ئەرەب، پارسلارنىڭ كىتاب تىزىش ئۇسۇلى ۋە ئالاھىدىلىكىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ھەرقانداق پەننىي كىتابنىڭ باش قىسمىغا مۇسۇلمانلارنىڭ ئەنئەنىسى بويىچە «ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن» دېگەن جۈملىنى ئەرەب تىل- يېزىقىدا كۆركەم يازىدىغان بولغان. بۇ دەسلەپكى ۋاقىتلاردا ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەرەب تىلىنىڭ ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك ساھەسىدە ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىلىشى، باشقا ھەرقانداق دەۋرنىڭكىدىن پەرقلىق ئالاھىدىلىكى بولغان.

بەت ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە: بەتكە رەقەم سېلىش- ئەرەبچە رەقەم سېلىش ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ. شىنجاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا، موزېيلاردا، ئالىي مەكتەپ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلىنىۋاتقان بىر قىسىم كىتابقا ئەرەبچە رەقەم سېلىنغان. قالغانلىرى دېگۈدەك بەت نومۇرى يەنى ئەرەبچە بەت نومۇرى (رەقەم سېلىنماي) سېلىنماي، دەسلەپكى بەتنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قۇرىنىڭ، ئەڭ ئاخىرقى سۆزى ياكى جۈملىسى شۇ بەتكە ئۇلۇنۇپ، يېڭىدىن باشلانغان يېڭى بەتنىڭ بىرىنچى قۇرىدا قايتا تەكرارلىنىشى بىلەن بەت نومۇرى ئورۇنلاشتۇرۇشتەك ئالاھىدىلىك گەۋدىلەنگەن. چېكىت، پەشلەر ۋە باشقا تىنىش بەلگىلىرى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكىدەك قانۇنىيەتلىك قويۇلمىغان. كۆپرەك «نوختە» دېيىلىپ ھازىرقىغا ئوخشاش تولۇق ئاياغلاشقان ئوي- پىكىرنى بىلدۈرۈشتە چېكىت قويۇلغان. جۈملە بىلەن جۈملىنى ئايرىشتا خۇددى «قۇرئان كەرىم» دىكى جۈملە ئايرىش بەلگىسى بولغان «چېچەكسىمان»، «غۇنچەسىمان» بەلگىلەر ئىشلىتىلگەن. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ كىشىلەر مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن تېكىست ئىچىدىكى سۆزلەرنى چاغتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى بويىچە، چاغتاي ئۇيغۇر تىلىغا كىرگەن ئەرەبچە سۆزلەرنى ئەرەبچىگە ئوخشاش، پارسچە سۆزلەرنى يازىدىغانلىقى سەۋەبلىك، كىتابخانلارغا نىسبەتەن زور پەرقلەندۈرۈش رولىنى ئويناپ كەلگەن.

**4. ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە بەت، ئىستون ئورۇنلاشتۇرۇش ئالاھىدىلىكى.**

ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابلىرىنىڭ ئىستون ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە: ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىتابەتچىلىكىگە ئوخشىمىغان ئەھۋالدا، كىتاب مەزمۇنىنى ھەربىر بەتكە زىچ ئورۇنلاشتۇرىدىغان بولۇپ، ئىستون، سەھىپە جەھەتتىن ئېيتقاندا، بەزى كىتابلارنىڭ بەزى بەتلىرى بىرلا ئىستون، بەزى كىتابلارنىڭ بولسا ئىككى ياكى ئۈچ ستون ھالىتىدە بولۇپ، تۆۋەندىكىدەك بولغان:



A B C D E

قەدىمكى كىتابلارنىڭ خەتسىز بەت يۈزىنىڭ ئۈچ تەرىپى ناھايىتى كەڭ تاشلىنىپ، ھاشىيە چىقىرىلىپ، كىتاب ئاپتورلىرى، كىتابنىڭ ھاشىيەسىگىمۇ ئوخشىمىغان رەۋىشتە كىتاب مەزمۇنىغا مۇناسىۋەتلىك سۆز، جۈملە، ئابزاسلارنى ۋە بەزى شەرتلىك بەلگىلەرنى قوشقان ياكى چۈشۈپ قالغان سۆز- جۈملىلەرنى ۋە ياكى موھىم سۆز- جۈملىلەرنى خەتسىز بەت يۈزىنىڭ ئۈچ تەرىپىگە شەرھى قىلىپ يازغان بولسا، قىسمەن كىتابلاردا خەتسىز بەت يۈزىنىڭ ئۈچ تەرىپىگە يەنە بىر كىتابنىڭ مەزمۇنىنى ئورۇنلاشتۇرغان ئەھۋاللارمۇ بولغان. بۇ خىل ئەھۋال يەنى كىتاب ھاشىيەسىگە (شەرھىسىگە) مەزمۇن قوشۇپ يېزىش- چاغتاي ئۇيغۇر تىلىدا بولسا «شەرھىلەش»، «پۈختىلاش» دەپ ئاتالغان. ئەينى دەۋردە، مۇئەللىپلەر ئەرەب، پارس تىلىدىكى ۋەت ئۆزىدىن ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئەللامىلىرىنىڭ چاغتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى ئەسەرلىرىنى ئۆزگەرتىپ يازسا، ئۆزىدىن ئىلگىرى ياشىغان ۋە تەڭ دەۋردە ياشىغان ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ھالال ئەمگىكىگە «تەرك ھۆرمەت بولىدۇ» دەپ قاراپ، ئىلگىرىكىلەرنىڭ ئەسەرلىرىنى كىتابنىڭ بەت يۈزىگە كىچىك «سەھىپەچاق» بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھاشىيەسىنى ناھايىتى چوڭ ۋە كەڭ چىقىرىپ، ئەسلى ئەسەرنىمۇ ئۆزگەرتمىگەن ئاساستا، ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى، يېڭى پىكىرلىرىنى ياكى ئەسلى ئەسەردە كام كۇتا، كالتا- كۆسەي بولۇپ قالغان مەزمۇنلارنى كىتابنىڭ ھاشىيىسى (خەتسىز بەت يۈزىنىڭ ئۈچ تەرىپى)گە ئورۇنلاشتۇرۇپ يازغان.

قەدىمكى كىتابلاردا، ھازىرقى زامان كىتابلىرىدەك سېتاتا، پايدىلانغان مەنبەلەرنى كۆرسىتىش ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

چاغتاي ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئاخىرقى دەۋرلىرىدە، يەنى ھەرقايسى ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي خەلقلىرى چاغتاي ئۇيغۇر يېزىقىدىن ئۆزلىرىنىڭ ئاغزاكى تىل، يەرلىك دىئالېكت ئاساسىدىكى يېڭى تىللىرىغا كۆچۈپ، كىتابەتچىلىك ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا باشلىغاندا، يۇقۇرىدا قەيت قىلىنغاندەك بەت، سەھىپە ئورۇنلاشتۇرۇش پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئەمەلدىن قالغان.

## 5. قەدىمكى كىتابلارنىڭ شىرازىلىنىش (تاشلاش – مۇقاۋىلاش، تۈپلەش) ۋە كىتاب فورماتىنىڭ ئالاھىدىلىكى.

قەدىمكى كىتابلارنى شىرازلاشتا (تاشلاش، مۇقاۋىلاش، تۈپلەش)، ئاساسەن كۆن (تېرە) ئىشلىتىلگەن. قىسمەن ئەھۋالدا قىلىن كارتون قەغەز ئىشلىتىلگەن. كىتابنىڭ تاش مۇقاۋىسىغا كىتاب ئىسمى يېزىلمىغان، كىتاب ئىسمى، مەتبەئەت ئىسمى، كىتاب مۇئەللىپى، كىتاب چىقىرىشقا خىراجەت چىقارغان كىشى، كىتاب بېغىشلانغان شەخسنىڭ نام- شەرىپى ئىچ مۇقاۋىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان، لېكىن كىتابنى بىزىگۈچى ئاجايىپ گۈزەل، كۆركەم نەقىشلەر، گۈزەل ھۆسن خەتلەر، ھەر خىل- گۈل گىياھلارنىڭ سىزمىسىنى ئىچ مۇقاۋىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ھۆسن خەتلەر ۋە كىتاب نامىنى ئوراپ تۇرغان ھالەتتە ناھايىتى نەپىس ۋە كۆركەم ھالەتتە چىقىرىلغان.

ئىسلام دىنىدا ئادەم ۋە ئۇچار قۇشلارنىڭ سۈرىتىنى سىزىش چەكلەنگەنلىكتىن ئادەم ۋە

ھايۋانلارنىڭ رەسىملىرى مەيلى ئىچ مۇقاۋىسىدا بولسۇن ياكى ئىچ بەتلەردە بولسۇن بىردەك كۆرۈنمەيدۇ. كىتابنىڭ تاش مۇقاۋىسىنىڭ يەنىلا كۆركەم بولۇشى ئۈچۈن، كۆن ۋە تىرە بىلەن شىرازلانغان. كىتابلارنىڭ تاش مۇقاۋىسىنىڭ كۆركەملىكى ئۈچۈن، تۆمۈر قەلەمچىلەر بىلەن ھەرخىل شەكىلدىكى يەنى بادام، ئانار، يۈرەك، قوش يۈرەك شەكلىدىكى نەقىشلەر ئۇرۇپ، پېتىنقى ھالەتتە چىقىرىلغاندىن باشقا، كىتابلارنىڭ تاش مۇقاۋىسى ھەرخىل سىرلار بىلەن ياكى رەڭ- سىياھلار بىلەن بېزەلگەن.

ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە، ھازىرقى زامان كىتابەتچىلىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر ئالاھىدىلىكى شۇكى: قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىكىدە، كىتابنىڭ فورماتى ھەرخىل بولۇپ، بەزى كىتابلار ئالقانچىلىك، ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولغان، بەزى كىتابلار بولسا، فورمات جەھەتتىن ناھايىتى چوڭ، ئۇزۇنلىقى ۋە كەڭلىكى 50 سانتىمېتىر ھالەتتە ھەم توم ھەم قېلىن بولغان، ھازىرقىدەك 16 كەسلەم، 32 كەسلەم ئۆلچىمىدىكى كىتابلارمۇ بار بولغان. قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدە، كىتاب پۈتكەندىن كېيىن، كىتاب يازغۇچى زور مەسئۇلىيەت بىلەن كىتابقا ئۆز كىتابىدىكى مەزمۇنلارنىڭ توغرا- خاتالىقىنى، سەۋىيىسىنى تەستىقلىتىش ئۈچۈن، يەرلىك قازىلارنىڭ مۆھرىنى ئۇرغۇزىدۇ.

# 13-باب ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ تارىخي قىممىتى ۋە رېئال ئەھمىيىتى

## 1. دىنىنىڭ يېزىق، كىتابەتچىلىككە كۆرسەتكەن تەسىرىنى تەتقىق قىلىش كېرەك

ئۇيغۇرلار ھازىرقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، موڭغۇلىيە، روسىيە،پاكىستان، ئافغانىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، تۈركىيە، كەشمىر، ئاۋستىرالىيە، كانادا، گېرمانىيە، ئامېرىكا ...قاتارلىق مەملىكەتلەردە كۆرۈنەرلىك نوپۇسنا، مۇئەييەن جامائەت تۈركۈمى شەكلىدە ياشايدۇ. ①دىيارىمىزدىكى ئەڭ قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاھالىسىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت خۇنەن ئۆلكىسى شاپتۇللۇق ناھىيىسىدە ( 桃园) ئاز بىر قىسىم ئۇيغۇرلار بار. شۇڭا،ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كۆپ مىللەتلىك شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي گەۋدىسىنى، شۇنداقلا جۇڭخۇا مىللەتلىرى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان بولۇپ، مەدەنىيەت تارىخىنىڭ قەدىمىيلىكى، ئۇزاقلىقى، رەڭدارلىقى، سىستېمىلىقى ۋە مىللىي، يەرلىك ئالاھىدىلىكلەرگە باي بولغانلىقى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىدىلا ئەمەس پۈتكۈل دۇنياغا مەشھۇردۇر.

يولداش ماۋزېدۇڭنىڭ:«ئۇيغۇر مىللىتى- ئۇزاق تارىخي ئەنئەنىگە ئىگە قەدىمىي مىللەت، مول تارىخي يادىكارلىقلىرى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىچكىرىدىكى جايلارغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن.» ② دېگەن باھاسىمۇ مۇشۇ تارىخي ھەقىقەت ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. دۇنيادىكى مىللەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدە مەدەنىيەت تارىخي بار. لېكىن ھەممىلا مىللەتنىڭ ئۇيغۇرلارنىڭكىدەك،قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخي بولۇشى ناتايىن.چۈنكى، خەلق ئىچىدە كەڭرى تارقالغان ،تېخى يېزىق شەكلىگە كەلمىگەن، ماددىي تۈس ئالمىغان مەدەنىيەتنى قەدىمكى مەدەنىيەت دېگىلى بولمايدۇ. ئۇيغۇرلار دۇنيادىكى قەدىمكى مەدەنىيەت تارىخي ناھايىتى ئۇزۇن مىللەتلەرنىڭ بىرى.ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى-تارىخي جەھەتتە قەدىمىيلىككە،خاراكتېرى جەھەتتە مول مىللىي ئالاھىدىلىككە،تەسىرى جەھەتتە كەڭرىلىككە،ئەبەدىيلىككە ئىگە. ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 3- ئەسىردىن بۇرۇنلا تەڭرىتاغ ۋادىلىرى، پامىر، قاراقۇرۇم تاغلىرى، تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، ئالتاي تاغلىرىنىڭ غەربىدە ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ياشاپ، ئەڭ بۇرۇن شەھەر (قەلئە) مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلىپ، شەھەر مەدەنىيىتىنى باشلىغان

①ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد ئەمىن: «ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش مەدەنىيىتى» ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ تەزكىرىسى»ژورنىلى 1995- يىللىق 3- سان 73- بەت

②ماۋزېدۇڭنىڭ «سەيپىدىن ئەزىزنى پارتىيىگە تونۇشتۇرۇشى»، ئۇيغۇرچە«ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى» نىڭ 1992-يىلى 12- ئاينىڭ 26- كۈنىدىكى سانى

مىللەت. ئۇيغۇرلار خېلى بۇرۇنلا قەغەز ياساش، مەتبەئە تېخنىكىسى، مىلتىق دورىسى ۋە كومپاسنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەشىپ قىلىپ، ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ،مەدەنىيەتنى ئىلگىرىلىتىش رولىنى ئوينىغان.

ئۇيغۇرلار قەدىمكى زاماندىلا مىللىي تۇرمۇشىنىڭ بەدىئىي مەدەنىيەت تارىخىي بولغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ۋە كىتاب بىلەن مۇكەممەللەشكەن يازما ئەدەبىياتىنى ياراتقان. بۇ ئەدەبىياتنىڭ كۆپ قىسمىنى قەدىمكى ئەدەبىيات، بىر قىسمىنى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەشكىل قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلار بۇرۇنلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى يازما تىل،كىتاب بىلەن خاتىرىلەپ، يازما ئەدەبىياتقا ئايلاندۇرۇۋەتكەن ھەمدە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئېغىزدىن- ئېغىزغا، زاماندىن-زامانغا، دەۋردىن-دەۋرگە كۆچۈپ، بېيىپ، ماسلىشىپ، لايىقلىشىپ، داۋاملىشىپ كېلىپ كىتاب ئاساسىدىكى يازما ئەدەبىياتقا ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

يېقىنقى زامان ئارخېئولوگىيە تەتقىقاتچىللىرىنىڭ ئىسپاتلىشىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تىلى 2000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. [1]

دېمەك، كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ شەكىللىنىشىمۇ 2000يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە. شۇنداق بولغاچقا، ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنى دەۋرلەر بويىچە، تىل – يېزىق ئالاھىدىلىكى بويىچە، ئەكس ئەتتۈرگەن مەزمۇن ئالاھىدىلىكى بويىچە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

چۈنكى، ئۇيغۇرلارئوتتۇرا ئاسىيادىكى قەدىمكى مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا، شانلىق تىل- يېزىق مەدەنىيىتىگە، ئاجايىپ كۆركەم كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىگە ئىگە خەلقلەرنىڭ بىرى. ئۇيغۇر خەلقى ئۆز تەرەققىياتىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي باسقۇچلىرىدا ھەرخىل ئىجتىمائىي، تارىخىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەرخىل سىستېمىدىكى يېزىقلارنى قوللانغان.

مىلادىيە 7- ئەسىرلەردە،قۇرىغاردا(غەربىي دىياردا) بولۇپمۇ قەدىمكى دىيارىمىزنىڭ تۇرپاندا، ئويما ۋە تامغا شەكلىدىكى مەتبەئەلەردە بېسىلغان بۇددىزم رەسىملىرىمۇ ھازىر تۇرپان ۋىلايەتلىك مۇزېيدا ساقلانماقتا. 7-ئەسىرلەردە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك رايونلىرىدا ئويما مەتبەئە قوللىنىلغان زامانلاردا قۇرىغار(غەربىي دىيار)دىمۇ ئاللىبۇرۇنلا يېزىق مەتىنلىرىنى ياغاچقا ئويۇۋېلىپ، ئاندىن قەغەزگە بېسىپ چىققان ياكى ھەرپلەرنى ۋە كۆپ ئۇچرايدىغان ھەرپ تۈركۈملىرىنى تامغىغا ئويۇۋېلىپ، قايسى لازىم بولسا شۇنى قول بىلەن قەغەزگە بېسىپ، ئىشلەپ چىققان كىتابلارنىڭ بارلىقى توغرىسىدا تارىخىي مەلۇماتلار بار. مەسىلەن:ياپونىيەلىك داگۋاگرۇينىڭ

[1] ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرايىل يۈسۈپلەر تۈزگەن شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983- يىلى نەشر قىلغان «قەدىمقى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما» ناملىق كىتابنىپ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى (9- بەت)

«غەربى دىيار خاتىرىسى» دېگەن ئەسىردە يۇقارىقى قاراشلىرىمىزنى ئىسپاتلايدىغان مەلۇماتلار بار.

ئىلىم ئەھلىلىرى «ئۇيغۇرلاردا تەرجىمە ئىشلىرى، كىتاب كۆچۈرۈش ۋە بېسىپ تارقىتىش -5

ئەسىردە مەيدانغا كەلگەن» دەپ قارايدۇ. ئەينى دەۋىردە تۇرپان ۋە خوتەندە قەغەز ياساش ئۇستىلىرى، مەتبەئە، باسماخانىلىرى بولغان.[1] مىلادىيە 939- ، 1006- يىللىرى ياشىغان ئاتاقلىق سەيياھ ۋاڭ يەندى ئۆزىنىڭ «ئاستانە خاتىرىلىرى» دېگەن ئەسىرىدە: «ئىدىقۇتتا يېزىقنى كۆندىلىك ئېھتىياجى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي ئەسەرلەرنى، كىتابلارنى يېزىشقىمۇ ئىشلىتىدىكەن، ئۇ يەردە ھەرخىل تىللاردا يېزىلغان نۇرغۇن كىتابلارنى كۆردۈم» دەپ يازغان.

بۇنىڭدىن، ئۇيغۇرلاردا يېزىق تارىخىي باشلانغاندىن كېيىن، مەدرىس، مەكتەپ، مەدەنىي مائارىپ ئىشلىرىغا ئاساس سېلىنغان، ۋە يازما مەدەنىيەت تارىخىمۇ باشلانغان دەپ ھۆكۈم قىلىشقا بولىدۇ. بۇنىڭدىن سىرت قەدىمكى خەنزۇچە يازما يادىكارلىقلاردا، تارىخىي مەنبەلەردە مىخ مەتبەئەنى ئىجاد قىلغان بىشىڭنى قەدىمكى كىرورەن، دەشت ئاتا (دۇڭخۇاڭ) ۋە ھازىرقى چاقلىق ناھىيىسى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت چەمبىرىكى دائىرىسىدىن دەپ قەيت قىلىنغان. مىلادىيە 5- ئەسىردە تۇرپاندا ئويما ۋە تامغا مەتبەئەدە بېسىلغان بۇددىزم رەسىملىرىنىڭ ئۆرنەكلىرى ھازىر لۇشۇن مۇزېيىدا ساقلانماقتا.[2] قىياتاش سىزمىلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن رەسساملىقمۇ كېيىنكى دەۋرلەردە كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ زىچ ئايرىلماس تەركىبىي قىسمى بولغان.

«لۇشۇن مۇزېيىدا قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان 300 پارچىدىن ئارتۇق، تولۇق، ياخشى ساقلانغان ۋە باش-ئاخىرى يىرتىلىپ كەتكەن قەدىمكى كىتابلار ساقلانماقتا.[3]

بۇنىڭ ئىچىدە سانسكرىت، توخرى، ساك، براھما، تۈرك، ئۇيغۇر، تۈبۈت، مانى يېزىقلىرىدا يېزىلغان ئەسەرلەر بار. ئۇندىن باشقا يەنە تېخى رەتلەنمىگەن ئالتە بولاق ھەرخىل يېزىقتىكى، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدىكى ئەسەرلەرنىڭ ئۇششاق پارچىلىرىمۇ ئۆزپېتى ساقلانماقتا. يىگىدىن رەتلەپ نومۇر قويۇپ، ئەينەكنىڭ قېتىغا ئېلىپ كۆرگەزمە قىلىش ياكى نەشر قىلدۇرۇش ئۈچۈن، تەييارلاپ قويۇلغان يەنە بىر قىسىم يىپەك رەخت ۋە قەغەزگە سىزىلغان ياكى مەتبەئەدە بېسىلغان ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى ۋە بۇنىڭدىن بىر، ئىككى ئەسىر بۇرۇنقى قىممەتلىك گۈزەل- سەنئەت ئەسەرلىرى بار.»[4] ئۇنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە ھازىرقى زامان ئۈچۈن

[1] قۇربان ۋەلىنىڭ «بىزنىڭ تارىخى يېزىقلىمىز» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ ياش- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986- يىلى نەشرى (106- بەت، 201- بەت، 202- بەت)

[2] گەڭ شىمىن: «شىنجاڭدىكى قەدىمقى تىل- يېزىقلارنىڭ بايقىلىشى ۋە تەتقىق قىلىنىشى» ناملىق ماقالىسى« شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى» ئۇيغۇرچە 1982- يىلى 2- سان.

[3][4] قۇربان ۋەلىنىڭ «بىزنىڭ تارىخى يېزىقلىمىز» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ ياش- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986- يىلى نەشرى (106- بەت، 201- بەت، 202- بەت)

خىزمەت قىلدۇرۇش ئىنتايىن موھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

مىلادىيە 2- ئەسىردە ئىدىقۇت ئۇيغۇرلىرى تاشقا ئويۇلغان دىنىي مەكتۇپلەرنى، رىسالىلەرنى ئويما مەتبەئە ئارقىلىق بېسىپ چىققان. (تاشقا ئويۇلغان دىنىي مەكتۇپلەر «تاش رىسالە» دەپ

www.uyghurkitap.com

ئاتىلىدۇ).

تۇرپاندىن تېپىلغان خەنزۇچە باسما ئەسەرلىرىنى بىۋاستە كۆرگەن ئالىملارنىڭ پىكرىگە قارىغاندا، بەتلەرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش، ھەرپلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى، بېسىلىش تېخنىكىسىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئوقۇشقا قولايلىق بولۇشى جەھەتتە سوڭ سۇلالىسى ۋاقتىدا بېسىلغان باسما ئەسەرلەردىن نەچچە

ھەسسە ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدىكەن. تۈپلەش تېخنىكىسى جەھەتتە تۈرمەل شەكلى، قاتلىما شەكلى، ياپراق شەكلى قاتارلىقلارنى قوللانغان ئىكەن. [1] دېمەك، بۇنىڭدىن ئۇيغۇرلاردا كىتابەتچىلىكنىڭ يالغۇز كۈندىلىك ئېھتىياج ئۈچۈنلا ئەمەس بەلكى سەنئەت دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن دەرىجىدە تەرەققىي قىلغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

«قۇرىغارنىڭ(غەربىي رايوننىڭ) جۇغراپىيىلىك تەزكىرىسى» دېگەن ئەسەرنىڭ 42- بابىدا: «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇلار بىرلىككە كېلەلمىگەن چاغلاردىمۇ مەدەنىي بويۇم ۋە قەغەزلەرنى ئىشلەپ چىقىرالايتتى. ھايۋانلارنىڭ موپلىرىنى ۋە ئادەملەرنىڭ چېچىنى ماتېرىيال قىلىپ، موي قەلەم ياساپ ئىشلىتەتتى. بۇنىڭدىن باشقا قومۇش، ياغاچ قەلەملەرنى يېزىش قورالى قىلاتتى. مىسنى ماتېرىيال قىلىپ، ياسىغان قۇتىغا پاختا ۋە شۇ خىلدىكى يۇمشاق نەرسىلەرنى سېلىپ، ئۈستىگە سىياھ قۇيۇپ قەلەم چىلاشقا ئىشلىتەتتى. بۇنى «دۇۋەت» دەپ ئاتايتتى. ئۈجمە دەرىخىنىڭ ياش نوتىلىرىنى ماتېرىيال قىلىپ، قەغەز ياسايتتى. قەغەزنىڭ رەڭگى سۇس يېشىل، يۈزى پارقىراق بولۇپ، خۇددى گاۋلىڭزى قەغىزىگە ئوخشاپ كېتەتتى» دېگەن بايانلار بېرىلگەن.

مانا بۇ بايانلار قۇرىغاردىكى (غەربىي دىياردىكى) ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىيە 5- ئەسىردىن بۇرۇنلا مەتبەئە، قەغەز ياساش، كىتاب تۈپلەش،بېسىش، يېزىقچىلىق قوراللىرىنى ئىجاد قىلىپ، ئۆزىنىڭ پارلاق مەدەنىيىتىنى خاتىرىلەپ ماڭغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

مىلادىيە 8-،9-،ئەسىردە، ئىسلام دىنى قۇرىغارغا (غەربىي دىيارغا) تارقالغاندىن كېيىن، ئەرەب يېزىقىمۇ «قۇرئان كەرىم» ۋە باشقا دىنىي مەزمۇندىكى ئەسەرلەر ئارقىلىق دىيارىمىزغا كەڭ تارقالدى. ئەرەب يېزىقىنىڭ تارقىلىشى بىلەن ئەرەب يېزىقى ئاساسىدىكى پارس ھەرپلىرىمۇ كەڭ تارقىلىشقا باشلىدى. بۇنى،قۇرىغاردىكى (غەربىي دىياردىكى) تۈركىي تىلىدا سۆزلىشىدىغان

[1] قۇربان ۋەلىنىڭ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ ياش- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986- يىلى نەشرى (106- بەت، 201- بەت، 202- بەت)

خەلقلەر ئۆگىنىشكە باشلىدى. 13- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20- ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە تەڭرى تاغىنىڭ شىمالى، جەنۇبىغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا چىڭگىزخاننىڭ ئەۋلادلىرىدىن چاغاتايخان ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلاردىكى «ئۇيغۇر تىلى»بولسا «چاغاتاي تىلى »،«ئۇلۇس تىلى» دەپ ئاتالدى. شۇ سەۋەپتىن ھازىرقۇرىغاردا (غەربىي رايوندا) تارىخنىڭ ئۆلمەس گۇۋاھچىسى

سۇپىتىدە ئەرەب يېزىقى، پارس يېزىقى، چاغاتاي ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان، كۆچۈرۈلگەن، بېسىلغان 15000 پارچىدىن ئارتۇق قەدىمىي كىتابلار ھەر دەرىجىلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ۋە كىتابخۇمار خەلقىمىزنىڭ قولىدا ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ كەلمەكتە.يالغۇزلا قەشقەر ۋىلايىتى تەۋەسىدە ساقلانغان قەدىمكى ئەسەرلەرنى 2005-يىلى 5-ئايدا باشلانغان توپلاش،رەتلەش،كاتولوگ تۈزۈش خىزمىتىدىن ستاتىستىكا قىلغىنىمىزدا قەشقەر ۋىلايىتىدىكى 11 ناھىيە،بىر شەھەرنىڭ ج خ تارماقلىرى،مەدەنىيەت-تەنتەربىيە ئىدارىسى، كۇتۇپخانا،ئارخىپ ئىدارىلىرى، مىللەتلەر،دىن ئىشلىرى كومىتېتى..... قاتارلىق جايلاردا ساقلانغان قەدىمكى ئەسەر(كىتاب شەكلىدە) 2000 پارچە ɑ بولۇپ،چاغاتاي ئۇيغۇر تىلىدىكى كىتاب بىلەن ئەرەپ تىلىدىكى كىتاب ئەڭ كۆپ. يەنە خەلق ئارىسىدا، ئائىلىلەردە ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى كىتابلار يىغىلىدىغان بولسا يەنە يۇقىرىقى ساندىن بىر باراۋەر يۇقىرى چىقىشى مۇمكىن.ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ قەدىمكى كىتابلىرى مىخ مەتبەئە، تاش باسمىدا بېسىلغاندىن سىرت، بىر ئۆمۈر قولىدا كۆچۈرۈلگەن، ئاجايىپ كۆركەم نەقىش ئىشلەنگەن قول يازمىلار بار. بۇلاردا ئەدەبىيات، تارىخ، تىل-يېزىق، پەلسەپە، ئاسترونومىيە، كالېندارچىلىق، تىبابەتچىلىك، ئەخلاق، ماتىماتىكا، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرى ۋە ئىسلام دىنى ئەدەبىياتى پاساھەتلىك تىل ماتېرىيالى ئارقىلىق بايان قىلىنغان. بۇ قىممەتلىك 15000 پارچە كىتابنىڭ 10000 پارچىسى ھەر دەرىجىلىك قەدىمىي ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا يىللاردىن بۇيان ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ، 2005-يىلدىن باشلاپ،ئۇنىڭ ئومۇمىي كاتولوگى تۇرغۇزۇلۇشقا باشلىنىپ،يېقىندا خەنزۇچە ئۈچ توم بولۇپ ئاندىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ نەشىردىن چىقىش ئالدىدا تۇرماقتا. ئازسانلىق مىللەتلەرنىڭ بولۇپمۇ ئۇيغۇرلارنىڭ 15000 پارچىدىن ئارتۇق قەدىمى كىتابىنىڭ كاتولوگى تۈزۈلۈپ، ئۈچ توم بولۇپ نەشىر قىلىنسا، ئىلىم- پەن بولۇپمۇ تەبئىي پەن، ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتىدا يېڭى يۈكسىلىشلەر بارلىققا كەلگۈسى. شۇڭا، بىز ئۇيغۇرلارنى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە قۇرىغاردا (غەربىي رايوندا) ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى يازما ھۆججەت شەكلىدە خاتىرىلەپ كەلگەن قەدىمكى مەرىپەتلىك خەلقلەرنىڭ بىرى دەپ ئاتايمىز. ئۇيغۇرلار ئۆزلىرىنىڭ مەرىپەتلىك مەدەنىيەت تارىخىنى

[1] ئابدۇراھمان باقى: «2005-يىللىق قەشقەر ۋىلايىتى ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلەرنى توپلاش،رەتلەش كاتولوگى» ئۇيغۇرچە، كومپيوتېر نۇسخىسى.2005-يىلى 5-ئايدىن 12-ئايغىچە.

پەقەت ئۇيغۇر تىلى بىلەنلا خاتىرىلىگەن ئەمەس. ئۇلار يات، قوشنا مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنى ۋە يېزىقلىرىنى ئىگەللەشكە ماھىر بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن شۇ مىللەت تىللىرىدىمۇ يۇقىرى سەۋىيىلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ قالدۇرغان.

ھازىر ياشلار، بولۇپمۇ ئىلمى تەتقىقات بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ياشلار قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنى كۆپرەك تەتقىق قىلىشى چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى قەدىمكىنى ھازىر

ئۇيغۇر كىتاب تورىكتىنى
www.uyghurkitap.com

ئۆچۈن، چەتئەللىكلەرنى جۇڭگو ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش، شاكىلىنى چىقىرىۋېتىپ، مېغىزىنى قوبۇل قىلىش ھۆكۈمەتىمىزنىڭ ئىزچىل سىياسىتى.

## 1. دىنىنىڭ يېزىق، كىتابەتچىلىككە كۆرسەتكەن تەسىرىنى تەتقىق قىلىش كېرەك

تۆت چوڭ قەدىمكى مەدەنىيەت، تۆرت چوڭ دىن، يەنى ئوتتۇرا جۇڭگو مەدەنىيىتى، يۇنان مەدەنىيىتى، مىسوپوتامىيە مەدەنىيىتى ھەمدە بۇددا دىنى، مانى دىنى، زەردۇشت دىنى، خىرىستىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق بىر قانچە مەشھۇر دىنلار بۇ رايوندا ئۇچرىشىپ ۋە ئۆز-ئارا گىرەلىشىپ، بۇ رايوندىكى كىشىلەرنى خەن- تىبەت تىللىرى، ھىندى- ياۋروپا تىللىرى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. نەتىجىدە، ئالتاي تىللىرى، خەنزۇ تىللىرى ۋە ھىندى- ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ئۆز- ئارا ئۇچرىشىشى ۋە گىرەلىشىش بۇ جايدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشنىڭ ۋاستىسى بولغان تەرجىمە پائالىيىتى ئاساسىدىكى كىتابەتچىلىككە كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بەردى. بۇنىڭ بىلەن بىرمۇنچە تەرجىمان، تىلشۇناسلار، پۈتۈكچى-خەتتاتلار،مەدەنىيەت ئەلچىسى سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقىپ، مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش پائالىيىتىنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇيغۇرلار بۇ رايوندىكى ئەسلىدىنلا بار بولغان مىللىي مەدەنىيەت مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىشى بىلەن بىرگە، چەتئەل ۋە ئىلمىزدىكى باشقا مىللەتلەرنىڭ مەدەنىيەت نەتىجىلىرىنى داۋاملىق قوبۇل قىلىپ، بىرىكىش خاراكتېرىنى ئالغان، ئۆزگىچە مىللىي مەدەنىيەت فورماتسىيىنى تەدرىجىي شەكىللەندۈردى. بۇ مەدەنىيەت-قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا شانلىق سەھىپە بولۇپلا قالماستىن بەلكى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيا مەدەنىيەت تارىخىدىمۇ شانلىق سەھىپە ئاچتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قوچۇ -ئىدىقۇت دەۋرىدە، تىل- يېزىق بىرلىككە كېلىپ،قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ھۆكۈمران ئورۇندىكى نوپۇزلۇق يېزىقا ئايلىنىشى، مەتبەئە ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى تەرجىمە پائالىيىتى ئاساسىدىكى كىتابەتچىلىككە تېخىمۇ ئوڭۇشلۇق ماددىي شارائىت ۋە كەڭ سورۇن بىلەن تەمىن ئېتىلدى .

قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقىنىڭ «كېيىنكى يىللىرىدا، تۇرپان ئويمانلىقىنىڭ مۇرتۇق دېگەن يېرىدىكى بىر بۇتخانىدىن مۇكەممەل ساقلىنىپ قالغان زور بىر تۈركۈم ئويما باسما ئەسەرلىرى تېپىلغان. بۇ پاكىتلار قوچۇ ئىدىقۇت دەۋرىدە، مەتبەئە، باسما ئىشلىرىنىڭ نەقەدەر تەرەققىي قىلغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. [1]قوچۇ ئىدىقۇت دەۋرىدىكى باسما ئىشلىرىنىڭ كۆلىمى ھەرخىل

---

[1] ھېيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇر تارىخى مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە» ناملىق كىتابىنىڭ 179- بەتتىكى «ئۇيغۇرلارنىڭ باشقا مىللەت تىلىدا يازغان ئەسەرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت تارىخىدا تۇتقان ئورنى » ناملىق ماقالىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى ،2003- يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان.

تىللاردىكى مەتبەئە، باسما بويۇملىرىنىڭ بولغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئەينى چاغدا تۇرپان ئويمانلىقىدا بىرلا ۋاقىتتا تۈرك يېزىقى، سوغدى يېزىقى، سۈريان يېزىقى، بىراخمان يېزىقى، يۇنان يېزىقى ۋە توخار(كۇسەن يېزىقى- قارا شەھەر، كۇچا) قاتارلىق 16 خىل يېزىق قوللىنىلغان. تۇرپان ئويمانلىقىدا قوللىنىلغان بۇ خىل نۇرغۇن يېزىقلار- ئۇيغۇرلارنى ھەرخىل تىل يېزىقلارنى ئىگىلەش،

چۈشىنىش، سىپلىشتۇرۇش ۋە تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. ئۇلار ئۇزاق مۇددەت سىپلىشتۇرۇش، تاللاش، شاللاش ئارقىلىق، ئاساسەن ئوتتۇرا ئاسىيا سوغدىلىرى تەرىپىدىن قوللىنىلغان، سوغدى يېزىقىنى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلىپ، شۇ تىۈردىكى ئۇيغۇرتىلىنى ئىپادىلەيدىغان«قەدىمي ئۇيغۇر يېزىقى»نى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىشقا باشلىغان. تەتقىقاتچىلار ۋە كەسىپ ئەھلىلىرى بۇ نېمە ئۈچۈن دېگەن سوئالنى قويۇپ، چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ بېقىشى زۆرۈر.

تارىخنى ۋاراقلايدىغان بولساق، قەدىمقى يۇنان، رىم دەۋرلىرى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، تاكى ياۋرۇپانىڭ ئەدەبىيات- سەنئەت ئويغۇنۇش دەۋرىگىچە بولغان تەخمىنەن 1000 يىلغا يېقىن داۋاملاشقان ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا، ياۋرۇپا مەدەنىيىتى ئىنچىل هالدا تۇرغۇن، بىر ئىزىدا توختاپ قېلىش هالىتىنى ساقلاپ كەلگەن بولسا، تارىم بويىدىكى ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى،قاراخانىيلار ئۇيغۇر خانلىقى، ماۋارائۇننەهر، خۇراسان، ئىران، مىسوپۇتامىيە، ئەرەب دېڭىزى ساهىللىرىدا قەدىمقى دۇنيانىڭ ئەڭ پارلاق، ئەڭ گۈللەنگەن مەدەنىيەتلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ياۋرۇپالىقلارنى هاڭ- تاڭ قالدۇرۇپ، غەرىپتە ۋىزانتىيەدىن تارتىپ، شەرقتە تاكى جۇڭگو ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكىگىچە سوزۇلغان. «يىپەك يولى» نىڭ ئۇزاق لىنىيىسىدە، قەدىمقى دۇنيا مەدەنىيىتىنىڭ غول ئېقىنىنى شەكىللەندۈرگەن تۈرك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركەزلىرى ۋە تۈگۈنلىرى بەرپا بولدى. چاڭئەن (هازىرقى شىئەن)، تۇرپان، قەشقەر، بۇخارا، سەمەرقەنت، دېهلى، هىرات، باغداد، دەمەشىق، ئىسكەندىرىيە قاتارلىق مەشهۇر شەهەر ئۆز دەۋرىدىكى شەرق مەدەنىيىتىنىڭ گۈل تاجىسىغا ئايلاندى. مانا مۇشۇ دەۋرلەردە، ئۇيغۇر پۈتۈكچىلىك مەدەنىيىتى تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا شەرت- شارائىت يارىتىپ بەردى. بۇ دەۋردە ئۇيغۇر قەدىمقى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ئالاهىدە تەرەققىي قىلىپ، ئەدەبىيات- سەنئەت، مەدەنىيەتنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىگە تېخىمۇ هۆسىن قوشتى. بۇ دەۋردە پۈتۈكچىلىك، كىتابەتچىلىك ئىشلىرى دىنىي- ئېتىقادنى ئارقا كۆرۈنۈشى قىلغان هالدا، نەققاشلىق بىلەن بىر گەۋدىلىشىپ، گۈزەل سەنئەتنىڭ گۈل- چىمەنلىرى ئىچىگە سىڭىپ كەتتى.

7-ئەسىرلەدە كۇفە شەهرىدە ئەلى ئىبنى ئەبۇ تالىپ «كۇفى خەت نۇسخىسى» نى ئىجاد قىلغاندىن باشلاپ، «قۇرئان كەرىم»نى ۋە ئىسلام دىنىنى تەشۋىق قىلىش مەزمۇنىدىكى مەشهۇر كىتابلار بۇ خەت نۇسخىسى بىلەن يېزىلغان هەم كۆچۈرۈپ تارقىتىلىدىغان بولدى. ئىسلام دىنىدا، ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ رەسىمىنى سىزىش مەنئى قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن «قۇرئان كەرىم»،«هەدىس شەرىف» نى بېزەپ، سەنئەتلىك قىلىپ كۆچۈرۈش ۋە تارقىتىش- خۇداغا، رەسۇلۇللاغا ۋە ئىسلام دىنىغا بولغان يۈكسەك، چوڭقۇر نامايەندىسى دەپ قارالدى. شۇڭا،ئۇيغۇر مەدەنىيەت،ئەدەبىيات- سەنئەت تارىخىدىكى نامايەندىلەرنىڭ زور كۆپى خەتتات ئىدى.مەسىلەن:غىياسىدىن باخشى،زەهىرىددىن مۇهەممەد بابۇر، مىرزاتىنى بەگ،توختى تۇردۇش ئاخۇن،شاھ مەهمۇد جوراس،نىزامىددىن بەشىر موللا مۇسا قاراقاشى،دىلبەر دورغا، مەهمۇد هاكىم

بەگ، موللا مۇھەممەد نىيازى،مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشى، موللا مۇھەممەد تۆمۈرى كاشغەرى،موللا ھەيدەر مىسكىن، مۇھەممەد سادىق كاشغەرى، مۇھەممەد توختى ھېيىت، سەيىد مۇھەممەد، ھاجى يۈسۈف، ئەمىر ھۈسەيىن سەبۇرى، موللا ئاخۇن قازىكالان ھاجىم، موللا ئەلى بىننى موللا ئەمىن، شەمسىدىن داموللا، ئەبۇلقاسىمئاخۇن قازىكالان، ناقىس، موللا باقى، يۈسۈفھاجى كاشغەرى، ئەھمەد خەتتاتى، زەھۇرى ،ئوسمان ئاخۇنۇم، ئابدۇسادىق قۇدرەتۇللا..... قاتارلىقلار ئەدەبىي،پەننىي ئىجادىيەت بىلەن مەشغۇل بولۇپلا قالماي خەتتاتلىق قىلغان،ياكى خېتى ناھايىتى كۆركەم كىشىلەر بولۇپ، ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋە كىتابەتچىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا تەسىر كۆرسەتكەن كىشىلەردۇر.شۇڭا، ئىسلام دىنى ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا ئارقىلىق، غەربىي دىيارغا تارقالغاندىن بۇيان، قەدىمقى كىتابەتچىلىك سەنئىتىدە، خەتتاتلار، پۈتۈكچىلەر، كاتىپلار، سەنئەتكارلار ئۆز تالانتىنى كىتاب كۆچۈرۈش، كىتابنىڭ تاش مۇقاۋىسىنى، ئىچ مۇقاۋىسىنى ئاجايىپ نەقىشلىك، سەنئەتلىك ھۆسنىخەت بىلەن بېزەش، ئىچ مۇقاۋىسىنى گۈزەل تېتۈل، ئادەمسىز، جانلىقسىز گۈزەل مەنزىرە بېزەكلەر بىلەن بېزەش، بەت ئورۇنلاشتۇرۇش، كىتابلارنى ئاجايىپ كۆركەم يېپىلىق، كېپىنەك شەكىللىك ۋە مخلىق تۈپلەش جەھەتلەردە كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغىدەك يېڭىلىقلارنى ياراتتى. بۇ پەن- تېخنىكا تەرەققىي قىلمىغان تارىخى- شارائىت ئاستىدىكى قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ روشەن ئالاھىدىلىكى. بۇنىڭدىن بىز پەخىرلىنىمىز. ياۋرۇپانىڭ ئويغىنىشى، پار ماشىنىسىنىڭ كەشىپ قىلىنىشى ۋە يېڭى دېڭىز يولىنىڭ ئېچىلىشى پۈتۈن غەرب دۇنياسىغا ۋە ياۋروپاغا مەدەنىيەت تارقاتقان، ياۋروپانىڭ مەدەنىيەت گۈللىنىشى ئۈچۈن ئالاھىدە تۆھپە قوشقان پۈتكۈل شەرق دۇنياسىنى، جۈملىدىن تۈركىي ئۇيغۇر شەرق دۇنياسىنى تاشلاندۇق ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويۇپ، شەرقنىڭ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئالەمشۇمۇل ئىمتىيازىنى يوقاتتى.

شەرقتىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى تەدرىجىي ھالدا شەرقتىن غەرپكە يۆتكەلدى. تاڭ تەيزۇڭ دەۋرىدىكى چاڭئەن، خەلپە ھارۇن روشۇ دەۋرىدىكى ( 786- 809- يىللاردا ھۆكۈم سۈرگەن) باغداد، ئەمىرتېمۇر (1370- 1507- يىللار ھۆكۈم سۈرگەن) دەۋردىكى سەمەقەنت، سۇلتان سۇلايمان دەۋرىدىكى ئىستانبول قاتارلىق شەرقتىكى مەدەنىيەت مەركەزلىرى 15-16- ئەسىرلەرگە كەلگەندە، ۋېنىتسىيە ۋە مادرىتقا، 17-18- ئەسىردە ياۋرۇپاغا، 19-20- ئەسىرلەردە ئامرىكىنىڭ نيۇيوركقا يۆتكەلدى ياكى ئورۇن بەردى. بۇنىڭ بىلەن شەرق ئىسلام دۇنياسىنىڭ تارىختىكى ئورنى كۈنسايىن غۇۋالاشتى. شۇنىڭدىن بۇيان، «غەرب مەركەزچىلىك تەلىماتى» ئىلىم- دۇنياسىنىڭ باش مىلودىيىسىگە ئايلاندى. ئەرەپ، پارس ئوتتۇرا ئاسىيا، ھىندى ۋە جۇڭگو ئۇيغۇر مەدەنىيەتلىرى يېڭىدىن گۈللىنىشكە ئېرىشكەن ياۋرۇپالىقلار ئۈچۈن چەكسىز يىراقتا قالغان غۇۋا چۈش بولۇپ قالدى. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇنى تەتقىق قىلىپ بېقىش كېرەك. ئۇزاق تارىخ ئۆتۈپ كەتتى، ئىنسانلار جەمئىيىتىدە تالاي ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى. غەرب مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك تەسىرى نەتىجىسىدە، شەرقلەر بولۇپمۇ ئۇيغۇرلار ئۆزى- ئۆزى ھەققىدە قايتا ئويلىنىشقا مەجبۇر بولدى.

تارىختا دۇنياغا مەدەنىيەت تارقاتقۇچىلىق رول ئوينىغان شەرق خەلقىنىڭ مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرى، مەنىۋى جەھەتتىكى ئويغىنىش تەشەببۇسلىرى، دىنىي ئىسلاھاتى، جەمئىيەتىمىزدىكى پىكىر ئېقىنلىرى تۇشمۇ۔ تۇشتىن قانات يېيىشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن شەرقتىكى دۆلەتلەر ۋە مىللەتلەر ئۆز تارىخىي، مەدەنىيىتى ئۈستىدە قايتا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە، ئۆز يىلتىزىنى ئىزدەشكە، تىز سۈرئەتتە ئۆزگىرىش ياساۋاتقان دۇنياغا، يېڭى پەن۔ تېخنىكىغا، كومپيۇتېر ۋە ئۇچۇر تېخنىكىسىغا ماس ھالدا يېڭى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىگە جىددىي كىرىشىپ كەتتى.

ئوتتۇرا ئاسىيانى مەركەز قىلغان تۈركى تىللىق خەلقلەر مەدەنىيىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەت. «مۇنداق كۆپ مەنبەلىك مەدەنىيەتنىڭ شەكىللىنىشى۔ ئۇيغۇر خەلقى ياشاۋاتقان تارىخى شارائىت ۋە جۇغراپىيىلىك مۇھىت بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇزاق تارىخى تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەر مەھسۇلى»ئۇيغۇر ۋە تۈركى تىللىق خەلقلەرنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت قاتلىمى ئىچىدىن يەنى ئەرەب، پارس، ھىندى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئوخشىمىغان خۇرۇچلىرىنى بايقاشقا بولىدۇ. شۇڭا، قەدىقى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ئەرەب، پارس، ھىندى ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك مەدەنىيەتلىرىنىڭ كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىدىكى ئىلغار تەرەپلەرنى قوبۇل قىلدى. نەتىجىدە، ئۆزىگە خاس ئىلغار مەدەنىيەت بەرپا قىلدى. ئوتتۇرا ئەسىردە ئاجايىپ دەرىجىدە گۈللىنىپ، كىشلەرنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرىدىغان بىر نۇرلۇق بېزەككە ئايلاندى. بۈنى ھازىر ئىلىم۔ پەن تەرەققىي قىلغان مەتبەئە تېخنىكىسى، كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى، بولۇپمۇ كومپيۇتېر ئۇچۇر تېخنىكىسى تەرەققىي قىلغان ھازىرقى زامان كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ھازىرقى يۇقۇرى پەن ۔ تېخنىكا بىلەن كىتاب مۇقاۋىلاش، مۇقاۋىسىدىكى تېتۈل نەقىشى، ئىچ مۇقاۋا لاھىيلەش، ئىچ مۇقاۋىنى ھۆسنىخەت ۋە تېتۈل بىلەن بېزەش، بەت لاھىيلەش، بەت ئورۇنلاشتۇرۇش، كىتابنىڭ خەتسىز بەت يۈزىدىكى ئالاھىدىلىك، تۈپلەش، شىرازلاش، پەت ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىقلار ئوتتۇرا ئەسىر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىگە ئەسلا يېتىشەلمەيدۇ. بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقلارنى قەدىمكى كىتابلارنى كۆرگەندە روشەن بايقىۋالالايمىز.

قەدىمكى ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى بىلەن ھازىرقى زاماندا ئاجايىپ كۆركەم، نەقىش، تىتۈل، ھۆسنىخەت بىلەن بېزەلگەن ئىككى پارچە كىتابنىڭ بارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنى سېلىشتۇرۇپ باقساق، يۇقىرىدا بايان قىلغانلىرىمىزغا قايىل بولماي تۇرالمايمىز. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئوتتۇرا ئەسىردە ئۇيغۇر كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلگەنلىكى، كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرىنىڭ بولغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنى ئەتراپلىق تەتقىق قىلىش دەۋرلەر، ھەر قايسى مەزمۇنلار، قاتلاملار بويىچە تەكشۈرۈپ كۆرۈش لازىم.

ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى۔ ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنىڭ سەمەرىسى بولۇپ، بۇ ئىلىم ۋە ئۇنىڭ دۇنياغا مەشھۇر ئەھلىلىرى بولمىغان بولسا، كۆك تۈرك ئۇيغۇر خانلىقى، ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى، قۇچۇ (ئىدىقۇت) ئۇيغۇر خانلىقى، قاراخانىيلار خاندانلىقى، چاغاتاي ئۇيغۇر خانلىقى

ۋە سەئىدىيە خاندانلىقى خوجىلار ھاكىمىيىتى دەۋرىدىكى ئالەمشۇمۇل مەدەنىيەت مىراسلىرىنىڭ ۋارىسلىرىدىن ئۈنىڭ بۈگۈنىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بىز بۈگۈندىن پەخىرلىنىشكە تامامەن ھەقلىقمىز. بۇ مەدەنىيەتنى ھەر بىر پەن تۈرى بويىچە تەتقىق قىلىشىمىز چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ۋە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

# خاتىمە

«ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى» قازسا تۈگمەيدىغان، يازسا يېزىپ تۈگىتەلمەيدىغان، تۈگمەس- پۈتمەس مەدەنىيەت بايلىقىدۇر.

ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنى، يالغۇزلا بىرلا پەن، بىرلا كىتاب، بىرلا تىل، يېزىق تەۋەسىدىكى تەتقىقات مەسىلىلىرى، ۋەسىقىلىرى، ھۆججەتلەردىن باشقا، قەدىمكى كىتاب ئۆرنەكلىرى، مەتبەئە بويۇملىرىنىڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى سۈپىتىدە دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن ئىسپاتلىرى ئاساسىدىلا يېزىپ چىقىش ئەسلا مۇمكىن بولمايدىغان ئىشدۇر. بۇ ساھەدىكى تەتقىقاتنى مۇپەسسەل يورۇتۇش ئۈچۈن، چوقۇم ناھايىتى كۆپ كىشىلەر ئىشتىراك قىلغان، كۆپ خىل تىل- يېزىق سەمەرىلىرىگە تايانغان، كۆپ خىل كەڭ دائىرىلىك رايون، مىللەت، دۆلەت ھالقىلغان مەدەنىيەت يادىكارلىقلار تەتقىقاتىغا تايانغاندىلا ۋە كۈچلۈك مەقسەتچانلىق، سىجىل تەتقىقات يۆنىلىشىگە ئاساسلانغاندىلا، ئاندىن تېخىمۇ مۇكەممەل، سىستېمىلىق نەتىجىلەرگە ئېرىشەلەيمىز.

مېنىڭ قىلغان ئەمگىكىمنى شۇنداق ئوخشىتىشقا بولىدۇكى، «ئۇيغۇر قەدىمكى كىتابەتچىلىك مەدەنىيىتى تەتقىقاتى- بىر ئېرەمباغ بولسا، مەزكۇر كىتاب شۇ ئېرەمباغدىكى بىر ئەرزىمەس شېۋاقتۇر. مېنىڭ بۇ ئىزدىنىشلىرىمدە بەزى سەۋەنلىكلەر، كام- كۈتۈلۈكلار بولۇشى تەبىئىي. شۇڭا، كەڭ ئالىملار، مۇتەخەسسىسلەر، تەتقىقاتچىلار ۋە مۇشۇ ساھەگە قىزىققۇچى كەسىپ ئەھلىلىرىنىڭ قىممەتلىك پىكىر، تەكلىپ ۋە تولۇقلىملىرىنى ئايىماي، پوچتا، تېلېفون ۋە ئۇچۇرىشىشلاردا يەتكۈزۈپ بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىمەن ھەمدە مېنىڭ بۇ كىتابىمنى يېزىشقا ماتېرىيال مەنبەئى، ماقالە مەنبەئى بىلەن تەمىن ئەتكەن ئالىم، مۇتەخەسسىس، تەتقىقاتچى، يازغۇچى ئۇستازلارغا، بولۇپمۇ بۇ كىتابنىڭ ئىزاھاتى ۋە پايدىلانغان مەنبەلەردىكى ئىسمى، يازغان ئەسىرى، تىلغا ئېلىنغان ئالىم، تەتقىقاتچى، يازغۇچى ئۇستازلارغا، مېنى ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلىگەن قەشقەر سىفەن شۆيۈەننىڭ ئوقۇتقۇچىسى يۈسۈپ ئىگەمبەردىگە، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە ئەمگەك، ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسىدىكى دوستۇم مۇختەر مەھەممەتكە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

**ئادرېسى:** قەشقەر شەھرى شىمالىي ئازاد يولى 46- قورو، قەشقەر مەمۇرىي مەھكىمە قورۇسى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مىللەتلەر، دىن ئىشلىرى كومىتېتى.

پوچتا نومۇرى: 844000

ئالاقىلىشىش تېلېفون نومۇرى: (ئۆي) 0998-2841365، (ئىشخانا): 2838709 يانفون: 13031298798

## پايدىلانمىلار:


1. ئابدۇرېىم سابىت: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخي»، قەشقەر شەھەرلىك مائارىپ ئىدارىسى ئوقۇتقۇچىلار بىلىم ئاشۇرۇش بۆلۈمى 1981-يىلى ئۇيغۇرچە ئىچكى ماتىرىيال نومۇرى بىلەن باستۇرغان 1-توم.

2. يۈسۈپ ئىگەمبەردى :«خەتتاتلىق گۈلزارىمىزنىڭ بىر بۆلۈك پەرۋىشكارلىرى»، ئۇيغۇرچە ، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى 2003-يىللىق 6-سان، 2004-يىللىق 1-،2-،3-،4-،5-،6- سانلىرى.

3. لىيۇ زىشاۋ: «ئۇيغۇرلار تارىخي»، 1987-يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى كوللىكتىپ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى 1992-يىلى 3-ئاي، 3-بېسىلىشى، 1-،2- تومى.

4. ئەنۋەر بايتۇر، خەيرىنىسا سىدىق: «شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ تارىخى»، مىللەتلەر نەشرىياتى ئۇيغۇرچە نەشرى 1991-يىلى 11-ئاي 1-نەشى.

5. قۇربان ۋەلى: «بىزنىڭ تارىخي يېزىقلىرىمىز»، «شىنجاڭ ياشلار ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى 1986- يىلى6-ئاي ئۇيغۇرچە 1- نەشرى، 8-ئاي، 1-بېسىلىشى.

6. ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسراپىل يۈسۈپ:«قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1983-يىلى9-ئاي،ئۇيغۇرچە 1- نەشرى، 1984-يىلى 4-ئاي، 1- بېسىلىشى.

7. كوللېكتىپ:«شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات، ئىلمىي ماقالىلەر توپلىمى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى 2001-يىلى6- ئاي، ئۇيغۇرچە 1-نەشرى، 1-بېسىلىشى.

8. قادىر ئەكبەر: «ئەدەبىيات بازىرىدىكى تىلغا ئېلىنمىغان ئىشلار»،تەڭرىتاغ ژۇرنىلى 2001-يىلى 1-سان

9. غەيرەتجان ئوسمان قاتارلىقلار تۈزگەن «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات تارىخي»،(ئالىي مەكتەپلەر ئۈچۈن دەرسلىك)، «ئۇيغۇرلار تارىختا قوللانغان تىل ۋە يېزىقلار»، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى 2002-يىلى8-ئاي، 1-نەشرى 1-بېسىلىشى 1- كىتاب.

10. مەمەت ئوسمانھاجىم:«ئىدۇرفۇرماتسىيە ۋە كۈتۈپخانچىلىق»، قەشقەر پىداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 1983-يىلى 4-سان87- بەت

11. غەيرەتجان ئوسمان:«شىنجاڭنىڭ قەغەزچىلىك ۋە مەتبەئەچىلىك تارىخي ھەققىدە قىسقىچە بايان»، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژۇرنىلى 1993-يىلى 2-سان 53- بەتتىكى ئۇشبۇ ماقالىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى.

12. ئابدۇرېھىم ھەببۇللا: «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1993-يىلى4-ئاي 1-نەشرى، 1-بېسىلىشى.

13.ئىسمايىل تۆمۈرى: «ئىدىقۇت ئۇيغۇر مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1998-يىلى12-ئاي1-نەشرى، 1-بېسىلىشى.

14. مۇھەممەد ئىمىن سابىر: «ئۇيغۇر قول ھۈنەرۋەنچىلىكى»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى 2002- يىلى 10- ئاي، 1- نەشر، 1- بېسىلىشى.

15. «قەشقەر تارىخ ماتېرىياللىرى»، ئۇيغۇرچە، قەشقەر ۋىلايەتلىك سىياسىي كېڭەش 1993- يىلى باسمىسى، 242- بەت.

16.ئەسئەت سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۆملەنگەن روھ»، ماقالىلار توپلىمى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000- يىلى 7- ئاي، 1- نەشرى 1- بېسىلىشى.

17. مەمەتئىمىن قۇربان تۇغلۇق: «قەدىمكى ئۇيغۇرلاردا تامغا مەدەنىيىتى»، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى، 1997- يىلى 3- سان، 112- بەت.

18.تۇرسۇن كەلپىن: «قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدىكى پۈتۈكچىلىك ئىلمى»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى، 1994- يىلى 4- سان.

19. تۇرسۇن قۇربان: «شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل- ئەدەبىياتى ھەققىدە تەتقىقات»، ئىلمىي ماقالىلار توپلىمى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2001- يىلى 6- ئاي، 1- نەشرىم 1- بېسىلىشى. 457- بەتتىكى «قاراخانىيلار دەۋرىدىكى پۈتۈكچىلىك ئىلمى» ناملىق ماقالىنىڭ مۇناسىۋەتلىك قىسىملىرى.

20. تۇرسۇن قۇربان: «سەئىدىيە خانلىقى ۋە كېيىنكى دەۋرلەر كاتىپلىق ۋە كىتابەت ئىلمى»، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنىستىتۇتى ئىلمىي ژورنىلى، 1998- يىلى 3- سان، 60- بەت.

21. تۇرسۇن كەلپىن: «چىڭگىزخان ۋە تېمۇرىيلەردە كاتىپلىق، كىتابەت ئىلمى»، «ئاسىيا كىندىكى» گېزىتى 1995-يىلى 1-ئاينىڭ 26-كۈنىدىكى سانى.

22. ئابدۇللا سۇلايمان: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2003- يىلى، 8- ئاي، 1- نەشرى، 1- بېسىلىشى، 59- بەت.

23. ئەنۋەر قاسىم: «شىنجاڭ تەۋەسىدىن تېپىلغان سىرلانغان ئەسۋاب- جابدۇقلار ھەققىدە ئومۇمىي بايان»، شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ژورنىلى، 2003- يىلى 1- سان، 76- بەت.

24. ئەھمەد ھازىت، پەتتار تۇرسۇن: «مەتبەئەچىلىك ساۋاتى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985- يىلى 9- ئاي نەشرى، 1984- يىلى 4- ئاي بېسىلىشى.

25. ئەشرەپ ئابدۇللا: زوھۇرىدىن ۋە ئۇنىڭ 19-ئەسىر ئۇيغۇر كىتابچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆرسەتكەن تەسىرى توغرىسىدا»، «شىنجاڭ كۇتۇپخانىچىلىق» ژۇرنىلى 1997-يىلى 3-، 4-سان 1-بەتتىن 4-بەتكىچە.

26. غەيرەتجان ئوسمان: «ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ مەدەنىيىتىگە دائىر مۇلاھىزە» ناملىق كىتاب، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2003-يىلى 7-ئاي 1-نەشرى 1-بېسىلىشى 179-بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

27. ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتىكىن: «يادىكارلىقلاردىن مەدەنىيەتىمىزگە نەزەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2005-يىلى 8-ئاي 1-نەشرى 1-بېسىلىشى، 794-بەت.
28. ياسىن هوشۇر: «ئۇيغۇرلارنىڭ مىخ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشقان موھىم تۆھپىسى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى» ژۇرنىلى 1998-يىلى 4-سان 29-بەت.
29. ئابلاجان ئۆمىديار: «ئۇيغۇرلارنىڭ مەدرىسە مائارىپى ۋە تارىختىكى داڭلىق مەدرىسلەر»، «شىنجاڭ تەزكىرىچىلىكى» ژۇرنىلى 2000-يىلى 3-سان.
30. قەشقەر ۋىلايەتلىك قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا ساقلىنىۋاتقان، 1357 پارچە قەدىمكى كىتاب ۋە ئابدۇراخمان باقى قاتارلىقلار 2003-يىلىدىن 2006-يىلىغىچە كاتولوگىنى تۈزگەن 666 پارچە قەدىمكى كىتابلار ۋە ئۇنىڭ ئۆرنەكلىرى.
31. هاجى ئەھمەد كۆلتىگىن تۈزگەن «دېڭىز ئۈنچىلىرى» ناملىق كىتاب.